
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوۋېستلىرىدىن نەمۇنىلەر



# قۇرۇپ كەتكەن دەريا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

قۇرۇپ كەتكەن دەريا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ


خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان

ISBN 978-7-228-15443-2

定价 :30.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوۋېستلىرىدىن نەمۇنىلەر



# قۇرۇپ كەتكەن دەريا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر هازىرقى زامان پوۋېستلىرىدىن نەمۇنىلەر

# قۇرۇپ كەتكەن دەريا

(پوۋېستلار)

تۈزگۈچى: شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوۋېستلىرىدىن نەمۇنىلەر

# قوزۇپ كەتكەن دەريا

(پوۋېستلار)

تۈزگۈچى: شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

干涸的河流：维吾尔文/新疆作协编．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.5
(维吾尔中篇小说精选)
ISBN 978-7-228-15443-2

Ⅰ.①干… Ⅱ.①新… Ⅲ.①中篇小说—小说集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 097607 号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 阿地力江·阿不都沙拉木 |
| 责任编辑 | 阿地力江·阿不都沙拉木 |
| 责任校对 | 阿依古丽·阿西木 |
| 特约校对 | 万里·再顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米 32 开本 |
| 印　　张 | 12 |
| 版　　次 | 2012 年 8 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2012 年 8 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 册 |
| 定　　价 | 30.00 元 |

# مۇندەرىجە


قۇرۇپ كەتكەن دەريا ........ ياسىنجان سادىق 1

چوغلۇق قۇم ........ مۇھەممەد ئوسمان باغراش 85

ئالۋۇن ........ تۇرسۇنجان مۇھەممەت 154

كۆيلەر كۆزى ........ ئابباس مۇنىياز 225

ئېچىلىش ........ ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد 291

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قۇرۇپ كەتكەن دەريا

توپىلىق يول ــ تانابتەك تۈپتۈز ئېلىنغان، ئەمما پەقەتلا ئاسىرالمىغانلىقتىن كاتاڭلىشىپ كەتكەن، ئېشەك هارۋىسى ۋە ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان ماشىنا چاقلىرىنىڭ تەكرار دەسسەشلىرىدىن خۇددى رېلىستەك ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، بىر ـ ئىككى غېرىچ كەڭلىكتە، بىر غېرىچ چوڭقۇرلۇقتا شەكىللەنگەن ئىككى بويلام هارۋا يولى، يان ـ ياقىلىرىغا قومۇش، شۋاق، چىم ئۈنۈپ كەتكەن توپىلىق يول؛ پىيادىلەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلار ماڭسا توختىماي ئاچچىق شور توزۇپ تۇرىدىغان شورتاڭ توپىلىق يول.

يولنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى كەڭلىكى ئون مېتىر كېلىدىغان ئورمان بەلبېغىدا جىگدە، سۆگەت كۆچەتلىرى قاغجىراپ تۇراتتى. روشەنكى، كۆچەتلەر تازا پەرۋىش تاپالمىغاچقا، تەڭدىن تولىسى قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئەي بولغانلىرىمۇ تىكىلگەن ۋاقتىدىكىدىن چوڭايماي كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. يولنىڭ ئىككى قانىتىدىكى بوش يەرلەرگە قومۇش، توغراق، يۇلغۇن نوتىلىرى ئۈنۈپ چىققانىدى. ئەمدىلا ئېچىلغان كەگرى بىنەملەردىن ئاپپاق شور پوستەكلىرى ئۆرلەپ تۇراتتى. بۇ يولنىڭ باش تەرىپى بېهىشباغ يېزىسىغا، ئاياغ تەرىپى قوتاندۆڭ كەنتىگە تۇتىشاتتى. بېهىشباغ يېزىسىغا بارىدىغان يولنىڭ سول تەرىپىدە ئۇن يېتىم يىراقلىقتا كىچىكرەك بىر دەريا قوتاندۆڭ تەرەپكە قاراپ شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. دەريانىڭ باش تەرىپى بېهىشباغ يې-

زىسىدىن ئۆتۈپ، ئارسلانباغ يېزىسىنىڭمۇ يۇقىرىسىدىكى بىر
چوڭ دەرياغا تۇتىشاتتى. ئاياغ تەرىپى قوتاندۆڭ كەنتىدىنمۇ ئۆ-
تۈپ، كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى كۆز يەتكۈسىز توغراقلىق، يۇل-
غۇنلۇقلاردا غايىب بولاتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر بۇ دەريانىڭ كىچىك-
لىكىگە قاراپمۇ ياكى سۈيىنىڭ ئازلىقىغا قاراپمۇ، ئەيتاۋۇر بۇ
دەريانى «يېرىم دەريا» دەپ ئاتىشاتتى. دەريا قۇيۇلىدىغان توغراق-
لىقنى بولسا «قاراڭغۇ توغراق» دەپ ئاتايتتى. بەزىلەر قاراڭغۇ
توغراقنىڭ چەت - چېكى يوق دېيىشسە، يەنە بەزىلەر قاراڭغۇ
توغراقنىڭ ئۇ چېتى كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق، ئۇ يەردە ئاجايىپ
بىر تىلسىمات غايىب خەزىنە بار، دېيىشەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇلار
قاراڭغۇ توغراق ۋە ئۇنىڭ ئۇ چېتىدىكى قۇملۇق ھەققىدە ئاجايىپ -
غارايىپ رىۋايەتلەرنى توقۇشۇۋالغانىدى. ئۇلار قاراڭغۇ توغراقنىڭ
نېرىسىدىكى قۇملۇقتا نۇرغۇن ئالتۇن - يامبۇلارنىڭ كۆمۈلگەن-
لىكىگە ئىشىنەتتى. ئەمما، ئۇ يەرگە بېرىپ بايلىق ئىزدەشكە تە-
ۋەككۇل قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار قاراڭغۇ
توغراقتىكى سىرلىق ئەجدىھا كۆلىنىڭ دەم تارتىپ كېتىشىدىن
قورقاتتى. بۇنىڭدىن خېلى زامانلار ئىلگىرى بىرنەچچە بەڭباش
قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئۇ تەرىپىگە بايلىق ئىزدەپ بارغانىكەن، نې-
مىشقىدۇر ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇلارنى ئىزدەپ
چىققانلاردىن ئالدىدىراق ماڭغان ئىككىيلەن ئالدى تەرەپتىكى
سۈپسۈزۈك سۇلار لەپىشىپ تۇرغان كۆلچەككە سۇ ئىچكىلى يۈگۈ-
رۈپ كېتىۋېتىپ، سۇنىڭ بويىغا ئاز قالغاندا پاتقاققا پېتىپ قې-
لىپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە چۆكۈپ كەتكەنىكەن. بۇنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەن باشقا ھەمراھلىرى قورقىنىدىن ئالدى - كەينىگە
قارىماي قېچىپ كەتكەن ۋە قاراڭغۇ توغراق ھەققىدە ئادەمنى دەم
تارتىپ كېتىدىغان كۆلچەك، ئەجدىھا دېگەندەك قورقۇنچلۇق، ۋە-
ھىمىلىك ھېكايىلەرنى توقۇشقانىكەن. ئىشقىلىپ، قانداقلا ھې-
كايە - رىۋايەتلەر توقۇلسۇن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوتاندۆڭلۈك-

لەر قاراڭغۇ توغراقنىڭ نېرىسىدىكى قۇملۇقتىن بايلىق ئىزدەشكە قايتا تەۋەككۈل قىلمىدى. قىش كۈنلىرى قوتاندۆڭلۈك ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قاراڭغۇ توغراققا ئوۋ ئوۋلىغىلى كىرەتتى. ئەمما، ئورمانلىققا ئانچە ئىچكىرىلەپ كىرمەيلا خۇرجۇنلىرى، ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ غانجۇغىلىرى نۇرغۇن كېيىك، جەرەن، بۇغا، تۇلكە، ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل... قاتارلىق ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە لىق تولاتتى. ئۇلار ئالغان ئاشۇ ئولجىلىرىغا شۈكۈر قىلىشىپ، قاراڭغۇ توغراقتىن قايتىپ چىقىشاتتى. ئوۋچىلاردىن قاراڭغۇ توغراققا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئىشقىلىپ، قوتاندۆڭلۈك ئەرلەر پۈتۈن بىر قىشنى قاراڭغۇ توغراقتا ئۆتكۈزەتتى.

قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ نەزىرىدە قاراڭغۇ توغراق ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە ياكى ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ مازارىغا ئوخشاش ئۇلۇغ، مۇقەددەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار قاراڭغۇ توغراقنى ئاسرايتتى، قوغدايتتى، پەرۋىش قىلاتتى.

يۈزدىن ئارتۇقراق تۈتۈنگە ئىگە قوتاندۆڭ كەنتىدە ئىلگىرى تېرىلغۇ يەر تولىمۇ ئاز ئىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئولتۇراق ئۆيدىن كۆرە چارۋا - مال قوتانلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ يۇرتنىڭ نامى قوتاندۆڭ دەپ ئاتىلىپ قالغانمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قاراڭغۇ توغراققا چاتلاش جايلاشقان قوتاندۆڭ كەنتىدە توغراق، جىگدە، سۆگەت ئورمانلىرىدىن باشقا، ھەربىر تۈتۈننىڭ بىرەر - ئىككى مودىن ئۈزۈملۈك باغلىرى بار ئىدى. تەك تىكىپ، تال باراڭلىق باغ قىلىش قوتاندۆڭلۈكلەرگە ئاتا مىراس كەسىپ ئىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ قورۇ - جايلىرى تال - باراڭلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەيلا قالاتتى. يىراقتىن قارىغان كىشىگە قوتاندۆڭدە بىرمۇ قورۇ - جاي يوقتەك، ھەممە يېرى ياپيېشىل، بوك - باراقسان بىر تىلسىم يۇرت بولۇپ كۆرۈنەتتى.

قوتاندۆك بىلەن بېھىشباغنى ئېشەك ھارۋىسىدا توپتوغرا يېرىم كۈنلۈك يول يىراقلىقتىكى كەڭرى كەتكەن كۆز يەتكۈسىز قۇمۇشلۇق، شورلۇق دالا ئايرىپ تۇراتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر بېھىشباغ تەرەپنى كەنت ئىچى دەپ ئاتاشسا، بېھىشباغلىقلار قوتاندۆك تەرەپنى جاڭگال، قوتاندۆڭلۈكلەرنى جاڭگاللىقلار دەپ ئاتايتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر سىرت بىلەن بەك كۆپ ئالاقە قىلمايتتى. سىرتنىڭ ئادەملىرىمۇ قوتاندۆڭگە بەكمۇ ئاز كېلەتتى.

قوتاندۆك بېھىشباغ يېزىسىغا قاراشلىق بىر كەنت بولسىمۇ، يېزا مەسئۇللىرى بۇ يەرگە بەك ئاز كېلەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كىچىك ماشىنىسى ئايغى ئۈزۈلمەي پات - پات كېلىپ تۇراتتى ۋە قوتاندۆڭلۈكلەرگە يېزا باشلىقىنىڭ «يولىورۇق»لىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، قوتاندۆڭلۈكلەر ئۇۋلاپ بەرگەن كېيىك، جەرەن، قىرغاۋۇللارنى بېسىپ ئېلىپ كېتەتتى. يېزا باشلىقى قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ ھۆكۈمەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاشلىقى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى تەلەپ قىلمىغىنىغا خۇش ئىدى. قوتاندۆڭلۈكلەر بولسا، يېزىنىڭ يېزا كۆلىمىدىكى ھاشار - ئەمگەك، ئالۋان - سېلىقلىرىغا ھەيدىمىگىنىگە خۇش ئىدى. قىسقىسى، قوتاندۆڭلۈكلەر بۇ خىلۋەت ماكاندا بۇنىڭدىن تۆت - بەش يىللار ئىلگىرى خېلىلا خاتىرجەم، غەم - غۇسسەسىز، باياشات ياشىغانىدى. لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلىدى. قوتاندۆڭلۈكلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد ئانا سۈتىدەك ئىچىپ كەلگەن «يېرىم دەريا»نىڭ سۈيى سوغىلىشقا باشلاپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. بىر خىل كېتىۋاتقان ھايات كارۋىنى بىردىنلا ئىزدىن چىقتى.

دەريا شارقىرايتتى، لېكىن ئۇنىڭ شارقىراشلىرىدا ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق ئىدى. دەريا ئېغىر غەم - قايغۇغا، سۈكۈتكە چۆمگەندەك مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك شارقىرايتتى. تولغىنىپ - تولغىنىپ ئاقاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توپىلىق يولدا كەينىدىن بولۇتتەك توپا – چاڭلارنى توزۇتۇپ، ماش رەڭلىك بىر لاتا پىكاپ قوتاندۆڭگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. پىكاپ ئالدى تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا شوپۇرغا ياندىش ئولتۇرغان ئورۇق، ۋىجىك ئەمەلدار بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا خۇددى بىرسىنىڭ قۇچىقىدا بىرسى ئولتۇرۇپ دېگۇدەك قىستىلىشىپ كېلىۋاتقان بەش نەپەر خىزمەتدىشىنى يەڭگىل تەۋرىتەتتى. ئۇلارمۇ ۋىجىك ئەمەلدارغا تەڭكەش بولۇپ، باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە مۈگدىشىپ ئولتۇراتتى.

قوتاندۆڭنىڭ ئۆي – ئىمارەتلىرى كۆزگە غىل – پال چېلىقىشى بىلەنلا، قاپاقلىرى تۇرۇلۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن شوپۇرنىڭ چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ مەنزىلگە يەتكەنلىكىنىڭ خۇشلۇقىدىنمۇ ياكى پىكاپ ئىچىدىكى مۈگدەۋاتقانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى قوتاندۆڭلۈكلەرگە ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر بىرنەچچە قېتىم سوزۇپ – سوزۇپ سىگنال بەردى. ئەمەلدار ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئېچىشتى. مەھەللىگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقلىرىنى بايقاپ، چىرايلىرى ئېچىلىپ، جۇشقۇنلىشىپ قېلىشتى. ئورۇق، ۋىجىك ئەمەلدار كۆزنىگە چۈشۈۋالغان كەتمەن شەپكىسىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ قويۇپ، شوپۇرغا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— ئابدۇقادىر، دەپ بېقىڭلا قېنى، بۇرنۇڭلىغا قوي گۆشىنىڭ كاۋىپى پۇراۋاتامدۇ ياكى جەرەن گۆشىنىڭ كاۋىپىمۇ؟

شوپۇر يىگىت بۇرۇتلۇق، دورداي كالپۇكلىرىنى كالچايتىپ خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن ھىجايدى.

— ھى – ھى... مۇشۇ زەنجاڭزە، قىزىق گەپ قىلىدۇ جۇمۇ، — ئۇ كەينىدىكىلەرگە شۇنداقلا قارىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىككى ھەپتىنىڭياقى ئاران بىر كەلگەن ۋاقتىمىزدا قوينىڭمۇ، جەرەنىنىڭمۇ، توشقان – قىرغاۋۇلنىڭمۇ كاۋىپىدىن قانغۇچە يەر-

مىز. قانداق دېدىم، ئاغىنىلەر؟
— ئەلۋەتتە، — دېدى سېمىز يىگىت شوپۇرنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — مېنىڭ جەرەن كاۋىپىدىن تويغۇدەك بىر يېگۈم بار.
— خاتىرجەم بولۇڭلا، ئۇكام، قوتاندۆڭگە كەلدۇقمۇ، كاۋاپ - گۆشكە سېسىق كېكىرمىسەك ھېساب ئەمەس.
— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، نامىنىكا، — دېدى ئەمەلدار كەينىگە قايرىلىپ پېشقەدەم خىزمەتدىشىنىڭ گېپىگە لوقما سېلىپ، — مېھمان بولۇپ كەلگەنىكەنمىز، خەقنىڭ داستىخانغا ئاچىققىنىنىلا يەيمىز - دە، كىم بىلىدۇ، چىچقاق مېكىياندىن ئىككىنى، ئوسۇرۇق تۇخۇمدىن ئون - يىگىرمىنى پىشۇرۇپ بېرىپ، گۆشىيىپ تۇرۇشامدۇ تېخى بۇ خەق.
— توۋا دېسىلە، زەنجاڭ ھاي! ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەس، — دېدى مەتنىياز شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ تۇرۇپ، — تەقسىماتى بولمىسىمۇ، ئاغزىنى كاككۇكتەك ئېچىپ يالۋۇرۇپ كەپتىكەن، يۈز لىتىر[1] سۇنى بۇيرۇپ بەرلىغۇ ئەينا، ھېچبولمىغاندا ئاشۇ يۈز لىتىر سۇنىڭ يۈزى بولا، ئەلۋەتتە.
— جاڭگاللىققۇ ھايۋاندىن پەرقى يوق يۈزسىز خەق، — سېمىز يىگىت راستلا جەرەن كاۋىپىدىن قۇرۇق قالغاندەك غەزەپلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەمدى ئالدىمىزغا سۇ دەپ كەپ باقسۇنا قېنى، تەقسىماتىنىمۇ بەرمەسمىز...
— سىلىمچۇ، نامىنىكا، تومىنىڭ تاقىقىغا مەھكەم بولسىلا، زەنجاڭنىڭ ئاغزىدىن يۈز لىتىر سۇ دېگەن گەپ چىقىپ بولغۇچە، تاقاقنى ئېگىز كۆتۈرۈۋەتمەي، بىرەر كۈن يالۋۇرغۇزۇپ، ئوتتۇز - قىرىق لىتىر قىسىۋېلىپ ئېچىپ بەرسىلىغۇ مۇشۇنداق ئىش چىقمايدۇ.

[1] لىتىر — ئېقىن مىقدارى بىرلىكى، 1000 لىتىر بىر كۇبقا تەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىكاپنىڭ تورمۇزلىنىشى بىلەن تەڭ پىكاپ ئىچىدىكىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىمۇ بېسىلىپ قالدى.

— سېكرېتارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىغاندىمىز - ھە! — دېدى سېمىز يىگىت سىرتنى تولۇق كۆرەلمىسىمۇ بويۇنداپ قاراپ.

— ئاۋۋال مەشەدە توختايلى. سېكرېتار نەگە باشلىسا شۇ يەرگە كىرەمىز. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، بىرەركىم ئالدىمىزغا چىقايمۇ دېمەيدۇيا، — دېدى پونكىت باشلىقى پىكاپنىڭ ئىشىكىنى جالاقشىتىپ ئاچقاچ ۋە پىكاپتىكى كىچىكرەك يىگىتنى بۇيرۇدى، — تۇرغۇنجان، چۈشۈپ قاراپ بېقىڭا، ئۆيدە ئادەم بارمۇ، يوق؟

— قويسا، زەنجاڭ ھاي، چۈشمىسۇن، ماشىنىنىڭ شۇنچە ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالامدۇ بۇ خەق؟ خارلىقتا قالغان ئادەم يوق بۇ يەردە. جىندەك ساقلاپ تۇرايلى. ئالدىمىزغا توققۇز تەزىم قىلىپ چىقمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت چوڭچىلىق بىلەن.

ئۇلار پىكاپنىڭ ئىچىدە پېتىنى بۇزماي بىردەم ئولتۇرۇشتى. تومۇز ئايلىرىنىڭ يال - يال ئىسسىقى ئەتراپنى تونۇردەك قىزدۇرۇۋەتكەنىدى. ئابايا ماشىنا ماڭغاندا كۆزنەكلىرىدىن شامال ئۆتۈشۈپ ئىسسىق ئانچە بىلىنمىگەن بىلەن، مانا ئەمدى پىكاپنىڭ ئىچى ئىسسىق ھاۋا قاپلىشىپ قالغاندەك تىنچىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىدىن مۇنچاق - مۇنچاق تەر تامچىلىرى تۆكۈلۈپ، نەپەسلىرى سىقىلاتتى. بەش ئادەم قىستىلىشىپ ئولتۇرغاچقا، قارا تەردىن چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلەكلىرى دۈمبىلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار دوزاخ ئازابىغا چىداپ، ئالدىلىرىغا قوتاندۈڭلۈكلەرنىڭ تەزىم قىلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. سېمىز يىگىت ئاخىر ئىسسىققا چىدىمىدى.

— هاي، بالا! — دېدى ئۇ ئالتە - يەتتە قەدەم نېرىدا پىكاپنى كۆزىتىپ تۇرغان باللار ئارىسىدىكى چوڭراق بىر بالىنى شەرەتلەپ.

بالا تارتىنىپقىنا يېقىن كەلدى.

— سېكرېتار بارمۇ؟

— يوق، ئېتىزلىقتا.

— ماڭ، جۇگۇ، قىچقىرىپ كەل.

بالا خۇشياقمىغاندەك قاراپ تۇرىۋەردى.

— بولە، تاز، ئىتتىك! — دېدى پونكىت باشلىقى ئاموتتەك بېشىغا قوندۇرۇۋالغان شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — بېرىپ سېكرېتارغا سۇ پونكىتىدىكى ئابدۇۋاسىت زەنجاڭ كەپتۇ دېگىن، دەرھال كەلسۇن.

بالا پىكاپنىڭ قېشىدىن ئاستا ئايرىلدى - دە، بىر تەرەپتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. گەپ تۇگىشى بىلەنلا باللار تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىراشتى - دە، بولۇتتەك توپا توزۇتقىنىچە مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ ياالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قوتاندۆڭلۆكلەر بۇغداي ئورۇۋاتاتتى. باللار يۈگۈرۈشكەن پېتى ئۇدۇل سېكرېتارنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، چۇرقىرىشىپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى:

— مەھەللىگە ماشىنا كەلدى.

— باشلىق كەلدى.

— كادىي كەلدى.

— بىرسىڭلار سۆزلەڭلار، بالام، گېپىڭلىنى پەقەت بىلەلمىدىم، — دېدى سېكرېتار باللارنى جىملەپ، — نېمىش بولدى؟ سەن دېگىنە ئايۇپ، — دېدى چوڭراق بالىغا قاراپ.

— شۇ... ھېلىقى... — دېدى ئايۇپ ئىسىملىك بالا ھاسىراپ تۇرۇپ، — ھېلىقى ماشىنىسى بار قەلەندەرلەر يەنە كەپتۇ.

— ماشىنىسى بار قەلەندەرلەر دېدىڭمۇ، بالام؟ — دېدى سېك-

www.uyghurkitap.com

رېتار ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

ئەتراپتىكى دېھقانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— سۇ پونكىتىدىكىلەر يەنە كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئارىدىن بىر دېھقان سېكرېتارغا چۈشەندۈرۈپ، — مەن تېخى سىلىنىمۇ بىلىدۇ دەپتىمەن، كىم تاپتىكىن بۇ گەپنى، قوتاندۆڭدە سۇ پونكىتىدىكىلەرنى ماشىنىسى بار قەلەندەرلەر دەيدىغان بولۇۋالدى.

— بۇ كىمنىڭ تاپقان گېپى؟ — سورىدى سېكرېتار ئەتراپىدىكىلەرگە تەكشى قاراپ.

ئەتراپتىكىلەر گەپ قىلماي جىملا تۇرۇشتى.

— ھا - ھا - ھا... — سېكرېتار تۇيۇقسىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — قىزىق لەقەم بوپتۇ بۇ، ھا - ھا - ھا... — سېكرېتار بىر ھازا كۈلگەندىن كېيىن كۈلكىسىنى توختىتىپ غودۇڭشىدى، — ئىككى ھەپتە بولا - بولماي يەنە كەپتۇ بۇ خەق. ئادەمنى ئاۋارە قىلىۋېرىشكە خىجىلمۇ بولۇشمايدىكەن. ئادەم ئالدىراشچىلىقتا بىر قولىنى ئون قىلالمايۋاتقاندا...

ئۇ شۇلارنى دېدى - دە، ئورغىقىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇپ، مەھەللە تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدى.

سېكرېتار پونكىت باشلىقى ئابدۇۋاستى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈلسىز ھالدا چىقىرىپ بەرگەن سىڭار قولىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم قىستى. قايتا - قايتىلاپ ھال - ئەھۋال سورىدى. ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلىدى، ئاستىغا قوشلاپ كۆرپە تاشلىدى.

— بىخەۋەر بولۇپ قاپتۇق، — دېدى سېكرېتار ئۇلار كۆرپىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە تەكەللۇپ قىلىپ، — بولمىسا ئېتىز بېشىغا چىقماي ساقلاپ تۇراركەنمىز. ئىسسىقتا ساقلىشىپ قاپلا، سەت بولدى، خاپا بولۇشمىسىلا.

پونكىت باشلىقىنىڭ قەستەن تۇرۇلگەن قاپىقى ئېچىلىپ، قوشلاپ سىلىنغان دوخاۋا كۆرپە ئۈستىدىكى ۋىجىك گەۋدىسى قىمىرلىدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ، — پونكىتتا بىكارچىلىقتا سەل زېرىكىپ قالدۇق. شۇڭا، يېرىم دەريانىڭ چېقىللىرىنى تەكشۈرگەچ، شۇنداقلا بىر كىرىپ ئۆتۈپ كېتەيلى دەپ...

— ئوبدان بوپتۇ، — دېدى سېكرېتار داستىخان سېلىۋېتىپ.

سېكرېتارنىڭ ئايالى ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن يۈزىنىڭ يېرىمىنى يۆگەپ، يات مېھمانلاردىن دالدا قىلىپ تۇرۇپ بىر لېگەن نان، ئۈچ چىنە قېتىق ئەكىردى.

— سۇدىنمۇ ئەكىرمەملا، سېكرېتار، دوغ ئېتىپ ئىچەيلى. ئەجەب ئۇسسىدى ئادەم، — دېدى سېمىز يىگىت قېتىقنى قوشۇق بىلەن ئىچكەچ.

سېكرېتار دەرھال سۇ ئەكىردى. ئۇلار بىر چىنىدىن دوغنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىشتى - دە، داستىخاندىكى نانغا ئىشتىھاسىزلا قاراپ قويۇشتى.

— قېنى نانغا باقىلى، مېھمانلار، — دېدى سېكرېتار ئۇلارنى داستىخانغا زورلاپ.

— سېكرېتار هاي، ئادەمنى ئىسسىقتا قۇرۇق نانغا زورلاۋەرمەي، ئۆرۈك، قوغۇن - تاۋۇزلاردىن ئەكىرمەملا، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت تاقەتسىزلىك بىلەن غۇدۇراپ.

— ئۆرۈككە بالا ئەۋەتتىم، هازىر ئەكېلىدۇ.

— قوغۇن - تاۋۇزچۇ؟ — دېدى شوپۇر يىگىت بىزەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ.

— قوغۇن - تاۋۇز... — دېدى سېكرېتار سەل تۇرۇۋېلىپ، — ئەتىيازدىن يەرنى ئوسا قىلىدىغانغا سۇ يوق، بىرئاز كېيىن تېرىلىپ قاپتىكەن، شۇڭا تېخىچە...

— پېشمىدى دېسىلە، — دېدى سېمىز يىگىت ئىشەنمىگەن-
دەك قىلىپ، — شەھەرگە قوغۇن - تاۋۇز كىرىپ بولغىلى
نەۋاق. سىلى سۇ - سۇ دەپ پونكىتقا كولدۇرلاپ بارغىلى ئۇستا،
ئەمما قوغۇنلۇققا بېرىپ بېقىشنى بىلمەملا نېمە؟ بىزنىڭ پونكىت
خۇددى قوتاندۇڭ ئۇچۇن قۇرۇلغاندەك ھەرقايسىلىرى سۇ دەپ
بېرىشىلا، زەنجاڭ تەقسىماتى بارمۇ، يوق دېمەي، سۇنى بۇيرۇپ
بېرىۋېرىدۇ. يېرىم دەريانىڭ پۈتۈن سۈيى قوتاندۇڭگىلا ئاققاندەك
ئاقىدۇ. يەنە قوغۇن ۋاقچە قاپتۇ دېسىلە قانداق بولغىنى؟ —
سېمىز يىگىت بىر تەرەپتىن قوتاندۇڭگە بۇيرۇپ بەرگەن سۇنى
پەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ ئەزۋەي-
لەشكە باشلىدى، — يېزىلىرىدىن شۇجى، يېزا باشلىقلىرى كەل-
سىغۇ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىدىكەنلا. بىزنىڭ پونكىت
باشلىقى كەلسە ئاشۇ پاقا يالاپ قويغان توك سويمىلىرىنى ئاياۋا-
تاملا نېمە؟ بىلىپ قويسىلا، بىزنىڭ پونكىت باشلىقىنىڭ ھوقۇق -
دەرىجىسىمۇ بۆلۈم - ئىدارە دەرىجىلىك، سىلىنىڭ شۇجى، يېزا
باشلىقلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك، شەيتانلىرى كۆزلىرىگە كىر-
چىك كۆرسىتىۋاتقان بولسا...
— ئوبدان ئۇكامەي، نەدىكى گەپنى قىلماڭا، — دېدى سېك-
رېتار خىجىل بولۇپ، — ھەرقايسىلىرىدىن چوڭ سويما ئايايدى-
غان ئادەممۇ مەن؟ ئادەم ئەۋەتەي، بەكرەك ئىزدەپ باقسۇن. پىش-
قانلىرى چىقىپ قالا...
— چوڭ سويما بولسىمۇ ئەكەلسۇن، ھېچبولمىسا قىرىپ
ئىچەرمىز، — دېدى سېمىز يىگىت يەنە بىزەڭلىك بىلەن.
سېكرېتار دەرھال سىرتقا ماڭدى.
— سىلىزە... گەپكە گەپ كەلگەندە پەقەتلا ئاياپ ئولتۇرماي-
سىلە جۇما، — دېدى پونكىت باشلىقى پىخىلداپ كۈلگىنىچە
سېمىز يىگىتكە قاراپ، — بىچارە سېكرېتارنى تويغۇزۇۋەتتىڭلا.
— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، — دېدى سېمىز يىگىت ئۆزد-

نىڭ گېپىنى قوۋۋەتلەپ، — بوش تۇرساق ئىككى قاچا قېتىق بىلەن يولغا سالىدىغان ئوخشايدۇ بۇ خەق.

— شۇنداق بىر قىلىپ باقسۇنا قېنى! — دېدى مەتنىياز بۇ-رۇت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

— ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەس، — دېدى پونكىت باشلىقى كەتمەن شەپكىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈگەچ ئولتۇرۇپ. ئۇ سىرتقا تەمەگەرلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، شوپۇر يىگىتنى بۇيرۇدى، — ئابدۇقادىر، مانداق بىر ئەدەپكە چىققان بولۇپ قاراپ بېقىڭلا، نې-مىش قىلىۋاتىدۇ بۇ خەق.

ئابدۇقادىر ھۇرۇنلۇق بىلەن مىدىرلاپ قويدى-دە، ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— تالاغا چىقمىسامىمۇ بىلىپ بولدۇم. سېكرېتارنىڭ بۈگۈنكى ئەلپازىدىن قارىغاندا چوقۇم يۇڭداۋاتىدىغۇ دەيمەن.

— سوياۋاتامدىكى، ئادىشىم، — دېدى سېمىز يىگىت.

— ياق، يۇڭداۋاتىدۇ.

— ياق، سوياۋاتىدۇ.

— بولدى تالاشماڭلار، — دېدى پونكىت باشلىقى كەيپسىز-لىك بىلەن، — قېنى داستىخانغا كەلگەندە كۆرمەمدۇق.

— بۇنداق دەپ ئولتۇرىدىغان بولساق، جەرەن كاۋېپىنى ھەر-گىزمۇ يېيەلمەيمىز، — دېدى سېمىز يىگىت بىتاقەتلىك بىلەن. ئۇ زەنجاڭنىڭ بېقىنىدا ئولتۇرغان كوسا ئادەمنى نوقۇدى، — نا-مىنىكا، زەنجاڭ بۇيرۇپ بەرگەن سۇنى تومىدىن سىز ئەمەلىي-لەشتۇرۇپ بېرىسىزغۇ، گاھى ۋاقىتلاردا سۇ باشتىن ئېگىز-پەس كېلىپ قالدى دەپ قويۇپ، زەنجاڭ يۈز لىتىر بۇيرۇپ بەر-سە، سىز ئەللىك لىتىر قوشۇپ بىر بىر يۈز ئەللىك لىتىرمۇ بېرىۋېتىسىز بۇ خەققە. پايدىنى داۋاملىق ئۆزىڭىز ئوڭچىلا كۆر-مەڭ، بىزمۇ ئانچە-مۇنچە شېرىك بولايلى، چىقىپ سېكرېتارغا دەڭ، دەرھال قاراڭغۇ توغراققا ئوۋچى ئەۋەتسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ — نامىنىكام سېمىز يىگىتكە غەزەپ
بىلەن ئالايدى، — ئاغزىڭىزغا بېقىپ گەپ قىلىڭ جۇمۇ، ئۇكام،
مەن زەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىسىز بىر لىتىر سۇنىمۇ خەققە بېرەل-
مەيمەن. ئىشەنمىسىڭىز، بۇگۈندىن باشلاپ توما بېشىدا ئۆزىڭىز
تۇرۇڭ.

— تۇرسام تۇردۇم، قانچىلىك ئىشتى توما باققان؟ ئاش،
گۆش، هاراق ئۆز پۇتى بىلەن كېلىپ تۇرىدىغان يەردە خىزمەت
قىلماق قانچىلىك تەستى! بىكاردىن كەلگەن ئاش - نان قارنى-
ڭىزنى ئەسكەن بولسا...

— بولدى، بولدى، تالاشماڭلار، — دېدى تۇرغۇنجان ئىسىم-
لىك يىگىت نامىنىكام بىلەن سېمىز يىگىتنى جىملەپ، — بۇ
گېپىڭلارنى پونكىتقا بارغاندا قىلىشىۋېلىڭلار. نامىنىكا، سىزمۇ
ياقۇپجاننىڭ گېپىگە ئۇنچە خاپا بولۇپ كەتمەي، چىقىپ بىر ئا-
مالىنى قىلىڭ. ئىشقىلىپ، بىز بۇگۈن جەرەن كاۋىپى يېسەك،
بولىدۇغۇ. مېهماندارچىلىقتا هېلىقىدەك گەپلەرنى قىلىشمايلى.
خەقتىن سوۋغا - سالام ئالماي سۇ بۇيرۇپ بېرىدىغان كىم بار
دەيسەن بۇ يەردە؟

تۇرغۇنجاننىڭ ئاخىرقى گېپى پونكىت باشلىقىغا ياقمىدىمۇ
نېمە، يەر تېگىدىن شۇنداقلا بىر گۆلىيىپ قاراپ قويدى.

يۇلتۇزلۇق كېچە، سۇزۇك ئاسمان گۈمبىزىدىكى تولۇن ئاي
كۈمۈش نۇرلىرى بىلەن زېمىننى ئاپپاق يورۇتۇۋەتكەنىدى. كې-
چىنىڭ غۇرۇلداپ چىقىۋاتقان سالقىن شاملى ئادەمگە هۇزۇر
بېغىشلايتتى. سېكرېتارنىڭ هويلىسىدىن ئىككى ئۈن يېتىم
يىراقلىقتىكى قۇم دۆڭىنىڭ ئۇستىدە — يېرىم دەريا قاراڭغۇ
توغراققا قايرىلىدىغان قولتۇقتىكى قىرغاقتا قوتاندۆڭلۈكلەر
كىگىز - كۆرپىلەرنى سېلىشىپ، پونكىت باشلىقى ئابدۇۋاسىت
قاتارلىق مېهمانلارنى كۈتمەكتە ئىدى.

يۇملاق ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا داستىخان

سېلىنغان بولۇپ، داستىخان لېگەن - لېگەنلەردە پىشۇرۇلغان توخۇ، قوي، جەرەن گۆشلىرى، كاۋاپلار، قېتىق، ئۆرۈك، قوغۇن - تاۋۇزلار ۋە چالا غاجىلاپ تاشلاپ قويۇلغان سۆڭەكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

مېھمانلارنىڭ قورسىقى تويغان بولسا كېرەك. داستىخانغا ئىشتىھاسىز ئۇلتۇراتتى، خېلىلا مەست بولۇپ قالغان سېمىز يىگىت پىيالىگە بۇلدۇقلىتىپ هاراق تۆككەچ، ئەپسانە لەتىپىلەرنى سۆزلەپ سورۇندىكىلەرنى كۇلدۇرۇۋاتاتتى. پونكىت باشلىقى ۋىجىك گەۋدىسىنى يوغان پەر ياستۇققا يۆلەپ، يانپاشلىغىنىچە يوغان بىر سۆڭەكنى ئىشتىها بىلەن غاجىلاۋاتاتتى. پونكىت باشلىقىنىڭ قارشى تەرىپىدە قوتاندۆڭلۈك ئۈچ سازەندە قالۇن، داپ، راۋابلارنى چېلىشىپ مۇقام ئورۇنلاۋاتاتتى.

لېكىن، بۇ سەلتەنەتلىك كۈيگە سېكرېتاردىن باشقا ھېچكىم قۇلاق سالمايۋاتاتتى. تۆۋەندە — قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئاستىدا يېرىم دەريا مۇقام كۈيلىرىگە جور بولغاندەك مۇڭلۇق شارقىرايتتى.

سورۇن ئەھلى هاراققىمۇ، گۆش - كاۋاپقىمۇ غىق تويغان مەھەلدە، سېكرېتار بىر شىشە هاراقنى پونكىت باشلىقىنىڭ ئالدىغا قويۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ هاراقنى زەنجاڭنىڭ قولىدىن ئىچەيلى!

پونكىت باشلىقى قولىدىكى سۆڭەكنى دەرھال داستىخانغا قويۇپ، هاراق بىلەن پىيالىنى سېكرېتارنىڭ ئالدىغا ئىتتەردى.

— ياق، ئۆزلىرى قۇيۇپ بەرسىلە. سورۇننىڭ بېشىدا مەن قۇيۇپ بەردىم ئەمەسمۇ.

— ئاخىرىدىمۇ سىلىنىڭ قوللىرىدىن ئىچىلى، بىر قۇيۇپ بەرسىلە، زەنجاڭاي.

— ياق، يەنىلا سىلى قۇيۇپ بەرسىلە.

— مەن قۇيۇپ بەرسەمغۇ بولاتتى، — دېدى سېكرېتار خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ، — لېكىن قوتاندۆڭلۈك

يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىرىدا زەنجاڭنىڭ قولىدىن بىر يۇتۇمدىن ئىچمىسەك ئۇسسۇزلۇقىمىز قانمايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. شۇڭا، بىر قەدەھتىن ئىلتىپات قىلىپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇپ قويسىلا، زەنجاڭ.

سېكرېتارنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن باشقا قوتاندۈڭلۈكلەرمۇ بىر ئېغىزدىن ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋېلىشتى.

— شۇنداق قىلسىلا، زەنجاڭ.

— سىلىنىڭ قوللىرىدىن بىر قەدەھ ئىچەيلى.

— ئۇسسۇزلۇقىمىزنى بىر قاندۇرۇپ قويسىلا.

— شەپقەتلىرىنى كۆرسەتسىلە، قوتاندۈڭ قۇرۇپ كەتمىسۇن.

ئۆتۈنۈش، خۇشامەت، مەدھىيە سۆزلىرى پۇنكىت باشلىقىنى ئوتقا چۈشكەن مايدەكلا ئېرىتىۋەتتى. ئۇ ۋىجىك گەۋدىسىنى ياستۇقدىن لىككىدە كۆتۈردى - دە، قولىغا ھاراق شىشىسى بىلەن پىيالىنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئۆزىدىن ئاندىن ئوڭ يېنىدىن باشلاپ پىيالىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. ھاراق ئەڭ ئاخىرىدا پۇنكىت باشلىقىنىڭ سول يېنىدا ئولتۇرغان سېكرېتاردا توختىدى. سېكرېتار لىپمۇلىپ ھاراق قۇيۇلغان پىيالىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، پۇنكىت باشلىقىغا قاراپ سەل ئېگىلىپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— بۈگۈن قوتاندۈڭلۈكلەر ئىنتايىن خۇش. زەنجاڭنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بوغدايلىرىمىزنى ۋاقتىدا سۇغىرىپ پىشۇرۇۋالدۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قوتاندۈڭلۈكلەر نامىدىن زەنجاڭغا ۋە سۇ پۇنكىتىدىكى بارلىق يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، — ئۇ پۇنكىت باشلىقىغا ھۆرمەت بىلەن سالام بەجا كەلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى بىز قوتاندۈڭ خەلقىنىڭ زەنجاڭغا دەيدىغان كىچىككىنە بىر ئارزۇ - تەلىپىمىز بار، — ئۇ سورۇندىكىلەرگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — زەنجاڭغىمۇ مەلۇملۇق، ئىلگىرى بىزنىڭ يېرىم دەريادىن

بىۋاستە سۇ ئالىدىغان ئېغىزىمىز بار ئىدى. ئۇنى زەنجاڭ قا-
ۇنسىز ئېغىز دەپ ئۆز قولى بىلەن كۆمدۈرۈۋېتىپ، پىكىرىڭلار
بولسا يۇقىرىغا دەڭلار، دېگەنىدى. بۇنىڭغا بۇ يىل توپتوغرا ئۈچ
يىل بولدى، يۇقىرىغىمۇ يول مېڭىپ باقتۇق، يۇقىرىمۇ يەنىلا
زەنجاڭدەك كەسكىن ئەمەس ئىكەن، يەنىلا زەنجاڭغا باش ئاغرىقى
قىلغىنىمىز تۇزۇككەن. زەنجاڭ ھىممەت قىلىپ ئاشۇ ئېغىزد-
ىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگەن بولسا.

سېكرېتارنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا پونكىت باشلىقى گە-
دەيگىنى تۇردى. لېۋىگە ۋەزمىنلىك بىلەن بىر تال تاماكا قىس-
تۇردى. سېكرېتار دەرھال سەرەڭگە ياقتى.

— مېنى تار يەردە قىستىمىسىلا، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كې-
لىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى پونكىت باشلىقى پەرۋاسىزلىق
بىلەن ئاغزى - بۇرنىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، — دېدى سېكرېتار يېلىنغان ھالدا، —
ئېغىزنى كۆمدۈرۈۋېتەلىگەندىكىن ئېچىپمۇ بېرەلەيلا. بىز
ئەھۋالنى يۇقىرىغا نەچچە قېتىم مەلۇم قىلدۇق. يۇقىرى سىلى-
نىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بېقىپ بىرنېمە دەيلى، دەيدۇ. بىر
ھىممەت قىلىپ قويسىلا، زەنجاڭ.

— قېنى بىر كۆنى پونكىتقا بارسىلا، شۇ يەردە بىرنېمە دې-
يىشەيلى، — دېدى پونكىت باشلىقى ئېرەنشىمەي.

— يەنە بىر تەلىپىم، — دېدى سېكرېتار سول قولىدىكى
ھاراق پىيالىسىنى ئوڭ قولىغا يۆتكەپ تۇرۇپ، — ئۆز كۆزلىرى
بىلەن كۆردىلە، بۇغدايلارنى ئورۇۋالدۇق، ئورنىغا قوناق تېرىيلى
دېسەك، يەرنى ئوسا قىلغىلى سۇ يوق. شۇڭا، يۈز لىتىر سۇ بەر-
گەن بولسىلا.

— بۇ بەش كۈنلۈك نۆۋەتتە قوتاندۆڭنىڭ سۇ تەقسىماتى
يوق، — دېدى سېمىز يىگىت لوقما سېلىپ.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىر ھىممەت قىلىپ قويۇشسىلا، غوجىلى-

رىم. يەرلىرىمىز ئاق قالمىسۇن، بىزمۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ ياخ-
شىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسمىز، — دېدى سېكرېتار يالۋۇرۇپ.

— پونكىتقا بارسىلا، شۇ يەردە بىرنېمە دېيىشەيلى، — دېدى پونكىت باشلىقى يەنىلا ئېرەنسىمەي.

سېكرېتار قولىدىكى بىر پىيالە ھاراقنى دەس كۆتۈرۈپ غور-تۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى - دە، قۇرۇقدالغان پىيالىنى پونكىت باش-لىقىغا تەڭلىدى.

— رەھمەت، سېكرېتار، بىز ئەمدى ئاستا كېتىۋالايلى، — دېدى پونكىت باشلىقى ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— بۇ كېچىدە كېتىمەن دېمەي قوناپ قېلىشسىلا.

— بولدى رەھمەت.

ئۇلار بىرھازا تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن، قوم دۆڭدىن پەسكە چۈشۈشتى.

سېكرېتار ئالدىن تەييارلىتىپ قويغان ئىككى كاجىۋا ئۆرۈك، بىر قوي، بىر كېيىك گۆشىنى ماشىنىغا باستۇرۇپ بەردى ۋە ئا-بايا داستىخاندا ئېشىپ قالغان پىششىق گۆش - كاۋاپلارنى بىر ياغلىقتا چىگدۈرۈپ پونكىت باشلىقىغا تەڭلىگەچ دېدى:

— قوغۇنلار تازا پىشماپتىكەن. شۇنداقتىمۇ، بالىلارغا بۇيرۇپ بىر قاپ سويما ئۈزدۈرۈپ قويغانتىم. توڭ سويىمىكەن دەپ قال-مىسىلا...

— ئەكەلسۇن، باسىلى، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت دەرھاللا سېكرېتارنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەستىن، — توڭ سويما بولسىمۇ ئېلىپ كېتىلى.

— مەتنىيازكا، ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ماشىنا كۆتۈرەل-مەسمىكى، — دېدى شوپۇر يىگىت، — يول بەك قۇملۇق، ناۋادا ماشىنا سۆرىيەلمەي قالسا...

— ھاي ئۇكامەي، تولا گەپ قىلماي ماشىنىڭىزنى ھەيدەشنى بىلىڭا، كۆتۈرەلمەي بۇزۇلۇپ قالسا ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسى بۇ،

سىزنىڭ ماشىنىڭىزمىتىيا.

شۇنداق قىلىپ، بىر تاغار تۇك سويىمىمۇ پىكاپنىڭ كەينىگە بېسىلدى. مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قول سىقىشىپ خوشلاشتى.

— زەنجاڭ، ئېغىز ئىشى بىلەن قوناق تېرىيدىغان سۇنى ئۈزتۈپ قالمىسىلا، — دېدى سېكرېتار پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا گىدىيىپ تۇرغان پونكىت باشلىقىنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ.

— خاتىرجەم بولسىلا، ھېلىغۇ يۈز لىتىر سۇكەن، يېرىم دەريانىڭ سۈيىنىڭ ھەممىسىنى دېسىلىمۇ بېرىۋېتىمەن، — دېدى پونكىت باشلىقى ھاراقنىڭ كەيپىدىنىمۇ ياكى ماشىنىغا بېسىپ بەرگەن سوۋغا - سالاملارنىڭ خۇشلۇقىدىنىمۇ، ئەيتاۋۇر سېكرېتارغا ۋەدە بېرىپ.

پىكاپ ئالدىدىكى چىرىغى پاللىدە ياندى - دە، قاتتىق گۈرۈلدىگىنىچە ئورنىدىن قوزغالدى.

— ئالدىراپلا ۋەدە بېرىۋەتتىلىغۇ، زەنجاڭ، — دېدى سېمىز يىگىت بېشىنى ئالدىغىراق ئېگىپ، قولىنى پونكىت باشلىقىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، — كۆمۈۋەتكەن ئېغىزنى ئېچىپ بېرىمىزمۇ ئەمدى بۇلارغا.

— نەدىكى گەپنى قىلماڭا، ئۇكامەي، — دېدى پونكىت باشلىقى كۆزىگە چۈشۈۋالغان شەپكىسىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ قويۇپ، — بۇلارغا ئېغىز ئېچىپ بەرسەك بۇگۈنكىدەك جەرەن، قوي گۆشلىرى، كاۋاپ - ھاراقلار نەدە بىزگە، شۇنچە جوۋاپ مېھمان قىلغاندىكىن، ئالاھىدە سوۋغا - سالام تەييارلاپ يوللۇق تۇتقازدىكىن، شۇنداق دەپ قويىمايمىزمۇ ئەمدى.

— شۇڭا دەيمىنا، — دېدى مەتنىياز بۇرۇت پونكىت باشلىقىنىڭ پىكرىگە ھەمدەم بولۇپ، — كۆمدۈرۈۋەتكەن ئېغىزنى ئېچىپ بەرگەن كۈنىڭ ئەتىسى قوتاندۇڭگە كەلسەك، يېگىلى قات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىق نانمۇ تاپالماي قالارمىز.

تىمتاس كېچە، تولۇن ئاي ئاستا ـ ئاستا غەربكە قىيسايماقتا. ئۇنىڭ كۈمۈش نۇرلىرى بىر ئاز غۇۋالاشقان بولۇپ، ئاسمان گۈمبىزىدىكى تۇمەنلىگەن يۇلتۇزلار تېخىمۇ يورۇق، تېخىمۇ جازىبىلىك چاراقلايتتى. زېمىن سۈتتەك يورۇق ئىدى. سېكرېتار دەريانىڭ بويىدا — ئابايا بەزمە قۇرغان قوم دۆڭنىڭ ئۈستىدە دەريا سۈيىنىڭ مۆڭلۈق شارقىراشلىرىغا قۇلاق سېلىپ خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆڭدىن پەسكە چۈشتى ـ دە، قىرغاق بويلاپ دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئاستا قەدەم تاشلىدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن دەريا قىرغىقىدىكى سۆگەتلىككە يېتىپ كەلدى. قۇچاق يەتكۈسىز دەرىجىدە يوغىناپ كەتكەن ئون نەچچە تۈپ سۆگەت سۈتتەك ئايدىڭدا قارىيىپ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بۇ يەرگە كېلىپ سېكرېتارنىڭ يۈرىكى گويا پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى، ۋۇجۇدى خۇددى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرغاندەك ئېيتقۇسىز ئازابقا، ھەسرەتكە تولدى. چۈنكى، بۇ سۆگەتلىك بونىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋال سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى قانۇنسىز دەپ كۆمدۈرۈۋەتكەن ئېغىز ئىدى.

بۇ قوتاندۆڭ بولغاندىن تارتىپ قوتاندۆڭلۈكلەرنى يېرىم دەريانىڭ سۈيى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن ئېغىز ئىدى.

يېرىم دەريا بىر مېھرىبان ئانا ئىدى، بۇ ئېغىز بولسا، ئاشۇ مېھرىبان ئانىنىڭ قوتاندۆڭلۈكلەرگە نان چايناپ بېرىدىغان ئاغزى، سۈت تامچىپ تۇرىدىغان ئەمچىكى ئىدى.

قوتاندۆڭلۈكلەر تالاي ئەسىرلەردىن بېرى مۇشۇ ئېغىزدىن خۇددى ئانىنىڭ ئەمچىكىنى ئەمگەن بوۋاقتەك سۇ ئىچىپ ھاياتنى ھاياتقا، قاناتنى قاناتقا ئۇلاپ كەلگەنىدى.

ئەپسۇس، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قوتاندۆڭلۈكلەر بۇ ئېغىزدىن خۇددى ئانا مېھرىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئايرىلىپ

قالدى...

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋال سېكرېتار قوتاندۈك كەنتىنىڭ كەنت مۇدىرى ئىدى. مۇسا ئاقساقال بولسا قوتاندۈك كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىدى...

بىر كۈنى قوتاندۈككە ماش رەڭلىك بىر پىكاپ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سىگنال بېرىپ كىرىپ كەلدى. قوتاندۈكلۈكلەر يېزا باشلىقىنىڭ ماشىنىسىغا ئوخشاشمايدىغان بۇ ناتونۇش ماشىنىغا قاراپ ھەيران قېلىشتى، قوتاندۈككە يېزا باشلىقىنىڭ پىكاپىدىن باشقا پىكاپ ئاز كېلەتتى. پىكاپتىن كەتمەن شەپكە كىيىۋالغان ئورۇق، ۋىجىك بىر ئادەم چۈشتى - دە، ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلاردىن ھاكاۋۇرلۇق بىلەن سورىدى:

— سېكرېتار نەدە؟

— بايام ئېتىزلىقتا سۇ تۇتۇۋاتاتتى. ھازىر نەدىكى؟

— مېڭىڭلار، بېرىپ نەدە بولسا شۇ يەردىن تېپىپ كېلىڭلار!

كەتمەن شەپكىلىك ئۇلارنىڭ مىدىرلىماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ گۈركىرىدى:

— نېمە، ئادەم كۆرمىگەندەك چەكچىيىپ تۇرۇشىسىلە، سېكرېتارىڭلارنى قىچقارغىلى ماڭمامسىلە!

بۇ ئاتىكاچى، بۇيرۇقۋاز ئادەمنىڭ گەدەنكەشلىكى كىشىلەرگە ياقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئارىدىن بىرسى سېكرېتارنى قىچقارغىلى كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي مۇسا سېكرېتار كەتمىنىنى دولىسىغا سالغىنچە پايپاسلاپ يېتىپ كەلدى ۋە ۋىجىك ئادەمنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۇزارتقان سىڭار قولىنى ئالىقانلىرىنى بەلبېغىغا سۈرتۈۋېتىپ تۇرۇپ ئىككى قوللاپ قىستى، تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى.

— سىلى سېكرېتارما؟ — سورىدى ۋىجىك كىشى چىرايىنى ئاچماي تۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خوش، — دېدى سېكرېتار.
— نېمىشقا دەريادىن سۇ ئاچتىڭلا؟
— كېۋەز تېرىيلى دەپ.
— سۇ ئېچىشقا كىم رۇخسەت قىلدى؟
سېكرېتارغا بۇ سوئال غەلىتە ئاڭلاندى. چۈنكى، قوتاندۈڭلۈكلەر دەريانىڭ ئايىغىدا بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، سۇ ئىشلەتكەندە ئەزەلدىن بىر كىمنىڭ رۇخسىتىنى ئالغان ئەمەس، شۇڭا ئۇ، بۇ سوئالغا نېمەدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.
— دەريانىڭ سۈيىنى توقايلىققا كىم قويۇۋەتتى؟
— كېچىدىن ئېرىق يار كېتىپتىكەن، ئەتىگەن باغلىۋالدۇق.
— باغلىۋالغان بىلەنلا ھېسابمىكىن، سۇ قانۇنىنى بىلەملا؟
— بىلمىمىز، ئۆتكەندە يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئۆگىنىش قىلغان.
— ئۇنداق بولسا دەپ باقسىلا قېنى، سۇنى يار قويۇۋېتىپ، ئىسراپ قىلىۋەتكەنلەر قانداق جازاغا تارتىلىدۇ؟
— بۇ... بۇنى...
— ئۆگىنىپتىمىش تېخى، — دېدى ئاۋاق كىشى زەھەرخەندىلىك بىلەن، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەرقايسىڭلار سۇ ھەققىنىمۇ تاپشۇرمايدىغان ئوخشايسىلەر.
— تاپشۇرىمىز. ھەر يىلى يېزىدىن كادىر كېلىپ يىغىپ ئەكېتىدۇ.
— بۇنىڭدىن كېيىن سۇ ھەققىنى يېزىدىن يىغمايدۇ. سۇ ھەققى يىغىدىغان ئادەم مانا مەن.
ئاۋاق كىشىنىڭ چوڭچىلىقى زىتىغا تەگدىمۇ ياكى بۇ ئادەمنىڭ سالاھىيىتىگە قىزىقتىمۇ، مۇسا سېكرېتار ئەدەپ بىلەن سورىدى:
— ئۆزلىرى كىم بولىلىكىن؟
— مەن يېرىم دەريا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باش زەنجىگى ئا زەنجاڭ بولىمەن.

مۇسا سېكرېتار دەرھال چۈشەندى. يېزىدىن سۇ ھەققى يىغ-قىلى كەلگەنلەردىن بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندەك قىلغانلى-قىنى ئەسلىدى.

— ماڭسىلا، ئۆيگە كىرىپ مۇڭدىشايلى.

مېھمان تەكەللۇپسىزلا سېكرېتارغا ئەگەشتى.

مۇسا سېكرېتار مېھماننى توخۇ ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلدى. كەنت مۇدىرى — ھازىرقى سېكرېتارنى قىچقارتتى. مېھمان تا-ماق يېگەچ ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى، ئەمەل دەرىجىسىنى، قول ئاستىدا قانچە ئادەم بارلىقىنى ساھىبخانا سورىمىسىمۇ چۈشەندۈردى ۋە گەپ ئارىلىقىدا جەرەن گۆشىنىڭ گېپىنى قى-لىپ قالدى:

— ئاڭلىشىمچە، قاراڭغۇ توغراقتا كېيىك، جەرەنلەر تولا دەيدۇ، جەرەن گۆشىدىن بىر تېتىپ باققۇم بار ئىدى.

— ئەپسۇس، تولىمۇ بىئەپ ۋاقىتتا كېلىپ قاپلا، — دېدى گەپنى تۇزلا قىلىپ ئۆگەنگەن مۇسا سېكرېتار، — ھازىر ئەتىياز پەسلى، بۇ پەسىلدە ھەرقانداق قوتاندۆڭلۈك ئوۋ ئوۋلىمايدۇ، ئوۋغا چىقسا يامان بولىدۇ. جەرەن گۆشى يېگۈلىرى بولسا كۈزدە كەلسىلە، كۈز پەسلىدە بۇ جانىۋارلار تازا كۆپىيىپ ھەم سەمرىپ مىغ - مىغ بولۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى راسا بىر مېھ-مان قىلايلى.

بۇ جاۋابتىن مېھماننىڭ قوشۇقتەك قارامتۇل يۈزى بىرئاز تاتاردى. لېكىن، كۆڭلىدىكىنى بىلىندۈرمىدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئېغىز بېشىغا بىللە كەلدى.

— بۇ ئېغىزنىڭ نوپۇس خېتى بارمۇ؟ — سورىدى مېھمان مۇسا سېكرېتاردىن.

— نوپۇس خېتى؟ قانداق نوپۇس خەتكەن بۇ؟ — ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ياندۇرمىلاپ سورىدى مۇسا سېكرېتار.

— بۇ ئېغىزدىن سۇ باشلاپ ئىچىشكە يۇقىرى دەرىجىلىك سۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ كېسىپ بەرگەن تەستىق خېتى.

— بىز بۇنداق خەتنى بىلمەيدىكەنمىز، — دېدى سېكرېتار مېھماننىڭ يوچۇن گەپلىرىدىن سەل گۇمانسىراپ، — بۇ ئېغىز بىز تۇغۇلساقلا بار ئىكەن، ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇشۇ ئېغىزدىن سۇ ئىچىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەپتىكەن.

— مەن ئۇنى سورىمىدىم، نوپۇس خەت زادى بارمۇ، يوقمۇ؟

— يوق! — دېدى مۇسا سېكرېتار زەردە بىلەن.

— ئۇنداق بولسا بۇ قانۇنسىز ئېغىزكەن -دە، — دېدى مېھمان مەمنۇنلۇق بىلەن ھىجىيىپ، — ماڭىسلا، بېرىپ دەرھال دېھقانلارنى قىچقىرىپ كەلسىلە، بۇ ئېغىزنى ھازىرلا كۆمىۋېتىمىسەك بولمايدۇ.

— بۇ ئېغىزنى كۆمىۋەتسەك بىز نەدىن سۇ ئىچىمىز؟ — دېدى مۇسا سېكرېتار تېرىكىپ.

— لايدان تومىدىن ئۆستەڭ چېپىپ كېلىپ سۇ ئىچىڭلار.

— لايدان تومىدىن؟ — مۇسا سېكرېتار ھەيرانلىق بىلەن مېھمانغا قارىدى، — لايدان توما بىلەن قوتاندۆڭنىڭ ئارىلىقىنىڭ قانچىلىكلىكىنى سىلى بىلەملا؟

— قانچىلىكلىكى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم. ئېغىزنى كۆمەملا، كۆممەملا زادى؟

— نېمىشقا كۆمىدىكەنمىز؟

— بۇ دېگەن قانۇنسىز ئېغىز.

— نەچچە زامانلاردىن بېرى قانۇنسىز بولماي ئەمدى قانۇنسىز بولۇپ قالامدىكەن؟ چۈشەكەپ قاپلا، زەنجاڭ، بىز بۇ ئېغىزنى ھەرگىز كۆممەيمىز.

— قېنى كۆممىگىنىڭنى بىر كۆرەي.

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان مۇسا سېكرېتارمۇ ۋارقىرىدى:

— قولۇڭدىن كەلسە نېمە قىلساڭ قىل!

ئاۋاق پونكىت باشلىقى ماشىنىسى تەرەپكە ماڭغاچ غوتۇلدىدى:

— خەپ توختاپ تۇرۇش، سەن جاڭگاللىق قەلەندەرلەرگە ئۆ-زۈمنى بىر تونۇتۇپ، سۇ - سۇ دىگۈزمەيدىغان بولسام ئا زەنجالىڭ بولماي كېتەي.

ھەپتە ئۆتكەندە قوتاندۆڭگە كەينى - كەينىدىن ئىككى پىكاپ يېتىپ كەلدى.

بۇ پىكاپلارنىڭ بىرسىدە ھېلىقى ۋىجىك، ئاۋاق پونكىت باش-لىقى، يەنە بىرسىدە يېزا باشلىقى قاش - قاپاقلىرىدىن قار - مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇراتتى.

مۇسا سېكرېتار ئۇلارنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ چىقتى.

— كەنتتىكىلەرنى يىغىسلا، يىغىن ئاچىمىز، — دېدى يېزا باشلىقى ئارتۇق گەپ قىلماي.

قوتاندۆڭلۈكلەر بىردەمدىلا كەنت قورۇسىغا يىغىلدى. يىغىن-نى يېزا باشلىقى باشقۇردى. سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى سۇ قانۇنى ھەققىدە ئۇزاق نۇتۇق سۆزلىدى. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن يېزا باشلىقى قوتاندۆڭلۈكلەرگە دەريادىن سۇ ئالىدىغان ئېغىزنى كۆ-مۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. يېزا باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا قوتاندۆڭلۈك-لەر مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇلار ھەپتە ئاۋۋال مۇسا سېكرېتار بىلەن سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تار-تىشتىن تولۇق خەۋەر تاپقانىدى. ئۇلار شۇ تۇرقىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاغزىلىرىنى ئېتىۋېتىشكە رازى ئىدىكى، يېرىم دەريادىن سۇ ئا-لىدىغان ئېغىزنى ئېتىۋېتىشكە رازى ئەمەس ئىدى. يېزا باشلىقى قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ بەل قويۇۋەتتى. شۇڭا، ئۇ تەدبىرىنى ئۆزگەرتىپ قوتاندۆڭلۈكلەرنى ئۇچۇرۇپ باقتى، ئۇلار-غا يالۋۇرۇپ باقتى، ھەيۋە قىلىپ باقتى. لېكىن، قوتاندۆڭلۈك-لەر قاتۇرۇپ قويغاندەك قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلىشمىدى. ئۇلار گويا ھېچنېمە كۆرمىگەندەك، ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ئىپادىسىز قاراپ تۇرۇشاتتى.

يېزا باشلىقى غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتتى، زەردىگۈش بولدى،

بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان دېھقانلارغا ئاداۋەت بىلەن ئالايدى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق زەردىگۈش بولۇپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى ـ دە، مۇسا سېكرېتارنى بىر يانغا تارتتى. ئۇ-نى راسا بىر ئەدەپلەپ، ئابايىقى دەردىنى چىقىرىۋالماقچى بولدى. لېكىن، شۇ ھامانلا بۇ نىيىتىدىن ياندى. چۈنكى، قوتاندۆڭلۈك-لەرنى مۇشۇ مۇسا سېكرېتارلا گەپكە كىرگۈزەلەيتتى. قوتاندۆڭ-لۈكلەر مۇسا سېكرېتارغىلا ئىشىنەتتى، ئۇنىڭسىز قوتاندۆڭدە ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايتتى. بۇ يېزا باشلىقىغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇ نىيىتىدىن دەرھال يېنىپ، تەدبىرىنى ئۆزگەرتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، چىرايىغا سۇرلۇك تۇس بېرىشكە تىرىشىپ سۆز باشلىدى:

— مۇسا سېكرېتار، سىلى ـ بىز پارتىيەلىك كادىرلار. پار-تىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بەرگەن، شۇڭا بىز پارتىيە ئەزالىرى ئاددىي خەلققە ئاكتىپلىق بىلەن باشلامچى بولمىساق، خەلقنى يېتەكلىمىسەك بولمايدۇ. ئېغىز مەسىلىسى كىچىك ئىش ئە-مەس، ئۇ ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە مۇناسىۋەت-لىك چوڭ ئىش بولۇپ قالدى. بىز ئۆز مەنپەئەتىمىزنى، شەخسىي ئارزۇيىمىزنى ئويلىماي، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇ-يىنى قوغدىشىمىز، پارتىيە مەيدانىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى-مىز...

— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلسىلا، شاڭجاڭ، — دېدى مۇسا سېكرېتار يېزا باشلىقىنىڭ گېپىنى چورتلا كېسىپ تاشلاپ، — سىلى تەكىتلىمىسىلىمۇ مەن ئۆزۈمنىڭ بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىمنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. مەن پارتىيە بايرىقى ئالدىدا، خەلق ئۈچۈن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەي-مەن، جېنىمنى پىدا قىلىمەن، دەپ قەسەم بەرگەن. بۇ قەسىمىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، پارتىيەۋىلىك بىلەن ئېغىز مەسىلىسىنىڭ ئىككىسى ئىككى ئىش. بۇ ئىككى مەسىلىنى ئۆز ئارا چىتىۋالساق

ئوبدان بولمايدۇ. بۇ ئىشنى تولا پىرىنسىپقا كۆتۈرمەي، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ياخشى ھەل قىلساق، زامان - زامانلاردىن بېرى سۇ ئىچمۇاتقان ئېغىز ئۆز ئورنىدا تۇرىۋەرسە خەلق خۇش بولىدۇ، سىلى - بىزدىن رازى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نە-زىرىدە پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، — مۇسا سېكرېتار تۇيۇقسىز قايناپ كەتتى، — سۇ پونكىتىنىڭ زەنجىگى تەلەپ قىلغان سوۋغىنى بېرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا، زامان - زامانلاردىن تارتىپ سۇ ئىچىپ كېلىۋاتقان ئېغىزىمىز قانۇنسىز ئېغىز بولۇپ كۆمدۈرۈۋېتىلسە، خەق شەخسىي مەنپە-ئەتنى دەپ پۈتۈن بىر كەنتنىڭ ھاياتلىق مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىمەن دېسە، قارشى چىققانلىقىم ئۈچۈن پارتىيەۋىلىك مەيدانىم سۇ-رۇشتە قىلىنسا، بۇ قانداق بولغىنى؟ دەپ باقسىلا، شاڭجاڭ، ئې-غىزنى كۆممىسەك پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە دەخلى يې-تەمدۇ ياكى سۇ پونكىتىنىڭ زەنجىگىنىڭ ئىناۋىتىگە دەخلى يې-تەمدۇ؟ بىز سۇ پونكىتىنىڭ زەنجىگىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى قوغدايمىزمۇ ياكى پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى قوغدايمىزمۇ؟

سېكرېتارنىڭ بۇ سۆزلىرى يېزا باشلىقىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئاغزىغا بىر نەرسە كەپلەپ قويغاندەك تىلى تۇ-تۇلدى. ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ سېكرېتارغا تەڭلىدى.

— مەن موخوركا چېكەي، — دېدى سېكرېتار يېزا باشلىقى-نىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئالماي.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئاچچىقراقىدىن چېكەي، ماڭىمۇ بىر ئورام بەرسىلە، — دېدى يېزا باشلىقى.

ئىككىيلەن موخوركا ئورىدى.

— ئەسلىي گەپكە كەلسەك، — دېدى يېزا باشلىقى بارماقلى-رى ئارىسىدىكى تاماكىنى شوراپ تۇرۇپ، — ئېغىزنى كۆمۈشكە يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ، شۇنداقلا مەنمۇ قايىل ئەمەس. بىراق،

ئۇلارنىڭ گېپىگە ھازىرچە ماقۇل دەپ تۇرمىساق ئۇلار بېھىشباغ يېزىسىنىڭ پۈتۈن سۈيىنى تاقىۋالدى. ئەھۋالنى ناھىيەگە ئېيتساق، ناھىيە رەھبەرلىرى دەريا باشقارمىسىدىكى رەھبەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ مەسىلىنى ھەل قىلىڭلار دەپ تۇرۇۋالدى. دەريا باشقارمىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى پونكىتلىرىنىڭ پىكرىنى توغرا دەپ قاراۋاتىدۇ. تىركىشىپ تۇرىۋېرەيلى دېسەك، يېزىنىڭ بىر پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ھازىرچە ماقۇل دەپ ئېغىزنى باغلىۋېتەيلى، كېيىن يۇقىرى بىلەن سۆزلىشىپ، مەسىلىنى ئالدىرىماي ھەل قىلىپ بېرىمىز.

— ئۇنىڭغىچە قوتاندۆڭنىڭ يېرى سۇ ئىچمەي قاغجىراپ تۇرامدۇ؟

— بۇ ئەھۋالنىمۇ ئويلاشتۇق، يېزىدىكى پۈتۈن ئەمگەك كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، لايدان تومىدىن قوتاندۆڭگىچە بىر ئېرىق چاپتۇرۇپ بېرىمىز. ھازىرچە شۇ ئېرىقتىن سۇ ئىچكەچ تۇرسىلە.

شۇنداق قىلىپ، ئېغىز چىرايلىق ۋەدىلەر بىلەن مۇستەھكەم كۆمۈۋېتىلدى. بىر ھەپتە ئىچىدە يېزا ئەمگەكچىلىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ ئېرىقمۇ چېپىلدى. ئەمما، شۇ كۈندىن باشلاپ قوتاندۆڭ سۇ غېمىدىن قۇتۇلالمىدى. لايدان تومىدىن «يۈز لىتىر سۇ تەقسىماتىڭلار بار» دەپ ئېچىپ بەرگەن ئادەم بېلىدەك سۇ قوتاندۆڭگە ئادەمنىڭ پاچىقىدەك بولۇپ، ئون - ئون ئىككى سائەتتە ئاران يېتىپ كېلەتتى. بۇ سۇ بىلەن بىر قېتىملىق سۇ نۆۋىتىدە سۇغىرىدىغان يەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنىمۇ سۇغارغىلى بولمايتتى. سۇ پونكىتىغا قۇرۇق قول بارسا، ئاۋاق باشلىقىنىڭ قاپىقى ئېچىلمايتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئېرىقنى چېپىپ بېرىپلا ئېغىز مەسىلىسىنى تىلغا ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئەمدى ئۈنۈپ مايسا بولغان زىرائەتلەر قۇرۇشقا باشلىدى. كىشىلەر مۇسا سېكرېتارغا: «ئېغىزنى سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بىلەن كۆمگەن، قېنى ئەمدى

بىزگە سۇ تېپىپ بەرمەمسەن، زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ كەتتى، تېزرەك بىر ئامالىنى قىلىپ بەر» دېگەندەك قارشاتتى. مۇسا سېكرېتار بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، قوتاندۇڭگە سۇ باشلاپ كېلىش ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندى.

بىر كۈنى بامدات ۋاقتى بىلەن قوتاندۇڭنىڭ ئېرىقلىرى سۇ-غا لىقمۇلىق تولدى. زىرائەتلەر، دەل - دەرەخلەر، مال - ۋارانلار قانغۇچە سۇ ئىچتى. ئەسلىدە ھېلىقى خېلىلا مۇستەھكەم كۆمۈ-ۋېتىلگەن ئېغىزنى بىر كېچىدىلا «يار» ئېلىپ كەتكەنىدى.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ھېلىقى ئاۋاق پونكىت باشلىقى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى، قوتاندۇڭلۇكلەرگە «قانۇنسىز سۇ ئې-چىۋالغانلىقى ۋە دەريانىڭ قىرغىقىنى بۇزۇۋەتكەنلىكى» ئۈچۈن جەرىمانە قويدى. مۇسا سېكرېتار بىلەن تىللاشتى، ياقا سىقىشتى ۋە ئاخىرىدا «خەپ» دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

ھەپتە ئۆتكەندە يېزا باشلىقى كېلىپ قوتاندۇڭلۇكلەرگە يى-غىن ئاچتى. يىغىندا مۇسا سېكرېتار قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيەنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ئا-ساسەن، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قارار قىلىپ، ئۇنى دەم ئېلىشقا چىقارغانلىقىنى، سېكرېتارلىققا رازىق مۇدىرنى تە-يىنلىگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. قوتاندۇڭلۇكلەر يېزىلىق پارتكومنىڭ قارارىنى قوللاپ چاۋاكمۇ چالمىدى، قارشى چىقىپ پىكىرمۇ بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ، رازىق مۇدىر بىر كۈندىلا مۇدىرلىقتىن سېكرېتارلىققا ئۆستۈرۈلدى.

ئاۋاق پونكىت باشلىقى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ گەرچە يېزىنىڭ سۈيىنى ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ، قوتاندۇڭلۇك-لەرنىڭ تەقسىماتتىكى سۈيىدىن بىر تېمىممۇ بەرمىدى. رازىق سېكرېتار بىرقانچە قېتىم باردى، خېلى ئوبدان سوۋغا - سالاملارنىمۇ ئېلىپ بارغان بولدى. لېكىن، جاۋاب بىرلا ئىدى: «ماڭا سوۋغا - سالام ئېلىپ كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭلار، قو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاندۇڭلۇككە سۇ لازىم بولسا، ئالدىمغا مۇسا دېگەن سۇ ئوغرىسىنى ئەۋەتىڭلار، شۇ چاغدا سۇيۇڭلارنى بېرىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى.

قوتاندۇڭلۇكلەر دەسلەپتە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن بۇ تەلەپتىن رەنجىدى، ئۇسسۇزلۇقتىن ھەممىمىز قۇرۇپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇ يەر پاپىسى ئاۋاقنىڭ ئالدىغا مۇسا سېكرېتارنى ئەۋەتمەيمىز، دېيىشتى. لېكىن، قۇرغاقچىلىق، تەشنالىق يامان كەلدى. دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سولاشتى، زىرائەتلەر قۇرۇشقا باشلىدى. پۈتۈن قوتاندۇڭدىن يىلىنجاپ تۇرغان تونۇر تەپتى كېلەتتى. تەشنالىقتا دەسلەپ ئۇششاق باللار، ئانىلار، كېيىن ئەرلەرمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. دەسلەپ مۇسا سېكرېتارنىڭ كەينىدىن غوتۇلداشتى، كېيىن ئالدىنى توسۇپ تىللاشتى:

— ھوي مۇسا، سەن شۇنچىۋالا گىمدىيىۋالغۇدەك قانچىلىك ئادەمتىڭ؟

— پۈتۈن قوتاندۇڭلۇكلەر سېنىڭ كاساپىتىڭگە كېتەمدۇق ئەمدى؟

— زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ كەتتى.

— بالامنى ئىسسىق ئەپكەتتى.

— ئېتىزدىن ئاش چىقمىسا بىزنى سەن باقامسەن؟

— ھوي سۇ ئوغرىسى مۇسا.

— دەريانى يار ئالدۇرۇۋەتكەن سېكرېتار.

— پونكىت باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىلىنساڭ تىلىڭ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كېتەمتى؟

— ھۇ تىلىغا كۆيدۈرگە چىققۇر مۇسا.

— بار، پونكىت باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇناھىڭنى تىلە.

— سەندىن خۇش بولىمىز.

— مۇسا سېكرېتار دەيمىز.

— دېھقانچىلىقىڭنى قىلىپ بېرىمىز.

— بوغدىيىڭنى ئوروۋپ بېرىمىز.
— خامىنىڭنى تېپىپ بېرىمىز.
مۇسا سېكرېتار قوتاندۇغلۇكلەرگە ھېچنېمە دېمىدى، بىر ئېغىز گەپ ياندۇرمىدى، قاپىقىنىمۇ تۈرمىدى. خۇددى گۇناھكار-دەك يەردىن ئۇستۇن قارىمىدى. يېرىم دەريانىڭ بويىغا بېرىپ دەرياغا بىر كۆن قاراپ ئولتۇردى. تاماقمۇ يېمىدى، سۇمۇ ئىچ-مىدى، پەقەت ئارقىمۇئارقا موخوركا يۆگەپ چەكتى. گۈللۈك تا-ماكا خالتىسىدىكى لىپمۇلىق تاماكىنىڭ ھەممىسىنى چېكىپ بولۇپ قاش قارايغاندا ئۆيگە يېنىپ كەلدى. بىر ناننى قېتىقا چىلاپ پاك - پاكىز يەۋەتتى، ئىككى ناننى بەلبېغىغا مەھكەم تۈگدى، تاماكا خالتىسىنى تاماكىغا لىق توشتۇردى. ئاندىن ئايالى ۋە باللىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابمۇ بەرمەي، ئېغىلدىكى ئەمدىلا چىشەشكە باشلىغان توپاقنى يېتىلىگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
ئەتىسى پېشىن ۋاقتى بىلەن قوتاندۇغنىڭ ئېرىقلىرىغا لىپ-مۇلىق سۇ كەلدى. سۇنى كۆرۈپ قوتاندۇغلۇكلەر كۈتۈلمىگەن ئامەتكە يولۇققاندەك خۇشاللاندى، ئۇنلۇك سۆزلەشتى، چاقچاق قىلىشتى، كەتمەنلىرىنى سۆرەشكىنىچە سۇ تۇتۇش ئۈچۈن ئې-تىز بېشىغا يۈگۈرۈشتى. قىز - يىگىتلەر شوخ، جاراڭلىق ئې-تىز ناخشىلىرىنى يەنە توۋلاشتى. باللار يۈگۈرۈشكىنىچە قىپيا-لىڭاچ بولۇپ ئۆزلىرىنى ئېرىقتىكى سۇغا ئېتىشتى، سەكرەشتى.
بۇ قېتىم سۇ ھېلىقى ئېغىزدىن ئەمەس، بەلكى لايدان تومـ-دىن، يېزا چېپىپ بەرگەن ئېرىقتىن كەلگەنىدى. قوتاندۇغلۇك-لەر سۇنى ئېتىز - ئېرىقلىرىغا كۆندۈرۈشۈپ، بۇ سۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق تۇيۇقسىز ھەم شۇنچىلا جىق كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا، ئېرىقنىڭ يۇقىرىقى تەرىپى — لايدان توما تەرەپتىن ئۆزى يالغۇز، قورۇق قول قايتىپ كېلىۋات-قان مۇسا سېكرېتارنى كۆرۈپ دەرھال پاراڭلىرىنى توختىتىش-تى. مەمنۇنىيەت، خىجىللىق، قايىللىق تۇيغۇلىرى بالقىپ تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غان كۆزلىرىنى مۇسا سېكرېتارنىڭ زىيادە جىسمانىي ئەمگەكتىن بىر ئاز مۇكچەيگەن، لېكىن يەنىلا قامەتلىك كۆرۈنىدىغان بەستىگە ھۆرمەت بىلەن تىكىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن رازىق سېكرېتارنىڭ سۇ پونكىتىغا قاتراشلىرى باشلاندى. ئۇ بىر - ئىككى قېتىم ئۆزىنىڭ بىساتىدىن قوي ئېلىپ باردى. لېكىن، سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى «بۇ قوي كىمنىڭ؟ نەدىن ئېلىپ كەلدىڭ؟» دەپ سوراپمۇ قويمىدى. سوۋغا - سالام ئېلىپ بارسا، سۇ بەردى، بولمىسا قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى. شەخسىي مۇلكىدىن سوۋغا - سالام ئېلىپ بېرىشۋېرىش رازىق سېكرېتارغا ئېغىر كەلدى. كوللېكتىپنىڭ سوۋغا - سالامغا يارىغۇدەك ھېچنېمىسى يوق. سۇ پونكىتىدىكىلەر ئايدا ئىككى قېتىم دېگۇدەك مېھماندارچىلىققا كېلىپ تۇراتتى. قوي، توخۇ، جەرەن، كېيىك، قىرغاۋۇل، توشقان... گۆشلىرىنى يەپ، ھاراق - شارابلارنى ئىچىپ تۇراتتى. ساز چالدۇرۇپ، مۇقام ئېيتقۇزۇپ بەزمە قىلدۇراتتى، مەشرەپ ئوينايتتى. رازىق سېكرېتارمۇ قوي، جەرەن، كېيىك، توخۇ - تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ سۇ پونكىتىغا بېرىپ تۇراتتى. قۇرۇق قول بارسا، قوتاندۇڭخىنىڭ ئېرىقىمۇ قۇرۇق قالاتتى.

قوتاندۇڭخلۇكلەر مەسلىھەتلىشىپ سوۋغا - سالامغا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى تەڭ چىقىرىشىدىغان، سوۋغا - سالام بىلەن مېھماندارچىلىققا كەتكەن چىقىملارنى ھېسابلاپ ئائىلە بېشىغا چېچىپ تىرىلدۇرىدىغان بولۇشتى. مۇشۇنداق «ئۆلتۈرۈش»، «تىرىلدۈرۈش»لەر سۇ پونكىتىدىكىلەر مېھمان بولۇپ كەلگەندە بىر قېتىم، رازىق سېكرېتار سۇ پونكىتىغا بارغاندا بىر قېتىم تەكرارلىنىپ تۇراتتى. قوتاندۇڭخلۇكلەر شىلدىرلاپ ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇغا قاراپ ھەسرەتلىك تىنىشقىنىچە «بوپتۇلا»، «نېمە قىلغۇلۇق» دېيىشەتتى. لېكىن، بۇنىڭغا قايىل بولمايدىغانلار، قارشى چىققۇچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار سۇ پونكىتىدىكىلەرنىمۇ،

رازىق سېكرېتارنىمۇ تىللايتتى، قارغايتتى:
— قارنىنى بىز ھۆددە ئالغانمۇ ئۇ ماشىنىسى بار قەلەندەر-لەرنىڭ.
— تايىنلىق ھۆددىسىدىن چىقالمىغان خوتۇنلىرى بولسىمۇ ئەكېلىپ بەرسۇن بىزگە.
— ھۇ تىرىكتاپلار.
— مۇشۇ رازىق سېكرېتارمۇ بەك خۇشامەتچى بولۇپ كەتتى.
— ھۇ خۇشامەتچى.
— سۇ پونكىتىدىكى ھېلىقى يەر پاپىسى كەلسە يەلپۈپ، بې-لىنى تۇتۇپ قويىدىكەن تېخى.
— ھۇ دەللال.
— مېنىڭ ئەمدى ئۇلارغا بېرىدىغان قويۇم يوق.
— مېنىڭ بېرىدىغان توخۇيۇم يوق.
— مېنىڭ قېشىمغا تۇخۇم دەپ كەلسۇنچۇ قېنى.
— ھۆكۈمەت ئايلىق بەرمەمدىغاندۇ ئۇ قەلەندەرلەرگە.
— رازىق سېكرېتار سۇ، سۇ دەپ، ئاخىر ئىمانىنىمۇ سۇغا تېگىشىۋېتىدىغان بولدى.
— يېرىم دەريانىڭ شەربەتتەك تاتلىق سۈيىنى ئىچمەي، ھاراق دېگەن ئېشەك سۈيدۈكىنى ئىچىدىكەن ئۇ قەلەندەرلەر.
— ئاشۇ ئېشەك سۈيدۈكىنىڭ پۇلىنىمۇ بىز تۆلەيمىز تېخى.
— رازىق سېكرېتار ئاشۇ قەلەندەرلەرگە بىر نەرسە يېغىپ بېرىمەن دەپ، ئۆزىمۇ قەلەندەرگە ئوخشىشىپ قالدى.
— ئۇنداق دېمەڭلار، رازىق سېكرېتار ئامالسىز.
— خۇدايىم ئۆزى بىر يولىنى قىلار.
رازىق سېكرېتار سۇ ئۈچۈن ھەممىگە چىدىدى. مۇسا سېكرې-تاردەك گىدىيىپ تۇرۇۋالمىدى، قاتتىقلىق قىلمىدى، تىللاشمى-دى، ياقا سىقىشمىدى. سۇ پونكىتىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلدى، ئىتتەك يېلىندى. قوتاندۇڭلۇكلەرنىڭ ھاقارىتىگە چىدىدى، بې-

شىنى ئىچىگە تىقىپ كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالدى. قانداقلا قىلمىسۇن، سۇ باشلاپ كەلدى، قوتاندىكىنى قۇرۇتۇۋەتمىدى - چۈنكى، ئۇمۇ مۇسا سېكرېتارغا ۋە باشقا قوتاندىكىلەرگە ئوخشاش ئاتا - بوۋىسى ياشاپ كەلگەن بۇ ماكاننى ياخشى كۆرەتتى، سۆيەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ چىشىنى چىشلەپ چىدىدى، قاقشىمىدى، ۋايسىمىدى. جىمى دەردىنى دەرياغا تۆكتى. كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى، قورساق كۆپۈكلىرىنى دەرياغا سۆزلىدى، دەريا بىلەن سىرداشتى. دەريانىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق شارقىراشلىرىدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپتى.

مانا ھازىر ئۇ پونكىت باشلىقىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆيىگە كىرمىدى. كۆمۈۋېتىلگەن ئېغىز بېشىغا كېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيال سۈردى. مەھەللە مەسچىتىدىن ئاڭلانغان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ ئەزانغا قۇلاق سېلىپ بىرھازا تۇردى. كېيىملىرىنى سالدى - دە، دەريانىڭ سۈيىدە ئۇزاق يۇيۇندى. مۇزدەك سۇدىن كۆپۈلدىتىپ ئىچتى. سۇ ئۇنىڭ تېنىنى سەگىتتى، كۆپچۈگەن ئەسەبلىرىنى بوشاتتى، ۋۇجۇدىغا يەڭگىللىك بەخش ئەتتى.

ئېھ، ئانا دەريا! سېنىڭ بويۇڭدا تۇرۇپ شارقىراشلىرىڭنى ئاڭلاپ، قاچانغىچە سېنىڭ سۆيگۈڭگە تەشنا بولۇپ ئۆتەرمىز - ھە! ئېيتقىنا، سېنىڭ بىرەر تېمىم سۆيگۈڭنى خورلىغان، زايە قىلغان يېرىمىز بارمۇ؟ بىز ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا سېنى قەدىرلەپ، ئەزىزلەپ كەلگەن ئىدۇققۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن سېنىڭ تامچە سۆيگۈڭگە زار بولىمىز؟ سەن ئۈچۈن، سېنىڭ سۇلىرىڭ ئۈچۈن غۇرۇرىمىز پايخان بولۇۋاتىدىغۇ بىزنىڭ.

دەريا شارقىرايتتى. ئۇنىڭ شارقىراشلىرىدا ئىلگىرىكى شوخ، جۇشقۇن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق ئىدى. دەريا مۇڭلۇق شارقىراپ، تولغىنىپ ئاقاتتى.

كەچ كۈز.

قوتاندۆك تەشنالىقىغا قانماي ئالتە ئاي يازنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ياز بويى بىر قېتىم قېنىپ سۇ ئىچمىگەن قوتاندۆڭنىڭ دەل - دەرەخلىرى يوپۇرماق تاشلاپ بالدۇرلا يالىڭاچلاندى. دالا - قىرلاردىكى گۈل - گىياھلارغا، ئوت - چۆپلەرگە بالدۇرلا ئۇشۇك تەگدى. قوتاندۆك گويا يالىڭاچلىنىپ قالغان تەندەك، ئۆزىنىڭ تەبىئىي يېپىنچىلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ تاپتاقىر بولۇپ قالغانىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرمۇ ئاشۇ ۋاقىتسىز غازاڭ بولغان دەل - دەرەخلەرگە ئوخشاش شۇمشىيىپلا قېلىشقانىدى. ئۇلار بۇ يىل مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، يىللاردىكىگە ئوخشاش بالدۇر ئوۋغا چىقمىدى. ئوۋ ئوۋلاش پېشقەدەم ئوۋچىلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ياشلار بولسا ئوۋغا ئالدىرىشاتتى. ئۆتكەن يىللاردا چوڭلارغا ئەگىشىپ ئوۋغا چىقىپ باققان يىگىتلەر ئوۋنىڭ كۆڭۈللۈكلۈكىنى، ھەر خىل ھايۋانات، جان - جانىۋارلارنىڭ رەڭگى، خۇي - پەيلىنى تۇنجى قېتىم ئوۋغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئاغىنە - بۇرادەرلىرىگە سۆزلەپ بېرىشەتتى. چوڭلارنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق خىرامان يۈرۈشلىرىدىن تىت - تىت بولۇشاتتى.

— چوڭلار بۇ يىل ئوۋغا چىقىش ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىمۇ يا؟ — دېيىشەتتى تۇنجى ئوۋغا چىقىش تەقەززاسىدا تاقەتتاق بولغان يىگىتلەر.

— ياق، ئۇنتۇپ قالمىدى. نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغۇدەك، — دېيىشەتتى ئىلگىرى ئوۋغا چىقىپ باققان يىگىتلەر.

— ئوۋ ۋاقتى كەلمىدىمۇ يا؟

— ھەي تاڭەي، ئۆتكەن يىلغۇ بۇ ۋاقىتتا بىرىنچى قېتىملىق ئولجىلارنى مەھەللىگە ئەۋەتىپ بېرىپ بولغان. بەلكىم مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرلىرىدا مېڭىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇلار شۇنداق دەپ، تۇنجى قېتىم ئوۋغا چىقىش تەقەززاسىدا تاقىلداپ تۇرغان ئاغىنە - بۇرادەرلىرىنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ بەز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەيتتى. ئۆگزە ۋە قوم دۆڭلىرىگە چىقىۋېلىپ، قاراڭغۇ توغراقتا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق نەزەر تاشلايتتى، بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ ۋاقىت ھېسابلايتتى، قاراڭغۇ توغراقنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلاتتى. باغرىدا سىرلىق رىۋايەتلەر بىلەن قورقۇنچلۇق ھېكايەتلەرنى ئەللەيلەپ ياتقان قاراڭغۇ توغراق يىگىتلەرنىڭ كۆز ئالدىدا چەك ـ چېكىگە كۆز يەتكۈسىز، سۇرلۇك ئورمان دېڭىزى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ياشلار قاراڭغۇ توغراققا چوڭلاردىن يوشۇرۇنچە بىرنەچچە قېتىمدىن باردى. لېكىن، ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي قايتىپ چىقىشتى.

بۈگۈن قوتاندۆڭدىكى پېشقەدەم ئوۋچىلارنىڭ ھەممىسى مۇسا ئاقساقالنىڭ (مۇسا سېكرېتار سېكرېتارلىقتىن قالدۇرۇۋېتىل- گەندىن كېيىن، قوتاندۆڭلۈكلەر ئۇنى ئاشۇنداق ئاتايدىغان بو- لۇشقانىدى) ئۆيىگە جەم بولۇشتى. مۇسا ئاقساقال ئۇلارنىڭ ئال- دىغا داستىخان سالدى، نان ۋە قايماق چاي ئەكەلدى. ئۇ مېھ- مانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپلا ئېغىلدىن يوغان بىر ئېرىكنى ئاچىقىپ سويدى ـ دە، يوغان ـ يوغان پارچىلاپ قازانغا سالدى.

مېھمانلار مۇسا ئاقساقالنىڭكىگە بىرلا ئىش ئۈچۈن، يەنى قاراڭغۇ توغراققا ئوۋغا چىقىش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوۋغا چىقىشنى خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇسا ئاقساقالنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئوۋ تەييارلىقىنىمۇ قىلماي خىرامان يۈرۈشىگە قاراپ جىم بولۇپ قېلىشقانىدى. ئوۋغا بۈگۈن چىقار- مىز، ئەتە چىقارمىز بىلەن ئوۋ ۋاقتى يىللاردىكىدىن بىر ئاي كەينىگە سۈرۈلدى. ئوۋ ئىتلىرى، قارچىغا ـ بۈركۈتلەر خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا تېپىرلاپ بىر ئىزىدا تۇرالمايتتى. قاپ- قانلار، مىلتىقلار، ئاتقان ـ ياچاقلار، خەنجەرلەر سۈرتۈلۈپ، بە-

لىنىپ پارقىرىتىۋېتىلدى. لېكىن، مۇسا ئاقساقالدىن ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. ئۇ ئوۋ توغرىسىدا ئويلاپمۇ قويماي خىراماں يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئوۋچىلار تىت ـ تىت بولۇشاتتى. «بۇنىڭدا بىر سەۋەب بار. ھەئە، چوقۇم بىر سەۋەب بار» دېيىشەتتى ئۇلار.

بۈگۈن ئۇلار كېلىشىۋالغاندەكلا بىر ـ بىرلەپ مۇسا ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇشقانىدى. مۇسا ئاقساقال ئۇلارنى خۇشال، ئوچۇق چىراي قارشى ئالغان، ئالدىلىرىغا داستىخان سالغان بولسىمۇ، ئورنى كەلمىگەچكە، مەقسەت ـ مۇددىئادىن سۆز ئېچىشقا ھېچقايسىسى ئالدىرىمىدى.

مۇسا ئاقساقال مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ پەگاھتىن ئورۇن ئالدى.

— ئاقساقال، — دېدى ياش ئوۋچى يىگىت ئاقساقال ئەمدىلا جايلىشىپ ئولتۇرۇشىغا بىتاقەتلىك بىلەن ئېغىز ئېچىپ، — بۇ يىل ئوۋغا چىقمىزمۇ، چىقمايمىزمۇ؟

ئاقساقال ياش ئوۋچىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، «سىلەرچە قانداق قىلساق بولار؟» دېگەندەك باشقا ئوۋچىلارغا قارىدى.

— بۇ يىل كۈز بالدۇر كەلدى، ھاۋامۇ كۈندىن ـ كۈنگە سوۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ گەپ باشلىدى بىر پېشقەدەم ئوۋچى، — ھاۋانىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە قاتتىق قار يېغىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى.

— يىگىتلەر ئوۋغا چىقساق بولاتتى دەپ ئالدىرىشىۋاتىدۇ.

— بۇ يىل باللارنىڭ غەيرىتى بەك ئۈستۈن.

— مۇسا ئاقساقال ماقۇل كۆرسە، قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئۇ چېتىگىچە بارساق، قۇملۇقتىن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىزدەپ باقساق، دېيىشىۋاتىدۇ.

— بۇ يىل قوتاندۇڭدە خېلى جىگىرى بار ئوغۇل باللار قا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارغا قوشۇلغان ئوخشايدۇ. قاراڭغۇ توغراق بىلەن ئۆلارمۇ تو-نۇشسۇن. ئۇۋچىلىققا كۆزلىرى پىشقاچ تۇرسۇن.

— ئوۋ ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەرسىلە، ئاقساقال.

— يول باشلىسىلا، ھەممە تەييارلىقىمىز تەخ بولدى.

— سىلىگە قاراپ قالدۇق.

— سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

مۇسا ئاقساقال لام - جىم دېمىدى. ئۇ ئوتتۇرا بارماقتەك توم قىلىپ ئورىۋالغان تاماكىسىنى ئىشتىها بىلەن شورايتتى، تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك زۇۋان سۈرمەيتتى، ئۆيدە ئولتۇرغان ھەربىر مېھماننى بىر - بىرلەپ ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى، كالتە - كالتە يۆتىلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئولتۇرغانلار سۆزلەشتىن بىر - بىرلەپ توختىدى. ئاخىرىدا ئۆيئىچى بىردىنلا تىمتاسلىق-قا چۆمدى. چىۋىن ئۇچسا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. مېھمانلار بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئولتۇرۇشاتتى.

مۇسا ئاقساقالنىڭ ئايالى ئۆيگە ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مۇسا ئاقساقال ياش ئوۋچى يىگىتنىڭ «قولغا مەن سۇ قۇياي» دېگىنىگە ئۇنىماي، ھەممە مېھمانلارنىڭ قولىغا ئۆزى سۇ قۇيدى. ئۇنىڭغىچە ئايالى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىككى لېگەن گۆشنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. مېھ-مانلار ئارتۇق تۇزۇت قىلىشىپ ئولتۇرمايلا گۆشنى ئىشتىها بى-لەن يېيىشتى.

— قېنى ئالىلى، تۇغقانلار، — دېدى مۇسا ئاقساقال مېھ-مانلارنىڭ داستىخاندىن بىر - بىرلەپ قول يىغىۋالغىنىنى كۆ-رۈپ ۋە «بولدى رەھمەت، تويدۇق، جىق ئالدۇق» دېيىشلىرىگە قويماي، لېگەننى قولىغا ئېلىپ مېھمانلارغا يەنە بىر پارچىدىن گۆش ئالدۇردى.

مۇسا ئاقساقال سېكرېتار بولۇشتىن خېلى ئىلگىرىلا قوتان-دۆڭنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغلىرىغا،

ئوۋچىلىق ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى. پۈتۈن قو-
تاندۆڭلۈكلەر تەدبىرلىك، كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان،
ئاچچىقى يامان، ئەل - جامائەت ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدى-
غان بۇ مەرد ئادەمدىن تەپ تارتاتتى، ئەيمىنەتتى، ھېيىقاتتى،
ھەرقانداق چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنى ئۇنىڭ سەمىگە سالاتتى،
يولىيورۇق سورايتتى. ئۇ كۆرسەتكەن يول بىلەن ماڭاتتى. ئۇنىڭ
مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلاتتى. ئۇ سېكرېتارلىقتىن قالدۇرۇلغاند-
دىن كېيىنمۇ قوتاندۆڭلۈكلەر ئۇنى ئوخشاشلا ھۆرمەتلىدى، قەدىر-
لىدى. ھەممە ئىشتا ئۇنىڭدىن ئەقىل ۋە يول سورىدى.

ئوۋچىلىق ھەممە قوتاندۆڭلۈككە ئوخشاش مۇسا ئاقساقالغى-
مۇ ئاتا مىراس كەسىپ ئىدى. ئۇ بالا ۋاقتىدىن تارتىپ دادىسىغا
ئەگىشىپ قاراڭغۇ توغراقتا ئوۋ ئوۋلىغان، بوران - چاپقۇن،
يىلان - چايان، بۆرە - قاۋانلارنىڭ دىشۋارچىلىقىغا دۇچ كەلگەن
ۋە بۇ دىشۋارچىلىقلارغا تاقابىل تۇرغان، بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا
مەرگەنلىكى، چەبدەسلىكى، زېرەكلىكى، تەدبىرلىكلىكى بىلەن
ئەل ئارىسىدا يۈز تاپقانىدى. پۈتۈن قوتاندۆڭ تەۋەسىدە پەقەت
مۇسا ئاقساقاللا قاراڭغۇ توغراقنى بەش قولنى بىلگەندەك بىلەت-
تى. ئوۋچىلار قاراڭغۇ توغراققا قانچىلىك ئىچكىرىلەپ كىرمە-
سۇن، پەقەت مۇسا ئاقساقالغا ئەگەشسىلا ھېچكىم ئېزىپ قال-
مايتتى، سازلىق، پاتقاقلىقلارغا چۆكۈپ كەتمەيتتى، نۇرغۇن
ئولجىلارغا ئېرىشەتتى. شۇڭلاشقا، بارلىق ئوۋچىلار ئۇنىڭغا پىر -
ئۇستازىغا چوقۇنغاندەك چوقۇناتتى. مۇسا ئاقساقال ئوۋغا چىقماي
تۇرۇپ، مۇسا ئاقساقالنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچكىم
ئوۋغا چىقمايتتى. شۇڭلاشقا، مۇسا ئاقساقالنىڭ بىر گەپ قىلى-
شىنى كۈتە - كۈتە تاقىتى تاق بولغان ئوۋچىلار ئاخىر ئۇنىڭ
ئۆيىگە كەلگەنىدى. چۈنكى، قوتاندۆڭنىڭ ئەركەكلىرى زېرىكىش-
لىك قىش كۈنلىرىنى ئوۋسىز، قاراڭغۇ توغراقسىز ئۆتكۈزمەيت-
تى. قوتاندۆڭدە قاراڭغۇ توغراققا ئوۋغا كىرمىگەنلەر ئەركەك سا-

نالمايتتى. لېكىن، قوتاندۇڭىدە قاراڭغۇ توغراقتا ئوۋغا كىرىپ باقمىغان، كېيىك، جەرەن، قىرغاۋۇل، تۈلكە، قاۋان، ھەتتا بۆرە ئوۋلاپ باقمىغان بىرمۇ ئەركەك يوق ئىدى. ئوۋسىز ئۆتكەن ھايات ئۇلار ئۈچۈن مەنىسىز ھايات ئىدى. ئوۋغا چىقمىسا ئۇلار بىئارام بولاتتى، تېرىككەك، چاچقۇن بولۇپ قالاتتى. بۇ ئەھۋال مۇسا ئاقساقالغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ باياتىندىن بېرى تەڭقىسلىقتا گەپ قىلماي ئولتۇرغانىدى. ئاقساقال ئاخىر كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئۆزىنى تاغ بىلىپ كەلگەن بۇ قەدىرلىك يۇرتداشلىرىغا ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

— ئوۋغا چىقىش ئىشىغا كەلسەك، — دېدى ئۇ ئابايا گۆش توغراپ يېگەن قەلەمتىراچنى بەلبېغى بىلەن سۈرتكەچ ۋە قولاق-لىرىنى دىك تۇتۇپ ئولتۇرغان ئوۋچىلارغا بىر قۇر قاراپ چىق-قاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭچە، بۇ يىل ئوۋغا چىقمىساق بولارمىكىن.

— نېمىشقا؟ نېمىشقا ئوۋغا چىقمايمىز، ئاقساقال؟ — ئال-دىراپ سورىدى ياش ئوۋچى يىگىت.

شۇ ھامان ئۇنىڭ بىقىنىدا ئولتۇرغان پېشقەدەم ئوۋچى ئۇنى «ئېغىز غېرىچلىماي جىم ئولتۇر» دېگەننى قىلىپ جەينەكلەپ قويدى.

مۇسا ئاقساقال ئالدىرىماي تاماكا ئورىدى -دە، تاماكىسىغا ئوت يېقىپ كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم قاتتىق شورىۋال-غاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا قاراڭغۇ توغراققا بېرىپ كەلدىم. توغراقلىقنى تولۇق ئارىلىدىم. قاراڭغۇ توغراق قۇرۇق-دىلىپ قاپتۇ، — ئۇ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرگە شۇنداقلا بىر قاراۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆتكەن يىلدىكىدەك ئورمانغا كىرىپ بولغۇچە قەدەمدە بىر ئايى-غىنىڭ ئاستىدا پارتلا قىلىپ قېچىپ كېتىدىغان توشقان، پالاق -

پۇلۇق قىلىپ ئۇچۇپ كېتىدىغان قىرغاۋۇللار يوق. ئوغلاقلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ توپ - توپى بىلەن ئوتلاپ يۈرىدىغان كېيىك - جەرەنلەرمۇ يوق. ئۇلار ئاز قاپتۇ، ناھايىتىمۇ ئاز قاپتۇ.

— ئۇلار نەگە كەتكەندۇ، ئاقساقال؟ — سورىدى ياش ئوۋچى يىگىت ھەيران بولۇپ.

— توۋا خۇدايىم، بۇ نېمە ئالامەت ئەمدى؟ — دېدى قېرى ئوۋچى ئۇچىتەك ساقىلىنى سىلاپ.

— ئۇلار قانداق بولۇپ ئاشۇنداق يوقاپ كەتكەندۇ، ئادەمنىڭ ئەقلى ئۇلاشمايدىغۇ بۇ ئىشقا !؟

— ئۇلارنى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كەتتىمۇ يا؟

— ئادەم يۇتۇپ كېتىدىغان ھېلىقى كۆلدىكى ئەجدىھا دەم تارتىپ كەتتىمۇ يا؟

— خۇدايا توۋا.

— مەنمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ئويلىدىم، — دېدى ئاقساقال يەنە سۆز ئېلىپ، — قاراڭغۇ توغراقتا كۆرگەنلىرىمنى بىرمۇبىر كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇزاق ئويلىدىم. ئاخىر بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىققاندەك بولدۇم. ئەسلىدە سەۋەب ئۆزىمىزدە ئىكەن.

— سەۋەب ئۆزىمىزدە؟ يوچۇنلا گەپ قىلىلىغۇ، ئاقساقال، — دېدى قېرى ئوۋچى گاڭگىرىغان ھالدا.

— شۇڭا دەيمىنا.

— قىزىقلا بىر گەپ بولدىغۇ بۇ.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى مۇسا ئاقساقالغا مىختەك قادالدى.

— ھەئە، سەۋەبى ئۆزىمىزدە، — دېدى مۇسا ئاقساقال گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ياز پەسلىدە ئوۋ ئوۋلىماسلىق قائىدە - يوسۇنىنى بۇزۇپ، ھېلى سۇ پونكىتىنىڭ زەنجىگىغا، ھېلى يېزا باشلىقلىرىغا، ھېلىقى ناھىيە ھاكىملىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست -

بۇرادەرلەرگە، يەنە يېرىم دەريادىن سۇ ئالىدىغان كونا ئېغىزنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يول مېڭىۋاتقانلارغا دەپ قىشۇياز
توختىماي ئوۋ ئوۋلىدۇق. بوغازلارنىمۇ ئوۋلىدۇق، ئوغلاقلىرى-
نىمۇ ئوۋلىدۇق، چوڭىنىمۇ ئوۋلىدۇق، كىچىكىنىمۇ ئوۋلىدۇق.
توشقان ـ قىرغاۋۇللار، كېيىك، جەرەنلەر تۇغۇپ كۆپىيىدىغان
مەزگىلىدە كۆپىيەلمىدى، ئۇلارغا پەقەتلا ئارام بەرمىدۇق. شۇڭا،
ئازىيىپ كەتتى. بۇ بىر سەۋەب، — ئاقساقال شۇنداق دەپ بىر
بارمىقىنى پۈكتى ـ دە، زېھىن قويۇپ تىڭشاۋاتقان ئوۋچىلارغا
قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭدىن باشقا، قوتاد-
دۆڭنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى كەڭرى قومۇشلۇق ـ يايلاق ئۆز-
لەشتۈرۈلۈپ تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇلغاچقا، يېرىم دەريانىڭ
قاراڭغۇ توغراققا كېلىدىغان سۈيى يىلدىن ـ يىلغا ئازلاپ كەت-
تى. مەن بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلدىم، قاراڭغۇ
توغراق قۇرۇشقا باشلاپتۇ. مۇشۇ بىر يازدىلا قاراڭغۇ توغراقنىڭ
ئىچكىرىسىدىكى شۋەرلىك كۆللەرنىڭ سۈيى تارتىلىپ، تېگى
كۆرۈنۈپ قالاي دەپ قاپتۇ. هايۋانلار، جان ـ جانىۋارلارغا ئىچى-
دىغان سۇ قالماپتۇ. بۇ ئىككىنچى سەۋەب، — ئاقساقال شۇنداق
دەپ يەنە بىر بارمىقىنى پۈكتى، — قاراڭغۇ توغراقتا سۇ قالمى-
غانلىقى ئۈچۈن ئوت ـ چۆپلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك قۇرۇپ كې-
تىپتۇ. قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئورمانلار قۇرۇپ، قۇم
دۆڭلەر ئورمانغا قاراپ كۆچۈشكە باشلاپتۇ، قاراڭغۇ توغراقتا تۇ-
زۇك ئوت ـ چۆپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن كېيىك، جەرەنلەر ئاچ-
لىقتىن قىرىلغان ياكى يىرتقۇچ هايۋانلارغا يەم بولۇپ كەتكەن
بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ ئۈچىنچى سەۋەب، — ئاقساقال شۇنداق
دەپ يەنە بىر بارمىقىنى پۈكتى، — شۇڭا مېنىڭچە، بۇ يىل ئوۋ-
غا چىقساق ئاران جان ساقلاۋاتقان هايۋانلارنى پۈتۈنلەي
قۇرۇتۇۋېتىشىمىز مۇمكىن، شۇنداق بولغاندا كېلەر يىلى قاراڭ-
غۇ توغراقتا ئوۋلىغۇدەك هېچنېمە قالمايدۇ. مېنىڭچە بۇ يىل

ئوۋغا چىقمايلى، قېلىپ قالغان جانىۋارلار قىشتىن ساق - سالا -مەت چىقىپ، ياز بويى ئازراق كۆپىيىۋالسا، كېلەر يىلى ئاندىن ئوۋغا چىقساقمىكىن دېمەكچىمەن. سىلەرچە قانداق؟

— سىلى نېمە دېسىلە بىز شۇ، ئاقساقال.

ئوۋچىلار گەرچە ئاقساقالنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىگە تولۇق قايىل بولمىسىمۇ، لېكىن ئوۋغا چىقماسلىققا بىردەك قوشۇلدى.

تۇنجى ئوۋغا چىقىش قىزغىنلىقىدا قاراڭغۇ توغراققا تولا تەلمۈرۈپ كۆزى تېشىلىپ كېتەي دەپ تۇرغان ياشلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇددى تويى بۇزۇلۇپ كەتكەن يىگىتتەك خاپا بولۇشۇپ سۆزلەپلا كېتىشتى. قورساق كۆپۈكلىرىنى بىر - بىرىگە تۆكۈپ دادلاشتى. ئاتا - ئانىلىرىدىن، چوڭلاردىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى بىر - بىرىگە دېيىشتى.

— قاراڭغۇ توغراقتا يىرتقۇچ هايۋانلار پەيدا بوپتىمىش.

— كېيىك، جەرەنلەرنى يەۋېتىپتۇمىش.

— قىرغاۋۇل، توشقانلارنى دەم تارتىپ كېتىپتۇمىش.

— ياق، ئۇلارنى يەۋەتكىنى يىرتقۇچ هايۋانلار ئەمەس ئىكەن.

— ئەمىسە سەن دەپ باقە، شۇنچە جىق كېيىك، جەرەنلەرنى كىم يەپ كېتىپتۇ؟

— ئەجدىها.

— يالماۋۇز.

— ياقەي، سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى.

— چىرىك ئەمەلدارلار.

— ئىلاھىم زۇۋانى تۇتۇلۇپ ئۆلەر ئۇ تويىمىغۇرلار.

— تىلىغا كۆيدۈرگە چىقار.

— يەر يۇتار.

— قارنى يېرىلىپ ئۆلەر.

— بالا - قازالار.

— يېرىم دەريانىڭ سۈيى قاراڭغۇ توغراققا بارمىسا كېيىك،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەرەنلەر كۆپىيەلمەسمىش.
— دەريانىڭ سۈيى قاراڭغۇ توغراققا جىقراق ئېقىپ بارمىغان-لىقى ئۈچۈن، توشقان، قىرغاۋۇل، كەكلىكلەر ئىچكىلى سۇ تا-پالماي ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇمىش.
— سۇ بولمىغاچقا ئوت - چۆپلەر ئۈنمەپتۇمىش.
— كېيىك، جەرەنلەر ئاچ قاپتۇ.
— يېگىلى ئوت - چۆپ تاپالماپتۇ.
— قاراڭغۇ توغراقنىڭ نېرىقى چېتى قۇرۇشقا باشلاپتۇمىش.
— قۇم يۇتۇپ كېتىپتۇمىش.
— دەريانىڭ سۈيى قاراڭغۇ توغراققا بارمىسا...
— توغراقلار قۇرۇيدۇ.
— قاراڭغۇ توغراقنى قۇم يۇتۇپ كېتىدۇ.
— قۇم سۇدىن قورقىمىش.
— قاراڭغۇ توغراققا سۇ كەلسە، قۇم كەينىگە قېچىپ كېتە-رىمىش.
— دەرياغا جىقراق سۇ كەلسە بولاتتى.
— كېيىك، جەرەنلەر قانغۇدەك سۇ ئىچسە بولاتتى.
— يېزا باشلىقى بىنەم ئېچىپ كېۋەز تېرىيمەن دەپ دەريانىڭ سۈيىنى توسۇۋاپتۇ.
— ياق، سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى توسۇۋاپتۇ.
— يېزا باشلىقى بىلەن پونكىت باشلىقى يېقىن ئاغىنىمىش.
— شۇڭا دەريانىڭ سۈيى ئاز قاپتۇ.
— لايدان تومىدىن توسۇۋاپتۇ.
— ئاشۇ لايدان توما بىر يار كەتسىغۇ...
— دەرياغا جىق سۇ كېلەتتى.
— قاراڭغۇ توغراقلىق قېنىپ سۇ ئىچەتتى.
— كېيىك، جەرەنلەرنىڭ...
— توشقان، قىرغاۋۇللارنىڭ ئۇسسۇزلۇقى قاناتتى.

— شۇ سۇئىزە...

دەريا شارقىرايتتى. ئۇنىڭ شارقىراشلىرىدا ئىلگىرىكى شوخ، جۇشقۇن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار يوق ئىدى. دەريا مۇڭلۇق شارقىراپ، تولغىنىپ ئاقاتتى.

رازىق سېكرېتارغا قوتاندۇڭلۇكلەرنى بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇپ، بىنەم ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلىش تولىمۇ ئېغىر كەلدى.

ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ، بېھىشباغ يېزىسى بويىچە چاقىرغان يېزىدىكى پۈتۈن دېھقانلارنى بىر قىش جاپالىق جەڭ قىلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇپ، پاختىچىلىقنى كېڭەيتىشكە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىن ئاخىرىدا يېزا رەھبەرلىرى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قوتاندۇڭ كەنتىگە چۈشۈرگەن كېلەر يىللىق پاختىچىلىق كۆرسەتكۈچى توغرىسىدىكى ھۆددە — توختامنامىگە ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇپ، بىنەم ئېچىش ھۆددە — توختامنامىسىگە قول قويدى.

رازىق سېكرېتار قوتاندۇڭگە قايتىپ كېلىپلا بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇشنىڭ ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېگەندە، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا چارۋىچىلىقتا تايىنىپ كەلگەن قوتاندۇڭلۇكلەر مال چارۋىلىرىنى ئوبدان بېقىپ كېلىۋاتقان يايلاقلىرىنى تېرىلغۇ قىلىشقا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. ئۇلار دېھقانچىلىقتىن چارۋىچىلىقنى ئەۋزەل كۆرەتتى. رازىق سېكرېتار مۇشۇ قوتاندۇڭلۇكلەر بىلەن بىر نىيەت، بىر پىكىردە ئىدى. ئۆزى خوپ كۆرمىگەن ئىشنى يۇرتداشلىرىغا راۋا كۆرمەيۋاتاتتى. ئۇ تولۇق بىر كۈن ئويلانغاندىن كېيىن دەرھال يېزىلىق ھۆكۈمەتكە چاپتى. يېزا باشلىقىنى تېپىپ، قوتاندۇڭنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. قوتاندۇڭلۇكلەرنى يايلاقلىرىنى بۇزۇپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا زورلىماي، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇشنى، يايلاقلارنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىشنى يالۋۇرۇپ تۇرۇپ تەلەپ قىلدى.

— قەتئىي بولمايدۇ، — دېدى يېزا باشلىقى رازىق سېكرېتارغا سەت گۆلەيگىنىچە گېپىنى چورتلا كېسىپ، — خالىغىنىڭنى قىل دەپ دېھقانلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەك، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ نېمە رولى قالىدۇ؟ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بىز يېزا باشلىقلىرى ئىشەك باقىمىزمۇ ئۇ چاغدا؟ قوتاندۆڭلۈكلەر خاتىرىسىنى جەم قىلىپ بىنەم ئېچىشقا تەييارلىق قىلىسۇن. كېلەر يىلى قوتاندۆڭنىڭ پاختا مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى كەملەپ قالىدىغان بولسا مەندىن ياخشىلىق كۈتمىسۇن. مەن سىلىنى تونۇيمەن، توختام بويىچە قوتاندۆڭلۈكلەر جەرىمانە تۆلەيدۇ. پاختا ئىشلەپچىقىرىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىزگە چۈشۈرگەن سىياسىي خاراكتېرلىك ۋەزىپىسى. بۇنىڭدىن سىلىمۇ، مەنمۇ، قوتاندۆڭلۈكلەرمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىزمۇ ھاكىملاربىلەن يېزىمىزنىڭ كېلەر يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى بويىچە ھۆددە - توختامنامىگە قول قويۇشتۇق. كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلىيالمىساق بىزمۇ جازاغا تارتىلىمىز. جەرىمانە تۆلەيمىز. يېزىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى كەملەپ كەتسە ھاكىملار بىزنى تۇتىدۇ، — يېزا باشلىقى تاماكىسىنى قاتتىق شورىۋېلىپ، يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەمدى بىلگەنلا، رازىق سېكرېتار. جەرىمانە، جازا بىزنىڭ بېشىمىزدىمۇ بار. جازالانمايلى، جەرىمانە تۆلىمەيلى دېسەك، ھۆددە - توختامنامىدىكى كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلاش كېرەك. ھازىرقى تېرىلغۇ يەر بىلەن بۇ كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە بىنەم ئېچىش كېرەك. يايلاق بولامدۇ، باغ - ئورمان بولامدۇ ھەممىسىنى ئېچىش، ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ ئىشقا سۈسلۈق قىلىشقا، بوشاڭلىق قىلىشقا، بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى كېچىكتۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

يېزا باشلىقىنىڭ كەسكىن سۆزلىرى رازىق سېكرېتارنى سەل گاڭگىرىتىپ قويدى. لېكىن، سۇ مەسىلىسى ئېسىگە كېلىۋىدى،

بىردىنلا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى.
— ئۇنداقتا سۇ مەسىلىسىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ تېز دەۋالمىسا بىرسى گەپ قىلغىلى قويمايدىغاندەك تېز - تېز سۆزلەپ، — قوتاندۆڭنىڭ يايلاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن بىلەن سۇ بولمىسا ئوخشاشلا تېرىغىلى بولمايدۇغۇ. هازىرقى سۇ بىلەن قوتاندۆڭدە هازىر تېرىلىۋاتقان تېرىلغۇ يەرنىمۇ سۇغارغىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئەسلىدىكى كونا ئېغىزنى ئېچىپ سۇ ئالغىلى بولسا، ئۇ چاغدا...
— كونا ئېغىزنىڭ گېپىنى ئەمدى تىلغا ئالمىسىلا، — دېدى يېزا باشلىقى سېكرېتارنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ، — بىز يېزىلىق پارتكوم هەيئەتلەر يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلدۇق. بۇ يىل قىش بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوتاندۆڭنىڭ ئەسلىدىكى ئېرىقىنى كېڭەيتىپ، يېزا دەرىجىلىك بىر سۇ سىغىمەيدىغان ئۆستەڭگە ئۆزگەرتمەكچىمىز. دەريا باشقارمىسى، سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەهبەرلەر بىلەن ناهىيە رەهبەرلىرى سۆزلىشىپتۇ. دەريا باشقارمىسى ناهىيەمىزنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ بىنەم ئېچىش، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى مۇستەهكەملەش پىلانىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا يېقىندىن ماسلىشىش يۈزىسىدىن لايدان تومىدىكى قوتاندۆڭ ئېرىقىنىڭ ئېغىزىنى كېڭەيتىپ بەرمەكچى ۋە لايدان تومىنى توسۇپ، يېرىم دەريانىڭ ئايىغىغا بىر تامچىمۇ سۇ ئۆتكۈزمەي هەممە سۇنى قوتاندۆڭ ئۆستىڭىگە هەيدەپ بەرمەكچى بولدى، — يېزا باشلىقى مەمنۇنلۇق بىلەن هىجايدى ۋە سېكرېتارنىڭ دولىسىغا ئالىيجانابلىق بىلەن يەڭگىل شاپىلاقداپ قويدى، — هەممە ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى، گەپ ئەمدى بىزنىڭ قانداق ئىشلىشىمىزدە. كەينىمىزگە قاراشقا بولمايدۇ. بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ بوز يەر ئېچىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش مەهسۇلات كۆرسەتكۈچىنى زور دەرىجىدە

www.uyghurkitap.com

ئاشۇرۇپ ئورۇنلىساقلا مۇكاپات، شان ـ شەرەپلەر، يەنە تېخى
پارلاق ئىستىقبال سىلى، بىزگە كەڭرى قۇچاق ئاچىدۇ.

رازىق سېكرېتار قوتاندۇڭگە يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىپ قاي-
تىپ كەلدى. ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ بىر كۈنگىچە تالا ـ تۈزگىمۇ
چىقمىدى. ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق خىيال سۈردى. قوتاندۇڭلۇكلەرگە
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقىنى قانداق يەتكۈزۈش ھەققىدە
باش قاتۇردى، ئاخىر مۇسا ئاقساقال قاتارلىق بىرقانچە پارتىيە
ئەزاسىنى يىغىپ ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويدى. قىسقىسى، بۇ ئىش-
نى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سالدى.

— دەريانى ئاخىر قۇرۇتۇۋېتىدىكەن ـ دە بۇلار، — دېدى
مۇسا ئاقساقال ھەم غەزەپلىنىپ، ھەم ھەسرەتلىنىپ، — ئۇلار-
نىڭ بۇ پىلانىنى ناھىيە رەھبەرلىرى قوللىغان بولسا، قوللى-
ماسلىققا بىزنىڭ ھېچقانداق ئامالىمىز يوق. ئۇلار قىلىمىز دې-
گەنلا بولسا بۇ ئەخمىقانە ئىشنى قىلماي قويمايدۇ، — ئۇ رازىق
سېكرېتارغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئىشتا ئۆزلى-
رىنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتمىسىلە. بۇ ئىشنى سىلىدىن كۆر-
گىلى بولمايدۇ. بىز دېگەن بىقۇۋۇل خەق، توختامغا سىلى قول
قويمىسىلىمۇ ئۇلار ئوخشاشلا يايلاقلىرىمىزنى بۇزۇۋېتىدۇ، باغ ـ
ئورمانلىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋېرىدۇ، دەريالىرىمىزنى قۇرۇتۇۋې-
رىدۇ. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئۇلارنى توسۇۋېلىش مۇمكىن
ئەمەس. يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ پىلانىنى قوتاندۇڭ
خەلقىگە يەتكۈزۈش، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش سىلىنىڭ قىلىشقا
تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى، — ئۇ ئەمدى سورۇندىكىلەرگە
قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەم-
مىمىز كومپارتىيە ئەزاسى، پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا راستچىل
بولۇش، ھەق سۆزلەش ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئەڭ ئالىي
بۇرچى. سىلى پارتىيە، ھۆكۈمەتكە راست گەپ قىلىپ قوتاندۇڭ-
نىڭ ئەۋزەل شارائىتىنى، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ تەلپىنى، قىيىن-

چىلىقىنى يەتكۈزۈپلا. ئەمدى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىنىمۇ خەلققە يوشۇرماي ئۆز ئەينى يەتكۈزسىلە. بىزنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنى، شۇنداقلا خەلقنىمۇ ئالداش ھوقۇقىمىز يوق.

قوتاندۆڭلۈكلەر رازىق سېكرېتارنىڭ ئاغزىدىن يېزىنىڭ بوز يەر ئېچىش ھەققىدىكى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ روھىنى ئاڭلاش بىلەن، ئۆۋسى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەرىدەك قايناشقا باشلىدى:

ــ يايلاقنى ھەرگىز بۇزمايمىز.

ــ بوز يەر ئاچمىش تېخى.

ــ مال چارۋىلىرىمىز نەدە ئوتلايدۇ؟

ــ بىزنىڭ يايلىقىمىزنى بۇزۇپ پاختا تېرىمىسا، يېزىنىڭ پاختا مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى ئورۇنلانمامدىكەن؟

ــ بىنەم ئېچىش ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان قولۇمنى كېسىۋېتەرمىنا.

ــ رازىق سېكرېتار، سىلى يېزىغا بېرىپ دېسىلە، بىز قوتاندۆڭلۈكلەر بىنەممۇ ئاچمايمىز، پاختىمۇ تېرىمايمىز. يېزا بىزنى ئارامخۇدا تىرىكچىلىك قىلغىلى قويسۇن.

ــ ھەرقانچە چۈشەندۈرسەڭمۇ بىكار، رازىق سېكرېتار، بىز بىنەم ئاچمايمىز دېدۇق، ھەرگىز ئاچمايمىز.

ــ سەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساڭ بولمايدۇ دېگىنىڭ بىلەن، ئۇلار بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپتۇمۇ؟ بىر ئوبدان سۇ ئېلىۋاتقان ئېغىزىمىزنى ھازىرچە كۆمۈۋېتىڭلار، كېيىن ھەل قىلىپ بېرىمەن دېۋىدى، قېنى قانداق بولدى، ئېغىزنى كۆمدۈرۈۋېلىپلا خۇددى ھاڭگا ئېشەك خوتىكىگە ئىگە بولمىغاندەك بىزگە ئىگە بولمىدىغۇ!

ــ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى كۈنىمىز سۇ، سۇ دەپلا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدىغۇ بىزنىڭ.

ــ بىنەم ئاچىدىغان بولساق، سۇ دەردىنى يەنە قانچىلىك تارتىمىز تېخى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەن بىر پاقلان بېرەي، يېزا باشلىقىغا ئاپىرىپ بەر، بۇ نىيىتىدىن يانسۇن.

— يېزا باشلىقى نىيىتىدىن يانسىلا مەن ئۇنىڭغا يىلىغا ئىككى ئېرىك بېرەي.

— مەنمۇ ئىككى پاقلان بېرەي.

— كىمدە كىم بىنەم ئاچقىلى چىقسا، شۇ ئادەم ئەمەس.

يىغىن باشلىنا ـ باشلانمايلا بۇزۇلدى. رازىق سېكرېتار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى گەپكە كىرگۈزەلمىدى. ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇ ئاخىر «ناۋادا يېزا باشلىقى سۈرۈشتە قىلىپ قالسا، قوتاندۆڭلۈكلەر گېپىمنى ئاڭلىمىدى دەپلا قۇتۇلايمەنمۇ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كېيىن كۆرەرمەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، يىغىننى تارقىتىۋېتىپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن يېزا باشلىقى قوتاندۆڭدىكى تىمتاسلىقنى كۆرۈپ غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. رازىق سېكرېتارنىڭ سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالماي، كۆرۈشكىلى تەڭلىگەن قولىغىمۇ قول بەرمەي بىرھازا شالىنى چاچرىتىپ قايىندى. يېزا باشلىقىنىڭ نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قايناپ، رازىق سېكرېتارنى تەنقىدلەۋاتقانلىقىنى تېزلا چۈشىنىپ يەتكەن قوتاندۆڭلۈكلەردىن بىرسىمۇ يېزا باشلىقى بىلەن كۆرۈشكىلى سىرتقا چىقمىدى. ئىشىك ـ تۈڭلۈكلىرىنى مەھكەم تاقاپ، ئۇششاق بالىلارنىمۇ سىرتقا چىققىلى قويمىدى. ئۇلار قەستەن قۇلاق يوپۇرۇۋالغان، قورتتەك تۈگۈلۈۋالغانىدى. رازىق سېكرېتارمۇ قول باغلاپ تۇرغان پېتى يېزا باشلىقىنىڭ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تەنقىدىگە سۈكۈت قىلىپ تۇردى. يېزا باشلىقى راسا سۆزلەپ پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن، ھېلىقى كۈنى يىغىندا كۆڭلىگە پۈكۈۋالغىنى بويىچە جاۋاب بەردى:

— يىغىن ئېچىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاچقان سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدۈم. پاختا تېرىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ پايدىسىنى قايتا - قايتىلاپ چۈشەندۈردۈم. لېكىن، ئۇلار گېپىمنى پەقەتلا تىڭشىمىدى. بۇيرۇقۇمغا بويسۇنمىدى. مەن ھېچقانداق ئىلاج قىلالمىدىم.

يېزا باشلىقى سېكرېتارنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىنى تىڭشاش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە يەنە بىرھازا قايىندى، ئاغزىنى بۇزۇپ سېكرېتارنىمۇ، قوتاندۆڭلۈكلەرنىمۇ تىللىدى، غەزەپتىن چىرايى قارىداپ، پۇت - قوللىرى تىترىدى، يۈز مۇسكۇللىرى لىپىلدىدى. سېكرېتارنىڭ «ئۆيگە كىرسىلە، بىر پىيالىدىن چاي ئىچىلى» دەپ شۇنچىۋالا تەكلىپ قىلىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي پىكاپقا چىقتى - دە:

— ھەقاسىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىققۇدەك، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغۇدەك بولۇپ كېتىشىپسەن. خەپ، قېنى كۆرىمىز، يا قوتاندۆڭلۈكلەر مېنى باشقۇرىدۇ، يا مەن قوتاندۆڭلۈكلەرنى باشقۇرىمەن، — دېگىنىچە پىكاپنىڭ ئىشىكىنى جالاققىدە يېپىۋەتتى.

يېزا باشلىقى كېتىشى بىلەن خۇددى بىرسى ئاغزى - بۇرنىنى تۇتۇۋالغاندەك بولۇپ دېمى سىقىلغان، سۈكۈتكە چۆمگەن قوتاندۆڭ بىردىنلا يەڭگىل نەپەس ئالدى، جانلاندى. ئۆي - ئۆيلەردىن ئەركىن پاراڭلىشىشلار، كۈلكە - چاقچاقلار ئاڭلاندى.

ئەپسۇسكى، بۇ كەيپىيات ئۇزاققا بارمىدى.

ھەپتە ئۆتكەندە يېزا باشلىقى قوتاندۆڭدە يەنە پەيدا بولدى. يېزا باشلىقىنىڭ سۈر - ھەيۋىسىنى كۆرۈپ قوتاندۆڭلۈكلەرنىڭ يەنە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. قاتتىقراق تىنىشقىمۇ، ئۈندىمىگۈدەك گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، يېزا باشلىقى بۇ قېتىم يالغۇز كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ كەينىدە پۈتۈن يېزا ئەرلىرى ۋە ئون توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى قوتاندۆڭنى ھازىرلا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتىكى
www.uyghurkitap.com

تۇپتۇز قىلىنىۋېتىدىغان ئەلپاز بىلەن قاتار سەپ تارتىپ تۇراتتى.

يېزا باشلىقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق، ئۈنۈملۈك تاماملاش ئۈچۈن، ئىشنى بۇ خىزمەتكە قارشى چىققان قوتاندۆڭ كەنتىدىن باشلىماقچى بولۇپ پۇختا تەييارلىق بىلەن كەلگەنىدى.

يېزا باشلىقى ئۆيمۇئۆي ئادەم ئەۋەتىپ بارلىق قوتاندۆڭلۈكلەرنى مەجبۇرىي يىغدۇردى. چۆچۈشۈپ قالغان قوتاندۆڭلۈكلەر يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدا هايت — هۇيت دېگۈچىلا پەيدا بولدى. يېزا باشلىقى ئېگىزرەك بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى — دە، قوتاندۆڭلۈكلەرگە غەزەپ بىلەن بىر ئالىيىۋېتىپ سۆز باشلىدى:

— جاڭگاللىق دېگەنگە هايۋاندىن پەرقى يوق، ئادەم ئەمەس خەق. هەممىڭ قۇلاقلىرىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاش. هەرقايسىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق. بىنەم ئېچىشنى مەشەدىن باشلايمىز. كىمدە كىم بۇ ئىشقا غىدىڭ — پىدىڭ قىلىپ، بىنەم ئېچىشقا قاتناشمايدىكەن، كۆدە — كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ، بېهىشباغ يېزىسى تەۋەسىدىن چىقىپ كەتسۇن. مەن ئۇنداق ئادەمنىڭ مال — مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆي — ۋاقىنى چېقىپ تۇپتۇز قىلىۋېتىمەن. گەپ شۇ. هەممىڭ ئېشەك هارۋا، كەتمەن — تاغارلىرىڭنى ئاچىقىپ تەخ بولۇپ تۇرۇش، — يېزا باشلىقى ئەمدى ئۆزى بىللە بىلەن سەپ تارتىپ كەلگەن دېهقانلارغا قاراپ سۆزلىدى، — هازىر هەرقايسى كەنتلەر بويىچە چام تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، هەرقايسى كەنتلەرنىڭ سېكرېتار، مۇدىرلىرى ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن چاملارنى تاپشۇرۇۋالسۇن. مەن يەنە شۇنى قايتا ئەسكەرتىپ قوياي، هەرقايسى كەنتلەر بويىچە تەقسىم قىلىنغان چامنى تەلەپكە لايىق بوپتۇ دەپ ئۆتكۈزۈۋالمىغۇچە، هېچكىمنىڭ ئىش ئورنىدىن كېتىشىگە رۇخسەت يوق. هەرقانداق باهانە — سەۋەبلەر ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، ماۋۇ سېكرېتار، مۇدىرلارغا يەنە بىر قېتىم تاپىلاپ قوياي، ئادەملىرىڭلارغا ئوبدان

ھېزى بولۇشلار، بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆ-
رۈلسە، سىلەرمۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسىلەر.

قوتاندۇشلۇكلەر لام - جىم دەپ ئېغىز ئېچىشمىدى، لەۋلى-
رىنى مەھكەم چىشلىدى، ھەممە دەردىنى ئىچىگە تىنىشتى.
ئۇلارنىڭ تالالاش، تەلەپ قويۇش، پىكىر قىلىش ھوقۇقى يوق ئى-
دى. ئۇلار بۇنى چۈشەندى. شۇنداق، يېزا باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا
شەرتسىز بويسۇنۇش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەۋلادمۇئەۋلاد
تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىندىن، ئاتا - بوۋىلىرى-
نىڭ قەبرىسىنى قوينىغا ئېلىپ تۇرغان بۇ ماكاندىن، ئەجدادلى-
رىنىڭ مېھنەت تەرى تۆكۈلگەن بۇ ئانا تۇپراقتىن ھەيدىلىدۇ،
قوغلىنىدۇ، يۇرت - ماكانسىز، سەرسان - سەرگەردان بولىدۇ.
مەيلى قانداق خورلۇقلارغا، قانداق قىسمەتلەرگە، جەبىر - جا-
پالارغا قالمىسۇن، چىداپ تۇرۇپ، بۇ سۆيۈملۈك ئانا ماكاندىن
ئايرىلماسلىق، ئۇنى تاشلاپ كەتمەسلىك كېرەك. قوتاندۆك ئۇلار-
نىڭ ئانىسى، يۈرىكى، جىگەر پارىسى، خۇشاللىقى، بەخت - سائا-
دىتى. ئۇلار ئۈچۈن بۇ يەر ھەرقانداق باغۇبوستانلىق چارۋاغلاردىن
گۈزەل ۋە مۇقەددەس.

يېزا باشلىقىنىڭ ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي قوماندانلىق قى-
لىشى بىلەن پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ بىر قىش سوغۇقنى سوغۇق
دېمەي، ئايدالىدا گۈلخان يېقىپ، داق يەردە دۈم يېتىپ، دۈم قو-
پۇپ قىلغان ئەمگىكى ئاخىر مېۋە بەردى. قوتاندۆك بىلەن بې-
ھىشباغ ئايرىلىقىدىكى كۆز يەتكۈسىز قومۇشلۇقتىكى ھەر يوغان
دۆڭلۈكلەر يۆتكىلىپ، سازلىقلار تىندۇرۇلۇپ، ئەينەكتەك تۈز-
لەندى. قوتاندۆڭنىڭ ئەسلىدىكى ئېرىقى سۇ سىڭمەيدىغان يوغان
بىر ئۆستەڭگە ئۆزگەرتىلدى.

دېھقانلار يېڭى ئېچىلغان بىنەمنى سالالاشتۇرۇپ، قىر - تى-
كەنلىرىنى سوقۇپ، سۇغىرىش ئېرىقلىرىنى چېپىپ ئەمدىلا
«ئۇھ» دەپ كەتمىنىنى يەرگە قويغان ۋاقىتدا، ئاللىقاچان نورۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلىپ، يەر ـ جاھان ئىسسىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قىستاپ قالغانىدى.

يېزا باشلىقى يېڭى ئېچىلغان بىنەمدىن يېزا تەۋەسىدىكى ھەممە كەنتلەرگە بىر ئۈلۈشتىن يەر بۆلۈپ بەردى ۋە بۇ بىنەملەرنىڭ مو بېشىدىن چىقىدىغان ساپ پاختا مەھسۇلاتىنى ئالدىن بېكىتىپ، سېكرېتارلار بىلەن ھۆددە ـ توختامنامە ئىمزالىدى. قوتاندۆڭلۈكلەرگىمۇ ئەڭ ئاياغدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تېرىلغۇ يېرىنىڭ پاسىلىدىن بىر ئۈلۈش بىنەم تەگكەنىدى. ئۇلار بۇ يەرلەرنى گەپ ـ سۆزسىز قوبۇل قىلىشتى ۋە ھەرقايسى ئائىلىلەردىكى نوپۇسقا قاراپ تەقسىم قىلىشىۋالدى. ئۇلار يەر تەقسىم قىلىشقاندا باشقا كەنتنىڭ دېھقانلىرىغا ئوخشاش، «مەن ئۆيۈمدىن، مەھەللەمدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يەرگە كېلىپ يەر تېرىمايمەن، تېرىغۇڭ كەلسە ئۆزۈڭ تېرىۋال» دەپ سېكرېتارلىرى بىلەن زاكونلاشمىدى؛ «ماڭا جىق بۆلۈنۈپ قالدى، ساڭا ئاز تەقسىملىنىپ قالدى» دەپ ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرا قىلىشمىدى، قاش ـ قاپاقلىرىنى يېرىشىپ يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا دەۋاغا بارمىدى. ئۇلارنىڭ رايىچە بولغاندا، بۇ بىنەمنى پەقەتلا تېرىغۇسى يوق ئىدى.

يېزا باشلىقى شۇنچىۋالا كەڭرى بىنەمنى ئاچۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتقان، باش ئاغرىقى تېپىۋالغان بولسا، بۇ بەنەملەرنى دېھقانلارغا مەجبۇرىي تېڭىپ بولالماي يەنە شۇنچىلىك ئاۋارە بولدى، غەزەپلەندى، ۋارقىرىدى. دېھقانلارنى باشتا: «بىنەم ئاچمىساڭ بېھشباغدىن ھەيدىۋېتىمەن، مال ـ مۈلكۈڭنى مۇسادىرە قىلىۋېتىمەن» دەپ قورقۇتۇپ بىنەم ئاچۇرغان بولسا، مانا ئەمدى يەنە «بۇ بىنەملەرنى تېرىمايدىغان بولساڭ...» دەپ قورقۇتۇۋاتاتتى، بىنەمنى تېرىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى.

كېۋەز تېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۇرۇقلۇق چىگىت، سولياۋ يوپۇق، خىمىيەۋى ئوغۇتلار، تىراكتور، ئېشەك ھارۋىلىرى بىلەن

ئىتىز بېشىغا يۆتكىلىپ، ھەرقايسى كەنتلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

«ئۇرۇقلۇق چىگىت، سولىياۋ يوپۇق، خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى ھەر موغا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە، كەنت مەسئۇللىرى ھەر-قايسى ئائىلىلەرگە كېۋەز تېرىيدىغان يېرىنىڭ كۆلىمىگە قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى ھازىر ئالمايمىز، كۈزدە كېۋەز ساتقاندا، تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قايتۇرۇپ بەرسەڭلار بولىدۇ» دەپ چۈشەنچە بەردى يېزا باشلىقى.

ئەمدىكى گەپ يەرلەرنى ئوسا قىلىپ، ئاغدۇرۇپ، تۈزلەپ، يوپۇق يېپىپ، ئۇرۇق سالغۇدەك قىلىپ تەييارلاشتا قالغانىدى. گەرچە سۇ ئىشلىتىشتە سۇغىرىش نۆۋىتى ئاياغدىن باشقا قاراپ نۆۋەتلەشتۈرۈلىدىغان، قوتاندۆڭ ئەڭ ئاۋۋال سۇ نۆۋىتى ئالىدىغان قىلىپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر قوتاندۆڭگە — بۇ ئاياغ پايناپقا تېخىچە سۇ كەلمەيۋاتاتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر كۈتتى، ھەپتە كۈتتى، ئون كۈن كۈتتى، ئاخىر تاقىتى تاق بولدى. يېڭى چاپقان ئۆستەڭنى ياقىلاپ لايدان تومغىچە بېرىپ كەلدى، كەلگەندىمۇ بىر تاغار قورساق كۆپۈكى بىلەن قايتىپ كەلدى.

— سۇ نۆۋىتىنى ئەڭ ئاۋۋال قوتاندۆڭگە بېرىمىز دېگىنى قېنى ئۇلارنىڭ؟

— سۇنى باشلامدىكىلەر تۇتقىلى تۇرۇپتۇغۇ؟

— بۇ ئىشلار قانداق بولۇپ كەتتى ئەمدى؟

— باشلامدىكىلەرگە سۇنى كىم بۇيرۇپ بېرىپتۇ؟

— ۋايتاڭەي.

— يېزىلىق سۇ پونكىتىدىكى قاسىم مىراب بۇيرۇپ بەردى دەيدۇ.

— ياق، ھېلىقى دەريا باشقۇرۇش پونكىتىدىكى ئاۋاق زەنجاڭ

بۇيرۇپ بېرىپتۇ.
— قاسىم مىرابىنىڭ گېپى راستمىكەن ياكى ھېلىقى ئاۋاق زەنجاڭنىڭ گېپى راستمىكەن؟
— يەنە سۇ كەلمەيدىغان بولسا، كېۋەز تېرىش ئىشى پۈتۈنلەي كېچىكىدۇ.
— باشقا كەنتلەر يېرىنى ئوسا قىلىپ بولغىلى تۇرۇپتۇ.
— يېرىگە ئۇرۇق سېلىپ بولغانلارمۇ، سالغان ئۇرۇقى بىخ-لىنىپ چىققانلارمۇ بار ئىكەن.
— يىل ئاخىرىدا ھۆددىنى قانداق ئورۇنلايمىزكىنتاڭ؟
— ئۇرۇقلۇق، سولياۋ يوپۇق، خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغان گەپ دەڭلا تېخى.
— ئۆستەڭنى شۇنچە يوغان چاپقاندىكىن، سۇنى جىقراق باش-لىسا بولمامدىغاندۇ.
— قايسى سۇنى باشلايدۇ. دەريادا باشتىلا سۇ ئاز تۇرسا.
— بۇ يىل دەرياغا سۇ ئاز كەپتۇ.
— باشقا يىزىلارمۇ كېۋەز تېرىش ئۇچۇن بىنەمنى كۆپ ئې-چىپتىكەن، شۇڭا دەريانىڭ سۈيى ئاياغقا كەلگەنسېرى ئاز قاپتۇ.
— بالادەك ئۆستەڭنى چىپىپ قويۇپ سۇ يوق دەيلى.
— پاختا تېرىيمىز دەپ يايلاقلارنى بۇزۇپ، ئالتە پاتمان بى-نەم ئېچىپ قويۇپ ئەمدى سۇ يوق دەيلى.
— كۆرۈڭ ما تاماشىنى، سۇ بولمىسا قانداق تېرىقچىلىق قى-لىمىز بىز؟
— كۆرىدىغان تاماشا تېخى ئالدىمىزدا.
— يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن بىزنىڭ نۆۋىتىمىز توگەيدى-كەن.
— يېزىنىڭ سۇ نۆۋىتى كېتىپ قالسا، يەنە بىر نۆۋەت كې-لىپ بولغۇچە كېۋەزگە توپ تۇرغۇزىدىغان ۋاق بولمامدۇ؟
— ئۇ چاغدا تېرىغان كېۋەز پىشامدۇ دېسىلە.

— بولماپتۇ بۇ ئىش، دەرھال بىر ئامالىنى قىلايلى.
— شۇنداق قىلىلى.
— ھېلىقى زەنجاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ باقساق بولاتتى.
— ئۇ يەرگە قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدۇ.
— نېمە ئالسا مەيلى، سۇ كەلسىلا ھېساب.

قوتاندۇڭلۇكلەر جىددىيلەشتى، ئالدىراشتى، خىيالىغا كەلگىنىنى دەپ ئەقىل كۆرسىتىشتى. سۇنى تېزرەك باشلاپ كېلىش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشتى. شۇ كۈنى كەچتە رازىق سېكرېتارنىڭ ئىككى قوچقار، بىر سېۋەت تۇخۇم بېسىلغان ئات ھارۋىسى دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. رازىق سېكرېتار تىزگىن سىيرىپ كېتىۋاتقان ئاتقا يەنە قامچا سالاتتى. سۇ پونكىتىغا، ئاۋاق پونكىت باشلىقىنىڭ قېشىغا تېزرەك بېرىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ ئاتقا قامچا سالغاچ ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە دەرياغا قارىدى. دەريا قىنى قۇپقۇرۇق ئىدى. يېڭى ئېچىلغان بىنەملەرنى سۇغىرىشقا باشلىغاندىن تارتىپ دەريانىڭ سۈيى توختاپ، دەريا قۇرۇپ كەتكەنىدى.

ھەئە، دەريا قۇرۇپ كەتكەنىدى.

ھازىر دەريادىن ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك - جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. دەريا قىنىدا بىر تېممۇ سۇ يوق ئىدى.

سۇسىز ياز.

پۈتۈن قوتاندۇڭدىن يال - يال تونۇر تەپتى كېلىدۇ. كىشىلەرنىڭ لەۋلىرى گەز باغلىغان، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، زىرائەتلەر سولاشقان، ئېتىز - قىرلار چاك - چاك يېرىلغان. يېرىم دەريا قۇرۇپ كەتكەندىن تارتىپ باشلانغان قۇرغاقچىلىق تېخىچىلا داۋاملاشماقتا. رازىق سېكرېتار دەريا باشقۇرۇش پونكىتىدىكى ھېلىقى ئاۋاق باشلىقتا بىرنەچچە قېتىم پاقلان توشۇپ يۈرۈپ ئاران ئىككى قېتىم سۇ ھەل قىلالىدى. لېكىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ سۇ قوتاندۇڭنىڭ يەرلىرىنى قاندۇرالمىدى. پاقلان بولۇپ ئۆسكەن كېۋەز مايسىلىرى توپ توختىتاقاندىن كېيىنكى ئۇلاق سۈيىنى ئىچەلمەي، خۇددى قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان بوۋاقتەك سولىشىپلا كەتتى. بۇغدايلار سۇغا قانمىغاچقا، يىگلەپ بوۋاقنىڭ چىمچىلاق قولىچىلىكمۇ باش ئالالمىدى. مانا ئەمدى بۇغداينى ئورۇپلا ئۇنىڭ ئورنىغا دەرھال قوناق تېرىۋېتىش كېرەك. لېكىن، ئوسا قىلىدىغان سۇ يوق. سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن يەنە ھېلىقى ئاۋاق پونكىت باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئېگىلىپ - پوكولۇپ بېرىش كېرەك.

رازىق سېكرېتارنىڭ بېشىدا تاغدەك غەم. قوتاندۇڭلۇكلەر ئۇنىڭغا ئامال قىلىپ تېزرەك سۇ باشلاپ كەل دەپ تەلمۈرۈشمەكتە. زېمىندىكى ھەممىۋا مەۋجۇدات، زىرائەت، دەل - دەرەخ، چارۋا مال، ئۇچار قاناتلار سۇغا تەشنا بولۇپ نالە قىلىدۇ. تىنىقلىرى تاغدەك ئېغىر.

رازىق سېكرېتار چىدىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ، قوتاندۇڭنىڭ، قوتاندۇڭلۇكلەرنىڭ تەشنالىقى ئۈچۈن ئېغىلدىكى نەسىللىك يوغان قوچقىرىنى ھارۋىغا باستى - دە، سۇ پونكىتىغا قاراپ ماڭدى.

— تەقسىماتىڭلار چىقمىدى، تەقسىماتىڭلار بولمىسا مەن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بىر تېمىممۇ سۇ بۇيرۇپ بېرەلمەيمەن، — دېدى ئاۋاق باشلىق ھارۋىدىكى قوچقارغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي، — سىلەر جاڭگاللىقلارمۇ قىزىق خەق، سۇ لازىم بولمىسا كېلىپمۇ قويمايسىلە. شۇنداقلا سۇ لازىم بولۇپ قالدىمۇ بولدى، ھارۋاڭلارغا تاكىراڭ قويىدىن بىرنى بېسىۋېلىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋالىسىلە. بۇ يىل دەريانىڭ سۈيى باشتىنلا ئاز. پوتكول ناھىيە بويىچە سۇ جىددىيچىلىكى بەك يامان، باشلىقلار سۇنى چوقۇم تەقسىمات بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدە بەك تەكىتلەپ كېتىۋاتىدۇ. قويلىرىنى ئېلىپ كەتسىلە، مەن سىلەنىڭ ئاشۇ قوتۇر پاقلانلىرىنى ئېلىپ قويۇپ پارا ئالدى، سوۋغا -

سالامغا سۇ تېگىشتى دېگەن ئاتاقتا قىلىپ، ساق بېشىمغا ئاغرىق
تېپىۋالماي يەنە.

رازىق سېكرېتار ئارتۇقچە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالماي، دەرھال كەي-
نىگە ياندى. ھارۋىسىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ پېشىن ۋاقتى بىلەن
قوتاندۇڭگە قايتىپ كەلدى - دە، ئېغىلدىكى بۇ يىل قوشقا قې-
تىشقا مولجالاپ قويغان قارا بۇقىنى باغلاپ چىقتى. ئۇنىڭ ئات
ھارۋىسى سۇ پونكىتى تەرەپكە قاراپ يەنە يورۇپ كەتتى. ھارۋى-
نىڭ كەينىگە باغلانغان بۇقا ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىغا تار-
تىشتىمۇ ياكى ئۆزىنى كۇتۇپ تۇرۇۋاتقان قىسمەتنى تۇيۇپ قال-
دىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىتتىك ماڭغىلى ئۇنىماي، تىرەجەپ تۇرۇۋالا-
تتى، سوزۇپ - سوزۇپ مۆرەيتتى.

بۇقىنى كۆرۈپ ئاۋاق باشلىقنىڭ چىرايىغا پالىلدە كۇلكە يۇ-
گۇردى. چالا ئېچىلغان كېۋەزدەك ھىجايدى. كۆزىگە چۇشۇۋالغان
كەتمەن شەپكىسىنى كەينىگىرەك سۇرۇپ قويدى.

— ئادەمنىزە تار يەردە قىستاپ، مۇشۇندااق تەڭلىكتە قويلا
جۇمۇ، سېكرېتار، — دېدى پونكىت باشلىقى ھىجىيىپ تۇرۇپ، —
سۇنى بەرمەي دېسەم سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە
قوتاندۇڭلۇكلەرمۇ ئۆزۈمنىڭ قېرىنداشلىرىمدەك خەق. سۇنى بۇي-
رۇپ بېرەي دېسەم، ھازىر يۇقىرىدىن كەسىپتىكى ناتوغرا ئىس-
تىللارنى تۈزىتىش، خىزمەتتە ئادىل، دىيانەتلىك بولۇش، يېقىن-
لىرىغا، تونۇش - بىلىشلىرىگە يان باساسلىق ھەققىدە ھەدەپ
تەكىتلەۋاتىدۇ. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى ھازىر، — ئۇ
شۇنداق دەپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە گېپىنى
داۋاملاشتۇردى، — بوپتۇ، ئالايتەن ساقاللىرىنى سۆرەپ كەپلا،
قۇرۇق قول كەتمىسىلە، يۇقىرىدىن تەقسىماتى يوق ئورۇنغا سۇ
بېرىپسەن دەپ قالسا، ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلارمەن.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، زەنجاڭ، ھەشقاللا.

رازىق سېكرېتار پونكىت باشلىقىنىڭ «سۇ بېرىلسە بولىدۇ،

خەتنى تاپشۇرۇۋالغان هامان دەرهال ئىجرا قىلىڭلار» دەپ يېزىپ بەرگەن باغاقچىسىنى ئېلىپ، توما بېشىغا ماڭماقچى بولدى.

— مۇنداق بىر گەپتى، — دېدى پونكىت باشلىقى سېكرېتار-نى توختىتىۋېلىپ، — ۋىلايەتتىن ئىككى باشلىق كەپتىكەن. بىزنىڭ باشقارمىدىكى رەھبەرلەر ماڭا ئوبدانراق بىر سورۇن هازىرلاڭلار، ئۇلارنى ياخشىراق بىر كۈتۈپ قويايلى دېگەنىدى. شەهەردىكى نى-نى ئالىي رېستورانلار، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بار. لېكىن، ئۇلار ئۇنداق يەرلەرگە تولا بېرىپ زېرىكىپ كەتكەن خەق بولغاچقا، رېستورانلارغا باشلاپ يۈرمەي، باشقىچىرەك بىر سورۇن هازىرلايلى دېيىشكەنىدۇق. مېنىڭچە، سورۇننى سىلىنىڭ قوتاندۇڭگىلا تۈزەيلىمىكىن دەيمەن. قانداق دېدىم، سېكرېتار.

— ناهايىتى ئوبدان ئويلاپىلا، زەنجاڭ، — دېدى سېكرېتار دەرهاللا جاۋاب بېرىپ، — ئۇنداق بولسا، مەن دەرهال بېرىپ تەييارلىق قىلاي.

— بۇ سورۇن سىلىگە ئامانەت قالدى ئەمىسە، — دېدى پونكىت باشلىقى مەمنۇنلۇق بىلەن ھىجىيىپ، — بېرىپلا ئوۋچىلارنى قاراڭغۇ توغراقتا ھەيدىسىلە، كېيىك، جەرەن، قىرغاۋۇل، توشقانلاردىن ئوۋلاپ كەلسۇن. جەرەن گۆشىنىڭ گېپىنى چىقىرىۋىدۇق، مېھمانلار بەكمۇ خوش بولۇشۇپ كەتتى. سىلىگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇلارغا: خاتىرجەم بولۇڭلار، داستىخاندىكى بارلىق يېمەكلىكلەر خاس ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى بولىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىدىن بىر چىشلەممۇ يەپ سالمايسىلەر، دەپ ۋەدە بېرىۋەتتىم. ئىچىملىككە كەلسەك، ئۇلار سىلى-بىز ئىچكەن ئادەتتىكى ئىچىملىكلەرنى ئىچمەيدۇ. مەن سىلىگە بىرنەچچە خىل ئىچىملىكنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېرەي، شەھەردىن جىقراق ئاچىقتۇرۇپ قويالا. مۇشۇنداق قىلساق قانداق دەيلا، سېكرېتار.

— شۇنداق قىلىلى، — دېدى سېكرېتار بوشقىنا، ئۇنىڭ

قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ بەك قارىداپ كەتكەن بولۇپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. تاغدەك بىر يۈكنى يەلكىسىگە ئېلىۋالغاندەك قەدەملىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەيتتى. ئەسلىدىنلا دوكراق بەستى خۇددى ئورغاقتەك ئېگىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

مۇسا ئاقساقال رازىق سېكرېتارنىڭ قاراڭغۇ توغراقتا ئوۋچى ئەۋەتىش پىكرىگە قارشى تۇرۇپمۇ كەتمىدى، بەك قىزغىن قوللاپمۇ كەتمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بىرھازا ئويلىنىۋالدى - دە:

— ئۆزلىرى بىلىپ بىر ئىش قىلالا. مەن ئوۋغا چىقمايمەن. ئوۋچىلارغا تاپىلاپ قويسىلا، ئۇلار ئورمانغا بەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتمىسۇن، يولدىن ئېزىپ قالىدۇ. بوغازلىرىنى ئوۋلىمىسۇن، زىيادە جىق ئوۋلاپمۇ كەتمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

ئاۋاق پونكىت باشلىقى مېھمانلارنى باشلاپ كېلىپ ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئوۋچىلارمۇ قاراڭغۇ توغراقتىن قايتىپ چىقتى. ئۇلار بىر كېيىك، ئىككى قىرغاۋۇل، ئىككى توشقان ئولجا ئالغانىدى.

كېيىكنى سويۇۋاتقان ئوۋچىنىڭ غال - غال تىترەۋاتقان قولىدىكى پىچاق يەرگە چۈشۈپ كەتتى، كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشتى. ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇپ خۇدادىن گۇناھىنى تىلىدى.

— بوغازكەن... ئىسىت، بوغازكەن ئەمەسمۇ... خۇدا، ئۆزۈڭ ئەپۇ قىلارسەن، — دەپ ئىڭراپ تاشلىدى قېرى ئوۋچى لەۋلىرىنى گاچ - گاچ چىشلەپ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا.

كېيىك راستلا بوغاز ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقىدا ئېتىگە ئەمدىلا تۈك چىقىشقا باشلىغان قوشكېزەك ئوغلىقى تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئوۋچىلارمۇ، مېھمانلارمۇ بىرھازاغىچە نېمە قىلىشنى بىلمەي داڭقېتىپ قېلىشتى.

رازىق سېكرېتار بۇ قېتىممۇ دەريا قىرغىقىدىكى ھېلىقى قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىگە كىگىز - كۆرپە سالدۇرۇپ داستىخان راسلاتقانىدى. داستىخان ھەر خىل يەل - يېمىش، تۇرلۇك ئىچىملىك، كېيىك، توشقان، قىرغاۋۇل گۆشلىرىدىن قىلىنغان كاۋاپ ۋە شورپىلار بىلەن لىق تولغانىدى. قوتاندۆڭلۇك سازەندىلەر داستىخاندىن ئىككى قەدەم نېرى ئولتۇرۇپ مۇقام تۇۋلاۋاتاتتى.

ئىچىشۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ۋىلايەتتىن كەلگەن — چىشلىرى سۇۋارى ئالتۇن، چارباش، سېمىز باشلىق خۇددى ئوتلىگەن كالىلىدەك ھىجىيىپلا ئولتۇراتتى. ئاۋاق پونكىت باشلىقى بولسا كېچىنىڭ سالقىن غۇر - غۇر شامىلى بىلەن بەسلەشكەندەك سېمىز باشلىقنى ھەدەپ يەلپۈمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا داستىخاندىن خۇددى كىچىك بالىغا يېمەكلىك ئېلىپ بەرگەندەك توختىماي گۆش ئېلىپ بېرەتتى.

رازىق سېكرېتار ۋىلايەتتىن كەلگەن بۇ چوڭ باشلىققا كونا ئېغىزنىڭ كۆمۈۋېتىلگەنلىكىنى دەپ باقماقچى، دەرياغا، قوتاندۆڭگە، قاراڭغۇ توغراققا سۇ باشلاپ كېلىش ئىشىنى ھەل قىلماقچى بولۇپ، بىرنەچچە قېتىم ئاغزىنى ئۆمەللىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئاۋاق پونكىت باشلىقى پەقەتلا پۇرسەت بەرمىدى. ئالتۇن چىشلىق چوڭ باشلىقنىڭ قۇلىقىغا پەقەت ئۇنىڭ بىر ئۆزىلا كۇسۇرلايتتى. ئۇنىڭغا بىر ئۆزىلا ھاراق تۇتاتتى. ئۇنى بىر ئۆزىلا يەلپۈيتتى. قۇم دۆڭنىڭ ئۈستى ئايدىڭدا قىزىپ كەتكەنىدى. بىرمۇنچىلىرى يېنىدىكى بىرلىرىگە كۆڭۈللىرىنى چۇشەندۇرەتتى، بىرلىرى سازەندىلەرگە تەڭكەش بولۇپ ناخشا تۇۋلايتتى. سازەندىلەر بولسا قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا، ئۇسساپ كەتكىنىگە قارىماي پۇتۇن ئەس - يادى بىلەن نەغمە قىلاتتى، مۇقام تۇۋلايتتى.

قاراڭغۇ توغراقتىن سوقۇۋاتقان غۇر - غۇر شامال بىردىنلا شىددەتلىك قارا بورانغا ئۆزگەردى. بوران سورۇن ۋە سورۇندىكى

كىشىلەرنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەكلا ئىدى. كۆز، ئېغىز، قۇلاق، بۇرۇنلار قۇم - توپىلار بىلەن لىق توشتى. ھەش - پەش دېگۈچە سورۇننىڭ پەركايى ئۇچۇپ كەتتى. سېمىز باشلىق، ئاۋاق پونكىت باشلىقى قاتارلىقلار ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچقىنىچە ئۇدۇل بېرىپ ماشىنىغا چىقىۋالدى. باشقا مېھمانلارمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. لېگەن - لېگەنلەردىكى گۆش ۋە كاۋاپلار قۇم توپىنىڭ ئاستىدا قالدى.

— ماشىنىدىن چۈشىسلە، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى سېكرېتار.

— بولدى بىز كېتىۋالايلى، بۇ يەردە تۇرساق تاڭ ئاتقۇچە قۇم توپىغا كۆمۈلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى سېمىز باشلىق قاپاقلىرىنى تۇرگەن پېتى پۈش - پۈش تىنىپ.

سېمىز باشلىق كېتىمىز دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئاۋاق پونكىت باشلىقىمۇ باشقا گەپ قىلالماي ئۇنىڭغا ئەگەشتى. سېكرېتار قونۇپ قېلىڭلار دەپ چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، مېھمانلار يەنىلا كېتىدىغان بولۇشتى، شوپۇرلار ماشىنىلىرىنى ئوت ئالدۇرۇپ، چىراغلىرىنى ياندۇرۇشتى. مېھمانلار بىلەن ساھىبخانلار كۆڭۈلسىزلا خوشلاشتى.

ئاۋاق پونكىت باشلىقىنىڭ پىكاپى ئورنىدىن قوزغىلىپ تۆت - بەش مېتىر ماڭار - ماڭمايلا توختىدى. باشلىق كۆزنەكتىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ توۋلىدى.

— سېكرېتار، ھوي رازىقاخۇن سېكرېتار!...

سېكرىتار يۈگۈرۈپ كەلدى:

— خوش، نېمە گەپلىرى باركىن؟

— ھېلىقى داستىخاندىكى گۆش - كاۋاپلارنى ماۋۇ سومكىغا قاچىلاپ بەرسىلە.

سېكرېتار ئوڭايسىزلىنىپ دۇدۇقلىغىلى تۇردى:

— داستىخاندىكى گۆش بىلەن كاۋاپ پۈتۈنلەي توپىنىڭ ئاستىدا قاپتۇ، شۇڭا...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— توپا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ مەيلى، تېز ئادەم بۇيرۇتسىلا، قاچىلاپ بەرسۇن.

پونكىت باشلىقىنىڭ كەسكىن بۇيرۇقىنى سېكرېتار دەرھال بەجا كەلتۈردى.

مېھمانلار چۈشكەن پىكاپلار قاراڭغۇ تۇندە چىقىۋاتقان قارا بوراندا ھەش — پەش دېگۈچىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

بوران ئۇشقىرتاتتى، ئەزۋەيلەيتتى، ھۆركىرەيتتى. ئۇ جاھاننى تىرىپىرەن قىلىپ قۇم توپىغا كۆمۈۋېتىدىغان ئەلپاز بىلەن شىددەتلىك سوقماقتا ئىدى.

ئەتىسى قوتاندۆڭلۈكلەر ئورنىدىن تۇرغاندا داڭ قېتىپ قېلىشتى. بىرەر شۇملۇقنىڭ، بالا — قازانىڭ ئالامىتىنى سەزگەندەك ۋەھىمىگە چۈشتى. قوتاندۆڭ بىر غېرىچ قېلىنلىقتىكى قۇم توپىنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. دەل — دەرەخ، گۈل — گىياھ، زىرائەتلەرنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھاۋا — جاھان ساپسېرىق رەڭگە كىرىپ، ئەللىك قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى ئىلغا قىلىغىلى بولمايتتى. قوتاندۆڭدە كېچە كېچىگە، كۈندۈز كۈندۈزگە ئوخشىماي قالغانىدى.

— بۇ، قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قۇملۇقتىن بوراندا ئۇچۇپ كەلگەن قۇملار ئىكەن. كېچىنىڭياقى دەھشەتلىك قۇم كۆچۈش ھادىسىسى يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. قوتاندۆڭدە ياغقان بۇ قۇملارغا قارىغاندا، قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئورمانىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى قۇم كۆمۈۋەتكەنلىكى ئېنىق. بوران مۇشۇنداق چىقىۋېرىدىغان بولسا، قاراڭغۇ توغراقنى پۈتۈنلەي قۇم يۇتۇپ كېتىدۇ، — دېدى مۇسا ئاقساقال ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ.

دەريا قۇرۇپ كەتكەنىدى. دەريادىن ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. مۇڭلۇق ۋە ھەسرەتلىك شارقىراشلار ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭدا تولغىنىپ —

تولغىنىپ ئاققان سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. دەريا قىنىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا سىرتقا ماڭغان رازىق سېكرېتار ھويلىسىنىڭ شادىلىق دەرۋازىسىنى ئېچىپلا، ئىشىك ئالدىدىكى كۆلچەكنىڭ بويىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. «كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ نېمە» دەپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىدى. ئۇنى سەزگۈلىرى ئالدىمىغانىدى، ئۇ راست كۆرۈۋاتاتتى. كۆلچەكنىڭ بويىدا بىر ئانا كېيىك سۇنايلىنىپ ياتاتتى. چىرايلىق كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغانىدى. قېشىدا يېڭىلا تۇغۇلغان بىر جۈپ كېيىك ئوغلىقى غۇبارسىز قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە خىرامان قاراپ تۇراتتى. رازىق سېكرېتار ئۇلارغا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى. كېيىكنىڭ ئوغلاقلىرى كېلىۋاتقان ئادەمدىن پەقەتلا قاچمىدى، ئانا كېيىكمۇ مىدىرلاپ قويمىدى. رازىق سېكرېتار پەم بىلەن كېلىپ ئانا كېيىكنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى. كېيىك جىمجىتلا ياتاتتى. ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغاچقا، بەدىنى مۇزلاپ كەتكەنىدى. تۇغۇت يولىدا ئەشتەك بىر نەرسىنىڭ يېرىم چىقىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، كېيىك تۇغۇتتا ئۆلۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

رازىق سېكرېتار ئاۋۋال ئىككى ئوغلاقنى، ئاندىن ئۆلۈپ قالغان ئانا كېيىكنى كۆتۈرۈپ، ھويلىغا ئەكىردى. ئايالىغا ئىنەكنى سېغىپ ئوغلاقلارغا سۈت ئىچۈرۈشنى بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئانا كېيىكنى سويۇشقا تۇتۇندى. كېيىك بىردەمدىلا سويۇلۇپ بولدى. گۆشنى ھويلىسىدىكى ئۈزۈمتالنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتتى. تېرىسىنى تۇزلاپ يەرگە يېيىپ قويدى.

رازىق سېكرېتار مۇسا ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە، مۇسا ئاقساقالنىڭ ئايالى ھويلىدا ئۈچ كېيىك ئوغلىقىغا شىشە بىلەن سۈت ئەمدۈرۈۋاتاتتى. رازىق سېكرېتار بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ بەس ـ بەس بىلەن سۈت ئېمىۋاتقان ئوغلاقلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى.

— كەلسىلە، رازىقاخۇن، — دېدى مۇسا ئاقساقالنىڭ ئايالى رازىق سېكرېتارغا سالام بېرىپ، ئاندىن رازىق سېكرېتارنىڭ كېيىك ئوغلاقلىرىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغانلىقىنى كۆ-رۈپ، بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى چۈشەندۈرگىلى تۇردى، — بىزنىڭ ئادەم ئۇلۇشكۈن كەچ قاراڭغۇ توغراقتىن تېپىۋاپتىكەن، ئانىسى ئۆلۈپ قاپتۇ دەپ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ كەپتۇ. قېنى ئۆيگە كىرسىلە، — ئايال ئۆيگە قاراپ توۋلىدى، — ھوي... ھوي ئادەم، رازىقاخۇن سېكرېتار كەلدى.

مۇسا ئاقساقال ھويلىغا چىقىپ رازىق سېكرېتارنى ئۆيگە باشلىدى.

— ھويلىنىڭ ئالدىدىكى كۆلچەك بويىدىن تېپىۋالدىم دېسە-لە، — دېدى مۇسا ئاقساقال رازىق سېكرېتارنىڭ كېيىك ئوغلى-قى ھەققىدىكى سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — سۈت ئەمدىمۇ؟ ئوغلاقلار خېلى تىمەنمۇ؟

— سۈت ئەمدى، مەن بۇياققا ماڭغاندا باللار ئېمىتىپ قال-غان. بۇ نېمە كارامەتتۇ ئەمدى، — دېدى رازىق سېكرېتار كۆڭ-لىدىكى گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، — قوتاندۇڭدە ئەزەلدىن بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان ھەم بۇنداق ئىشنى ئاڭلاپ باقماپ-تىكەنمەن. بىز ئىلگىرى ئوۋ جەريانىدا ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم قالغان ئوغلاقلارنىلا تۇتۇۋېلىپ ئەكېلىپ باققاندۇق.

— شۇنداق، — دېدى مۇسا ئاقساقال ئەقىل - ئىدراك چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرۇپ، — بۇ ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ئىش. پەمىمچە، يېرىم دەريا قۇرۇپ كەتكەندىن بېرى قاراڭغۇ توغراقتىكى بۇلاق - كۆللەرمۇ، زەي - شىۋەلىكلەرمۇ قۇرۇپ كەتتى. توغراق، يۇلغۇن، شىۋاقلارمۇ قۇ-رۇپ، قۇم - بورانىنىڭ ئاستىدا قالدى. ھازىر بۇ جانىۋارلارغا قاراڭغۇ توغراقتا ئىچكىدەك سۇ، تويۇپ يېگۈدەك ئوت - چۆپ

يوق. مەن كېيىن، جەرەنلەرنىڭ ئورمانلىقتىن چىقىپ تېرىلغۇ
يەرلىرىمىزگە كېلىپ ئوتلاۋاتقىنىنى بىر قانچە قېتىم كۆردۈم.
ئەزەلدىن قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئىچكىرىسىدە ياشايدىغان بۇ جا-
نىۋارلارنىڭ ئۆز ماكانىنىڭ سىرتىغا چىققىنىغا قارىغاندا، قاراڭ-
غۇ توغراقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىچكۈدەك سۇ، يېگۈدەك ئوت-
چۆپ قالمىغان گەپ. بەلكىم بۇ چاغقىچە قاراڭغۇ توغراقنىڭ
خېلى بىر قىسمىنى قۇم كۆمۈپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئا-
پەت يالغۇز بىزنىڭ بېشىمىزغىلا ئەمەس، جانىۋارلارنىڭ بېشى-
غىمۇ كەلگىلى تۇردى، رازىقاخۇن.

— بۇنىڭغا بىر ئامال قىلغىلى بولماسمۇ؟

— ئامال؟ بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە ئامال كېلىدۇ دەيلا. دەر-
يانىڭ سۈيىنى ئۇلار پۈتۈنلەي توسۇۋالدى، — مۇسا ئاقساقالنىڭ
كۆزلىرى تەگسىز مۇڭغا تولدى. مىس رەڭ چىرايى قايغۇلۇق تۈس
ئالدى، — يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ پاختا، پاختا دەپلا باشقا ئىشلار
بىلەن كارى بولماي بىنەم يەرلەرنى كۆپ ئېچىۋەتتى. دەريانىڭ
سۈيى پۈتۈنلەي ئاشۇ بىنەمگە، پاختىغا ئېقىۋاتىدۇ. ئەزەلدىن بۇ
دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ كېلىۋاتقان قاراڭغۇ توغراققا بىر تې-
مىم بولسىمۇ سۇ يەتكۈزۈش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيۋاتى-
دۇ. ھازىر بۇ جانىۋارلارنىمۇ، قاراڭغۇ توغراقنىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ
قالىدىغان بىردىنبىر ئامال دەرياغا سۇ باشلاش، قاراڭغۇ توغراققا
سۇ باشلاش. لېكىن، بۇ گەپنى كىم ئاڭلايدۇ؟ قاراڭغۇ توغراققا
سۇ باشلاپ كېلىش كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ ئىلگىرى قاراڭغۇ
توغراقنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر ئۆيلۈك ئادەم بولىدىغان.
ئۇلار قاراڭغۇ توغراقنى مۇھاپىزەت قىلىپ بەرگەنلىكىمىز ئۈ-
چۈن ھۆكۈمەت بىزگە ئايلىق بېرىدۇ، دېيىشەتتى. كېيىنكى
ۋاقىتتا ئۇلار دەم ئېلىشقا چىقتۇق دەپ، بالىۋاقىلىرى بىلەن
كۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاڭگاللىققا ئادەم كەلگىلى
ئۇنىمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرمۇ ئورمان قاراۋۇلى كەلمىدى. ئەگەر ھۆكۈمەت ئاتايىتەن قويغان ئاشۇنداق ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بولغان بولسا، قاراڭغۇ توغراقنىڭ كېپىنى قىلىشقا ئامال تېپىلاتتى. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، قاراڭغۇ توغراقمۇ، بىزنىڭ قوتاندۆڭمۇ، ئاشۇ ئاچقان بىنەم يەرلەرمۇ قۇمنىڭ تېگىدە قالىدۇ. يۇرتىمىزنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ.

— قانداق قىلساق بولار، دەپ باقسىلا، ئاقساقال. ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ قاراپ تۇرساق بولماس. بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ بىر بالاسىنى قىلساق بولاتتى.

— نەچچە كۈندىن بېرى كاللامغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مۇسا ئاقساقال گېزىت قەغىزىگە تاماكا ئورىغاچ، — يۇقىرىغا يۇرتىمىزنىڭ، قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن بايان قىلىپ خەت يېزىپ باقايمىكىن دەيمەن. پارتىيە - ھۆكۈمەت دېگەن يالغۇز بېھىشباغ يېزىسىلا ئەمەسقۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەركەز بار. خەتنى بىرنەچچە نۇسخا يېزىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەتلەرگە، رەھبەرلەرگە ئەۋەتسەك، بەلكىم ئۇلار كۆڭۈل بۆلۈپ قالار. ھازىر ئالىدىغان ئازغىنا پايدا كېيىن تارتىدىغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالار. يېزا باشلىقىنى پاختا، پاختا دەپلا قارىغۇلارچە، قالايمىقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىشتىن توسۇپ قالغىلى، دەرياغا سۇ ئېچىپ، قاراڭغۇ توغراققا سۇ باشلاپ كەلگىلى بولار، دەپ ئويلايمەن.

— ئوبدان ئويلاپلا، شۇنداق قىلىلى، — دېدى رازىق سېكرېتار، — خەتنى سىلى يېزىپ پۈتكۈزسىلە، خەتنىڭ ئايىغىغا مەنمۇ ئىمزا قوياي.

— خەتكە ھېچكىمنى چاتماي ئۆزۈملا ئىمزا قويۇپ ئەۋەتەي دەپ ئويلىغاندىم. سىلىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت. سىلى بولسىلا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى. مۇنداقچە

ئېيتقاندا، بىر كەنتنىڭ بېشى. شۇڭا، بۇ ئىشتا سىلى ئېھتىيات-چان پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ تۇرغانلىرى ياخشى. ۋاقتى كەلگەن چاغدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا بىر-ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلىپ قويسىلا بولىدى.

رازىق سېكرېتار تالىشىپ تۇرمايلا ئاقساقالنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى.

— مەن ئۆيگە قايتاي، — دېدى رازىق سېكرېتار ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— بىردەم ئولتۇرسىلا، باللار قازان ئاسسۇن.

— رەھمەت، يەنە باشقا ئىشىم بار ئىدى، — دېدى رازىق سېكرېتار ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ.

— ھېلىقى كېيىك ئوغلاقلىرىنى قانداق قىلاي دەۋاتىلا؟ — دەپ سورىدى مۇسا ئاقساقال.

— ھە راست، تاسلا قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، — دېدى رازىق سېكرېتار گەدىنىنى قاشلاپ، — مەن ئەسلى مۇشۇ ئىش تۇپەيلى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن، سىلىچە قانداق قىلساق بولار؟

— ئوغلاقلارنى ھازىرچە كالا سۈتى بىلەن بېقىپ تۇرايلى. ئۇلار بىرئاز چوڭ بولۇپ ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئالالىغۇدەك بولغاندا، قاراڭغۇ توغراققا قويۇۋېتەيلى، — مۇسا ئاقساقال رازىق سېكرېتارنىڭ باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلى بىرنەچچە يىلنىڭ تەشكىللەپ كېۋەزلىك، قوناقلىقلارنى ئىزدەتكۈزۈپ باقسىلا، بەلكىم كېيىك ئوغلاقلىرى يەنە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. ھازىر بوغاز كېيىك، جەرەنلەرنىڭ تۆللەيدىغان مەزگىلى. مەن بىرنەچچە ئوۋچىنى باشلاپ قاراڭغۇ توغراقنى بىر ئارىلاپ چىقاي. ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئوغلاقلارنى ئىزدىگەچ، قاراڭغۇ توغراقنىڭ زادى قانچىلىك يېرىنى قۇم باستى، قانچىلىك يېرى قۇرۇپ كەتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەپسىلىي كۆرۈپ كېلەي. يەنە بىر گەپ، ئاممىنى تەشكىللەپ قاراڭغۇ توغراقنىڭ ئەتراپىغا يوغانراق كۆلدىن بىرنەچچىنى چېپىپ سۇ توشتۇرۇپ قويايلىمىكىن دەيمەن.

ئاقساقالنىڭ مەقسىتىنى تېزلا چۈشەنگەن رازىق سېكرېتار دەرھال بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە بەردى.

قوتاندۆڭدە بۇ يىل كۈز بالدۇرلا كەلدى. ئۆكتەبىر ئاخىرلىشىپ بولغۇچە ھاۋا سوۋۇپ، قاتتىق سوغۇق چۈشۈپ، ئۈششۈك مېڭىپ كەتتى. كىشىلەر قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرىنى يىللاردىكىدىن بۇرۇنلا كىيىشىۋالدى. قوتاندۆڭلۈكلەرنى قوناق ئورۇش، بۇغداي تېرىش، كېۋەز تېرىش قاتارلىق بىر تالاي ئىش ئالدىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرىدىغىنى ھازىر يەنىلا پاختا ئىدى. ئۇلار يازنىڭ يېزىدا سۇ قويۇپ پەرۋىش قىلالمىغاچقا، كېۋەز مايسىلىرى تولۇق ئەي بولمىدى ھەم غوزىمۇ تۇتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىژغىرىم ئىسسىقتا چاڭقاپ تۇرغان كېۋەز مايسىلىرىغا كېسەل تەگدى، كېپىنەك قۇرتى چۈشتى، نەتىجىدە كېۋەز مايسىلىرى قۇرۇپ، چېچەك ۋە غوزىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى تۆكۈلۈپ كەتتى. قوتاندۆڭلۈكلەر كېۋەز تېرىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تۆۋەن ئۆسۇم بىلەن تارقىتىپ بېرىلگەن ئۇرۇقلۇق، سولياۋ يوپۇق، خىمىيەۋى ئوغۇتلارنىڭ پۇلىنىمۇ تىرىلدۇرەلمەي، گەدىنىدە ئېشىپ قالغان قەرزىنى قوتاندىكى چارۋا - ماللىرىنى سېتىپ تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

رازىق سېكرېتار ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، دېھقانلارنى ئۆيدە ئېلىپ قالغان پاختىلارنىمۇ يېزىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا ئاپىرىپ سېتىپ بېرىشكە سۈيلەيتتى.

— يوق، ئۆيدە ئىشلەتكىلى بىر جىڭمۇ پاختا ئېلىپ قالمىدۇق، ھەممىسىنى ئاپىرىپ سېتىپ بەردۇق، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئۆي غوجايىنلىرى.

— غوزىچۇ، غوزا. غوزىلارنىمۇ بىرنى قويماي ئۈزۈپ كېلىپ، پاك - پاكىز سېتىپ بېرىڭلار، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاشۇنداق، ئىشلىتىمەن دەپ بىر جىڭمۇ پاختا ئېلىپ قېلىشقا بولمايدۇ. پاختىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىش كېرەك.

رازىق سېكرېتارنىڭ ئاۋازى پۈتۈن قوتاندۆڭ تەۋەسىدىكى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئوخشاش رىتىمدا ئاڭلىناتتى. دېھقانلارمۇ رودۇپاي جەرىماندىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پىشماي ئۈششۈپ كەتكەن غوزىلارنىمۇ قويماي ئۈزۈپ كېلىپ، پاكىز تىتىپ، پاختا پونكىتىغا ئاپىرىپ سېتىپ بېرىپ كېلىشتى. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچى ئورۇنلانمىدى. «ئېتىزدىن چىققىنىنى ئېلىپ قالماي ئاپىرىپ سېتىپ بەردۇق. ئەمدى ھېچقانداق ئامالىمىز قالمىدى. بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەرمىز» دېيىشتى ئۇلار.

بىر كۈنى ئاش ۋاقتى بىلەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بىرقانچە يېزا كادىرىنى باشلاپ، يېزىنىڭ پىكاپى بىلەن قوتاندۆڭگە يېتىپ كەلدى. رازىق سېكرېتار باشچىلىقىدىكى بىرقانچە كەنت كادىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ھال - ئەھۋال سورىدى.

يېزىلىق ھۆكۈمەت پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىدە يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كەنتلەرگە، دېھقانلارنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بىردىن يېزا دەرىجىلىك رەھبەرنى مەسئۇل قىلغانىدى. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قوتاندۆڭ كەنتىگە مەسئۇل بولغانىدى. بۈگۈن ئۇ قوتاندۆڭ كەنتىنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى، ھۆددە - كۆرسەتكۈچنىڭ ئورۇنلانغان - ئورۇنلانمىغانلىقىنى، جازا - جەرىمانىنىڭ نەقلەشكەن - نەقلەشمىگەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرمەي ئۆيىدە يوشۇرۇپ قويغان پاختىلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرگىلى كەلگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھە، كۆزىمىزنىڭ چاپىقىنى، بۇرنىمىزنىڭ قاقچىنى كولاپ يۇرگەن ئوخشىمايمىزمۇ، رازىق سېكرېتار، — دېدى ئەھمەدىلا بۇرۇتلىرى خەت تارتقان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى رازىق سېكرېتار باشلىق كەنت كادىرلىرىغا تەۋەززۇسىزلا گىدىيىپ قاراپ.

— ئۆزلىرىنىڭ كۆرسەتكەن يولىيورۇقلىرىنى ئورۇنلاپ تۇردۇق، يېزا باشلىقى، — دېدى رازىق سېكرېتار ياسىما خۇشامەتگۆيلۇق بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— دېھقانلار پاختىنى تولۇق يىغىپ بولدىمۇ؟

— يىغىپ بولدى، يېزا باشلىقى.

— غوزىنىچۇ؟

— ئېتىزدا بىر تال غوزا قالمىدى، يېزا باشلىقى.

— سېتىپ بەرمەي ئۆيىدە تىقىپ قويغان پاختا يوقتۇ؟

— يوق، ھەممىسىنى سېتىپ بەردى، يېزا باشلىقى.

— قېنى كۆرەرمىز. قالغىنى تەكشۈرگەندە مەلۇم بولىدۇ، — دېدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى لېۋىگە بىر تال تاماكا قىستۇرغىنىچە.

رازىق سېكرېتار مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى، ئاغزىنىڭ بىزەپلىكىنى، سورىغان ھەربىر سوئالغا «يېزا باشلىقى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ جاۋاب بەرسە، ئىسمىنى «يېزا باشلىقى» دەپ قىچقارسا خۇش بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ جاۋابى مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ ئۆچكە ياغلىرىنى ئاسانلا ئېرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ مۇزدەك چىرايى ۋاللىدە يورۇپ تۇرۇكلۇك قاپىقى ئېچىلىپلا كەتتى.

— قاراپ تۇرماي يول باشلىسىلا، ئۆيلەرنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرىمىز.

— نېمىشقا تەكشۈرىمىز، يېزا باشلىقى؟ — سورىدى رازىق سېكرېتار تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي.

— دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە ھۆكۈمەتكە سېتىپ بەرمەي تىقىپ قويغان پاختا بار - يوقلۇقىنى، پاختىنى سېتىپ بەرمەي، يوتقان -

كۆرپە ئېتىۋالغان ـ ئېتىۋالمىغانلىقىنى تەكشۈرىمىز.
— بۇ ئەھۋاللارنى تەكشۈرمىسەك قانداق بولار، يېزا باشلىقى، — دېدى رازىق سېكرېتار سەل ـ پەل دىلىغۇل بولۇپ، — مەن ھۆد-دە قىلالايمەن. دېھقانلار ئېتىزدىن چىققان پاختىنى بىر جىڭمۇ ئېلىپ قالماي، ھەممىنى پاختا پونكىتىغا سېتىپ بەردى. غوزا كېۋىزىنىمۇ...
— تولا يېتىم ئاقساقاللىق قىلماي مەن بۇيرۇغاننى قىلسىلا، نېمە ئادەمنىڭ ساقىلىنى تاراپ، — دېدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى چىرايىنى سەت تۇرۇپ، — سىلىنىڭ لامزەللىلىكلىرىدىن مەن مۇشۇ قارغىش تەگكۈر جاڭگالغا ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك كېلىۋاتىمەن. سىلى لامزەللىلىك قىلمىغان بولسىلا قوتاندۆڭ كەنتى پاختا سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنلاشتا يېزا بو-يىچە ئارقىدا قالمىغان بولاتتى. باشقا كەنتلەر قوشنا يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ پاختىلىرىنى يوشۇرۇنچە سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، بىر ئاماللار بىلەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولدى. ھەرقايسىڭلار ئۇنداق قىلىش تۇگۇل بەخىرامان يۈرىسىلەر. جەرىمانە ـ جازانى نەقلەشتۈرگەندە ۋايجان دېمىسەڭلار بولىدىغۇ. يەنە تېخى ياۋاش تۇرماي...
مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە رازىق سېك-رېتارغا قوشنا يېزا ـ كەنتلەردىكى دېھقانلارنىڭ پاختىسىنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، يېزىلىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا قوتاندۆڭنىڭ پاختىسى ھېسابىدا سېتىپ بېرىپ، قو-تاندۆڭنىڭ پاختا سېتىپ بېرىش ھۆددە ـ كۆرسەتكۈچىنىڭ كەملىگەن قىسمىنى تولۇقلاش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەنىدى. رازىق سېكرېتار مۇئاۋىن يېزا باشلىقىغا ماقۇل دەپ قويۇپ، ئە-مەلىيەتتە ئۇنداق قىلمىغانىدى. چۈنكى، قوشنا يېزا ـ كەنتلەر-دىكى دېھقانلاردىن قىممەت باھادا سېتىۋالغان ئۇ پاختىنى يېزىد-لىق پاختا سېتىۋېلىش پونكىتى ئۇلار سېتىۋالغان باھانىڭ

ئۆچتىن بىر باھاسىغىمۇ ئالمايتتى. بۇ يول بىلەن پاختا سېتىپ بېرىش ھۆددە ــ كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن بىلەن، دېھقانلارغا ھەددىدىن زىيادە زىيان بولۇپ كېتەتتى. رازىق سېكرېتار مۇشۇلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئورۇنلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ رازىق سېكرېتارغا، قوتاندۇڭگە خېلى ئاچچىقى بار ئىدى. رازىق سېكرېتار مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ قورسىقىدىكى غۇمنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەرقانچە ئاچچىقلاپ، گەپتە چېقىشۇالسىمۇ لام ــ جىم دەپ ئېغىز ئاچمىدى.

مۇئاۋىن يېزا باشلىقى باشلاپ كەلگەن يېزا كادىرلىرى رازىق سېكرېتار قاتارلىق كەنت كادىرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى بىر باشتىن ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇلار ئۆي، قازناق، ئېغىل، كات ــ ساندۇقلارنى ئالا قويماي ئاختۇردى. يوتقان ــ كۆرپىلەرنى سۆكۈپ تاشلىدى. ياستۇقلارنى چۇۋۇدى، ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئوڭتەي ــ توڭتەي بولۇپ كەتتى.

ــ يېزا باشلىقى، قارىسىلا، مايەردە يوشۇرۇپ قويغان پاختا بار ئىكەن. مانا ماۋۇ يوتقاننىڭ ئىچىدىن چىقتى، ــ دېدى يوتقان سۆكۈۋاتقان بىر كادىر ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ.

ــ ۋاي، بالام، ئۇ يېڭى پاختا ئەمەس، ــ دېدى ئۆي ئىگىسى ئايال دەرھاللا يوتقانغا ئېسىلىپ، ــ بۇ ئۆتكەن يىلى تىككەن يوتقان.

ــ پاختىسى يېڭى تۇرىدىغۇ ئەمىسە؟

ــ ئۆتكەن يىلى مېھمانلىققا دەپ تىككەنىدىم. مېھمان كەلسە يېپىپ قويدۇم، باشقا ۋاقىتتا يېپىنمىدۇق. شۇڭا، تورى ئاشۇنداق ئاپپاق تۇردى.

ــ قۇرۇق گەپ! ــ دەپ ۋارقىرىدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىپ، ــ يوتقاننى تېشىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، تورىنى ئېلىپ مېڭىڭلار.

ئۇلار ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە، يىغلاپ، يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋامۇ قىلمىدى. كەچ كىرگۈچە پۈتۈن قوتاندۆڭنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىشتى. ئون نەچچە يوتقان ـ كۆرپە تورىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنداقتىمۇ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بۇگۈنكى خىزمىتىدىن ئانچە رازى بولمىدى، بالىلاردەك خۇيلىنىپ قالدى. رازىق سېكرېتارنىڭ تاماق تەييار بولدى، تاماق يەپ ماڭىسلا دېگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلمىدى.

ـــ ماۋۇ خەقكە دەپ قويسىلا. كېلەر ھەپتىگىچە قويىنى ساتامدۇ، كالىسىنى ساتامدۇ، پۇلغا يارىغۇدەك نېمىسى بولسا شۇنى سېتىپ، پاختا ھۆددە ـ كۆرسەتكۈچىنىڭ كەملىگەن قىسمىنىڭ جەرىمانىسىگە پۇل تەييارلاپ قويسۇن. كېلەر ھەپتە جازا ـ مۇكاپاتنى نەقلەشتۈرىمىز. جازا ـ جەرىمانىگە بويۇنتاۋلۇق قىلىپ غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلسا، مەندىن خاپا بولۇشمىسۇن. ئۆيىدە پۇلغا يارىغۇدەك نېمىسى بولسا شۇنى جەرىمانىگە ھېسابلايمەن. ئەمىسە بۇ گەپنى سىلىگە ئالدىن دەپ قويدۇم. ۋاقتى كەلگەندە خەۋەردىمىز يوق ئىكەن، بىلمەي قاپتىمىز دەپ تۇرۇۋالسىلا، مەن سىلىنى بىلەن ھېسابلىشىمەن.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، رازىق سېكرېتارغا خوشمۇ دېمەي، پىكاپقا چىقىپ كېتىپ قالدى.

شۇنداق، ماشىنىمۇ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن يېزا كادىرلىرىمۇ كەتتى. غەزەپ ـ نەپرىتىنى قانداق ئىپادىلەشكە، قورساق كۆپۈكىنى كىمدىن چىقىرىشقا ئامالسىز قالغان قوتاندۆڭلۈكلەر ئاختۇرۇپ قالايمىقان قىلىۋېتىلگەن ئۆيلىرىگە، سۆكۈپ تاشلىۋېتىلگەن يوتقان ـ كۆرپىلىرىگە، چۇۋۇپ توزغاق ـ سامانلىرى ئۇچۇرۇۋېتىلگەن ياستۇقلىرىغا قاراپ، يا يىغلىشنى، يا كۇلۇشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

دەريا قۇرۇپ كەتكەندى. دەريادىن ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى، مۆڭلۈق

شارقىراشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇنىڭدا تولغىنىپ ئاققان ئويناق سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. دەريا قىنىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوق ئىدى.

بۇ يىل قىش قوتاندۈڭلۈكلەر يەنە ئوۋغا چىقمىدى. مۇسا ئاقساقال بىلەن رازىق سېكرېتار بېقىپ چوڭ قىلغان بەش تۇياق كېيىك ئوغلىقىنى قاراڭغۇ توغراقتا قويۇۋەتتى.

— بۇ يىلچە يەنە تۇرۇپ تۇرايلى. جانىۋارلار بەكرەك كۆپەيىۋالسۇن، — دېدى مۇسا ئاقساقال ئوۋغا چىقىشقا تەييارلانغانلارنى توسۇپ.

يىل ئۆرۈلۈشكە ھەپتە قالغان كۈنلەر ئىدى. سوغۇق ھاۋا بىردىنلا كۈچىيىۋالغان بولۇپ، ۋىژىلداپ چىقىۋاتقان قىشنىڭ ئىزغىرىن شامىلى بەدەنگە زەھەرلىك يىڭنىدەك سانجىلاتتى. قوتاندۈڭلۈكلەر سوغۇقتىن قورقۇپمۇ ياكى بۇ زېرىكىشلىك قىش كۈنلىرىنى ئوچاق ئالدىدا ئوتسىنىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر ھەممىسى ئۆيلىرىگە كىرىشىۋالغانىدى. مەھەللە يولىدا چوڭ ئادەملەرمۇ، كەپسىز بالىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى.

بېھشباغ تەرەپتىن كەلگەن بىر پىكاپ قويۇق توپا - چاڭلارنى توزۇتقىنىچە قوتاندۈڭگە كىرىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل رازىق سېكرېتارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ سوزۇپ - سوزۇپ ئۈچ قېتىم سىگنال بەردى. ھايال ئۆتمەيلا ھويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ رازىق سېكرېتار چىقىپ كەلدى. پىكاپتا يېزا باشلىقى بار ئىدى. ئۇ رازىق سېكرېتارنى كۆرۈپ پىكاپتىن چۈشتى. مېھمان قىش ھاۋاسىدەك سوغۇق، ساھىبخانا تومۇز ئاپتىپىدەك قىزغىن كەيپىياتتا كۆرۈشتى. تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

— كەنتتىكىلەرنى دەرھال يىغسىلا، جىددىي يىغىن بار.

— ئائىلە باشلىقلىرىلا كېلەمدۇ ياكى...

— ھەممىسى، چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممىسى كەلسۇن.

بىر سائەتكە قالماي قوتاندۈڭلۈكلەرنىڭ ھەممىسى كەنت كو-

مىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا يىغىلدى.
— ھەممىسى كېلىپ بولدىمۇ؟ — سورىدى يېزا باشلىقى.
— تولۇق كېلىپ بولدى، — جاۋاب بەردى رازىق سېكرېتار.
— يولداشلار، دىققەت قىلايلى، ھازىر يىغىنىمىزنى باشلاي-
مىز، — دېدى يېزا باشلىقى ئاممىغا يۈزلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ يىل يېزىمىز پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا ناھىيەمىز تەۋەسىدىكى يېزىلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ناھىيە - ۋىلا-
يەت رەھبەرلىرى يېزىمىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا تۈزگەن تەدبىرلىرىنى، پىلانلىرىنى، تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ مۇئەييەن-
لەشتۈردى. يېزىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى، تەق-
دىرلىدى، شۇنداقلا يېزىمىزنى ناھىيەمىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقى-
رىش بازىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ ئالىي شان - شەرەپ يېزىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق دېھقان قېرىنداشلارغا، مۇشۇ ئولتۇرغانلارغا مەنسۇپ، — يېزا باشلىقى سۆزىنى توختىتىپ، ئۆزى باشلاپ چاۋاك چالدى. بۇ چاۋاكقا رازىق سېكرېتار بىلەن كەنت كادىرلى-
رى ئەگەشتى. ئامما ئارىسىدىنمۇ ئۇ يەر - بۇ يەردىن پاق - پۇق قىلىپ شالاڭ چېلىنغان چاۋاك ئاڭلاندى. يېزا باشلىقى سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — گەرچە بۇ يىل قوتاندۇڭ كەنتىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى خېلىلا كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە يە-
نىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. زور كۆپچىلىك يولداشلار يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قو-
شۇپ، بىر ياز جاپالىق ئىشلىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. لېكىن، يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ، يېزا ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەردىن قەستەن قۇسۇر چىقىرىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئەرز - شىكايەت سۇنغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار يۇقىرىغا يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆ-
كۈمەت ئۈستىدىن بىنەم ئېچىپ يايلاقلىرىمىزنى ۋەيران قىلى-
ۋەتتى، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن باغ - ئور-

مانلىرىمىزنى قومۇرۇۋەتتى، دەريانى قۇرۇتۇۋەتتى، قاراڭغۇ
توغراقنى قۇمغا باستۇرۇۋەتتى. قاراڭغۇ توغراقتىكى ياۋايى
ھايۋانلارنى نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى،
ھەلەلەي ـ شەلەلەي دەپ ئەرز قىپتۇ، ھەتتا قوتاندۆڭنى قۇم بې-
سىپ كەتتى دەپ يالغان سۆزلەپ يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە
بوھتان چاپلاپتۇ. يولداشلار، دەپ بېقىڭلار قېنى، قوتاندۆڭنىڭ
قانداق يېرى قۇم ئاستىدا قالدى؟ قوتاندۆڭ قوتاندۆڭ پېتىچە،
قاراڭغۇ توغراق قاراڭغۇ توغراق پېتىچە تۇرمامدۇ ئەينا. يايلاقلار-
نى بۇزۇپ بىنەم ئاچقىنىمىز راست. چىقىرىۋەتكەن بىخ ـ ئور-
مانلارغا كەلسەك، ئاساسەن ئۇنۇمسىز باغ ـ ئورمانلارنى چىقىرى-
ۋەتتۇق. بۇ يەرلەرنى ئۆزلەشتۇرۇپ پاختا تېرىپ، دۆلەتنى پاختا
بىلەن تەمىنلىدۇق. ئەگەر بۇ ئىشىمىز خاتا بولغان بولسا، ناھىيە
بىزنى مۇكاپاتلارمىدى؟ ۋىلايەت تەقدىرلەرمىدى؟ يۇقىرى دەرىجە-
لىك رەھبەرلەر خىزمىتىمىزگە يۇقىرى باھا بېرەرمىدى؟ ماخ-
تارمىدى؟ پاختا تېرىشنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقان قېرىنداشلارنى
بۇرۇنراق ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزگەنىمىز نېمە زىيىنى بار، دەپ
بېقىڭلار قېنى؟ — يېزا باشلىقى كۆزلىرى ئارقىلىق ئولتۇر-
غانلار ئارىسىدىن مۇسا ئاقساقالنى ئىزدەپ تاپتى ـ دە، كۆزلىرى-
نى ئاداۋەت بىلەن ئالايتتى، — مۇسا ئاقساقال، دەپ باقسىلا قې-
نى، قوتاندۆڭنىڭ نەرىنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ، قانداق يېرى
قۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇنۇمسىز باغلارنى بۇزۇپ تېرىلغۇ يەر قىلغان-
نىڭ نېمە يامىنى بار ـ ھە! مەن سىلىگە دەپ قوياي، يالغان ـ يا-
ۋىداق گەپلەرنى ئاز قىلىپ، ئاممىنى بوش قۇترىتسىلا. يۇقىرىغا
يالغان، تۇتۇرۇقسىز ئەرزنى يازمىسىلا، پېشقەدەم رەھبىرىي كا-
دىر، كونا پارتىيە ئەزاسى دەپ ئارا تۇرمىغان بولساق، سىلىنى
پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا بوھتان چاپلىدى،
پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى بىلەن قارشىلاشتى دەپ، ئال-
لىبۇرۇن قولغا ئېلىپ قارا ئۆيگە قاماپ بولاتتى. بۇنىڭدىن كې-

يىن سىڭگەن نانلىرىنى يەپ، ئۆيلىرىدە جىم ئولتۇرسىلا. ئار-تۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشمىسىلا. بولمىسا قوتاندۆڭدە تۇرماقلىرى تەس بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

مۇسا ئاقساقال گەپ قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم ئاغزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، لېكىن يېزا باشلىقى بىلەن ئېيتىشىشنىڭ ھا-زىرقى چاغدا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ سۈكۈت قىلدى. يېزا باشلىقىنىڭ گەپلىرىگە ماقۇلمۇ دېمىدى، ياقمۇ دېمىدى. ئوتتۇرا بارماق توملۇقىدا يۈگمۈالغان تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، تاماكا ئىسىنى قەلبىدىكى بارلىق دەرد-ھەسرەتلىرى بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قاتتىق-قاتتىق پۈۋلىدى.

يېزا باشلىقى مۇسا ئاقساقالنىڭ لام ـ جىم دېمىگىنىنى كۆ-رۈپ، كۆڭلىدە خېلىلا قانائەت ھاسىل قىلدى ـ دە، سۆزىنىڭ تې-مىسىنى كېلەر يىللىق پاختا تېرىقچىلىقىغا يۆتكىدى. ئاخىرىدا بارلىق قوتاندۆڭلۈكلەرنى يېڭى يىل كىرىشى بىلەنلا پۈتۈن يېزا بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان قىش پەسىللىك بوز يەر ئۆزلەشتۈ-رۈپ، بىنەم ئېچىش ئەمگىكىگە پۇختا تەييارلىق كۆرۈشكە سە-پەرۋەر قىلىپ سۆزىنى تۈگەتتى.

يېزا باشلىقى كېتىشى بىلەن قوتاندۆڭلۈكلەر ئۆزئارا غۇلغۇ-لىغا چۈشتى. ئاڭلىغان مىش ـ مىش پاراڭلارنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشتى. ھەر خىل پەرەز ـ قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش-تى. ئۇلارنىڭ بىرئاز تىنچىغان كۆڭلى يەنە بىر قېتىم داۋالغۇدى.

ـــ يېزا پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا بىرىنچى بولدى دەيدۇ. ئەجەب بىزنى جازالاپ، ئالتە پاتمان پۇلنى جەرىمانە قويۇپ تۆلەتتىغۇ.

ـــ ۋايتاڭەي، بۇ خەقنىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنمەك تەس.

ـــ ئاڭلىدىڭلارمۇ، يېزا باشلىقى پات يېقىندا ناھىيەگە ئۆسە-رىمىش.

ـــ پاختا تېرىقچىلىقىدا بىرىنچى بولدى دەپ ئۆستۈرەرد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىش.

— نېمىدەپ ئۆستۈرسە ئۆستۈرمەمدۇ، ئىشقىلىپ، قۇتۇلۇپ كەتسەك ئوبدان بولاتتى بۇ تەلۋىدىن.

— پاختا جىنى چاپلاشقان ساراڭدىن...

— ھۇ، بىنەم جىنى چاپلاشقان يېزا باشلىقى.

— پاختا تېرىيمەن دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ گۆرىنىمۇ تۈزلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ بۇ قىزىل كۆز.

— مۇسا ئاقساقالنى تىللاپ كېتىشلىرىنى دەڭلا.

— مۇسا ئاقساقال ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدۇ.

— ھەي... يۇقىرىمۇزە نېمىشقا مۇسا ئاقساقالنىڭ يازغان خېتىگە ئىشەنمەيدىغاندۇ؟

— يۇقىرىدىن تەكشۈرىدىغانلار ئۇدۇل قوتاندۇڭگىلا كەلسىچۇ.

— دەريانى كۆرگەن بولسا.

— قاراڭغۇ توغراقنىمۇ كۆرگەن بولسا.

— ئۇنۇمسىزگە چىقىرىۋەتكەن باغلىرىمىزنى كۆرگەن بولسا.

— بۇ يىل قىشمۇ يەنە ئارام بەرمەي بىنەم ئاچۇرىدىكەن - دە، بىزنى.

— بىنەم ئاچقۇدەك يەر قالمىدى، ئەمدى نەدىكى بىنەمنى ئاچىمىز؟

— ھەرقانچە قىلسىمۇ ئولتۇرغان ئۆي - ماكانىمىزنى چېقىۋېتىپ، ئورنىغا پاختا تېرىڭلار دېمەس بۇ تەلۋە.

يېزا باشلىقى قوتاندۇڭگە يەنە كەلدى.

ئۇ، بۇ قېتىممۇ ئۆتكەن قېتىمقىدەك سۈر - ھەيۋە بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ سۈر - ھەيۋىسىنى كۆرۈپ قوتاندۇڭلۇقلەرنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم جىغىلداپ توختىدى.

يېزا باشلىقىنىڭ كەينىدە ئون توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن پۈتۈن يېزا تەۋەسىدىكى ياش، بېجىرىم ئەمگەك كۈچلىرىدىن تەشكىللەنگەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى زەربىدارلار ئەترىتى ھەي-

ۋەت بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ كۈنىلا چېدىر تىكىپ، گەمە
كولاپ قوتاندۇڭلۇكلەر بوشىتىپ بەرگەن ئۆيلەرگە جايلىشىۋالدى.
ئەتىسى يېزا باشلىقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش زەربىدارلار ئەت-
رىتىدىكىلەرنى ۋە قوتاندۇڭلۇكلەرنى قاتناشتۇرۇپ قىسقىلا يىد-
غىن ئاچتى. قوتاندۇڭلۇكلەر ئۇنىڭ: «بۇ قېتىم قاراڭغۇ توغراق-
تىكى توغراق - يۇلغۇنلارنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئىككى مىڭ مو
بىنەم ئاچىمىز. كېلەر يىلى قىشتا يەنە كېڭەيتىمىز» دېگەن
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى، غۇلغۇلىغا چۈشتى، تەۋ-
رەندى.
— سۆزۈم تۈگىمىدى، جىم بولۇڭلار، — دېدى يېزا باشلىقى
ۋە قوتاندۇڭلۇكلەرگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، —
ھوي جاڭگاللىق ئوغرىلار، ھەرقايسىڭنى دەۋاتىمەن. نېمە قاپاق-
نىڭ ئىچىگە ھەرە كىرىۋالغاندەك گۇدۇڭ - گۇدۇڭ قىلىشىسەن!
— قاراڭغۇ توغراقنى بۇزۇۋەتسەك بولمايدۇ، يېزا باشلىقى، —
دېگىنىچە ئورنىدىن دەس تۇردى مۇسا ئاقساقال بار ئاۋازى بىلەن
ۋارقىراپ.
— نېمىشقا؟ نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى يېزا باشلىقى
مۇسا ئاقساقالنى ھازىرلا پارە - پارە قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا گۆ-
لىيىپ.
— قاراڭغۇ توغراقنى ۋەيران قىلىۋەتسەك قوتاندۇڭنى، بې-
ھىشباغنى، زېمىنىنى، ئىشقىلىپ ھەممە يەرنى قۇم بېسىپ كې-
تىدۇ. ئادەملەرنى، جان - جانىۋارلارنى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ
قەبرىسىنى قۇم يۇتىدۇ، ئۆتۈنۈپ قالاي، قاراڭغۇ توغراققا چېقىل-
مايلى.
مۇسا ئاقساقالنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش
تۆكۈلدى، ئۇ يېزا باشلىقىغا خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش بى-
چارىلەرچە تەلمۈرۈپ تۇراتتى.
مۇسا ئاقساقالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ۋە كۆز يېشىنى كۆرگەن

قوتاندۇرۇلۇكلەرمۇ ۋە باشقىلارمۇ غۇلغۇلىغا چۈشۈپ كېتىشتى.
— ماۋۇ ئالجىغان قېرىنى نېرى ئەكېتىڭلار، — دېدى يېزا باشلىقى غەزەپتىن تىترەپ تۇرۇپ، — كىمدەكىم قاراڭغۇ توغراقتىن بىنەم ئېچىشقا قارشى تۇرىدىكەن، يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلاشقان بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ قانۇنى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.
— ئورماننى قوغداش قانۇنىغا خىلاپ ئەمەس، — دېدى مۇسا ئاقساقال بىردىنلا غەزەپكە كېلىپ، — ئورمان دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. سەن ھوقۇقۇڭدىن پايدىلىنىپ ئادەم قورقۇتمىغىن دېمە. سەن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى بولساڭ، مەنمۇ بىر كومپارتىيە ئەزاسى، پارتىيە ئالدىدا ئېككىلىمىز باراۋەر. مېنىڭ ئورمانلارنى، پارتىيە، دۆلەتنىڭ بايلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىم بار.
— سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ بولسا، مېنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇقۇم بار.
— سېنىڭ ھوقۇقۇڭ قاراڭغۇ توغراققا ئۆتمەيدۇ. يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، قاراڭغۇ توغراقتىن بىر تال چوكا كېسىشىڭگە رۇخسەت يوق.
— يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ تەستىقى دەمسەن؟ مانا مېنىڭ قولۇمدا ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قاراڭغۇ توغراقنى ئۇنۇمسىز باغ - ئورمان قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىپ، بىنەم ئېچىپ كېۋەز تېرىش توغرۇلۇق چۈشۈرگەن تەستىقى بار. مەن بۇ يەرگە سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغىلى كەلمىدىم. تولا كوتۇلدىماي گېپىڭ بولسا يۇقىرىغا ئەرز قىل! — دېدى يېزا باشلىقى كۆرەڭلىك بىلەن.
— ئەرز قىلىمەن، ھازىرلا ئەرز قىلغىلى بارىمەن، — دېدى مۇسا ئاقساقال غەزەپ بىلەن ۋە توپتىن ئايرىلىپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

— دېھقان خەق دېگەن سىڭگەن نېنىنى يەپ، كەتمەن بىلەن يەرنى بىلگىنى ياخشى. نېمە ئادەمگە ئاقساقاللىق قىلىپ، — دې-دى يېزا باشلىقى ئۆزىگە ئۆزى غودۇڭشىپ.

يېزا باشلىقىنىڭ بىرلا بۇيرۇقى بىلەن بوز يەر ئاچقۇچىلار قاراڭغۇ توغراققا قاراپ ئاقتى. ھەرە، كەكە، پالتىلار ھەرىكەتلەن-دى. پالتا - كەكىلەرنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى، ھەرىلەرنىڭ غار-تىلداشلىرى، ئادەملەرنىڭ ھە - ھۇلىرى قوشۇلۇپ پۈتكۈل قاراڭغۇ توغراقنى ۋەھىمىلىك بىر شاۋقۇن قاپلىغانىدى.

كەچتە قوماندانلىق ئىشتابى جايلاشقان ئىسسىق چېدىردىن قېنىپ ئۇخلاپ چىققان يېزا باشلىقى ئىش مەيدانىنى تەكشۈرگە-لى بېرىپ ئىش ئۈنۈمىدىن تازا رازى بولمىدى.

— ئىشنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا، — دېدى يېزا باشلىقى خاپا بولۇپ.

— توغراق، يۇلغۇنلارنى قومۇرغان بىلەن سىرتقا توشۇماق تەسكەن، — دېدى مەسئۇل خادىم دۈگدىيىپ تۇرۇپ. سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەچكە ئۇنىڭ توكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولساق ئاسانغا توختايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توغراق، يۇلغۇنلارنىڭ كۈلى يەرگە ئوغۇت بولات-تى، — دېدى يەنە بىر مەسئۇل خادىم ئەقىل كۆرسىتىپ.

— ئوت قويساق قويدۇق، ئۇنىمۇ سىناپ كۆرمەمدۇق، ئىشنىڭ سۈرئىتى ئاشسىلا بولدى، — دېدى يېزا باشلىقى دەرھاللا، — توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىغا قۇيىدىغان مايدىن ئەكېلىپ، چېچىپ ئوت قويۇپ بېقىڭلار قېنى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە ئىككى تۈك ماي ئورمانغا چېچىلدى. يېزا باشلىقى بىر تال سەرەڭگە تاشلاش بىلەنلا، قاراڭغۇ توغراق ياللا-دە ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. شىددەتلىك ئوت يالقۇنىنىڭ تەپتى ئەللىك مېتىر يىراقلىقتىكى ئادەمنىمۇ قىزدۇراتتى. ئاسمان - پەلەك ئوت يالقۇنىدىن تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ قاپقارا ئىس كۆتۈرۈ-

لەتتى.

— بولمىدىغان چارىكەن، — دېدى يېزا باشلىقى ھاياجانلانغان ھالدا ھېجىيىپ.

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىزلا چاقماق چېقىلدى. ئاسماندا دەھشەتلىك نەرە تارتىپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى. ئارقىدىنلا چېلەكلەپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ھەيۋەتلىك ئوت يالقۇنى بىردەمنىڭ ئىچىدە پەسلىدى، ئارقىدىنلا پۈتۈنلەي ئۆچتى. يامغۇر شارقىراپ چۈشۈۋاتاتتى.

بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسىدىن يېزا باشلىقى، بوز يەر ئاچقۇچىلار ۋە قوتاندۆڭلۈكلەر ھەيران قالدى. بۇ راستلا بىر كۈتۈلمىگەن ھادىسە ئىدى. بۇنداق بولۇشىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. بۇ يەردە تۇرغانلاردىن ھېچكىم قىش كۈنى — بىرىنچى ئايدا يامغۇر ياغقىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى ھەم ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى، قوتاندۆڭ قوتاندۆڭ بولغاندىن تارتىپمۇ بۇنداق ھادىسە پەقەتلا يۈز بەرمىگەنىدى. ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىدىنمۇ بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

يامغۇر توختىماي شارقىراپ چۈشۈۋاتاتتى. يېزا باشلىقى ۋە باشقىلارنىڭ ئۈستىبېشى بىردەمدىلا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. يانۋارنىڭ قاتتىق سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. ئەتراپتىكىلەر سوغۇققا چىدىماي گەمە - چېدىرلىرىغا قاراپ يۈگۈردى.

— قارغىش تەگكۈر يامغۇر، — دېدى چىشلىرى كاراسلاپ، پۈتۈن بەدىنى غالىلداپ تىترەۋاتقان يېزا باشلىقى، — ھازىرچە دەم ئالايلى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن مايىنى جىقراق چېچىپ، ئوتنى بىرقانچە يەردىن تەڭ قويايلى.

يامغۇر توختىغانىدى. شامال ئارىلاش كۈچەيگەن سوغۇق تۈن. شىرىن ئۇيقۇدا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان قوتاندىن ئۆتەتتى. شېرىن ئۇيقۇدا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان قوتاندۆڭ ئېچىنىشلىق بىر نالە - پەريادتىن چۆچۈپ ئويغاندى. قوتاندۆڭلۈكلەر ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تەستە ئۇۋۇلاپ ئېچىشىپ تالاغا

شۇنداق بىر قارىۋېتىپلا چۆچۈپ كېتىشتى. يېزا باشلىقىنىڭ چېدىرى — بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىنەم ئېچىشقا رەھبەرلىك قىلىش قوماندانلىق ئىشتابى جايلاشقان چېدىر ئاجايىپ دەھشەتلىك ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغانىدى. لاۋۇلداپ يېنىپ، دولقۇندەك تولغىنىپ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن پۈتكۈل قوتاندۈڭ كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى.

— بولۇڭلار، ئوت ئۆچۈرگىلى بارايلى.

قوتاندۆڭلۈكلەر داس - چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە ئوت كەتكەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

— تېز بولۇڭلار، ئوتنى ئۆچۈرۈۋالايلى.

— يېزا باشلىقى تېخىچىلا چېدىرىنىڭ ئىچىدە.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىسىلەر، دەرھال سۇ ئەكېلىڭلار، سۇ!

— سۇ! سۇ! سۇ!

ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر دەرھال داس - چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دەرياغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. دەريا بويىغا كېلىپ نېمە قىلارنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى، دەريادا بىر تامچىمۇ سۇ يوق ئىدى. دەريا ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەنىدى.

شۇنداق، دەريا قۇرۇپ كەتكەنىدى. دەريادىن ئىلگىرىكى شوخ، ئەركىن ئاھاڭلار، ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق سادالار ئاڭلانمايتتى. مۇڭلۇق شارقىراشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى، ئۇنىڭدا يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. دەريادا بىر تامچىمۇ سۇ يوق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ئوسمان باغراش

# چوغلۇق قوم

ھەر يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرى، ئىيۇلنىڭ بېشىدىن باشلاپ تۇرپاندا «قوم پەسلى» باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا يوقىرىسى ئىلى، ئالتاي، چۆچەكتىن؛ ئوتتۇرىسى قاراماي، ئۈرۈمچى، كورلا؛ تۆۋىنى ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردىن بىر يىلدىن بۇيان تۇرپاننىڭ «قوم پەسلى»گە تەلپۈنۈپ، زارىقىپ كۈتكەنلەر ھەرقانداق مۇھىم ئىشلىرىنى تاشلاپ تۇرپانغا قاراپ ئاقىدۇ. مەملىكەتنىڭ ئىچكىرىسى ۋە چەت ئەلدىن كېلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ئايلاردا پۈتكۈل تۇرپان قاينام - تاشقىنلىققا چۆمىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقى گويا يېلىنجاپ تۇرغان غايەت زور چوغدانغا ئوخشاپ لاۋۇلدايدۇ. گاھى كۈنلىرى تېمپېراتۇرا قىرىق بەش گىرادۇستىن قىرىق يەتتە گىرادۇسقىچە چىقىدۇ. قىرىق ئىككى گىرادۇس، قىرىق ئۈچ گىرادۇس دېگەنلەر ئادەتتىكى گەپ.

تۇرپاننىڭ «يار»، «چاتقال» دەيدىغان يېزىلىرىدا غايەت زور ۋە پارچە - پارچە قوملۇقلار بولۇپ، بۇ جايلاردا قومنىڭ تېمپېراتۇرىسى يەتمىش گىرادۇستىن ئېشىپ كېتىدۇ. تۇرپاننىڭ «قومغا تۇخۇم كۆمسە پىشىدۇ» دەيدىغان چاغلىرى مانا مۇشۇ كۈنلەرگە ئېيتىلغان. بۇ يەرگە كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پۇت - قولى ئاغرىيدىغانلار، ئىچ - تېشىنى سوغۇق ئېلىپ كېتىپ، مىجەزى سۇسلاپ كەتكەنلەر بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر تۇرپاننىڭ ئاشۇ جان ئالغۇر قىزىق قومغا كۆمۈلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۇنداق كېسەللىرى ساقىيىپ كېتىدۇ. مىجەزىگە

يېقىپ قالغانلار ئۈچ ـ تۆت يىل، ھەتتا سەككىز ـ ئون يىل ئۇدا كېلىدۇ. قايسىبىر يىلى مەنمۇ تۇرمۇش ئۆگىنىش مەقسى-تىدە تۇرپانغا بېرىپ قالدىم. تۇرپاندىكى ئاغىنىلەر: «ئۇرۇمچى دېگەن يىغلاڭغۇ خوتۇندەك كۆزىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ، چى-پىلداپ يامغۇرلا ياغىدىغان يەر ئۇ، يەنە كېلىپ ئۇرۇمچىلىك-لەرنىڭ ئىچىشى پىۋا، يېيىشى سېرىق ئاش بىلەن شىرە چۆپ (راڭپىزا)، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەر كىشىنىڭ بۆرىكىنى سوۋۇتۇپ، ئىلىكىنى سىيرىيدىغان نەرسىلەر ئۇ! شۇڭىمۇ ئۇ-رۇمچىلىكلەر خوتۇندىن قورقىدۇ. لاپ ئۇرۇشقا چىڭ بولغان بىلەن خوتۇنغا بوش. ئۆزلەنگىمۇ ئۇرۇمچىدە ياشاۋاتقانلىرىغا خېلى زامان بولۇپ قالدى، ئۆزلەنگىمۇ مىجەزلىرى سۇسلاپ كەتتى بولغاي... كەلگەنلىرى ئامدان بوپتۇ، بىرنەچچە كۈن قۇمغا كۆمۈلسىلە، يېڭىباشتىن تۇغۇلغاندەك بولۇپ قالىدىلا، پەيلىرى چىڭىپ، تىزلىرىغا ماغدۇر كىرىدۇ، بەللىرىگە ئوغلاق تېرىسى ياپقاندەك قۇۋۋەتلىنىپ قالىدىلا... ئەر كىشىنىڭ بېلى-گە قىرقىمىغان ئالتە ئايلىق ئوغلاقنى سويۇپ، تېرىسىنى ئىسسىق پېتى يېپىپ بەرسە قانداق بولىدىغىنىنى ئامدان بى-لىدىغانلا؟ ئالتە ئايلىق ئوغلاق تېرىسى بىلەن يۇلغۇندا، بولمى-سا ئۈزۈك ئوتۇندا پىشۇرغان ئوغلاق گۆشى كاۋىپى دېگەن ئۇيغۇرنىڭ مېھرىگىياھى. ئامېرىكىنىڭ ۋىئاگراسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيدۇ. تۇرپاننىڭ قۇمىمۇ شۇ! مۇشۇ كۈنلەر-دە ھەپتە ـ ئون كۈن قورساقنى راسا توقلاپ قۇمغا كۆمۈلۈپ بەرسىلە، بەدەنلىرىدىكى پۈتكۈل چىركىن ـ زەھەرلەر تەر بىلەن ھەيدىلىپ، ئاغرىق ـ سىزلاق، غەلدە ـ غەشلەر پاك ـ پاكىز يوقايدۇ، قۇشتەك يەڭگىل بولۇپ كېتىدىلا، ھى ـ ھى... ئەر-كەك بۆرىنىڭ ئۆزىلا بولىلا... ئۇرۇمچىگە قايتىپ بارسىلا خو-تۇنلىرى تۇرپانغا يەنە بىر بېرىپ كەلسىلە بوپتىكەن، دەيدىغان بولىدۇ. راست گەپ جۇمۇسىلا بۇ!» دېگەندەك چاقچىقى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېنى كۆتۈۋالدى ھەم ئەتىسىلا مېنى يار يېزىسىدىكى «قۇم سانا-تورىيەسى»گە ئاچىقتى ۋە ساناتورىيە باشلىقىغا: «بۇ ئېغىنىمىز يازغۇچى، بۇ ئېغىنىمىزنى ياتاقنىڭ ئالىيسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاماقنىڭ نوچىسىنى يېدۈرۈپ، قۇمنىڭ پاكىز يېرىگە كۆمۈپ، قول بالىسى قىلىپ داۋالاپ قويسىلاچۇ!» دەپ تاپشۇردى.

شۇنداق قىلىپ، مەنمۇ تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ھەر مىل-لەت، ھەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەر بىلەن ئىككى ئايلىق «قۇملۇق ماكان پۇقرالىرى»نىڭ بىرسى بولۇپ قالدىم (ئاۋ-غۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن قۇمنىڭ تېمپېراتۇراسى تەدرىجي تۆۋەنلەپ قۇمنىڭ داۋالاش كۈچى ئاجىزلايدىكەن. ئۇ-نىڭدىن كېيىن بولسا تۇرپاندا «ئۈزۈم سەيلىسى»، «كارىز سەي-لىسى» ۋە قەدىمي مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى سەيلە - ساياھەت قىلىش باشلىنىپ، قۇمغا كۆمۈلۈشكە كەلگەنلەر تارقايدىكەن).

* * *

تۇرپاندا كۈن بالدۇر چىقىدۇ. مەن ئادەتتە كۈندىن بۇرۇن تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭا، بالدۇر ئويغىنىپ كەتتىم ۋە يۈز - كۆزۈمنى ئاندا - مۇندا يۇيۇپلا ياتاقتىن چىقتىم. باشقا ياتاقتى-كىلەر ھەم ساناتورىيەنىڭ ھويلىسىدىكى ئۈزۈم تەكلىرىنىڭ ئاستىغا راسلانغان كارىۋات - پەچكۈم (بەنچاڭ)دا ئۇخلاۋاتقانلار تېخى ئويغانمىغانىدى. ئۈزۈم بېدىشى بىلەن چۈمكەلگەن ساناتو-رىيە قورۇسىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. تاڭ تېخى تولۇق يو-رۇمىغانىدى. تەكلەر ئارىسىدا پىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن ئاق قۇشقاچلارنىڭ زوق - شوق بىلەن سايراشلىرى كىشىگە بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرەتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردە پاخ-تەكلەرنىڭ گۇگۇلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. پاختەكلەرنىڭ گۇگۇلاشلىرىنى ئاڭلىسىلا مېنى ئىختىيارسىز كۆلكە قىستاي-

دۇ. چۈنكى، پاختەكنىڭ گۇگۇلىشى ئۇيغۇر تىلىدىكى «خوتۇند-
دىن قورقىدۇ» دېگەن گەپكە ئەينەن ئوخشايدۇ. بىز كىچىكى-
مىزدىنلا چوڭلارنىڭ پاختەكنىڭ ئاشۇ «سۆزلىرى»گە باغلىق
چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان. چوڭلار «پاختەك شۇنداق
راست سۆزلەيدىغان قۇش بولغىنى ئۈچۈن، ئاللا پاختەكنى ئەر-
كەك بەندىلىرىم خوتۇنلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالمىسۇن، سەن
ئۇلارنى پات - پات ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغىن، دەپ يەر يۈزىگە ئە-
ۋەتكەن. كىمنىڭ بېغىدا پاختەك سايرىسا، شۇ باغنىڭ ئىگى-
سى، قايسى ئۆينىڭ تېمى ياكى پېشايۋانىغا پاختەك قونۇپ ساي-
رىغان بولسا شۇ ئۆينىڭ ئىگىسى خوتۇنىدىن قورقىدىغان ئەر
ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. خوتۇنىدىن قورقمايدىغان، مەيدىسىدە
ئەركەك تۈكى بار ئەرلەرنىڭ ئۆي ياكى باغلىرىغا پاختەك قون-
مايدۇ» دېيىشىپ، ئۆزئارا چاقچاق قىلىشىدۇ، ھەتتا كىچىك
ئوغۇل باللارمۇ «سېنىڭ بېغىڭغا پاختەك قونۇپتۇ، چوڭ بول-
ساڭ خوتۇنىدىن قورقىدىغان بىلى بوش بولغۇدەكسەن» دېيى-
شىپ چاقچاقلىشىدۇ. توۋا، ئۇيغۇر دېگەن ئاجايىپ بىر خەلق -
دە! ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ ھەرقاندىقى مەيلى قېرىسى ياكى
ياشلىرى بولسۇن، مەيلى دۆلەتمەن ياكى كەمبەغەل بولسۇن يا-
كى موللا - ئاخۇندىن تارتىپ، زىيالىي، ئالىي دەرىجىلىك كا-
دىر، ئاشپەز، ناۋاي، ياماقچى، كاۋاپچى، دېھقان بولسۇن، كۆڭلى
يېقىنلىرىنى تاپقاندا ئەر - خوتۇنچىلىق توغرىسىدا ئىككى ئې-
غىز چاقچاقلىشىۋالمىسا، كۇلۇشۇۋالمىسا خۇمارىدىن چىقمايدۇ.
بولۇپمۇ خوتۇنىدىن قورقماسلىقنى ئەرلىك بەلگىسى قىلىۋالغان
ئۇيغۇرلار خوتۇنىدىن «قورقىدىغان»لارنى تاپقاندا چاقچاقتا يۆلەپ
«ئۆلتۈرىدۇ». بەزى مەخسۇس چاقچاق سورۇنلىرىمۇ بۇ خىل
چاقچاق ئارىلاشمىسا قىزىمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئەڭ قىيىن، ئەڭ
ئېغىر كۈنلەردىمۇ چاقچاق بىلەن، بولۇپمۇ ھېلىقىدەك ئەر -
خوتۇنچىلىق، يەنە كېلىپ خوتۇنىدىن «قورقىدىغان» ياكى

«قورقمايدىغان»لىق توغرىسىدىكى چاقچاق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ، تەسەللى بېرىدۇ. تونۇ-گۇنكى تورپانلىق ئاغىنىلەرنىڭ ھە دېمەيلا ماڭا ھېلىقىدەك چاقچاقلارنى قىلىشى دەل ئاشۇ سەۋەبتىن. شۇنداقتىمۇ، ئۇي-غۇرلار بۇنداق چاقچاقلاردا بەك سورۇن تاللايدۇ، ئادەم تاللايدۇ. سورۇندا ئۇلارنىڭ خىلى بولمىغانلار ھەرگىز بۇنداق چاقچاقلار-نى قىلىشمايدۇ. پەقەت ھەممىلا كىشى ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەنلا بۇنداق چاقچاقلارنى قىلىشالايدۇ. قىلغاندىمۇ شۇ قەدەر يوشۇ-رۇن، مەنىلىك، ئىلمىي، لېكىن ئىنتايىن قىزىقارلىق قىلىپ ئېيتىشىدۇ. بۇنداق چاقچاقلارنىڭ غىدىقلاش كۈچى شۇنداق كۈچلۈككى، ھەرقانداق قاپىقى يامان، چاقچاق بىلمەيدىغان قا-پاقباشلارنىمۇ كۈلدۈرۈۋېتىدۇ. مەن ساناتورىيەنىڭ ئارقىسىدىكى چاتقاللىق ئىچىگە مۆكۈۋالغان چىغىر يول بىلەن ئەتراپنى تا-ماشا قىلغاچ، ئىككى - ئۈچ يۈز مېتىر نېرىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان غايەت زور قۇملۇق تۆپىلىككە قاراپ يول ئالدىم.

تېخى قاراڭغۇلۇق تولۇق تارقاپ بولالماي، ئالەم تېخى خىرە - شىرە بولۇپ ئۇگەدەپ ياتقىنىغا قارىماي، ھاۋا خېلىلا ئىللىق ئىدى. يەنە كېلىپ ھاۋا شۇ قەدەر ساپ، شۇ قەدەر مۇلايىم ۋە شۇ قەدەر يېقىشلىق ئىدى. ئەتراپتىكى كۆجۈم باغلاردىن تېخى ئەمدىلا چېكىلىشكە باشلىغان ئۈزۈملەرنىڭ دىماقنى يارغۇدەك شېرىن ھىدى، قوغۇنلۇق، تاۋۇزلۇقلاردىن كېلىۋاتقان شىرنى-لىك پۇراقلار گۇپۇلدەپ، ئەتراپنى، كۆڭۈللەرنى قۇۋاندۇرۇپ، ئىشتىھانى غىدىقلايدىغان خۇش ھاۋاغا تولدۇرغانىدى.

چاتقاللار ئاخىرلاشتى، ئاياغ ئاستىمدىكى چىغىر يول ھەيۋەت بىلەن كېرىلىپ ياتقان قۇملۇق تۆپىلىككە ئۇلاشتى. مەن ئادەم-لەر كۆمۈلۈش ئۈچۈن قوغۇن چۆنەكىدەك كولاپ، ئىككى تەرد-پى قەبرىدەك قۇم يۆلەپ قويغان قۇم باغرىغا ئاياغ باستىم ۋە قۇملۇقنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا قاراپ كۆتۈرۈلدۈم. تورپاد-

نىڭ قۇمى كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپتا كۆيگەنلىكتىنمۇ قارامتۇل كۇل
رەڭ بولىدىكەن. ماۋۇقتەك يۇمشاق قۇمغا دەسسىسە، كىشى ئۆ-
زىنى خۇددى پاختا دۆۋىسىنى دەسسەپ تۇرغاندەك سېزىدىكەن.
قۇملۇقنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ھەر خىل رەڭدىكى چوڭ ـ كى-
چىك كۇنلۇكلەر تاشلىنىپ ياتاتتى، بۇلار قۇمغا كۆمۈلگەنلەر-
نىڭ ئۆز پاسىللىرىغا قويغان ئىرۇ ـ بەلگىلەر بولسا كېرەك،
چۈنكى ئادەملەر كۆپ بولغاچقا، بەزىدە قۇمغا كۆمۈلگۈدەك ئەپ-
لىك ئورۇنمۇ قالماسىمىش. تۆپىلىككە يەتتىم. يۇمشاق قۇمغا
دەسسەپ ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلمەك ھەقىقەتەن قىيىن ئىكەن.
ئاياغ ئاستى يۇمشاق بولغاچ، ئاياغلار پېتىۋالغاچقا، قاتتىق يەر-
گە قارىغاندا ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە ئارتۇق كۈچىنىشكە توغرا
كېلىدىكەن. تۆپىلىككە يەتكۈچە خېلىلا زورۇقۇپ، ھاسىراپ
كەتتىم. چېكەمدىن ئۇششاق تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ چىقتى.
بۇنداق ئېگىز قۇمغا چىقىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى قولغا تەي-
لىكىرەك تاياق ئېلىۋېلىش كېرەك ئىكەن، دەپ ئويلىدىم.

قۇم مەھەللىدىن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. شۇڭا، ئەتراپ-
نى ئالىقاندا كۆرگەندەك تاماشا قىلغىلى بولاتتى. ھارغىنىدىم،
يۇمشاق قۇمغا ئولتۇرۇپ، دېمىمنى ئالغاچ ئەتراپقا نەزەر سال-
دىم. ئەتراپ يېشىل نۇر ئىچىدە كۆمۈلۈپ ياتقان ياپيېشىل
دۇنيا ئىدى، ھەممىلا يەردە تەك، ھەممىلا يەردە باغ ئىدى. ھەم-
مىلا يەردە كۆككە بوي سوزغان كۆك تېرەك — ناھايىتىمۇ ئې-
گىز ئۆسۈپ باجغانلاپ كەتكەن زەبەردەس، قامەتلىك ۋە قاۋۇل
كۆك تېرەكلەر مەڭگۈلۈك بوران ـ قۇمغا، جان ئالغۇر ئىسسىققا
تىز پۈكمەس، قۇۋناق ۋە جۇشقۇن ھاياتنىڭ سىيماسىدەك، كى-
شىنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل ئۇلۇغۋارلىق، بۈيۈكلۈك ۋە ھۆرمەت
تۇيغۇسىنى قوزغايتتى. تارقىم ـ تارقىم باغلار ئىچىدە ئاران ـ
ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان دېھقان ئۆيلىرىنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن كۆ-
تۈرۈلۈشكە باشلىغان ئوتۇن ـ ياغاچ ۋە كالا تېزەكلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆكـۆچ ئىسلىرى مانان بولۇپ مەھەللە ئۈستىدە لەيلەپ، باغلاردىن ئەلەڭگىپ تۇرغان يېشىل دولقۇن بىلەن قوشۇلۇپ، كۆك باغرىغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كېتەتتى. مەھەللىنىڭ كۈنپېتىشىدا كەڭرى كەتكەن قاقاس دالا كۆزگە تاشلىنىپ، سارغىيىپ ياتاتتى. ئاشۇ باياۋاننىڭ گىرۋىكىدە قاتار - قاتار كەتكەن كۈنگۈرە - پەنجىرىلىك ئۈزۈم قۇرۇتىدىغان چۇنچە ئۆيلەر چىرايلىق گۈگۈت قېپىدەك تىزىلىپ ياتاتتى.

تۇرپان دېھقانلىرى ئورنىدىن سەھەر تۇرىدۇ. ئۇلار چاي ۋاقتىغىچە بىر كۈنلۈك ئىشنىڭ يېرىمىنى ئورۇنلىۋالىدۇ. ھاۋا - جاھان قىزىپ كەتكەندە بولسا باغ سالقىنىدا ياكى كارىز باغرىدا، ئىشقىلىپ، جېنىغا ئارام بېرىدىغان سۆرۈن - خىلۋەتتە قىزىق چاي ئىچىپ ۋە ياكى مۇزدەك كارىز سۈيى بىلەن ئۆزلىرى ئۇيۇتۇۋالغان قېتىقتا دوغاپ قىلىپ ئىچىپ، شېرىن جانلىرىنى پەرۋىش قىلىشىدۇ.

كۈنچىقىش تەرەپ ئاقىرىپ كەلمەكتە ئىدى. يىراقلارغا سوزۇلۇپ، كۆجۈم - كۆجۈم باغلاردەك توپ - توپى بىلەن ئۇپۇق سۆيۈپ لەيلەپ تۇرغان ئاقۇچ بۇلۇتلارنىڭ ئاستىنقى گىرۋەكلىرىگە، كېيىن بولسا ئەڭ يۇقىرىسىدىكى تۆگە لوكىسىدەك تورۇم - تورۇم قىرغاقلىرىغا كۈمۈش سۈيىدە ھەل بەرگەندەك بىر خىل چاقناق، سۇزۇك ئاق نۇر سىڭىشتى. بۇلۇتلارنىڭ جىيەكلىرى نۇر چاچمىسىدىن يالتىراپ كەتتى. ھە دېمەيلا بۇ ئاق نۇر باشتا ئاچ سېرىق بولۇپ، ئارقىدىنلا سۇس بىنەپشە رەڭگە ئۆزگەردى. ئالمىنىڭ ئاپتاپ تەگكەن يۈزى ھال رەڭ بولۇپ، ئاپتاپ تەگمىگەن يۈزى يېشىل پېتى تۇرغاندەك، كۆكنىڭ كۈن تۇغۇش پارچىسى قىزغۇچ ھال رەڭدە، كۈنپېتىش پارچىسى بولسا كۆك تاشتەك كۆكىرىپ سوزۇلۇپ چاراقلاپ كەتتى...

ھايت - ھۇيت دېگۈچە قوياش باشتا قىزنىڭ ئىنچىكە ۋە ئەگىم قېشىدەك بولۇپ، كېيىن يېڭى ئاينىڭ ئەگۈچ سىياقىغا

ئۆزگىرىپ، كۆن گەردىشى ئۇپۇق باغرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چى-قىشقا باشلىدى ۋە يەنە ئىنتايىن تېزلىكتە، خۇددى كىمدۇر بىرسى ئۇنى تۆۋەن تەرىپىدىن كۈچ بىلەن يۇقىرىغا ئىتتىرىپ دەس كۆتۈرۈۋاتقاندەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. دەم ئۆتمەي تولۇقى بىلەن تولغان كۈن گويا تەختىدىن تۇرۇۋاتقان ياش خاقاندەك كاتتا ھەيۋەت، قالتىس سەلتەنەت ۋە غايەت سۇرلۇك قىياپەتتە كۆتۈرۈلۈپ، كۆك يۈزىنى تۈگەل ئىشغال قىلدى. ئېكىنزار، ئۈزۈمزار، ئورمانلار، باغباراڭ، ھويلا - ئاران، كوچا - كوي، مەھەللە - يۇرت، قۇملۇق - باياۋانلار ھەممىسىلا پارلاق ۋە چىرايلىق كۈننىڭ كەرەملىك ئالتۇن نۇرىغا كۆمۈلدى. گېپىمۇ قىزىق، ئۈزىمۇ قىزىق تۇرپاننىڭ چوغلۇق ۋە قۇۋۋانچىلىق بىر كۈنى مانا مۇشۇنداق باشلاندى. ھازىر قۇمغا كۆمۈلۈشكە تېخى بالدۇر. قۇم قىزىغۇچە يەنە بىر - ئىككى سائەت بار ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ راسا بىر كېرىلىۋالدىم - دە، پەسكە قاراپ ماڭدىم.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ساناتورىيەدىكىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن قۇملۇق تەرەپكە جۆنەشتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. ساناتورىيە ئىشىكىدىن چىقىسىلا كوچا ئىدى. بۇ مەھەللىدە كوچىغا توپ - توپ ئادەم، ئات - ئېشەك ھارۋىلىرى، چوڭ - كىچىك ماشىنا، تىراكتور، ئاپتوبۇس، مىنىبۇس دېگەنلەر لىق توشقانىدى. بۇ بىر كىچىك-كىنە يېزا بازىرىنىڭ كوچىسى بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە غۇچ-چىدە باغلىق ھويلا - ئاران، دۇكانلار جايلاشقانىدى. كوچا ئەس-لىدىلا يېزىغا خاس تار ئېلىنغان بولۇپ، قۇم پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۇتاش ۋاقىتلىق دۇكان - ئاشپۇزۇللار سېلىنىپ، كوچا تېخىمۇ تارلىشىپ كەت-كەنىدى. ماشىنا، تىراكتورلارنىڭ سىگنال ئاۋازى، ئادەملەرنىڭ ھايقىرتىشلىرى، ھارۋىكەش، شوپۇرلارنىڭ قوپال جېدەلەشلە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رى، ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ ئادەملەرنى زاڭلىق قىلغاندەك مەس-
خىرىۋازلارچە ھاڭراش ـ كىشنەشلىرى، يەنە كېلىپ كوچىنىڭ
ئىككى قاسنىقىنى تولۇق ئىگىلىۋالغان يايمىكەش چار بازار-
چىلار، مىلىچمالچىلار، ئاشپەز ـ ناۋاي، باققال ـ دوغاپچىلار-
نىڭ، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت ساتقۇچىلارنىڭ ئاۋازد-
نى قويۇپ بېرىپ خېرىدار چاقىرىپ بولۇشىغا توۋلاشلىرى بى-
لەن كىچىككىنە بازار قۇلاق پاڭ بولغۇدەك دەرىجىدە شاۋقۇنلاپ
كەتكەندى. بىلىشىمچە، بۇ يەردىكى بۇنداق قايناقلىق قۇم
پەسلىدە ئىككى ئايلا داۋاملىشىدىكەن، «قۇم پەسلى»دىن كېيىن
بولسا بۇ يەر ئورۇمچىدە پۇلغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان بىر
خىل جىمجىتلىققا چۆمىدىكەن. مەن ئوتتۇز ـ قىرىق مىنۇت
ھەرەج تارتىپ ئاران دېگەندە كوچىنىڭ قۇم تەرىپىگە چىقىۋال-
دىم. ئاڭلىسام، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئۈچ پارچە قۇملۇق بولۇپ،
بىرسى «قەھرىمانلار قۇملۇقى» دېيىلىدىكەن. بۇ قۇملۇق ناھا-
يىتى زور ۋە ئېگىز بولۇپ، چىقىپ ـ چۈشمەك قىيىنراق ھەم
تېمپېراتۇرىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئادەتتە
ئىسسىقتىن ھەم ئاشۇ ئېگىز قۇم چوققىسىغا چىقىشتىن
قورقمايدىغان كىشىلەرلا چىقىدىغىنى ئۈچۈن شۇ نام قويۇلغا-
نىكەن. مەن ئەتىگەن چىققان قۇم دەل ئاشۇ «قەھرىمانلار قۇم-
لۇقى» ئىكەن. يەنە بىرسى «ھۇرۇنلار قۇملۇقى» بولۇپ، نىسبە-
تەن پەسرەك ئىكەن، بۇ قۇم مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ،
ئۆيدىن چىقىسىلا ئاشۇ قۇملۇققا ئاياغ باسىدىكەن. ئارىلىق يې-
قىن ۋە چىقىپ ـ چۈشمەك ئوڭاي بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يەرگە
جاپا تارتىشنى ئۈنچە خالىمايدىغانلار چىقىدىكەن ۋە ھەقسىز
ئىكەن. شۇڭا، بۇ قۇملۇق ئاشۇنداق ئاتىلىپتۇ. ئۈچىنچىسى
«ئاشىق ـ مەشۇقلار قۇملۇقى» بولۇپ، بۇيەر چەت ۋە خالىيراق،
مەھەللىنىڭ تېشىدىكى چۆللۈككە يانداش ئىكەن. بۇ يەرگە ئا-
دەم كۆپ بارمايدىكەن، پەقەت ئانچە ـ مۇنچە ئىچ پەش تارتىشى-

دىغان ئوغۇل - قىز، ئەر - ئاياللار بارسا كېرەك. ئەگەر قۇملۇق ئاشۇنداق ئۈچ يەردە بولمىسا، بىر پارچە قۇملۇق بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى ئەلۋەتتە سىغدۇرالماس ئىدى.

مەن قۇم تەرەپكە ئاققان مالىمانغا ئەگىشىپ ئەتىگەن ئۆزۈم چىققان «قەھرىمانلار قۇملۇقى»غا قاراپ ماڭدىم. كوچا - كويلاردىن، مەھەللە - ئارانىدىن تۇركۇم - تۇركۇم بولۇپ چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەسلىدە ئۇلار مېھمانخانا ۋە ساناتورىيەنى ئەپسىز ۋە قىممەت كۆرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى قونالغۇ قىلغانلار ئىكەن. بۇ يەردە ھەممىلا دېھقان «قۇم پەسلى»دە ھويلا - ئارانلىرىغا پەچكۇم، كارىۋات ۋە سۇپا راسلاپ مېھمان كۈتىدىكەن. بۇنداق قونالغۇلارنىڭ پۇلى بەك ئەرزان بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك بەك قولاي بولىدىكەن ھەمدە ئۆي ئىگىسى مېھمانلارنى ھارۋىسى بىلەن قۇمغا ئاپىرىپ - ئەكېلىپ قويىدىكەن تېخى!...

شۇنداق قىلىپ، ئاخىر قۇملۇققا يېتىپ كەلدىم. بۇ يەر ئابايا مەن كۆرگەن مالىمان بازاردىنمۇ ئاۋات بىر «قىزىق بازار»غا ئايلانغانىدى. قۇملۇق يۈزىنى رەڭگارەڭ كۈنلۈكلەر قاپلىغان بولۇپ، قۇمغا كۆمۈلىدىغانلار بېشىنى ئاپتاپتىن قاچۇرۇپ كۈنلۈك ئاستىغا تىقىپ، بەل ۋە ئاياغ تەرىپىنى قۇمغا كۆمۈشۈپ ھەرەڭ - سەرەڭ يېتىشىپ كېتىپتۇ. يېڭى كەلگەنلەر تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ، ئۆزلىرىگە كۆمۈلىدىغان يەر ئىزدەش، يەر راسلاش بىلەن ئالدىراش ئىكەن. شۇنچە زور قۇملۇقنىڭ ئۈستىنى قاپلاپ چۈمۈلىدەك قىمىلداپ كەتكەن ئادەملەرگە قاراپ، بۇ يەرنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە جانغا راھەت جىمجىتلىقى بىلەن مېنى سۆيۈندۈرۈپ ھاياجانلاندۇرغان قۇملۇقنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدىم.

ئاخىر، مەنمۇ ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئىزىنى بېسىپ قۇملۇقنىڭ چوققىسىغا قاراپ ئاستا - ئاستا ئۆرلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈن قىيامىغا يەتكەندى. ئاياغ ئاستىمدىكى قۇم ھېلىلا گۈپپىدە ئوت ئالىدىغاندەك لاۋۇلداپ كەتكەندى. مەن گويا قۇمغا ئەمەس، چوغقا دەسسەپ كېتىۋاتىمەن. شۇنچە قىلىن ئاياغدىمۇ پۇتنىڭ ئالىقىنى چوغلۇق قۇم تەپتىدىن پۇچىلىنىدۇ. ھە دېمەيلا باش - كۆزۈمدىن قۇيۇلۇشقا باشلىغان ئاچچىق تەردىن كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم. تەرلەرنى سۈرتۈپ ئۆلگۈرەلمەيتتىم. مەن ئەتراپىمدىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان ئادەملەرگە قاراپ ھەيرانۇھەس بولدۇم. ئۇلار يېرىم يالىڭاچ بولۇپ چوغدەك قۇمغا كۆمۈلۈپ بەخىرامان ياتاتتى. ئۇلارنىڭ قانداق چىداۋاتقاندىلىقىغا ئەقلىم زادى يەتمىدى. مەن قۇم تۆپىسىگە يامىشىۋېتىپ، ئىسسىق ئازابىدىن قۇم چوققىسىغا يېتىپ بارالىشىمغا كۆزۈم يەتمەي قالدى. يېنىپ چۈشمەكچى بولدۇم. لېكىن، يەنە ئەتراپىمدىكى ئاشۇ قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان ئادەملەرگە قاراپ، ئۆزۈمنى بوشاڭلىقتا ئەيىبلەپ، لېۋىمنى چىشلەپ يۇقىرىغا قاراپ يامىشىۋەردىم. يالىڭاچ ئادەملەر قۇمغا ئەمەس، چوغ - چوغقا كۆمۈلۈپ يېتىپ چىدىغان يەردە، مەن كىيىمىم بىلەن مېڭىشقا چىدىمىسام - ھە، دەيتتىم ئىچىمدە ئۆزۈمگە كۈچ بېرىپ.

ئۇنى دېمەڭ، بۇنى دېمەڭ، بىلەن ئاخىر چوققىغا يامىشىپ چىقتىم. يامىشىپ چىقماق جاپا بولغىنى ئۇچۇنمىكىن، بۇ يەردە ئادەملەر شالاڭراق ئىكەن. مەن ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىمچە جايىمدا ئازراق تۇرۇپ، دېمىمنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ساناتورىيەدىن ئىجارىگە ئالغان چوڭ كۇنلۇكۇمنى بوش يەرگە قاداپ، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئەسكى چاپاننى تاشلىغاندەك ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

يۈرىكىم كۈچ بىلەن دۈكۈلدەيتتى، تىنىقىم ئۇلاشمايتتى. تەرنىڭ دەستىدىن كىيىم - كېچىكىم چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. مەن كۆزۈمنى مەھكەم يۇمۇپ، ھېچ نەرسىنى ئوي-

لىماسلىققا تىرىشىپ سۇنايلىنىپ جىمجىت ياتتىم. مېڭەمنىڭ ئىچىدە جان ئالغۇر ئاپتاپنىڭ قىزىقىدىن ئۆزگە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. مېڭەمنىڭ ئىچى ھېلىمۇ پورۇقلاپ قايناۋاتقاندەك، پۈت-كۈل سەزگۈ ئەزالىرىم پەقەت بىرلا ئۇچۇرنى، يەنى: «قىزىق، چوغدەك قىزىق... دەھشەت قىزىق!...» دېگەن كۆيدۈرگۈ بىر مەنىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئۆزۈمنى بىردىنلا قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم — پۈتۈن ئەتئۆزۈم ئۇگە - ئۇگىسى-دىن يۇمشاپ، مېنى بىر تەگسىز ھالسىزلىق كېلىپ قۇچتى. مەن كۈنلۈكنىڭ ئاستىدا كۆزۈمنى يۇمۇپ ياتقان بولساممۇ، خىيالىمدا ئۆزۈمنى ياپپالىڭاچ ھالەتتە، ناھايىتى، ناھايىتى ئې-گىز دە، كۆيدۈرگۈ كۈنگە تولىمۇ يېقىن بىر جايدا، چوغدەك قى-زىپ كەتكەن بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە كۈنگە قاقلىنىپ ياتقاندەك تۇ-ياتتىم. مەن زورۇقۇپ قولۇمنى مىنېرال سۇ سېلىنغان سومە-كامغا ئۇزارتتىم، ياتاقتىن چىقىشىمدا بەش - ئالتە بوتۇلكا مىنېرال سۇ ئېلىۋالغانىدىم. سۇدىن غىق بولغۇچە بىر ئىچتىم - دە، سەلگىنە ئارامىمنى تاپقاندەك بولدۇم. ئابايا تېخى ئۈيۈل مۇز بولۇپ قاتقان مىنېرال سۇ بىردەمنىڭ ئىچىدە ئېرىپ بوپ-تۇ. شۇنداقتىمۇ، سۇ مۇزدەك ئىدى. بىر بوتۇلكا مۇزدەك مى-نېرال سۇ كۆيۈۋاتقان ئەتئۆزۈمنى، بولۇپمۇ يېلىنجاپ كۆيۈۋات-قان، ئارامسىزلىنىۋاتقان يۈرىكىمنى بىردىنلا سەگىتىپ، پو-رۇقشىپ قايناۋاتقاندەك بىلىنگەن قانلىرىمنى سوۋۇتتى. تېشىم كۈچلۈك ھارارەتتىن كۆيۈپ پۈچىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئىچ - باغ-رىم بىر ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز راھەتلىنىش ئىچىدە ياشىرىپ - يايراپ كەتتى. شۇ ھامان كۆزلىرىم ئۆتكۈرلىشىپ، ئىسسىقنىڭ قىينىشىدىن خامۇشلانغان سەزگۈم ئېسىنى تاپتى، تەپەككۇرۇم بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. شۇ چاغدا كۆڭلۈمگە باياۋاندا تەشنا-لىق ئىچىدە جېنىدىن ئايرىلغانلار ئۆلۈم ئالدىدا خۇددى ئابايا مەن بېشىمدىن كەچۈرگەن بىر خىل ئازاب ئىچىدە جان بېرىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

كەن ـ دە، دېگەن خىيال كەچتى. مەن قولۇمدىكى بوتۇلكىنى
تىل بىلەن ئېپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل ھېسسىياتتا مەھكەم
قامالاپ، بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە كۆيدۈرگۈ كۈن نۇرىدىمۇ شوخ-
لۇق بىلەن قىمىرلاپ كۆز قىسىپ تۇرغان سۇزۇك سۇغا ئاجا-
يىپ بىر چوڭقۇر مۇھەببەت، تېۋىنىش تۇيغۇسىدا تىكىلىپ قا-
رىدىم. ئاھ، سۇ! سۇ بولمىسا بۇ ئالەم، بۇ ھاياتلىق، بۇ يەر-
زېمىن، بۇ ئادەملەر قايسى كۈنگە قالار ـ ھە؟! يەر شارىدىكى
ھەربىر ئادەم مانا مۇشۇ شۇ قەدەر ئاددىي، لېكىن شۇ قەدەر
كۆز كۆرۈ ۋە شۇ قەدەر شەپقەتسىز ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشمە-
مىز كېرەك ئىدىغۇ؟ قانچە كۆپ ئادەم قانچە بالدۇر تونۇپ يەت-
سە شۇنچە ياخشى بولار ئىدى ـ ھە؟! مەن چوڭقۇر خىيالغا پې-
تىپ، ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتتۈم، مۇشۇنچىۋالا ئادەم بۇ قۇمغا
يىراق ـ يىراقلاردىن، يىراق دېمەي، جاپا دېمەي نېمىدەپ كېلە-
دۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ چوغلۇق قۇمنىڭ جان ئالغۇر ئىسسىقىغا
جان سۇرە تىكلىنىپ، چىداپ ئۆزلىرىنى چوغ قوينىغا كۆمۈ-
شىدۇ؟ مۇشۇنچىۋالا قاتتىق «دوزاخ ئازابى»نى ئۆز ئىختىيارلىقى
ۋە ئەڭ زور چىدام كۈچى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ؟

بۇ ناھايىتى ئاددىي — سالامەتلىك ئۈچۈن! ساغلاملىق ئۈ-
چۈن! ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن! ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆ-
رۈش ئۈچۈن!

لېكىن... لېكىن ھەممىمىز كۈندىلىك تىرىكچىلىكىمىزدە
ھاۋانى، سۇنى، تۇپراقنى، چۆپ ـ چېچەك، دەل ـ دەرەخ، ئۇ-
چارلىق ـ تىنارلىقلار... نى قانچىلىك قەدىرلىدۇق، قانچىلىك
ئاسرىدۇق، قانچىلىك قوغدىدۇق؟ ھەتتا ئۇنىڭ ئەكسىچە بىلىپ ـ
بىلمەي ۋە گاھىدا ئۆزىمىزنىڭ نەپسى ـ بالاسى، تەلەپ ـ ئېھ-
تىياجى، ئارزۇ ـ ھەۋىسى ئۈچۈن قانچىلىك ھاۋانى، قانچىلىك
سۇنى، قانچىلىك يەرنى، قانچىلىك چۆپ ـ چېچەك، دەل ـ دە-
رەخ، ئۇچارلىق ـ تىنارلىقلارنى ھالاك قىلدۇق، بۇلغىدۇق،

بۇزدۇق، يوقاتتۇق؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان غەلىتە، ساقايماس، بىر ئۆمۈر قىيناغۇ كېسەللىك-لەر قانچىلىغان ساغلام ئەقىل ۋە ساغلام تەنلەرنى كاردىن چى-قاردى؟ ئۆلگەنلەر ئۆلدى، ھالاك بولغانلار بولدى، مانا ئەمدى تىرىكلىرىمىز ئولتۇرساق - قوپساق ساقلىقىمىزدىن ۋەھىمە قىلىپ، پايدا قىلىدۇ دېسە غازاڭنىمۇ يەيدىغان، قان - تەر بى-لەن ياراتقان جۇغلانمىمىزنى دوختۇرخانا بىلەن دورىخانىغا ئې-تەكلەپ تۆكۈپ بېرىدىغان، كېسەل ساقىيىدىكەن دەپ ۋايجان - ۋاييەيلەپ ئىڭراپ تۇرۇپ، قوقاس قۇمنىڭ باغرىغا، چوغلۇق قۇمنىڭ قارنىغا تىقىلىدىغان بولدۇق؟ كېسىلىمىزگە شىپا، دەردىمىزگە داۋا تاپىمىز دەپ جان ئاغرىقىدا بۇ يەرگە كېلىپ، تىرىك ھالەتتە دوزاخ ئازابىنى كۆرۈۋاتقان مۇشۇنچىۋالا ئادەم-نىڭ قانچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئانا تەبىئەت ئالدىدا ئۆتكۈزگەن كەچۈرگۈسىز خاتاسى ھەمدە ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرى خارلى-غان تەبىئەتتىن مېھىر - شەپقەت تىلەۋاتقان بىچارە ھالىتى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا چىن يۈرىكىدىن ئويلىنىپ باقتىكىن؟! «ساڭا قاراپ، مەن»، «نېمە تېرىساڭ، شۇنى يىغىسەن» دېگەن ئاتا سۆزلىرىنى ئۇنتۇشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ۋە زور خاتالىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا قانچىلىك ئادەم نادامەت چېكىۋاتىدىكىن زادى؟!

مەن قۇم دۆڭىنى قاپلاپ كەتكەن كۈنلۈكلەرنىڭ سايىسىغا بېشىنى تىقىپ، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى ئوچۇقچىلىقتىكى چوغلۇق قۇمغا كۆمۈپ يېتىشقان ئادەملەرگە قاراپ بىرھازاغىچە خىياللىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم.

بۇ يەردە جەمئىيەتنىڭ ھەرقانداق قاتلىمىدىكى ئادەم تې-پىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشكەن-دى. قارىغاندا، بۇ يەردە ھەممىلا ئادەم باباراۋەر ئىدى. قۇم دە-رىجە ئايرىمايتتى. ياخشى - يامانىنى تاللىمايتتى. ھەممىلا ئادەم

قۇم ئالدىدا پەقەت «ئادەم» ئىدى. جەمئىيەتتىكى يۇقىرى، تۆ-ۋەنلىك، ئۇ يەرلىك - بۇ يەرلىك دېگەنلەر بۇ يەردە ئاقمايتتى.
ئادەتتە ئۇيغۇرلار ئوچۇقچىلىقتا، بولۇپمۇ يات ئادەم بار يەر-دە مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشنى بەك ئېغىر ئالىدۇ، بۇنداق ئادەم باشقىلارنىڭ نەزىرىدە باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، تەربىيە كۆرمىگەن ئەردەمسىز (ئەخلاق-سىز)، هاياسىز ئادەم قاتارىدا ئەيىبلىنىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ با-لىۋاقىسىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۇنداق يۈرۈشكە بولمايدۇ. لېكىن، بۇ يەردە، قۇمغا كۆمۈلگەنلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ھەرھالدا ئا-مالىنىڭ بارىچە ئاشۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىسىمۇ، يەنە خېلى كۆپ ساندىكى ئەرلەر پەقەت ئۇزۇنراق كالتە ئىشتان كىيىپلا، ئۇ-چىسىغا كۆڭلەك كىيمەي، ئولتۇرۇپ - قوپۇپ يۈرۈۋېرىدىكەن. بولۇپمۇ ياش يىگىتلەر شۇنداق ئىكەن. ھەتتا بەزى چوڭ ياشلىق ئاياللارمۇ ئۇچىسىغا مايكا ياكى ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، تىزىغا كەلگۇدەك كالتە ئىشتان بىلەنلا قۇمغا كۆمۈلىدىكەن، بەزى ئا-ياللارنىڭ پۇت - پاچاقلىرى ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئېچىلىپ قېلى-ۋېرىدىكەن ۋە بۇنى ھېچكىم ئەيىب سانىمايدىكەن (ئاڭلىشىمچە، قۇم بەدەنگە بىۋاستە تەگكەندىلا ئاندىن بەدەننى تەرلىتىپ، بە-دەندىكى ھۆل سوغۇقنى سۈمۈرۈپ چىقىدىكەن، كىيىم بىلەن كۆمۈلسە قۇمنىڭ پايدىسىنى ئۇنچە كۆرگىلى بولمايدىكەن).
خىيالىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق بىر گەپ يادىمغا كەچتى. بىر كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت قايىم بولغاندا يەر قوغ، ئاسمان چوغ بولىدۇ، ئادەملەر ئۆلۈم قورقۇنـ-چىدا ھەتتا ئۇچىسىغا كىيىم - يېپىنچا كىيىشكىمۇ ئۈلگۈر-مەيدۇ...» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئۇنداقتا ھەممىلا ئادەم قىپيالـ-ڭاچ بولۇپ كەتسە، بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ھايالىق ۋە ئېتىـ-قادى مەھكەم مۇسۇلمان بەندىلەرمۇ گۇناھكار بولمامدۇ؟» دەپ سورىشىپتۇ. پەيغەمبىرىمىز: «ئۇ چاغدا ھەممىلا ئادەم جان قاي-

غۇسىدا قالغاندا بىر ـ بىرىنىڭ يالىڭاچ يەرلىرىگە قارىغۇدەكمۇ
ھالى ۋە پۇرسىتى قالمايدۇ» دېگەنىمىش. بۇنىڭدىن قارىغاندا،
باشقىلارنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ يۈرۈشنىڭ گۇناھ بولۇشى، ئاساسەن
ئۇ ئىشنىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، شەيتان ۋەسۋەسى-
گە سېلىپ، ئادەملەرنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسىنى قوزغاپ، شەيتا-
نىڭ ئادەملەرنى گۇناھقا گىرىپتار قىلىشىدىن بولسا كېرەك!
شۇنىڭغا قارىغاندا، بىر ئىشنىڭ گۇناھ ياكى گۇناھ بولماسلى-
قى، ئۇ كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاقىۋىتىگە ئاساسەن بەلگىلەنسە
كېرەك.

بۇ قۇمدىكىلەر ھەممىسىلا ئۆز كېسىلىگە داۋا ئىزدەش بى-
لەن بەند بولغاچ، ھېلىقىدەك يېرىم يالىڭاچ يۈرگەنلەرنىڭ يالى-
ڭاچ ئەزالىرىغا يامان كۆز بىلەن قاراشنى خىيالىغا كەلتۈرمىسە
كېرەك ۋە ئۇنى ئېغىر ئالمىسا كېرەك. بىردىنلا يېنىمدىلا كۆ-
تۈرۈلگەن كۈلكە ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم ـ دە، ئارقامغا ئۆ-
رۈلۈپ قارىدىم.

مەندىن ئۈچ ـ تۆت قەدەم يىراقتا ئۈچ ئەركەك كاللەك بو-
لۇپ قۇمغا كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ، ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشكە-
نىكەن. ئابايىقى قۇمنى بېشىغا كىيىپ كۈلگەنلەر شۇلار ئى-
كەن. مەن ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ سەپسالدىم ۋە قۇلىقىمنى دىڭ
قىلىپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدىم.

— ئەجەب ئوبدان كۈلۈشۈۋالدۇق ـ ھە؟ يامان قىزىق گەپ
قىلىدىكەنسەن، ئاغىنە! ئۇزاق بوپتىكەن، بۇنداق ئىچىمدىن چى-
قىرىپ كۈلمىگىلى، — دېدى ئوتتۇرىسىدا ياتقىنى. ئۇ قارا
چاچلىرى دولقۇنلاپ تۇرغان، قارا قاش، قاڭشارلىق، بۇغداي
ئۆڭ كەلگەن، قىرىق ـ قىرىق ئىككى ياشلاردىكى كېلىشكەن
ئەر ئىدى. مەن ئۇنىڭ كىيىۋالغان ئاق شەپكىسى ۋە خېلى
قىممەت باھالىق ئاق مايكىسىغا قاراپ، ئۇنى دۆلەت خىزمەتى-
چىسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ يەردە ئاپتاپ يەيدىغان كېلەردەك يېتىۋېرىپ بەك زېرىكتى كىشى، بىردەم كۆلۈشەيلى دېدىم شۇ، شۇڭا ئازراق پاراڭ قىلىپ بەردىم. قېنى ئاغىنىلەر، سىلەرمۇ بىرنېمە دېمەمسىلەر، كۆلكە - چاقچاق بىلەن ۋاقىتنى قىسقارتايلى، — دېدى چەپ قول تەرەپتە ياتقىنى. بۇ خاپان باش، بېشىدا تۆكى قالماي تۆگەل چۈشۈپ، بەئەينى تازا سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتكەن مىس چۆگۈنگە ئوخشاپ قالغان، دىقماققىنا كەلگەن، سېمىزلىكتىن بويۇن ئېتى تۈرمەل بولۇپ قاتلىنىپ كەتكەن، كالتە بۇرنىنىڭ ئاستىغا قويۇۋالغان كافكازچە بۇرۇت ئۆزىگە بەك ياراشقان، ئەتئۆزى قازان بېشىدىن كەلمەيدىغان قورۇمچىدەك ئاپپاق ۋە ياغلىشاڭغۇ كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى قوملۇق بازاردىن سېتىۋالغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان ئەرزان باھالىق ئاق دوپپاڭلى ئىشتان - كۆڭلىكى تەردىن چىپ - چىپ بولۇپ، ئەتيېنىغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئوتتۇرىدا ياتقان كىشىگە قاراپ:

— قارىسام، سىز ئوقۇغان ئادەمدەك قىلىسىز، سىزنىڭ گېپىڭىزنى بىر ئاڭلاپ باققۇلۇق، بۇرادەر، ھەممىمىز ئۆز ئادەم، قوم دېگەندە يات يوق، — دېدى.

— ۋاي، ياقەي، مەندە سىلەرگە دەپ بەرگۈدەك نېمە گەپ بار دەيسىلەر، — شۇ ئەسنادا قۇملۇقنىڭ تەسكەي تەرىپىگە قەيەردىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر پاختەك سۆز تېپىپ بەرمەكچى بولغاندەك ئارقا - ئارقىدىن ئۇنلەپ كەتتى.

— ئاھاي... مانا دېمىدىممۇ، — خۇشخۇي كۈلۈۋەتتى بودەك، — مانا سىزگە گەپ چىقتى. ئاشۇ پاختەك بۇ يەرگە بىكارغا ئۇچۇپ كەلمىدى. سىزنى «خوتۇنىدىن قورقىدۇ» تۇغرىسىدا سۆزلەپ بەرسۇن دەيدۇ، پەمىچە! قېنى مۇشۇ گەپنى ئاڭلايلى سىزدىن.

يەنە بىر تەرەپتە ياتقان ياچىۋەكتەك جۇدەڭگۇ، لېكىن ئورا

كۆزلىرى ئۆتكۈر، نۇرلۇق ۋە دېدىل قارايدىغان، قىرىق بەش ـ قىرىق ئالتە ياشلارغا بېرىپ قالغان، ئۆڭى ئاق سېرىق كەلگەن، ئېڭىكى ئۇچلۇق ئادەم سۆز قاتتى:

— مۇنۇ بودەك راست ئېيتىدۇ. بىردەم ـ يېرىمدەم گۇڭ ـ مۇڭ بولايلى، ئاغىنىلەر، ئاۋال سىز سۆزلەڭ، ۋاقتى كەلگەندە مېنىڭمۇ ھېكايەم بار تېخى سۆزلەپ بېرىدىغان، — ئۇنىڭ كۆزلىرى ھىيلىگەرلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر شوخلۇق ئىچىدە كۈلۈپ تۇراتتى.

— بۇپتۇ، بىردەم بولسىمۇ ئۇنى ـ بۇنى دەپ ۋاقىت ئۆتكۈزەيلى، ئابايا پاختەكنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدىڭلار، مەنمۇ «خوتۇندىن قورقىدۇ» توغرىسىدا گەپ قىلىپ بېرەي. ئوتتۇرىدا ياتقان بويلۇق ئادەم نۆۋەت بىلەن ئىككى تەرەپكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— كىم توغرىسىدا سۆزلەيسىز، بۇرادەر؟ يالغان گەپ قىلماي راست گەپ قىلىڭ جۇمۇ، زىيالىي خەقنى ساپ يالغان سۆزلەيدۇ دېيىشىدۇ، نېمىشقا دېسە، ئۇلار كىتابتىكى گەپنى قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ كىتابقا دېگەن... كىتابقا دېگەن تامام قۇرۇق گەپ يېزىلىدۇ، ئۇنى ئادەم يازىدۇ ئەمەسمۇ، ھەممىسى يازغۇچىنىڭ خىيالى... — تاقىر باش پور بېشىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەردىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر كۆزىنى قىسىۋالغانىدى.

— ياق، — دېدى بويلۇق ئادەم پورغا قاراپ سەل مەنسىتمىگەندەك تەلەپپۇزدا، — يالغان ئەمەس، مەن ئۆزۈم ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن، بولۇپمۇ سىز ياخشى ئاڭلاڭ... بۇ گەپلىرىمنى چۈشىنىپ قالسىڭىز، خوتۇنىڭىز توغرىسىدا بايىقىدەك بولمىغۇر گەپلەرنى چاقچاق دەپ سۆزلەپ يۈرمەيدىغان بولۇپ قالامسىز نېمە، — پورنىڭ چىرايى بىر قىسما بولۇپ ئۆزگەردى ۋە:

— چاقچاق دېگەن چاقچاق ـ دە، ئۇ... شۇنىمۇ... — دەپ

غودۇڭشىپ قويدى قولىقىنىڭ ئارقىسىنى تاتىلىغان بولۇپ بې-
شىنى سىلىپ. ئۇزۇنتۇرا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي كۆنلۈك ئاس-
تىدىن يىراقلارغا تىكىلگىنىچە سۆزىنى باشلىدى:

— مەن بىر قارا يېتىممەن. ئاتا - ئانام مەن بەك كىچىك
چاغلاردا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. مەن كۆكۆ هاممام (ئانا تەرەپ
هاممام)نىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولدۇم. كۆكۆ هاممام بەك نامرات
ئىدى. بىساتىدا مەھەللىنىڭ سايغا تۇتىشىدىغان چەت ياقىسىد-
دىكى بىر - ئىككى ئېغىزلىق كونىراپ كەتكەن كېسەك ئۆيى
بىلەن، بىر قېرى مادا ئېشەك ۋە بىر سېغىن ئۆچكىسىدىن باشقا
بىر - ئىككى تۈپ ئالما، بىر تۈپ شاپتۇل، بىر تۈپ ئۆرۈك ۋە
ئىشىك ئالدىدىكى بىر تۈپ قېرى ئۈجمىسىدىن باشقا روزغارى
يوق ئىدى. ھە راست، يامان ئەمەس كاكىلاپ بېرىدىغان ئىككى -
ئۈچ مېكىيىنىمۇ بار ئىدى. ئۆزىنىڭ بالىسى يوق ئىدى، ئېرى
كوممۇناغا قوشۇمچە كىرىم قىلىمىز دېگەن بۇيرۇق بىلەن تاغقا
گىل كولىغىلى چىقىپ، تاغدىن ئۇچۇپ كېتىپ قازا قىپتىد-
كەن. كۆكۆ هاممام ئاتام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئانام بىلەن
ئىككىمىزنى ئۆز يېنىغا ئالدۇرۇۋاپتۇ. كېيىن ئانام ئاياللار
كېسىلى بىلەن (ئۇلار شۇنداق دېيىشىدىغان) ئاغرىپ ئالەمدىن
ئۆتكەندىن كېيىن هاممامنىڭ قولىغا قالدىم. هاممام زەردىسى
بار ئايال ئىدى، «مەكتەپتە ئوقۇمىساڭ، قارا تاشاق قالىسەن!»
دەپ مېنى مەكتەپتە ئوقۇتتى، ئوقۇتقاندىمۇ تۇمشۇقى بىلەن يەر
تىرەپ، تېجەپ - تېرىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇت-
تى. ئالىي مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىغا كۆچكەندە هاممامدىن
ئايرىلدىم. هاممام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن جەمئىيەتتىكى
باغرى ئىسسىق كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە ئوقۇشۇمنى پۈتكۈزۈۋال-
دىم. ئۇ چاغدا خىزمەتكە بىر تۇتاش تەقسىم قىلاتتى. ياخشى
ئوقۇغىنىم ئۈچۈن مېنى ئۈرۈمچىدىكى بىر پەن تەتقىقات ئور-
نىغا تەقسىم قىلىشتى. ئاقتۇرغان تەرىمگە تۇشلۇق كۆڭۈلدە-

كىدەك ئىدارىگە، يەنە كېلىپ ئۆزۈمنىڭ سۆيۈپ ئوقۇغان كەس-
پىمگە ئېرىشكەنىدىم. بۇ دېگەن ناھايىتى تولا ئادەملەرگە نې-
سىپ بولمايدىغان بىر ئامەت ئىدى. بەك ياخشى ئىشلىدىم. ھە
دېمەيلا ئىدارىدە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدىم. خىزمىتىم
جىددىي، لېكىن كۆڭۈللۈك ئىدى. ئىككى - ئۈچ يىلغىچە تۇر-
مۇشۇم توغرىسىدا ئۇنچىلىك باش قاتۇرۇپ كەتمىدىم. ئاشۇنداق
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشقازىنىم ئاغرىپ بالنىستتا يېتىپ قال-
دىم. تۆپىلەپ ئۆت يالللۇغى ئىكەنمەن، بىرەر ئايدىن ئۇشۇقراق
يېتىشىمغا توغرا كەلدى. ئىدارىدىكىلەر ئۇزۇلدۇرمەي يوقلاپ
تۇرۇشتى. مەن ئۇرۇمچىلىك ئەمەس ئىدىم. ئۇرۇمچىدە باشقا
ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ يوق ئىدى. مېنىڭ خىزمىتىم بەك ئال-
دىراش بولغاچ، باشقىلارغا ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ بولالمايت-
تىم، شۇڭا دوستلىرىمنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. لېكىن، مەن
بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان ياتاقداشلارنى دوستلىرى ئۇزۇلدۇرمەي
يوقلاپ تۇرغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنى كېچە -
كۈندۈز بوۋاقنى كۈتكەن ئانىدەك كۈتۈشەتتى. بۇلارغا قاراپ
كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. مېنىڭمۇ ئايالىم بولغان بولسا، مېنى
ئاشۇنداق كۈتەر ئىدى - ھە؟! دەپ ئويلايمەن بەزىدە. ئاخىر ئۆ-
زۈمگە نېمىنىڭ ئەڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئۇ —
ئايال ئىدى. بىر ئىچ كۆيەر — بىر ئۆمۈر يولداشلىقتا،
ھەمراھلىقتا، دىلداشلىقتا يارايدىغان ئەردەملىك بىر ئايال كې-
رەك ئىدى، لېكىن ئۇ قەيەردىكىن؟! خېلى ئىزدىنىپ باقتىم.
لايىقىدا بىرسى چىقمىدى، ئىدارىدە بىللە ئىشلەيدىغان قىزلار
نېمىشقىدۇر ئىدارىدىكىلەردىن قېچىپ سىرتقا توي قىلىشۋالدى.
تونۇشتۇرغانلار بولدى. لېكىن... شۇ تونۇشتۇرغانلارنىڭ نېمە-
سىدۇر بىرنېمىسىنى بىرنېمە... خوتۇن ئىشىدا ئويلىغانسېرى
بېشىم قاتتى. خۇدا ئىشىمنى ئاسان قىلار، دەيمەن ئىچىمدە.
بىر يەكشەنبە كۈنى ياتاقتىكى يالغۇزچىلىقتىن زېرىكىپ كوچا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايلانماقچى بولدۇم ـ دە، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرماي كوچىغا چىقـ
ـتىم. شەھەر كوچىلىرىنىڭ بىرسىدە، قويىي يېتىپ كەتكەن ئاـ
دەمدەك گاھ ئاسمانغا، گاھ قاسقانغا باقسام، گاھ قاسساپقا، گاھ
ناۋايغا قاراپ كوچا ئارىلاپ كېتىپ بارسام، بىر چوڭ سودا ساـ
رىيىنىڭ ئالدىغا بىر توپ ئادەم يىغىلىپ قاپتۇ. قارىسام، ئاتـ
مىش بەش ياشلاردىكى بىر كىشى يەردە يىقىلىپ يېتىپتۇ. ئۇـ
نىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ، كالپۇكلىرى كۆـ
كىرىپ كېتىپتۇ. كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قارىسام بىر زىيالىي
سۈپەت كىشى ئىكەن. ئادەملەرنىڭ بىرسى «مەست ئوخشايدۇ»
دېسە، يەنە بىرسى «ياق، ئاغرىق ئوخشايدۇ» دېيىشىپ غۇلغۇلا
قىلىشىدۇ ـ يۇ، بىر ئادەم چىقىپ ئۇ كىشىنىڭ ھالىنى
سوراشماي قارىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئادەم كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ،
ھەتتا نەپەسمۇ ئالماستىن دېگۈدەك تىپتىنچ ياتىدۇ. مېنىڭ
خىزمەت دېسە بېشىمچىلاپ كىرىشىپ كېتىدىغان، يەنە بىرسى،
ئەگەر بىراۋنىڭ قىيىنچىلىقتا يولۇققىنىنى كۆرسەم جايىمدا
تۇرالماي، ياردەم قولۇمنى سوزغىلى ئالدىرايدىغان مىجەزىم بار.
شۇنىڭ بىلەن مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇ كىشىنى يۆلەپ
قوپۇرۇپ ئۆشنەمگە ئارتتىم ـ دە، ئەڭ يېقىن دوختۇرخانىغا
قاراپ يۈگۈردۈم...

بۇ كىشىنىڭ ئىككىنچى قىزى شۇ يىلى ئالىي مەكتەپنى
پۈتكۈزۈپ ئەمدىلا خىزمەتكە ئورۇنلاشقانىكەن. چىرايلىق، خۇش
پىچىم قىز ئىكەن. ھېلىقى كىشىنى يوقلاپ بېرىپ ـ كېلىپ
يۈرۈپ (چىن سۆزنى ئېيتسام، ئۇ كىشىنىڭ شۇنداق ئۆز ۋە
بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق قىزلىرى بولغىنى ئۈچۈن، بىر قېـ
ـتىم بارىدىغان يەرگە ئۈچ قېتىم باردىم) كۆڭلۈمدە ئۆزۈمگە
خوتۇنلۇققا ئۈچ قىزنىڭ ئوتتۇرانچىسىنى ـــ ھېلىقى ئالىي
مەكتەپنى تېخى يېڭىلا پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققان قىزنى
تاللىۋالدىم. ئۇ قىز ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى توي ئىشىغا قوۋانچـ

لىق بىلەن قوشۇلۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ياندۇرقى يىلى ئۇلۇغ
ئاش بېرىپ ئۆيلۈك بولۇۋالدۇق...
ھەرھالدا خوتۇندىن تەلىيىم كەلگەندەك ئىدى. ئايالىم بىلەن
ھە دېمەيلا قاملىشىپ قالدۇق. مېنىڭ تىكەندەك يالغۇز «ئۆزۈم
تېپىپ، ئۆزۈم يەيدىغان» كۆڭلىرىم كەلمەسكە كەتتى. كۆڭلىرىم
ئىللىق ۋە قۇۋناق، ئائىلەم تىنچ ۋە خاتىرجەم ئىدى. قېيىنئا-
تام خېلى بىلىملىك، ئادەم تونۇيدىغان، كىشىنىڭ قەدرىگە يې-
تىدىغان، ياخشىنى ئەزىزلەشنى بىلىدىغان ئەر ئىدى. يەنە كې-
لىپ ماڭا بەك ئامراق ئىدى. «مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان
ئوغلۇم» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئايالىمغا تەلەپچان ئى-
دى. ھەرقاچان مېنى بەك ئەزىزلەش، ئاياللىق بۇرچىنى تولۇقى
بىلەن ئادا قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت ـ تەربىيە قىلاتتى.
چېچەك تىكەنسىز بولماس دېگەندەك، كېيىنچە ئايالىمنىڭ
ئوسال قىلىقلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئائىلىسىدە بەك
ئەركىن ۋە ئەركە ئۆسكەچكىمۇ، ئۆزۈمچى، ئۆزىنىڭكىنى چىنغا
چىقىرىدىغان، جاھىل، بىشەم ئىدى. كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن
ئارتۇقتىن ـ ئارتۇق چېچىلاتتى، ئاغزى بىر ئېچىلىپ كەتسە
ئاسان يۇمۇلمايتتى. كىمنىلا بولسۇن، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ
باشقۇرىمەن دەيتتى. بىرەر ئىشتىن نارازى بولسا چىنە ـ قاچىنى
چېقىپ، خەقىش بالىدەك ھۆڭرەپ يىغلايتتى. ھايت ـ ھۇيت
دېگۈچە بىز ئىككى باللىق — بىر قىز، بىر ئوغۇللۇق بول-
دۇق. باللىرىمىز تولىمۇ ئوماق ئىدى. بۇ باللارنىڭ تۇغۇلۇ-
شى قائىدە بويىچە ئائىلىمىزگە يېڭىچە ئىناقلىق، خۇشاللىق
ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەكسىچە بولدى — ئا-
يالىم تۇغۇتتىن كېيىن تېخىمۇ ئۆزگەردى. ئۇ تولا سۆزلەيتتى.
بەزىدە بىشەملىكى تۇتۇپ قالسا، ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن مېنى
ئاغزىغا كەلگەن يامان تىللار بىلەن تىللايتتى. باللارمۇ ئۇنىڭ
چېچىلغىنىنى كۆرگەندە ھەرقانداق شوخلۇقىنى يىغىشتۇرۇپ،

قورقىنىدىن ئۆڭكى ئۆچكىنىچە بولۇڭغا تىقىلاتتى. دەسلەپتە چىرايلىق تەربىيە قىلدىم. «ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن گەپ بار. لېكىن، ئۇ تاشتىنمۇ قاتتىق ئىدى. گەپلىرىم ھېچ تەسىر قىلمايتتى، ئەكسىچە گېپىمنى ئەزۋەيلەپ تېخىمۇ بىشەملىك قىلاتتى. ئاتا ـ ئانىسى، بولۇپمۇ ئانىسى ئۇنىڭغا (بىلىشىمچە، ئۇ ئانىسىنى دورىغانىدى. ئانىسى ياشلىقىدا دەل ئاشۇنداق «ئورۇش دېسە، تورۇش» دەيدىغان جېدەلخور خوتۇن ئىكەنىمىش!) كۆپ نەسىھەت قىلدى، لېكىن ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئادەمنىڭ گېپى يۇقمايتتى. ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋېرەتتى. ئۆيدە ھەر كۈنى دېگۇدەك جېدەل قۇرۇمايدىغان بولدى. ئەڭ يامىنى مېنىڭ يېنىمدىكى ئۆز خىراجىتىم ئۈچۈن قويۇپ قويغان پۇللىرىمنى ساناپ ھېسابىنى ئالىدىغان، ماڭغان ـ تۇرغىنىمدىن ھېچ ئىش يوقلا گۇمان قىلىپ سۈرۈشتۈرىدىغان، يانچۇقلىرىمنى تەتۈر ئۆرۈپ ئاختۇرىدىغان، ھەتتا تېلېفون نومۇرى خاتىرىلەنگەن خاتىرەمنى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ، بىرەر ئايالنىڭ ئات ـ جۇنى ئۇچراپ قالسا، ئۇجۇرىدىن ـ بۇجۇرىغىچە سوراپ ئېنىقلىمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان، ھەتتا يانفونۇمغا كېلىپ قالغان قىسقا ئۇچۇرلارنى بىر ـ بىرلەپ تىنتىپ، قاراشتۇرىدىغان بولۇۋالدى. مۇشۇ سەۋەبلەردىن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى قىل ئۇستىدە تۇرۇپ قالدى. بۇنى ئەل ـ ئاغىنىلىرىممۇ بىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدا ئايالىمنىڭ ئېتى «يولۋاسخان» ئىدى. «يولۋاسخان بارمۇ؟»، «يولۋاسخان تىنچلىقمۇ؟»، «يولۋاسخان ئەدىپىڭنى قانداق بەردى؟» دېيىشەتتى، مېنى بولسا «سايىماخۇن» دەيتتى. بۇنداق چاغلاردا يۈزۈم قىزىراتتى، ئۇلارغا بىرنېمە دەي دېسەم، يالغان دېيەلمەيتتىم. قوشنا ـ قۇناتلار، ھەتتا بالتىر (قېيىنئاچام) بالدىز (قېيىنسىڭلىم) لىرىممۇ ئۇستۇمدىن كۈلەتتى. ئاخىر قېنىمدىن تاشتىم. «ئاجرىشىمەن ـ دېدىم مەن بىر كۈنى

ئۇنىڭغا، — ئالىي مەكتەپ تەربىيەسىنى ئالغان خوتۇن سەندەك
بولىدىغان بولسا، بولدى، پەندىيات! سەھرادىن قارا ساۋات خو-
تۇن ئەكېلىمەن! مەن خوتۇن ئالماي، ئۆزۈمنى بىر گۇندىپايغا
تۇتۇپ بەرگەنكەنمەن!» دېدىم. ئۇ غال - غال تىترىگىنىچە:
«قېنى مېنى قويۇۋەتكىنىڭنى بىر كۆرەي، بۇ دۇنيادا ياكى سەن
ياشايسەن ياكى مەن!...» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئاشخانىدى-
كى پىچاقنى قولىغا ئالدى - دە، «قارنىمنى يېرىپ ئۆلۈپ بې-
رىمەن!» دەپ غوۋغا كۆتۈردى. بىچارە باللىرىم قورققىنىدىن
چىرقىرىشىپ كەتتى. قارىسام، راستىلا ئۆلۈپ بېرىدىغاندەك،
مەنمۇ قورقۇپ كېتىپ يۈگۈرۈپ باردىم - دە، ھېلىقى ئەلپا-
زىمدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ يۈرۈپ، قولىدىن پىچاقنى
تارتىۋالدىم. بۇ ئىش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ئاخىر بۇ-
نىڭدىن ياخشىلىقچە ئاجرىشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم
يەتتى. بىر تەرەپتە ئىككى بالام مۆلدۈرلەپ يىغلاپ تۇرىدۇ. ئا-
خىر نىيىتىمدىن ياندىم. «ئاجرىشىمەن» دېگەن گەپنى ئىككىن-
چى ئېغىزىمغا ئالمايدىغان بولدۇم. بولۇشىغا كۆن كەچۈرۈش
خىيالىغا كەلدىم. بالام ئۇچۇن، ئاشۇ گۇناھسىز پەرزەنتلىرىم
ئۇچۇن! مەن ئاشۇ گۇندىپاي ۋە رودۇپايغا «تەسلىم» بولدۇم،
يولۋاستىن كىم قورقمايدۇ؟ مەن ئاخىر «يولۋاسخان»دىن قور-
قىدىغىنىمغا قول قويدۇم! ھەممىسىلا مېنى «خوتۇنىدىن قور-
قىدۇ» دەيدىغان، يىراقتىن «قانداقىراق سايىماخۇن»، «سايىم
نوچى بارمۇسەن» دەپ «سالام» قىلىشىدىغان، ھەتتا چەت - يا-
قىدا سايراپ تۇرغان پاختەكنى كۆرسە، ماڭا قاراپ كۈلۈشىدىغان
بولۇشتى.
ياش، چىرايلىق ۋە تەربىيە كۆرگەن خوتۇن بولۇشىغا قارا-
ماي، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ خوتۇننىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشى
كۆڭلۈمنى تېخىمۇ ئۆلتۈردى — ھەرەڭ - سەرەڭ كىيىنەتتى،
ئۆزىنى ئېرىنىڭ ئالدىدا قانداق تۇتۇشنى، ھېچبولمىغاندا ئۆزد-

نىڭ ياش چوكانلارغا خاس قىزغىنلىقى، نازاكىتى، لاتاپىتى ۋە كۆرۈملۈكى بىلەن ئۆز ئېرىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىش كېرەكلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. خىزمەت، ئۆي ئىشى، بالىغا قاراش، تاماق ئېتىش، ئۇخلاش، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە توغرىسىدا ئويلىمايتتى، ھەتتا تۇزۇكرەك دوستلىرىمۇ يوق ئىدى. خىزمەتداشلىرى بىلەن ئادەتتىكىدەك بولسىمۇ باردى ـ كەلدى قىلمايتتى.

مەن بىر ساغلام ۋە يېتۈك ئەركەكمەن. ماڭا خىزمەت، تاماق، ئۇخلاش، تېلېۋىزور، گېزىت ـ كىتاب كۆرۈش... لەردىن باشقا يەنە بىر خىل تۇرمۇش ـــ خوتۇنىنىڭ مېھرى ـ سۆيگۈسى، ئاياللارچە خۇلقى ـ نازى ۋە قىزغىنلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن، ماڭا بۇلار كەمدىن ـ كەم نېسىپ بولدى. بولۇپمۇ ئايالىم ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككىنى تۇغقاندىن كېيىن باشقىچىلا ئادەم بولۇپ ئۆزگەردى. ئۇنىڭ بارلىق جازىبەسى تۇغماس چېغىدىلا خوراپ بولغانىكەن...

ئائىلەم، بولۇپمۇ بۇ ياش ۋە چىرايلىق ئايالىم بار بىر ئەر بولۇشۇمغا قارىماي، بىر خىل چاڭقاقلىق ئىچىدە پىشۇرقىنىپ ياشايتتىم. ئىككى بالامدىن باشقا، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرغۇدەك ھېچ نەرسە قالمىغاندەك، ھەتتا ئىدارىدىكى خىزمىتىممۇ كۆڭۈلسىز بىلىنىشكە باشلىدى. ئۆيگە ۋە ئىدارىگە بوينۇمنى باغلاپ تارتقاندەك باراتتىم. ئىشتىن چۈشۈپ، كوچىلاردا مەقسەتسىز ۋە نىشانسىز لاغايلاپ يۈرىدىغان، سوغۇق ئىچىملىك ئىچىدىغان خالىي خانىلاردا سائەت ـ سائەتلەپ مۈڭگۈپ چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئاپتوبۇستا ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتاتتىم، بىر بېكەتتە ياشقىنا بىر چوكان ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇ تولىمۇ پۇزۇر كىيىنگەنىدى. بارماق ـ بويۇنلىرىدا ئالتۇن جابدۇقلار چاراقلاپ تۇراتتى. مەن ئۇنى ئېرى بار، يەنە كېلىپ خېلىلا دۆلەتمەن ئېرى بار چو-

كان، دەپ قىياس قىلدىم. ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپلا بىرەر بوش ئورۇن بارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئاپتوبۇس ئىچىگە كۆز يۇ-گۈرتتى. بۇ چاغدا دەل ئىشتىن چۈشىدىغان مەھەل بولغاچقا، ئاپتوبۇستا بوش ئورۇن يوق ئىدى، ئۇ چوكان ئۈمىدسىزلەنگەن-دەك بولۇپ، ئىشىك يېنىدىلا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا ماگى-زىندىن سېتىۋالغان پېچىنە - پىرەنىك، قەنت - گېزەك، قو-غۇن، مېۋە - چىۋە، نان - پان دېگەندەك نەرسىلەر قاچىلانغان چوڭلا يالتىراق خالتا تۇراتتى. ئۇ چوكان ئاپتوبۇسنىڭ توخ-تاۋسىز توختاپ - قوزغىلىشلىرىدىن بىر ئىزىدا مەھكەم تۇرالماي، تەۋرەپ - دەلدۈگۈنۈپ قىينالغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئورنۇمدىن شاققىدە قوپۇپ، ئۇ چوكانغا ئورنۇمنى بىكارلاپ: «بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىڭ» دېدىم ئەدەپ بى-لەن. ياش چوكان ماڭا لاپپىدە قارىدى ۋە ئۆزىگە ئاجايىپ ياراشقان بەك سۆيۈملۈك تارتىنىش ۋە قورۇنۇش ئىچىدە: «بول-دى، رەھمەت، مۇشۇنداق تۇرىۋېرەي...» دېدى ۋىللىدە قىزىرىپ پەس ئاۋازدا. مەن: «تارتىنماڭ، بىر ئايال كىشى بۇنچىۋالا نەرسە كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرسا، مەن قانداقمۇ بەخىرامان ئولتۇرالايمەن، ئاياللارنى ئاياش ۋە ھۆرمەت قىلىش كېرەكقۇ...» دېدىم قىز-غىنلىق بىلەن. مەن ئەسلىدە ناتونۇش ئاياللارغا ئەزەلدىن بۇن-چىلىك دېدىل ۋە جۈرئەتلىك گەپ قىلىپ باقمىغانىدىم. ئۆ-زۈمنىڭ تۇرۇپلا بۇنچىۋالا يۈرەكلىك ۋە ھىممەتلىك بولۇپ كەتكىنىمگە ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. مەن ئۇ چوكانغا نېمىش-قىدۇر باشقىچىلا قىزىقىپ قالغانىدىم. يۈرىكىم بىر خىل ئىس-سىق ھەمدە نائېنىق بىر تۇيغۇدا دۈكۈلدەپ سالماقتا ئىدى. ئۇ چوكان ھەيران بولغاندەك ماڭا تىكىلىپ قارىدى ۋە چىرايلىق لەۋلىرىنى سەلگىنە يىمىرىپ قويۇپ: «رەھمەت» دېدى ۋە بىر سىپايە يەڭگىللىك بىلەن مەن بىكارلاپ بەرگەن ئورۇندۇققا كې-لىپ ئولتۇردى. ئۇ چوكاننىڭ ئاخىرقى قارىشى، لەۋلىرىنى

www.uyghurkitap.com

يىمىرىپ قويۇشى ھەمدە پەس ئاۋازدا «رەھمەت!» دېگەن يېقىم-
لىق ئاۋازى تولىمۇ تەسىرلىك ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ يېنىدا
بالداقتا ئېسىلغىنىمچە ئاپتوبۇسنىڭ كۆزنىكىدىن تالاغا قاراپ
تۇرساممۇ، مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن بۇ چوكاننىڭ ئابايىقى كۆزنى
يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى كۆرۈنۈشى، قاراشلىرى،
بەكمۇ تەسىرچان، خۇددى كىشىگە سۆزلەۋەتقاندەك تۇيغۇ بېرىد-
دىغان ئوتلۇق قارا كۆزلىرى ئېكراندا بىر كۆرۈنۈش قايتا -
قايتا زاھىد بولغاندەك لەپىلدەپ كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆتمەكتە ئىدى.
يەنە كېلىپ ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغىنىدا بەدىنىدىن «گۇپ-
پىدە» ئۇرۇلغان قىزىق ھارارەت كېلىپ مېنى قۇچتى، چىلگە
پۇرىقىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل خۇشبۇي، شېرىن
ھىد بىلىنەر - بىلىنمەس بولۇپ بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. مېنى
سىيپاپ ئۆتكەن ھېلىقى قىزىق ھارارەتتىن ياز بولسىمۇ مۇزلاپ
تۇرغان ۋۇجۇدۇم بىردىنلا بىر ئىللىقلىق ئىچىدە راھەتلەنگەن،
ھەتتا سەلگىنە قىزىشقا باشلىغاندەك قىلغان بولسا، بۇرنۇمغا
كېلىپ تەگكەن خۇشبۇيدىن، چىلگە پۇرىقىدەك كىشىگە ھۇزۇر
بېغىشلايدىغان شېرىن ھىدتىن يۈرىكىم ئېيتقۇسىز راھەت ۋە
شېرىنلىككە تولدى. مەن ئورۇندۇقتا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇر-
غان، خۇددى مېنىڭ ئۆزىگە يەنە نېمىدۇر بىرنەرسە دېيىشىمنى
كۈتكەندەك، پات - پات ماڭا قاراپ قويۇۋاتقان چوكانغا ئىختى-
يارسىز يېقىنراق سۈرۈلۈپ، ئىچىمگە چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ،
ئۇنىڭ قاپقارا، سىلىق تارالغان، نېپىز قارا شايى ياغلىق ئىچى-
دە كۆپچۈپ تۇرغان چاچلىرىدىن تاراۋاتقان يېقىملىق ۋە شېرىن
ھىدىنى كۆكرىكىم توشقۇچە ئىچىمگە سۈمۈردۈم ۋە ئۇ پۇراق
بەرگەن ھۇزۇردىن يەتكۈچە راھەتلىنىپ كۆزۈمنى يۇمدۇم، ئۇ
ھەقىقىي ئايالنىڭ ھىدى ئىدى. بۇ چوكاننىڭ پۈتكۈل تۇرقىدىن
ئەلەڭگىپ تۇرغان پاكىزلىق، مۇلايىملىق، نازاكەت، سەبىيلىك،
ئاق كۆڭۈللۈك كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىپ، شۇ قە-

دەر مەپتۇن قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايى شۇ قەدەر پاكىز ھەم ئې-
ۋەنسىز قاراشلىرى شۇ قەدەر مەسۇم ھەم مۇلايىم ئىدى. ئۇنىڭ
قارا شايىدىن كۆڭۈل قويۇپ تىكىلگەن يارشىملىق ئېسىل
كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپپاق،
ئىنچىكە بويىنى، قاپقارا بۇجغۇر چاچلىرى ۋە قارا نېپىز ياغلى-
قى ئارىسىدىن غىل - پال ماراپ تۇرغان چۆچۈرىدەك چىرايلىق
قۇلاقلىرى، قۇلاقلىرىدىكى كونا پاسوندىكى قەشقەر زىرىسى،
بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىر، قوللىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلەر...
ھەممىسى، ھەممىسىلا شۇ قەدەر يارشىملىق، پاكىز، نۇرلۇق،
ئوماق ۋە سۆيۈملۈك ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل تۇرقىدىن ھەرقانداق
ئەر كىشى ئىزدەيدىغان، تەلپۈنىدىغان، ھەرقاچان ئېرىشىشنى
ئارمان قىلىدىغان، پەقەت ئاياللارغىلا خاس تەبىئىي تارتىملىق،
نازاكەت، سۆلكەت، پاكىزلىك، شېرىنلىك ھەم مۇلايىملىق بال-
قىپ تۇراتتى.

تېنىم، يۈرىكىم قاغجىرىغانىدى، گەرچە ئايالىم بولسىمۇ،
مەن ئۆز ئايالىمدىن بۇ چوكاننىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان
ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىنىڭ ھېچقاندىقىغا ئېرىشىپ باقمىغانى-
دىم. شۇ تاپتا يېنىمدا ئولتۇرغان مۇنۇ ناتونۇش ئايالنىڭ يې-
نىدا تۇرۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ نېمىگە تەشنا ئىكەنلىكىمنى، ئايا-
لىمدا نېمىنىڭ قورقۇنچلۇق دەرىجىدە كەمچىل ئىكەنلىكىنى
تولۇق تونۇپ يەتتىم. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر پاكىز،
رايىش، مۇلايىم ۋە ھەقىقىي ئايالنىڭ نەقەدەر سۆيۈملۈك، نەقە-
دەر قىممەتلىك ۋە نەقەدەر جەلپكار بولىدىغانلىقىنى يۈرىكىم
بىلەن ھېس قىلدىم. شۇ زامان قاغجىرىغان يۈرىكىم شېرىن-
لىككە چۆمۈلۈپ، يايراپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىپ،
بىر قۇدرەتلىك، يېپيېڭى، ئەركەكلەرچە ئىستەك بىلەن چوغ-
دەك لاۋۇلداپ، يۈرىكىم ياشىرىپ، تاتلىق ۋە شۇنچىلىك مەردا-
نە، ئەركەكلىك قۇۋانچى ئىچىدە تىترەپ كەتتىم. كۆڭۈل جامىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاللىقاچان ئەستىن چىققان بىر شېرىنلىك بىلەن لىق بولدى.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇ ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بىر مەزگىللىك جانسۇرانە تىرىشچانلىقتىن كېيىن ئاخىر ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتتىم.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەن باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئۆزگەردىم. كۈنلىرىم، هايات، دۇنيا، مۇھەببەت، ھەممە خۇددى ئاخشاملا تۇغۇلغاندەك شۇنچىلىك يېڭى، شۇنچىلىك كۆركەم، شۇنچىلىك قىزىق ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ ئۆزگەردى. مەن ھەقىقىي ئەركەكلىك قۇۋانچىنى مەززە قىلدىم...

ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە ئۇچ ياشقا كىرىپتۇ. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا كۆپ ئوقۇيالماپتۇ. لېكىن، ئۇ ئەقىللىك، زېرەك قىز ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئانىسى ئۆز نېسۋىسىنى تونۇيدىغان ئېسىل ئانا بولسا كېرەك، قىزىنى ئاياللىقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋە بىرلەمچى تەبىئىتىدە تەييارلاپتۇ. ئۇ چوكان ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاياللىقىنى تەبىئىي، ھەققانىي ۋە تالاشسىز يوسۇندا تونۇيدىكەن! يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ چوكاندىكى ئاجايىپ تارتىم — ئاياللارنىڭ يارالمىشىغا پۈتۈلگەن مۇلايىملىق ۋە نازۇكلۇق ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا شۇ قەدەر ئۆزلەشكەن بولۇپ گويا ئوت، گويا سۇدەك، گويا ھاۋا، گويا كۈن نۇرىدەك تەسىرچان، كۆزكۆرۈ، زۆرۈر ۋە جادۇگەرنىڭ سېھرىدەك يېڭىلمەس ئىدى! ئۇ چوكان ئۆزى بىلمەيلا مېنى ئاشۇ تەرەپلىرى بىلەن موللامغا ئوقۇتۇۋالغاندەك سېھىرلەپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ سۈزۈك، يارقىن ۋە نۇرلۇق پاكىزلىقى، باللارچە سەبىيلىكى، مايسىدەك يۇمران ۋە مەيىن ـ مۇلايىملىقى، مەخمەلدەك يۇمشاق، يېقىشلىق خۇي ـ خۇلقى بىلەن، شۇ كۈنلەردە بارغانسېرى ھەقىقىي ئايالغا ئوخشىماي قېلىۋاتقان ئاياللار توپى ئىچىدە ئاياللارنىڭ ئەڭ كۆركۈسى ئىدى.

مۇنداقلا قارىساڭ، مېنىڭ ئايالىم چىرايىدا ئۇنىڭدىن قال-

غۇچىلىكى يوق، مەن ئۇنى شۇ قەدەر سۆيگەنىدىم. شۇڭا، ھا-
زىرغىچە ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىنى ئەمەس، پەقەت ھېلىقى ئۇي-
غۇر ئايالىلىقىنىلا كۈتكەنىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ ماڭا بەرگىنى ئۇ
ئەمەس، تەتۈرىچە، ئۇسكەك قۇچقارنىڭ نوچىلىقى ۋە ھېچ نەر-
سىدىن رازى بولمايدىغان يالقاۋ خوتۇننىڭ بىشەملىكى بولدى.
ئاخىر مېنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا بېلىمگىچە پاتۇردى!

بۇ چوكان بىر تىجارەتچىمۇ ياكى زەرگەرمۇ، ئىشقىلىپ،
بىر پۇلدارنىڭ خوتۇنى ئىكەن. بۇ پۇلدار ئىلگىرى تۆت قېتىم
ئۆيلەنگەنىكەن. بۇ قىز بەشىنچى خوتۇنى ئىكەن. ئېيتىشقا قا-
رىغاندا، ئۇ پۇلدار بىر چالا ساۋات بولۇپ، تولىمۇ ھاكاۋۇر،
ئىنتايىن يامان، باغرى تاش كىشى ئىكەن. ھېچبىر سەۋەبسىزلا
خوتۇن ئۇرۇش ئۇنىڭ خوتۇن باشقۇرۇش يولى ئىكەن. بۇ چو-
كانىمۇ توي قىلىپ ھەپتە - ئون كۈندىن كېيىن «ئۇ-
رۇش»لىرىنى باشلىۋەتكەنىكەن، ھازىرغىچە ئۈچ ۋاق تاماقتەك
قەرەللىك ۋە بىر خىلدا داۋام قىلىۋېتىپتۇ. ئۇرغاندىمۇ ئاياپ
تۇرماي ئۇرىدىكەن، ئەت - يېنىنى بىلەي تاشتەك كۆكەرتىۋې-
تىدىكەن، پەقەت شۇنىڭدىلا ئۇنىڭ «ئەركەكلىكى» تەسكىن تا-
پىدىكەن. شۇ ئارقىلىق خوتۇننى ئۆزىدىن قورقىدىغان، سىز-
غان سىزىقىدىن چىقمايدىغان، تالاغا قارىمايدىغان قىلىپ باش-
قۇرغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇنىڭ كۆزىدە خوتۇن
دېگەن پەقەت مېكىيانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىدىغان بىر تۇغۇش
ماشىنىسى ئوخشايدۇ. ھەيرانمەن، خۇدا ئاشۇنداق بىر ئوسال
ئەرگە مۇشۇنداق بىر چېچەكتەك پاك ۋە گۈزەل، ياقۇتتەك ئې-
سىل قىزنى نېسىپ قىپتۇ!

لېكىن، مېنى ھەيران قالدۇرغىنى بۇ ئايال ئاشۇنچىلىك
ئېغىر تاياق، زوراۋانلىق ۋە قىيناغۇ تۇرمۇش ئىچىدىمۇ ئۆزد-
نىڭ پاكىزلىقىنى، ھەقىقىي ئايالغا خاس مۇلايىملىقىنى يوقات-
ماپتۇ. ئاشۇ مۇلايىملىقى بىلەن ئاشۇ ئېرىنى كۈتىدىكەن، ئۇ-

نىڭغا تەسىر قىلىشنى، ئۇنى ئۆزگەرتىشنى ئويلايدىكەن. لې-
كىن، ئۇ نامەرد ئۇنى زادىلا چۈشىنىپ باقماپتۇ. لېكىن،
مەن... ئاشۇ ئايالىمغا ساپ يۈرىكىمنى بەرگەنمەن، مېنىڭچە، ئۇ
شۇقەدەر تۈز، شۇ قەدەر سەمىمي، ئاق كۆڭۈل ۋە جاپاكەش، ئۇ
بالىلىرىمنىڭ جىمى جاپاسىنى تارتتى، ئۆينىڭ بارلىق ئېغىر-
چىلىقىنى كۆتۈرۈپ كەلدى، ئۇ مەن ئۈچۈن شۇنچىلىك... لې-
كىن... ئۇ ئاشۇ يامان خۇيى، ئۇسال مىجەزى بىلەن مېنى ئاغ-
رىتتى، ئاغرىتتى ئەمەس، ھەتتا مېنىڭ ئەركەكلىكىمنى
سۇسلاتتى. كۆڭلۈمنى قاغجىرىتىپ ئۆلتۈردى. ئەكسىچە، بۇ ئا-
يال بولسا مېنىڭ ئەرلىكىمنى، ئەرلىك شەرىپىمنى، ئەرلىك
غۇرۇر ھەم ئىپتىخارلىقىمنى قايتىدىن ئويغاتتى، ماڭا ئەرلىك
سەلتەنەتىنى قايتۇرۇپ بەردى. مېنى قۇتراپ تۇرغان بىر ئەر-
كەك شىرغا ئايلاندۇردى.

ئۇنىڭ ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قىلغىنى پەقەت ئاياللىق
نازاكىتى بىلەن تويۇنغان ئۆزگەرمەس ئاياللىق مۇلايىملىقى!
مېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىم پەقەت ئۇنى بىر ئايال سۈپىتىدە قە-
دىرلىگىنىم، ھۆرمەت قىلغىنىم، ئەزىزلىگىنىم، ئەزگۈلۈكىنى
چىن كۆڭلۈمدىن ماختاپ سۆيگىنىم، خالاس! ئۇندىن ئۆزگە مەن
ئۇنىڭغا ھېچقانداق بەدەل تۆلىمىدىم، پەقەتلا شۇ...

ھاۋانىڭ قىزىقىدىن تىنىقلار كۆيەتتى. ھەيۋەتلىك ۋە چوغ-
لۇق قۇم دۆۋىسى، قۇمنى باغرىغا بېسىپ يايراپ ياتقان تارقىم ـ
تارقىم باغبىراڭلار، ھويلا ـ ئارانلار، كۆك دۇخاۋىدەك تېپتىنچ
باغىر يېرىپ تۇرغان زەڭگەر ئاسمان، يىراق ـ يىراقلاردا كۆز-
پېتىش بوستانلىقىنىڭ نېرىسىدا ئۆلۈكتەك جىمجىت غۇلاچ
تاشلاپ ياتقان يالىڭاچ دالا، كۆكنىڭ گىرۋەكلىرىدە، ئاقۇچ قار-
لىق تاغلارغا مىنگىشىپ ھەيران بولغاندەك جىمجىت قېتىپ
قالغان ئاپپاق ۋە يۇمشاق بۇلۇتلار، ئادەملەر، ئوتياش، چۆپ ـ
چېچەكلەر كۆيدۈرگۈ كۈننىڭ تەپتىدە ئاپتاپ بولۇپ پارلاپ،

كۆز چاققۇدەك چاراقلاپ كەتكەنىدى.
مۇنۇ قۇمغا كۆمۈلۈپ يېتىپ سۆھبەت قۇرغانلار گويا كۆز
ئالدىدىكى ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. ھېكايە ئاڭلاپ ياتقان ئاۋۇ
ئىككىسى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئېغىزىغا
ھاڭۋىقىپ قاراپ يېتىشاتتى. باش - كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تە-
رىنى توختاۋسىز سۈرتۈپ تۇرۇشلىرىنى دېمىگەندە، ئۇلار سۆز-
لىگۈچىنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالمىسىدى دېگەندەك تىپتىنچ يې-
تىپ، چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتاتتى. كۆيدۈرگۈ كۈن
ئاستىدا قىينىلىپ، زورغا يېتىشتا ئاۋۇ كىشىنىڭ «خوتۇن»
ھەققىدە ئېيتىپ بېرىۋاتقان بۇ ھېكايىسى ئۇلارغا قالتىس ئەر-
مەك ئىدى. بولۇپمۇ ئاۋۇ تاقىر باش، بودەك كىشى ھېكايە ئېي-
تىۋاتقۇچىنىڭ ئاغزىغا قاراپ داڭ قېتىپ قالغانىدى. ھېكايە-
چىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنچە - مارجاندەك تىزىلىپ، رەت - رېتى
بىلەن چىقىۋاتقان، ئۆزى تېخى شۇ كەمگىچە ئاڭلاپ باقمىغان
دانە - دانە چىرايلىق، لېكىن چۈشىنىكسىز سۆزلەر ئۇنى قات-
تىق ھەيران قالدۇرغانىدى. شۇ تاپتا «پەقەت كىنولاردىلا مۇ-
شۇنداق سۆزلەيدۇ دېسەم، مۇنۇ قەغەز قوڭ كادىرمۇ كىنودىن
ئاشۇرۇپ سۆزلىيەلەيدىكەن - ھە؟ بۇ ئاداش بۇ گەپلەرنى ھەپ-
تىيەك يادلىغاندەك يادلىۋالىدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاۋا-
تاتتى. بۇ تەرەپتە ياتقان جۇدەڭگۈ قارىۋاينىڭ چىرايى تۇرۇپلا
تەشۋىشلىك ۋە پەرىشانلىق ئىچىدە بوزىرىشقا باشلىدى. بەزى
ئەرلەر باركى، كىشىلەر قايسىبىر ئەرلىك، خوتۇنلار ھەققىدە
سۆزلىسە، دەرھال «مېنىڭ ئايالىم ئۇنداق ئەمەستۇر - ھە؟!»
دەپ ئۆزلىرىچە خاۋاتىرلىنىپ تىنچسىزلىنىدۇ. پەمىمچە، ئۇ
كىشىمۇ دەل ئاشۇنداقلاردىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى-
مەن. ئۇزۇنتۇرا ھېكايىچى سۇدىن گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى ۋە
قۇم چاپلىشىپ قالغان نەمخۇش قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن لەۋ-
لىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، يىراقلارغا تىكىلگىنىچە جىمىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئاپتاپتا يېلىنجاپ، تەر قۇيۇلۇۋاتقان يۈزىدە بىر ئۆكۈ-نۈشكە، ئەندىشىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يۇپقا بىر قەۋەت ئۇ-مىدسىزلىك ۋە ھەسرەت لىپىلداپ تۇراتتى. ھېلىقى ئىككى كىشى ئۇنىڭدىن نەزەرلىرىنى يۆتكەپ، نەلەرگىدۇر تىكىلگىنى-چە چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى.

— مۇنداق بىر ئىش بولدى... — دەپ ئۇشتۇمتۇت سۆز باشلىدى بويلۇق كىشى، — بىر كۈنى كەچ تالادا يامغۇر يې-غىۋاتاتتى، باللار ئۇخلاپ بولغانىدى، ئەر - خوتۇن ئىككىمىز خۇددى كىنوخانىدا كىنو كۆرۈۋاتقان ناتونۇش ئادەملەردەك ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتۇق. خېلىدىن بېرى ئىككىمىزنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان گەپلىرى ئازلاپ كەتكەنى-دى. مەن زۆرۈرىيىتى بولمىسا، ئايالىمغا ئامال بار گەپ قىلى-ماسلىققا تىرىشاتتىم. گەپ قىلساملا تەگىشىپ قالاتتۇق. مەن بىر - ئىككى قېتىم خوتۇننى «قويۇپ بېرىمەن» دەپ ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئايالىم تېخىمۇ ھازازۇللىشىپ كەتتى. ئىك-كى گەپنىڭ بىرسى بولسا: «سەن سىرتتا ياش قىزدىن بىرەرى-نى تېپىۋالدىڭ!» دەپ چالۋاقايتتى ۋە: «بىر كۈنى بولمىسا بىركۈنى قولۇمغا چۈشىسەن. ئۇ چاغدا مەن قانداق قىلىمەنكىن قېنى، شۇ چاغدا كۆرۈپ قالىسەن!» دەپ تەھدىت سالاتتى. دې-مىسىمۇ، ئەگەر ئۇ مېنىڭ سىرتتا ھېلىقى خېنىم بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگىنىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، مېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاشتىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇنى ئويلىساملا ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باساتتى. شۇڭا، مەن ئۇ خېنىم بىلەن كۆ-رۈشۈشتە بەك ئېھتىيات قىلاتتىم. نېرۋام ھەرقاچان ئەڭ سە-گەك ھالەتتە ئىدى. ئازراقمۇ بىخەستەلىك قىلمايتتىم. ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆيۈمگە تېلېفون قىلماسلىقنى، ئۇچۇر يول-لىماسلىقنى قاتتىق تاپىلىغانىدىم. «ئەگەر ئايالىم بىلىپ قال-دىغان بولسا، ئىككىمىز رەسۋايىئالەم بولۇپ، بىراقلا تۆگىشى-

مىز، خوتۇنۇمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ» دەپ قايتا ـ قاي-
تا ئەسكەرتكەنىدىم. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك»، «خۇدۇكى
بار موللام چاي ئىچمىسىمۇ تەرلەيدۇ» دېگەنىدەك، مەن كېچە ـ
كۈندۈز بىر خىل ساراسىمە ئىچىدىلا ياشايتتىم. خوتۇنۇم ئۈھۈ
دەپ قاتتىقراق يۆتىلىپ قويسىمۇ دىككىدە چۆچۈپ كېتەتتىم.
بۇ ئىختىيارىم ئەمەس ئىدى. مېنىڭ ئىلگىرىكىدىن بەكرەك
كەم سۆز بولۇپ كېتىشىم، ھەم ئۆزىدىن باشقىچە «قورقىدى-
غان» بولۇپ قالغانلىقىم (مەن ئەمدى بولغاندا ئۇنىڭغا ھەممىلا
ئىشتا يول قويىدىغان، نېمە قىلسا ئۇندىمەيدىغان بولۇۋالغانى-
دىم) ئۇنى تېخىمۇ گۇمانغا سالاتتى. دېمىسىمۇ، مەن ئەمدى تو-
لۇقى بىلەن «خوتۇنىدىن قورقىدۇ» بولۇپ ئۆزگەرگەنىدىم...
گەپتىن چەتنەپ كېتىپتىمەن ـ ھە؟! ئەمدى ھېلىقى گېپىمگە
قايتىپ كەلسەم، بىر كۈنى يامغۇرلۇق ئاخشىمى خوتۇن بىلەن
چوڭ سافانىڭ ئىككى بېشىدا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتات-
تۇق، مېنىڭ يانفونۇمغا ئۇشتۇمتۇت ئۇچۇر كېلىپ قالدى. تې-
لېفون يېنىمدا ئەمەس ئىدى. ئۇنى ياتاق ئۆينىڭ تومپوچكىسى-
غا قويۇپ قويغانىكەنمەن. مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ بولغۇچە، ئايا-
لىم ئولتۇرغان يېرىدىن پۇرژىنىدەك قاڭقىپ قوپۇپ، ياتاق
ئۆيگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. مەن ھېلىقى ئايالدىن
ئۇچۇر كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگىنىم ئۈچۈن خاتىرجەم ھالدا جا-
يىمدا ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇ خېنىمدىن كەلگەن ئۇچۇر بولمىسىلا
ھېچ ئىش يوق ئىدى. باشقىسىغا پەرۋايىم پەلەك، ئۇنىڭدىن
ئۆزگە قورقىدىغان ئىشىم يوق.

بىركەمدە خوتۇنۇم قولىدا مېنىڭ يانفونۇمنى مەھكەم چاڭ-
گاللىغىنىچە ياتاق ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. مەن تېلېۋىزوردىن
كۆزۈمنى ئالماي ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ
توختىدى ۋە ئۇن چىقماي يانفوننى ماڭا تەڭلىدى. مەن بەخىرا-
مان ھالدا يانفوننى قولۇمغا ئېلىپ، پەرۋاسىزلا ئۇچۇرغا كۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشلىدىم ـ دە، زىمىستان سوغۇقتا بېشىمغا بىر چېلەك سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ ئورنۇمدىن سەكرەپ قوپۇپ كەتتىم. «جېنىم، بەك سېغىندىم، ھازىرلا كونا جايغا كېلىڭ! چاپسان بولۇڭ!...» بۇ ھېلىقى خېنىمدىن كەلگەن ئۈچۈر ئىدى. مەن قورقۇنچ ئىچىدە خوتۇنغا قارىدىم، خوتۇنىنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. تىنىقى ئىچىگە پاتماي، كۆزلىرى چەكچىيىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ كەتكەنىدى. خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك غال ـ غال تىترەيتتى. كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، كۆزلىرى بىر خىل دەھشەت ئىچىدە قېتىپ قالغانىدى. ئۇ مۇشتلىرىنى مەھكەم تۈگكەن ھالدا لېۋىنى قاتتىق چىشلەپ، ماڭا مۇدھىشلىك يىغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۈن ـ تىنسىز قادىلىپ تۇراتتى.

«ئەمدى تۈگەشتىم!» پەقەت شۇ گەپنىلا ئويلىيالىدىم. يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ، دېمىم كېسىلىپ قالدى. پۈت ـ قولۇمدا جان قالمىدى. مەن لاغىلداپ تىترىگىنىمچە، ئۈنىڭغا بىر خىل قورقۇنچ، بىچارىلىك ۋە مەنىسىزلىك ئىچىدە قاراپ قېتىپ قالدىم. «ئەمدى بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي!»

ئايالىمنىڭ كۆزلىرى غەزەپلىك ئىدى، ئۇ كۆزلەردىن بىر خىل مۇدھىش نۇر چاقنايتتى.

مەن بارا ـ بارا ئېسىمنى يىغدىم. ئەمدى دۇمباق يېرىلدى! بوغامسەن، ئاسامسەن، ئۆلتۈرەمسەن ئۆزۈڭنىڭ ئەركى، مەنمۇ جاق تويدۇم بۇنداق ياشاشتىن! بېلىنى باغلىغان، مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بار بىر ئوغۇل بالىنىڭ كۆرىدىغان كۈنىمۇ بۇ!... بولغىنىنى كۆرەي، قېنى نېمە قىلىۋېتەرسەنكىن مېنى شۇ تاپتا!... دېگەن خىيال ئەستى مېڭەمدە — يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، ياقامغا ئېسىلمامسەن، يا بولمىسا قولۇڭغا قوش پىچاق ئېلىپ قارنىمغا تىقمامسەن. مانا، مېنىڭ تۇرۇشۇم شۇ! قولۇڭدىن نېمە كەلسە شۇنى قىل! دەيتتىم ئىچىمدە، تۇۋا!... خوتۇنۇم

ھېچنېمە قىلمىدى — ۋارقىرىمىدى، جارقىرىمىدى. چىشى مۈشۈكتەك ئېتىلىپ كېلىپ ياقامغا چاڭ سالمىدى. ھۆڭگىرەك ئېتىپ بىنانى بېشىغا كىيىپ يىغلاپمۇ كەتمىدى. ئاغزىنى قويۇۋېتىپ تىللاپمۇ كەتمىدى. ئۇ بىر ھازاغىچە روھى چىقىپ كەتكەندەك ئۈن - تىنسىز ماڭا قادىلىپ تۇرغاندىن كېيىن بىر ئەلەملىك «ئاھ!...» دەۋەتتى - دە، ئاستاغىنا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ھەيران بولغىنىمدىن ئاغزىمنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدىم. نېمە ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى، ھېلىقى جىنتەكنىڭ ئۇچۇر يوللىغىنى نېمىسى؟ بۇرۇنلا كېلىشىپ قويغاندۇققۇ؟... قىزىق، بۇ خوتۇنغا نېمە بولدى ئەمدى؟ نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ؟ نېمىشقا قىلىدىغىنىنى قىلمايدۇ؟ ئۇ بىردىنلا ياۋاشلاپ كەتتىيا! بۇ ئۇنىڭ خاراكتېرى ئەمەسقۇ؟! كىمدۇر بىرسى ئۇنى سېھىرلەپ قويدىمۇ نېمە؟...

دەسلىپىدە قورققانىدىم. راستلا قورققانىدىم. شۇڭا، ھەممىگە تەييارلاندىم — رەسۋا بولۇشقا، ئۇرۇش - تۇرۇشقا، ھەتتا ئەتىلا سوتقا چاقىرىلىشىمغا، ھەممە - ھەممىسىگە... لېكىن ھېچنېمە بولمىدى. شۈكۈر ئاللا! ئارتۇقچە جىددىيلىشىپ كەتكەن ئوخشايمەن ئۆزۈمچە، دېمىسىمۇ، بىر تال ئۇچۇر ھېچ نەرسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، ھەتتا تېنىۋېلىشمۇ مۇمكىنغۇ؟ تېنىۋېلىشقىمۇ بولىدۇغۇ؟ لېكىن... مەن يانفونۇمدىكى ئۇچۇرنى قايتا ئوقۇدۇم، ھەممە گەپ ئېنىق ئىدى... مېنىڭ ئات - جۇنۇم، كونا جاي، سۆيۈملۈكۈم... ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى... ئەمدى تېنىۋالغىلى بولمىغۇدەك، لېكىن... نېمە بولسا شۇندا كۆرگۈلۈك... لېكىن خوتۇنغا نېمە بالا بولدى؟ نېمىشقا... نېمىشقا ئۈن چىقمايدۇ؟!

خوتۇننىڭ ھېچنېمە قىلمىغانلىقىدىن كۆڭلۈم ئارام تېپىشنىڭ ئورنىغا تەتۈرىچە بارغانسېرى چوڭقۇر ۋەھىمىگە پاتماقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدىم. ئىچىم سىقىلىپ تىنالماي قالدىم. ئۆيئىچىدىكى جىم-جىتلىق ماڭا شۇ قەدەر ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق ۋە ئازابلىق بىلىنىشكە باشلىدى. مەن خوتۇن كىرىپ كەتكەن ھۇجرا ئۆي تەرەپكە پات - پات قاراپ قويىمەن. ئۇ يەردىن تىرىق قىلغان تىۋىش ئاڭلانمايدۇ. خوتۇن بەخىرامان ئۇيقۇغا كەتكەندەك...

ئاخىر ھۇجرا ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئاستاغىنا ئېچىلىشى ئۆينىڭ قورقۇنچلۇق جىمجىتلىقىنى بۇزدى. ئۆينىڭ ئىچىدە قېتىپ قالغان ھاۋا تەۋرىنىشكە باشلىدى. خوتۇن ھۇجرىدىن چىقتى. مەن يېڭى «بىر پەردىلىك تىراگېدىيە»نىڭ باشلىنىشى-نى كۇتۇپ جىمىكى سەزگۇ ئەزالىرىمنى ئۇچلاپ، قۇلاقلىرىمنى دىڭ قىلىپ، تېلېۋىزورغا قارىغان بولۇپ ئولتۇردۇم. خوتۇن ئاستاغىنا ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ مەن تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇ كېچە سائەت ئونلار بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. بىلىكىگە قىزىل پىلا-شىنى ئارتىۋالغانىدى. نەگە بارىدۇ، ھەي مۇنۇ ساراڭ تالاغا چى-قىپ بىر ئىش قىلىپ قويماس - ھە؟! ئاپتوبۇسنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلاپ دېگەندەك...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭ-دىم. مېنىڭ چىققىنىمنى كۆرۈپ:

— كىرىپ ئۇخلاۋېرىڭ، بىردەم ئايلىنىپ كىرەي... ماڭا ھېچ ئىش يوق، — دېدى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ئىنتايىن تەم-كىن ۋە سالماق ئىدى، گېپىدىن بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلىنىپ تۇراتتى. بىرەر نەرسە دېيىشكە يۈزۈم چىدىماي، جايىمدا توختاپ قالدىم. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئامالسىز ئۆيگە قايتىپ كىردىم. دۇنيانىڭ ئىشلىرى قىزىق بولىدىكەن، — ھېكايە سۆزلەۋاتقان بويلۇق كىشى لۆڭگە بىلەن باش - كۆزلىرى-نى سۈرتۈۋېتىپ سۇدانىدىكى سۇدىن ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئىس-تىھزا بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — خو-

تۇن شۇ كېچىسى تولىمۇ كەچ قايتىپ كىردى. شۇڭغىچە مەن
دەككە ـ دۇككە ئىچىدە كىرپىك قاقمىدىم. ئۆيئىچى سوغۇق بول-
غاچ، يېشىنىپ يوتقانغا كىرىۋالغان بولساممۇ، كۆزۈمگە ئۇيقۇ
كەلمىدى. تۇرۇپلا ئەمەس خىياللارنى قىلىپ قالاتتىم. يەنە تۇرۇپ
ئايالىمنىڭ ئابايىقى سالماق ۋە تەمكىن ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا
كەلتۈرۈپ ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ تىنچلىنىپ قالاتتىم. قولۇمدا
بىر كىلاسسىكنىڭ شېئىرلار توپلىمى، لېكىن مېڭەمگە چۈش-
مەيدۇ. قۇلىقىم ئىشىك تەرەپتە، قاچان قايتىپ كىرەر دەيمەن.
خوتۇن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئىچىدە مەن
نۇرغۇن نەرسىلەر توغرۇلۇق ئويلاپ چىقتىم. دەسلەپتە ئۆزۈمنىڭ
يولدىن چىقىشىمنى، بۇزۇلۇشۇمنى خوتۇندىن كۆردۈم، بۇ راست
ئىدى. لېكىن، كېيىن ئويلاپ باقسام، بەربىر ئۆزۈمنىڭ خاتاسى
ئىكەن. مەن پەقەت باھانە ئىزدەۋاتقانىكەنمەن! تۇرۇپلا ئۆزۈمدىن
نەپرەتلەندىم. ئايالىمغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، نېمىلا دېگەنبىلەن
ئۇ مېنى سۆيەتتى، مەنمۇ شۇنداق! ماڭا سادىق، ۋاپادار ئىدى، لې-
كىن شۇ... تاشقىرقى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەن خىيال-
لىرىم ئۈزۈلدى. مەن دەرھال چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا پۈركى-
نىۋالدىم.

ھۇجرا ئۆينىڭ ئىشىكى ئاستاغىنا ئېچىلدى. خوتۇن كىرگە-
نىدى. ئۇ چىراغنى ياقماي بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئالدىرى-
ماي كىيىملىرىنى يېشىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئەمەس، مېنىڭ
يوتقىنىمغا كىردى ۋە مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ سىنە-
لىرىنى تىترىتىپ بۇقۇلداپ يىغلاشلىرىدىن كۆكرىكىم ھۆل
بولدى. ئۇ غال ـ غال تىترەيتتى. قوللىرى بىلەن مېنىڭ ئەتىي-
نىمنى توختاۋسىز سىلايتتى، ئۇنىڭ ئەتىينى، قوللىرى تاشتەك
مۇزلاپ كەتكەنىدى... ئەتىسى ۋاقچىرەك تۇردۇم. ھېسلىرىم چە-
لەڭگۇر، تۇيغۇلىرىم خامۇش ئىدى. ئۆزۈمنى گويا بىر تۇمانلىق
بوشلۇقتا لەيلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. ھېچ نەرسىنى كۆ-

رەلمەيتتىم، ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمايتتىم، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ ھەيران قالدىم. ئۆيلەر چىنىدەك تازىلىنىپ، شۇنداق چىرايلىق بېسىقتۇرۇلغان، ئۆي ھاۋاسىدىن گۈپۈلدەپ خۇشبۇي ئاڭقىيدۇ. دېرىزىدە يېپيېڭى ۋە ياش بىر قۇچاق ئەتىرگۈل ياشناپ تۇرۇپتۇ. پاكىز يۇيۇندۇرۇلۇپ قورچاقتەك ياساپ قويۇلغان ئىككى بالام كۇلۇپ، يايرىشىپ ئۆيئىچىدە قىيغىتىپ يۈرۈشىدۇ. ئايالىم كىيىمگىلى بەك ئۇزاق بولغان زەڭگەر يوپكىسى ۋە ھال رەڭ كوپتىسىنى كىيىپتۇ، سارغۇچ ۋە قويۇق چاچلىرى كۆڭۈل قويۇپ تارالغان، چىرايى چېچەكتەك ئېچىلىپ، كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاراقلاپ كېتىپتۇ، چېھرىدە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان، ھەتتا مەن قايسى چاغلاردا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر خىل مۇلايىملىق، نازاكەت، خۇشخۇيلۇق بالقىيدۇ...

«سىز ئامراق پۇرە سالدىم. ئاۋۋال سۇت بىلەن مېغىز – ھەسەلدە ناشتا قىلىۋېلىڭ»، ئۇنىڭ ئاۋاز – ئاھاڭى گويا بەكمۇ تەسىرلىك ۋە يېقىملىق ناخشىغا ئوخشايدۇ. ھاڭ – تاڭ قالدىم. ئوڭۇممۇ – چۈشۈممۇ، نېمە كارامەت بۇ ئەمدى؟! مۇشۇلارنىڭ بارلىقى چىن بولسا – ھە، كاشكى...

«كىيىملىرىڭىزگە دەزمال سېلىپ قويدۇم، ئالماشتۇرۇۋېلىڭ»، «چارچاپ كەتكەنسىز، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ، كۆرپە سېلىپ قويدۇم»، «ئۇچىڭىزنى تۇتۇپ قويايمۇ، غولىڭىز تېلىپ كەتكەندۇ – ھە؟!»، «كېلىڭ، ئىسسىق سۇدا پۇتلىرىڭىزنى يۇيۇپ قوياي...» يەنە، يەنە... ئۇ شۇ قەدەر مۇلايىم، شۇ قەدەر كۆيۈمچان، شۇ قەدەر مېھرىبان ۋە شۇ قەدەر... ئۇنىڭ يۈرۈش – تۇرۇشلىرىمۇ باشقىچە، خۇددى باشقىلا بىر خوتۇنغا ئۆزگىرىپ قالغاندەك... شۇنداق قىلىپ، ھەممىلا بىردىن ئۆزگەردى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئويلىغۇم، بۇ ھەقتە بەك تېرەن تەتقىق قىلغۇم يوق، پەقەت بىرلا نەرسە ئېنىقكى، مەن ئەمدى توي قىلىپ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدىغان، باشقىلاردىن ئاڭلاپ ئۇلۇغ –

كىچىك تىنىپ قالىدىغان، بىرە ـ بىرە خەقلەرنىڭ خوتۇنلىرى-
نىڭ ئەرلىرىگە قىلىۋاتقانلىرىغا قاراپ: «بۇلار قانداق خوتۇنلار-
دۇ؟ مېنىڭ خوتۇنۇم قانداق خوتۇندۇ؟ خۇدايىم، ماڭىمۇ شۇنچە-
لىك بىر ئىلتىپات قىلسا نېمە بولار ئىدى ـ ھە؟!» دەپ قىلغان
ئارزۇ ـ ئۈمىد، تەلەپ ـ تەشنالىقلىرىمغا ئەمدى تۇگەل يەتكەن-
دەك ئىدىم. بىر قوۋۇز گەپ ئەمدى ئاللا مېنى ئەزىزلەپ، مېنى
كىم كۆرسە ئاغزىنى تەمشىتىدىغان قوۋناق ۋە گۈزەل كۈنلەرگە
يەتكۈزگەنىدى. ئەمدى باشقا خىيال ۋە ئىستەكلەرگە كۆڭلۈمدە
ئورۇن يوق! بىرلا يېرى ئايالىمنىڭ خۇددى كىمدۇر بىرسى سۈپ-
كۆشلىگەتكەندەك بۇنداق ئۈشتۈمتۈت ۋە بىراقلا ئۆزگىرىپ كې-
تىشلىرىگە ئوڭۇمدا ئەمەس، چۈشۈمدىمۇ ھەيرانمەن! مەيلى،
كۈتكىنىمگە ئېرىشتىمغۇ ئاخىر! شۇنداق قىلىپ، قەتئىي نىيەت-
كە كېلىپ ھېلىقى چىرايلىق خېنىم بىلەن ئارىنى ئوچۇق قىل-
دىم. ئۇنى كۆپ تەسەللى ۋە رىغبەتلەر بىلەن چىرايلىققىنا يولغا
سېلىۋەتتىم. لېكىن... كۈنلەر ئۆتكەنسېرى... توۋا دەيمەن، ھەم-
مىلا ئادەم شۇنداق بولامدۇ ياكى مېنىڭ نېرۋامدىن چاتاق چىق-
تىمۇ، بىلمىدىم، خوتۇنۇمدا بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر بارغان-
سېرى ماڭا غەلىتە تۇيۇلۇشقا، ھەتتا ئاخىرىدا ئىچىمنى سىقىشقا
باشلىدى. قانداق دەمسىلەر؟ ئاڭلاڭلار ـ ھە، ئىككىمىزنىڭ مۇ-
ناسىۋىتى تۇرۇپلا ئەر بىلەن خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەمەس،
خۇددى ئۆي ئىگىسى بىلەن مېھماننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ
قالغانىدى — خوتۇنۇم مېنىڭ خوتۇنۇمغا ئەمەس، ئۆينىڭ غوجا-
يىنىغا، مەن ئۇنىڭ ئېرىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆيىگە يىراقتىن كې-
لىپ قالغان بىر «ئەزىز» مېھمانغا ئايلىنىپ قالدىم، گەپ ـ
سۆزلەر شۇنچىلىك تەكەللۇپ ۋە ئېھتىيات بىلەن ئېيتىلىدۇ.
ئۇنلۇكرەك يۆتىلىشتىنمۇ ئەيمىنىمىز، ھەتتا ئاشخانا ئۆي ياكى
تازىلىق ئۆيى ئىشىكىدە دوقۇرۇشۇپ قالساقمۇ بىر ـ بىرىمىزدىن
ئەيمىنىپ، بىر ـ بىرىمىزگە تېگىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزئارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يانچە بولۇپ ئۆتۈشىمىز، ئۆيگە تېلېفون كېلىپ قالسا، بىر - بىرىمىزگە «سىز ئالامسىز يا مەنمۇ؟» دەپ سورىشىمىز، ئىشىك- تىن كىرىشىمگە (ئۇ ئۆيدە بولسىلا) ئالدىمغا چىقىپ تۇزۇت بە- لەن «خۇش كەپسىز...» دەيدۇ تېخى. مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرد- شىمنى بىلەلمەي بىردەم ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ كېتىپ «ھە!» دەيمەن ۋە ئىچىمدە كۈلكە قىستايدۇ. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ قولۇمدىكىنى ئالغاچ ئەدەپ بىلەن «نېمە يەيسىزكىن؟» دەيدۇ. مەن «نېمە بولسا شۇنى...» دېسەم، «ياق، ئۇنداق دېمەڭ، سىز چوقۇم ياخشى ئو- زۇقلىنىشىڭىز كېرەك، قەدىرلىكىم» دەيدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن تالىشىۋېرىشنى بىئەپ كۆرۈپ، بىردەم ئىنجىقلاپ تۇرۇپ كېتە- مەن ۋە ئاخىرىدا ئاغزىمغا كەلگەن بىر خىل تاماقنى ئاتاپ قۇتۇ- لىمەن. «مانا ھازىر تەييار بولىدۇ، ئاڭغىچە قىزىق چاي ئىچىپ تۇرۇڭ» دەيدۇ. بالىلىرىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ماڭا ئەركىلەپ ئېسى- لىشسا، ئۇ شۇ ھامان بالىلارنى: «ئاتاڭلار بىر كۈن ئىشلەپ چار- چىدى، ئاتاڭلارنى ئارامىدا قويۇڭلار!» دەپ جېمىلەيدۇ ۋە بالىلار- نى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە قوغلايدۇ. بالىلىرىم قىيماسلىق ئە- چىدە ماڭا مۆلدۈرلەپ قاراشقىنىچە مەندىن يىراقلىشىشقا مەج- بۇر بولىدۇ. تاماقتىن كېيىن تېلېۋىزور ئالدىغا كېلىپ ئول- تۇرسام، بالىلىرىم ۋە ئۆزى كۆرۈپ ئولتۇرغان قانالنى دەرھال يۆتكىۋېتىپ «قايسى قانالنى كۆرىسىز؟» دەپ تىزگىنەكنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. بالىلىرىم خەقىش قىلسا، «مېڭىڭلار، ئۆيۈڭ- لەرگە كىرىپ ئويۇنچۇقۇڭلارنى ئويناڭلار ئاتاڭلارنىڭ ئارامىنى بۇزماي، سىلەرگە تېلېۋىزور زىيان قىلىدۇ» دېگىنىچە بالىلە- رىمنى تېلېۋىزور ئالدىدىن قوغلايدۇ. ئىدارىدە ئىشلەۋاتقىنىمدا كۈنىگە نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىدۇ: «قانداقراق تۇرۇۋاتى- سىز؟»، «قورسىقىڭىز ئېچىپ قالغاندۇ؟»، «بۈگۈن يامغۇر ياغارد- مىش، ئىشخانىدىن چىققاندا كۈنلۈكنى ئۇنتۇپ قالماڭ، سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن...»، «كەچتە نېمە يەيسىز؟»، «تاماقنى ئۆيدە

يەمسىز يا ئاغىنىلىرىڭىز بىلەن سىرتتا غىزالىنامسىز؟» سوئالنىڭ تولىلىقىدىن مېڭەم قوچۇلۇپ كېتىدۇ. ئىشداشلىرىمنىڭ ئالدىدا تېخى خىجىل بولىمەن. توۋا، ئۇخلىسام چۈشۈمگە كىرمەيدىغان ئىشلار! ئىلگىرى سەلگىنە كەچ قالسام، سوئال - سوراقنىڭ دەستىدىن نەپەس ئالالمايتتىم. ئەمدىلىكتە سىرتتا يۈرۈپ قانچىلىك كەچ قالماي، بۇنىڭ سورىغىنىنى قىلىپمۇ قويمايدۇ. ئۆيگە قاچان خالىسام شۇ چاغدا قايتىمەن. «ئۆزۈم بەگ - ئۆزۈم خان» دېگەندەك....

ئىلگىرى يىل ئاخىرىدا مۇكاپاتنى ئازراق ئېلىپ قالسام ياكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنالماي قالسام، ئايالىم يۈزۈمدىن - يۈزۈمگە «تايىنلىق ئىكەنسىزغۇ؟ خەقچىلىك بولالماپسىز!» دەپ كوتۇلدايتتى. ئۇنىڭ سېسىق گەپلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ كېچىلىرى ئىش قوشۇپ ئىشلەپ خىزمەتتە نەتىجە يارىتىپ، يىل ئاخىرىدا باھالىنىپ تەقدىرلىنىپ قالسام، «ۋاي خۇدايىمەي... خەقنىڭ ئەرلىرى قانداق ئەرلەردۇ؟ ئىشتىن چۈشسە بازاردىن تاماقلىق لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئايالى ئىشتىن چۈشكۈچە بالىلىرىنى يەسلىدىن ئاچىقىدىكەن، خېمىر يۇغۇرۇپ، كۆكتاتلارنى يۇيۇپ - توغراپ تەييار قىلىپ قويىدىكەن، كىر يۇيىدىكەن، ئۆي تازىلايدىكەن، مەن قانداق ئەرگە تېگىپ قالغاندىمەن؟ ھېچنېمە بىلەن كارى يوق، ئىشخانىسىدىن كەلمىگەن، كۈندۈزى ئىشلىگىنى يەتمەي، كېچىلىرىمۇ ئىشلەۋاتقان... ئۆي نېمە، خوتۇن نېمە، بالا نېمە، ئويلاپمۇ قويمىغان... مەن ئەرگە تەگدىم دەپ قۇللۇققا سېتىلىپ كەتكەنىكەنمەن سىزنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىدىغانغا!» دەپ ۋايساپ كېسىلىپ قالاتتى.

«ھە... بوپتۇ» دەپ ئۆيدىن تالاغا چىقماي، ئۇنى - بۇنى قىلىپ ئۇنى رازى قىلاي دېسەم: «ۋاي قانداق قىلاي، ئەر كىشى دېگەن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىپ ئاتاق قازىنىپ، ئۆزىنىڭمۇ، خوتۇنىنىڭمۇ يۈزىنى يورۇق قىلمامدۇ. نەدىكى پارچە - پۇرات ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ مىچىلداپ ئولتۇرغان...» دەيدۇ. مەن: «ئۆيىنى پاكىزرەك تۇتساڭ، ئۆزۈڭمۇ ياش، ئالىي مەلۇماتلىق ئايال بولغاندىكىن، رەتلىك كىيىنىپ، ئۆزۈڭنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرسەڭ بولمامدۇ؟» دېسەم، شۇ ھامان: «ھوي، ماڭا بىر قارىۋەتسىلە، بېگىم، مەن بىكار قاپتىمەنمۇ؟ ئەمدى بولغاندا كۆزلىرىگە مەينەت، رەتسىز كۆرۈنۈپ قېلىۋاتامدىمەن؟ ئەجەب مېنى باشقۇرغىلىرى كېلىپ قاپتۇغۇ؟ ئۇنداق بولسا ئۆينىڭ ئىشلىرىنى سىلى قىلىسىلا قوللىرىنى ئىشىك قىسىۋالمىغاندىكىن، خوتۇن كىشىدەك چېپىلمىغان شۇ قالدىمۇ؟!» دەپ شۇم مېكىياندەك ھۇرپىيەتتى. خوتۇنىنىڭ بولۇشى شۇ بولغاندىن كېيىن گاھىدا نېرى - بېرىلا كىيىنىپ ئىشقا ماڭسام، «ۋاي بولۇمسىز، ساڭگىل - سۇڭگۇل كىيىنىپ چاچلىرىنى سالۋارتىپ، ساقاللىرىنى دىڭگايتىپ يۇرۇشلىرىنى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلەشتۈرۈپ. ئۆزىچە مېنى ئۇنى - بۇنى دەيدا تېخى! ئالىي ئىنژېنېر ئىمىش ئۆزىچە...» دېگىنىچە ئارقامدىن شالىنى چېچىپ قالىدۇ.

پاكىزرەك كىيىنىپ، ساقال - بۇرۇتلىرىمنى قىرىپ، چېچىمنى تاراپ، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالىستۇك تاقاپ سىرتقا ماڭسام، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ - دە: «قانداق؟ بۈگۈن ئىش باشقا ئوخشىمامدۇ؟ قايسىبىر تومۇچۇق بىلەن ھال - مۇڭ بولماقچى...» دەپ غوۋغا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارىدىغان يېرىمگە بارمايلا قويىمەن. بەزىدە جىقراق سۆزلەپ قويسام: «نىساخان چايچىدەك نېمە جىق گەپ بۇ؟ ئەر كىشى دېگەن ئازراق گەپ قىلىپ سالاپەت بىلەن ئولتۇرمامدۇ سۈپىتىنى ساقلاپ! قۇم قازىدەك كوتۇلداپ، بېشىمنى ئوچاق ئەتتىڭغۇ قۇلاقنى ئاغرىتىپ...» دەيدۇ.

گەپ قىلماي جىم ئولتۇرسام: «ھەي بۇت، ھەي ھاڭۋاقتى، نېمە چىرايىڭىزنى ئوسۇرۇق چىراي قىلىپ ئولتۇرىسىز، ئىشىدڭىزغا چىۋىن چۈشۈپ قاپتۇمۇ يا؟! مەن دېگەنچۇ سىزنىڭ خوتۇ-

نىڭىز، ئىككى ئېغىز چىرايلىق گېپىڭىز يوقمۇ خوتۇن دېگەن-
گە؟» دەپ دوق قىلىدۇ.
تاماكا چېكىدىغان چېغىمدا: «ئۆيىنى ئىسلاپ، پۇلنى بۇ-
زۇپ...» دەپ غودۇرايتتى. كېيىن تاماكىنى تاشلىدىم. بىر كۈنى
پوسۇققىدە: «سىزدە يا ساقالنىڭ، يا بۇرۇتىنىڭ تايىنى يوق ئى-
كەن، ئەر كىشى دېگەن بىر ئەركەككە ئوخشىسا... تاماكا تارتىپ
ئولتۇرغان چېغىڭىزدا بىر ئەر كىشىگە ئوخشايتتىڭىز ئازراق
بولسىمۇ!» دېمەسمۇ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. تاس قالدىم بىر
تەتۈر شاپىلاق سېلىۋەتكىلى، لېكىن ئۇرۇپلا قويسام، ئۇنىڭدىن
ھەرگىز قۇتۇلالمايدىغىنىمنى بىلگەچكە، ئاچچىقنى ئىچىمگە
يۇتتۇم - دە، مىڭبىر بالادا تاشلىۋەتكەن تاماكامنى قايتىدىن تې-
پىۋالدىم.
ئەڭ ئەلەم قىلغان يېرى، بىر كۈنى ئۆيگە ئۆزى بىلەن تەڭ-
تۇش بىر ئايال تۇغقىنى پەتىلەپ كەپتۇ. تاماقتىن كېيىن مەن
ھۇجرامغا كىرىپ كەتتىم. مېنىڭ چىرايلىقىم ھېلىقى چوكان
بىلەن مېھمانخانىدا مۇڭدىشىپ ئولتۇردى. بىركەمدە ھۇجرامدىن
چىقىپ تۇرسام، ئۇلارنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ھې-
لىقى چوكان: «مېنىڭ ئېرىمچۇ، پۇلنى بەك تاپقان بىلەن ئۇچىغا
چىققان قارام، تاياقچى، مېنى ھە دېسىلا ئۇرۇۋالىدۇ ئۇ لوكچەك،
ھەممىگە چات كىرىپ، ھەممىنى باشقۇرىدۇ... كىيىم - كېچەك،
يېمەك - ئىچمەكتە قىسىلمىغان بىلەن، بەك زومىگەر، ئەرنىڭ
غەزىپىدىن قورقۇپلا ياشايمەن...» دېسە، مېنىڭ ئۇ سۆيۈملۈكۈم
نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر؟ «ۋاي نېمە دەيدىغانسىز جېنىم تۇغقى-
نىم، ئۇنداق ھەم قەھرى بار، ھەم مېھرى بار ئەرنىچۇ ئەر بوزى
دەيمىز. ئەر بوزى دېگەنلىك، ئەرلەرنىڭ ئەرەنى دېگەنلىك! ئۇنچى-
لىك تاياق دېگەن نېمە ئۇ؟ ئەر دېگەن ئاچچىقى كەلسە ۋالاق -
ۋۇلۇق بەش - ئالتىنى ئۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئىككى - تۆت ئېغىز
شېرىن گەپ بىلەن خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئالالىسا، ئاندىن ئەر-

كەككە ئوخشامدۇ؟ مېنىڭ ئېرىمدەك يا ئىسسىقى يوق، يا سوغۇقى يوق تۇرغانلا بىر بوشاڭ بولسا، تۇرمۇشنىڭ نېمە قىزىقى بولسۇن!» دەۋاتامدۇ. قۇلىقىمغا ئىشىنەلمەيلا قالدىم. مېڭەمدىن كىرگەن ئاچچىق تاپىنىمدىن چىقتى. «نېمە دەۋاتىدۇ مۇنۇ ئىززەت قىلغاننى بىلمىگەن چىچقاق مېكىيان؟!» ئاچچىقىمدا يېرىلغۇدەك بولدۇم ـ دە، يوپۇرۇلۇپ بارغىنىمچە چېچىدىن قاماللاپ تېگىمگە بېسىۋېلىپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە، تازا ئاغرىيدىغان يېرىگە، تازا نازۇك يېرىگە، تازا يادىدىن چىقمايدىغان يېرىگە «ۋاي ئۆلدۇم! ۋايدادا! ۋاي پەندىيات! مەن خاتا قىپتىمەن، مەن خاتا دەپتىمەن! سىز بوشاڭ ئەمەس، تازا ئۇچىغا چىققان ئەر بوزى ئىكەنسىز ئېرىم!» دېگۈچە، ئۆزۈم ھېرىپ ھالىمدىن كەتكۈچە تازا بىر سالاي دېدىم ـ يۇ، يەنە مۇشۇ بىشەم خوتۇننىڭ، مەن ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭا سالىدىغان كۇننى كۆز ئالدىمغا كەلتۇرۇپ، ئاشۇ ئىككى نارەسىدە بالامنىڭ بېشىغا كېلىدىغان يېتىملىك كۇلپىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇرۇپ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. ئاھ، قانداق قىلاي، ئۆلەيمۇ، ئۆچەيمۇ؟! ئەمدىلىكتە بولسا، خوتۇنۇم چىرايلىقنى جادۇگەر سېھىرلەپ قويدىمۇ ياكى جىن ئۇردىمۇ، بىلمىدىم، ھېلىقى مەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرگەن خېنىمدىن يانفونۇمغا ئۇچۇر كەلگەندىن بۇيان خوتۇنۇم باشقىلا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ، مەن بولسام بىر ئۆز بەگ ـ ئۆز خانغا، «خوتۇنىدىن قورقىدۇ»، «سايىماخۇن» دەپ لەۋھە ئالغان بىر بايقۇش تۇرۇپلا خوتۇنىدىن زادىلا «قورقمايدىغان» بىر ئەر بوزىغا ئايلىنىپ قالدىما؟! نېمىگە ھەيران قالغۇلۇق دەيسىزغۇ؟ نېمىشقا ھەيران قالمايمەن؟ مەن ئۇنى يا ئۇرمىسام، يا سوقمىسام، ياخشى ئەمەسمۇ دەيسىلەرغۇ! شۇنداق، ياخشىلىقىغۇ ياخشى، بىراق قانداقلا بولسۇن بۇنداق بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى ـ دە! بۇنداق ئۇشتۇمتۇت، بۇنداق... ھەي، نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولار بۇنى! ئۆزۈممۇ بىرنېمە دەپ بولالمايۋاتىمەن دېسە! «بىر سەۋەبى بولمىسا،

قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا» دېگەن بىر گەپ بارغۇ، ئاغىنىلەر. خوتۇن بىر كۈن يۈزىنى كۆتىگە چاپلاپ ئۇشتۇمتۇت ھېساب ئالمىسا دەپ خاۋاتىرلىنىمەن - دە! ھېچ نەرسە بولمىدى دېگەندىمۇ... ھەي، نېمىسىنى ئېيتاي، مەن تۆت - بەش ئايغىچە ئائىلىدە، ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئىككىمىزنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىدا بولغان بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھاڭ - تاڭ قالدىم. ھەتتا دورا يېگەن بېلىقتەك گاڭگىراپ قالدىم. زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئاھ، مەنمۇ مۇشۇنداق كۈنلەرگە ئېرىشىدىكەنمەن دەپ قۇۋاندىم، سۆيۈندۈم، ئۆزۈمچە تازا كېرىلدىم. سىرتتا خالىغىنىمنى قىلىپ، ئۆيئىچىدە بەگ بالىسىدەك كۆتۈلۈپ يۈرىۋەردىم. خوتۇنۇم بولسا غىڭ - پىڭ قىلاي دېمەيدۇ.

بىراق، ئاغىنىلەر، نېمە دەي سىلەرگە ئەمدى؟ مەن گويا بالغا مىلىنىپ ياشاۋاتاتتىم. «بالنى تولا يېسەڭ ئەمەن تېتىيدۇ» دەپ ئاڭلىغانمۇ سىلەر؟ بال دېگەنگىچۇ، مەندەك باش - كۆزىچە مىلىنىپ ئەمەس، ئاندا - ساندا ئېغىز تەگكۈزۈپ قويسىلا بولىدىغان ئوخشايدۇ. يەۋەرسەڭ، ئېغىزىڭغا ئاخىر بال ئەمەس، ئەمەنمۇ تېتىمايدىكەن، ھەتتا ھېچ نەرسە تېتىمايدىكەن. ئاچچىق، چۈچۈمەل، قىرتاق، تۇزلۇق... دېگەنلەر ئانچە - مۇنچە ئارىلىشىپ كەلگەندىلا ئاندىن تاتلىق ۋە شېرىن تەم دېگەننىڭ لەززىتى بولىدىكەن. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەردىن باشتا ھەيرانۇھەس بولغان، ھاڭ - تاڭ قالغان بولسام، كېيىن ئالەمچە قۇۋاندىم. بىرىپ - بىرىپ زېرىكتىم، ئاخىرىدا بولسا بىزار بولدۇم. بەللى، تازىمۇ بىر، دەيسىزغۇ ئاداش، سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلمىگەچ بىلمەيسىز، بېشىڭىزغا كەلسۇنچۇ قېنى، بۇنداق ئۆيدىن سىزمۇ قېچىپ چىققىسىز! — سۆزلەۋاتقان بويىلۇق كىشى يېنىدىكى ھە دەپ گېپىگە قوشۇق سېلىپ ئولتۇرغان قارىۋايغا زەردە بىلەن چەكچىيىپ دېدى، — دېسەم - دېمىسەم، ئىچىڭىز ئاداپ كەتكەن ئادەمسىز، خوتۇننىڭ دەردى بىلەن... — بۇ گەپ بىلەن قارىۋاي ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى، سۆزلەۋاتقان بويلۇق كىشى ئۆزىدىن رازى بولغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئاغزىنى كۈشۈكتەك ئاچقىنىچە قېتىپ قالغان بودەككە ئاۋۇ قارىۋايىنى ئىملەپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— ئىنكاھ دېگەن، — سۆزىنى داۋام قىلدى بويلۇق كىشى گېلىنى كۈچ بىلەن قىرىپ قويۇپ، — ئىنكاھ دېگەن بىز ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ۋاقىتلىق ھۇزۇر، مەڭگۈلۈك ئازاب ئىكەن، تويدىن بۇرۇن ياكى تويىنىڭ دەسلىپىدە ئەركەك قىزىقچىلىقىدا جىق نەرسىلەرنى ئوبدانراق ئويلاشمايدىكەنمىز. «خوتۇن دېگەن شوغۇا!» دەپ ھەممىنى ئۇنتۇيدىكەنمىز، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي تەمى ـ ئاچچىقى بۇرنىمىزنى ئېچىشتۇرغاندا كۆزىمىزنى ئېچىپ قارايدىغان بولساق، ئىش ئۇنداق ئەمەس ئىكەن ـ دە، «ئاپلا!» دەپ ساقىلىمىزنى بوغۇشلاپ زوڭ ئولتۇرۇپ قالىدىكەنمىز، چۈنكى، ئۇ چاغدا ھەممە نەرسىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، پۇرسەت قولدىن كەتكەن بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىز مىنىپ قالغان پۇچۇق تامدىن چۈشەلمەي ياشاۋېرىشكە مەجبۇر بولىدىكەنمىز.

ئويلاپ قارىساڭ، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى تام سائەتنىڭ ماياتنىكىغا ئوخشاش قوۋانچلىق بىلەن خاپىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى تەرەپكە توختاۋسىز پۇلاڭلاپ تۇرىدىغان بىرنېمە ئىكەن. ئەگەر ئاشۇ ماياتنىك ئىككى تەرەپكە قاراپ تەڭ پۇلاڭلاپ، ھەرىكەتلىنىپ تۇرماي بىر تەرەپكىلا قىيسىيىۋالسا، بۇنداق سائەتنى ساق سائەت دەمسىز ياكى بۇزۇق سائەت دەمسىز؟ مەن ئاخىر تونۇپ يەتتىمكى، مېنىڭ «سائىتىم»دىن چاتاق چىقتى — ئۇنىڭ ماياتنىكى بىردىنلا بىر تەرەپكە «يېتىۋالدى»!

تەبىئىيلىك ۋە تەڭلىكنى يوقاتقان ئائىلىدە چىن مەنىدىكى كۆڭۈل بىرلىكى ۋە كۆڭۈل قوۋانچى بولمايدۇ. ھەر نەرسىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ تەبىئىيلىكىدە ئىكەن، ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ شۇنداق. قانداق ئائىلىدە ئانچە ـ مۇنچە سۇر-

كىلىش، تاقارشىش، جېدەل - ماجىرا بولمايدۇ؟ توي قىلىشتى-
كى تۈپ مەقسەت، ئەۋلاد قالدۇرۇپ، ئۇرۇق - ئوغۇش تىزىقىنى
ئۇزارتىش. ئاشۇنداق ئۇششاق ئاغرىنىش، سۇركىلىش، تاقارشىش
ۋە تايىنى يوق جەڭگى - جېدەللەر بولۇپ تۇرىدىغان كۇرمىڭ ئا-
ئىلىلەر ئوخشاشلا بالىلىق بولۇپ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ ۋە بالىلىرى-
نى قاتارغا قېتىپ تۇرمۇش ئېقىمىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. بۇنىڭ
ئۆزى ئەڭ چوڭ تەبىئىيلىك ئەمەسمۇ؟! قىزىق، ئادەم دېگەن ئاجا-
يىپ بىر چۈشىنىكسىز مەخلۇق ئىكەن. مەن ئىلگىرى مېنىڭ
ئائىلە تۇرمۇشۇم «قىرتاق»، «ئاچچىق» ۋەھاكازا دەپ زارلاپ قاق-
شايتتىم. ئۇ چاغدىكى تۇرمۇشۇم ئەمدى ئويلاپ كۆرسەم قېنىق
دەملەنگەن چايغا ئوخشاش ھەم خۇش پۇرىقى، ھەم قىرتاق تەمى،
ھەم جۇلالىق رەڭگى بار بىر خىل رەڭدار تۇرمۇش ئىكەن. ئەم-
دىكى تۇرمۇشۇم بولسا رەڭسىز، پۇراقسىز، تەمسىز قايناق سۇ-
دەك، ئاغرىقلارغا بېرىلىدىغان مايسىز، گۆشسىز، پۇراقسىز،
تەمسىز، تۇزسىز، ئوتياشسىز، پەقەت قورساقلا تويىدىغان، لېكىن
كۆڭۈل ئاچ قالىدىغان ئاشتەك بىر رەڭسىز تۇرمۇش ئىكەن.

— «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» دەپ ئاڭلىمىغانمۇسىز؟
كۆڭلىڭىز تىنچ ئۆتسە، بەگ بالىسىدەك يايراپ ئۆتسىڭىز بولمى-
دىمۇ؟ ئۇنچىۋالا تەمنى، رەڭنى يوقسىنىپ نېمە قىلىسىز؟ — ئا-
بايا سەلگىنە دەككىسىنى يەۋالغان جۇدەڭگۇ قارىۋاي قەستەن جې-
نىغا تەگمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزدى، ئاندىن ئىككى
ياققا ئالاڭلاپ قاراپ بېشىنى چايقاپ، — سىزنىڭ ئۇ «رەڭ -
پەڭ»، «تەم - پەم» دېگىنىڭىز شۇ كۆڭۈل ئاغرىقىدىن باشقا نەر-
سە ئەمەسقۇ، ئاخىر! — دەپ قولىدىكى سۇدانىنى دوم كۆمتۈرۈپ
سۇ ئىچتى. سۇ ئىچىۋاتقاندا قارىسام ئۇ ئىرڭاي (ئالتە بارماق)
ئادەم ئىكەن.

— ھاي ئادىشەي، بىردەم زۇۋانىڭنى يىغساڭچۇ، خەقنىڭ گې-
پىگە شىنا قاقماي، — چەپ تەرەپتىكى بودەك نارازى بولۇپ غو-

www.uyghurkitap.com

دۈشىدى ئىرغايغا ئالىمىپ.
— ھەي ئاداش ـ قاداشلار، — بويلۇق ئادەم ماۋۇ ئىككىسى-
نىڭ ئاغزىنى باسماق بولۇپ ئالدىراپ گەپ باشلىدى، — ھەر
قايسىڭلارمۇ ئەر كىشى. باشقىسىغۇ بىر نۆرى، ھەتتا ھېلىقى ئەر ـ
خوتۇنچىلىق ئىشىمۇ ئەرك ۋە كۆڭۈل بىلەن ئەمەس، تۆتۈرىچە،
خۇددى ئالغان قەرزنى قايتۇرۇپ بەرگەندەك «ئېلىم ـ بېرىملىق»
ئۆچۈنلا بولىدىغان ھالغا يەتسە، بۇنداق تۇرمۇش كىشىنى ھار-
غۇزمامدۇ؟ بىزار قىلمامدۇ؟ ھەتتا ھۆ دېگۈزمەمدۇ؟ يوتقان ئىچى-
دىمۇ «قېنى ئۆزلىرى، كەلسىلە، ئەمىسە... خاپا بولۇپ قالمىسىلا
يەنە، مەنمۇ مۇنداق...» دېگەن ياغلىشاڭغۇ، يالغان سىپايىلىكلەر
جېنىڭغا جان بولمىسا ئەجەب ـ ھە؟!
ئەمدى مەن باغرىمدىكىنى تۆكسەم، شۇ كۈنلەردە مەن ئاشۇ
ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇمنى، ئاشۇ ئاغزى تالماس چىرايلىقىمنىڭ
كوتۇلداشلىرىنى، غوتۇلداشلىرىنى، ۋايساشلىرىنى، قاقشاشلىرى-
نى، باشقۇرۇش، كۈنلەشلىرىنى سېغىنىپ قالغاندەك بولدۇم،
بىرلا يېرى ئۇ گالۋاڭ خوتۇن بىر قايىنىسا قوم چۆگۈندەك شى-
ڭىلداپ توختىغىلى ئۇنىماي، مېنىمۇ كېسىلدۈرۈپ، ئۆزىمۇ
كېسىلىپ چەكتىن بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ. چېكىدىن تولا ئاشۇرۇ-
ۋەتمىسە، «باشقۇرۇش» ۋە كوتۇلداش، بۇقۇلداشلىرىمۇ چېغى-
دىراق بولسا، ئەر بولغۇچىمۇ خوتۇنىنىڭ «خوتۇنلۇقى»نى ئۇنچى-
لىك زىغىرلاپ كەتمەي ئۆزى بىلگىنىنى قىلىپ ياشاۋەرسە، ئاز-
دىن ئەر ـ خوتۇنلۇق، ئائىلە ـ تۇرمۇش دېگىنىڭگە تەم بىلەن
رەڭ كىرىپ، مەنىلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ... ھەي، نېمىسىنى
ئېيتاي، خوتۇن دېگەن «خوتۇن» ئەمەسمۇ؟! خوتۇن دېگەن ئېرى-
دىن مەڭگۈ رازى بولۇپ ئۆتمەيدىغان «ئەقلى كوتۇ» دېگەن گەپ
ئىكەن، ئۇنىڭ ئەقلىگە ئەقىل قوشقىلى زادى بولمايدىكەن، «مانا
مەن» دېگەن ھەرقانداق خوتۇن كىشى مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغان
قىزچاق ئىكەن، ئۇنىڭ ئاشۇ «چوڭ بولماس»لىقى ئۇنىڭ «خوتۇن-

لۇقى» ئىكەن... ئۇنىڭ ئاشۇ «خوتۇنلۇقى»غا تەن بېرىپ، گاھ
قاتتىق، گاھ يۇمشاق، گاھىدا پاك، گاھىدا گاچا بولۇۋېلىپ،
چەكتىن بەك ئاشۇرۇپ، ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتسە خەق كۆر-
مەيدىغان، تاياق ئىچىگە ئۆتۈپ كەتمەيدىغان يېرىگە ئانچە - مۇن-
چە «ئۇچۇقلاپ» قويۇپ، گاھ ماختاپ، گاھ گوللاپ دېگەندەك ئۆت-
سە بولىدىغان ئوخشايدۇ. مېنىڭ بەك «ئىلمىي»لىك قىلىپ خو-
تۇننى كېزى كەلگەندە ئانچە - مۇنچە «ئۇچۇقلاپ» تۇرمىغىنىممۇ
بىر «گۇناھ» بولىدىغىنى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتىكەن،
ئەسلىدە خوتۇن شۇنى خالايدىكەن ئەمەسمۇ؟! ... ھا - ھا - ھا... —
بويلۇق كىشى قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، ئۇ كۈلگەندە ئۇنىڭ رەتلىك
چىشلىرى كۈن نۇرىدا يالتىراپ تېخىمۇ ئاپپاق كۆرۈنۈپ كەتتى.
— شۇ ئەمەسمۇ؟ — بودەك شاپاق دوپپىسىدا يۈز - كۆزىنى
سۈرتۈۋېتىپ ھىجايدى، — سىزگە خەقنىڭ «سايىماخۇن» دەپ
لەقەم قويغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن، خوتۇن دېگەنچۇ، پات - پات
تەگكۈزۈپ تۇرسا، ئەتىسى مېڭىشىمۇ باشقىچە بولۇپ قالىدۇ...
زىيالىي خەق دېگەن ئۆزلىرىنىڭ ئىشىدا كاللىسى ئىشلىگەن بىلەن، خوتۇنغا كەلگەندە كاللىسى ئىشلىمەيدىغان خەق - دە، سى-
لەر... ھى - ھى - ھى...
ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ھېلىقى ئىرغايمۇ قوشۇلدى. بويلۇق كى-
شى زورغا كۈلۈپ قويدى. لېكىن، بۇ قېتىم كۈلگەندە ئۇنىڭ
چىرايىدا قۇۋناق ئەمەس، ئەتۇرىچە بىر خىل خىجالەت ئارىلاش
ھەسرەت ئەلەڭگىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆمىسلا بولۇپ، باش - كۆ-
زىدىن شۇرقىراپ قۇيۇلۇۋاتقان تەر بىلەن ماڭا ئۇ يىغلاۋاتقاندەك
كۆرۈنۈپ كەتتى. قارىسام، بۇ كىشىنىڭ تەبىئىتى تولىمۇ نازۇك
ئىكەن. ئۇنىڭغا ئاۋۇ ئىككىيلەننىڭ كۈلكىسى ياقمىغانىدى. بوي-
لۇق ئادەم بېشىنى سالغىنىچە بىردەم شۈك ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ-
نىڭ تەر بىلەن يۇيۇلۇۋاتقان چىرايىدا بىر خىل چوڭقۇر، ئېغىر
ۋە ھەسرەتلىك خىيالنىڭ كۆلەڭگىسى قېتىپ قالغانىدى. ئۇ

ئىسسىق تەپتىدىن توختاۋسىز قۇرۇپ كېتىۋاتقان لەۋلىرىنى تە-لى بىلەن يالاپ قويۇپ، بىردەم جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىراقلارغا — كۆچلۈك ۋە چاققاق كۆن نۇرى ئىچىدە ئالۋۇن بىلەن تورلىشىپ لوغۇلداپ تۇرغان جانسىز بوش-لۇققا نەزىرىنى ئۇزارتتى. مېنىڭ بايقىشىمچە، شۇ تاپتا ئۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى، ھەتتا ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلالمايتتى. ئۇنى بىر خىل ئازابلىق ئەسلىمە بىلەن قوزغالغان كۆڭۈل ئاغ-رىقى قىيناۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ئاشۇنداق روھىي ھالەت ئىچىدە ئۆزىنى تىڭشاپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇرنىنى قۇرۇقتىن — قۇرۇق بىر — ئىككى قېتىم تارتىۋېتىپ سۆزىنى باشلىدى. مەن ئەسلىدە بۇ ئادەم ئەمدى گەپ قىلمايدۇغۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، كۆزىتىشىمچە، ئۇ كىشى بىر گەپ باشلىسا، قارىنىدىكى-نى تۆكۈۋەتمىسە بولدى قىلمايدىغان ئادەملەر تىپىدىن ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى — تاشقى كەچۈرمىشلىرىنى تولۇقى بىلەن تۆكۈپ تاشلاپ، ئاندىن ئارام تاپىدىغان ئوخشايدۇ قارىغاندا.

— شۇنداق قىلىپ، ئايالىمنىڭ ھەددىدىن ئاشقان «مېھرىبان-لىقى»، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ بىر خىل بوغۇق ئاۋازدا، ئەمدى ئۇنىڭ كەيپىياتى بايىقىدەك ئۇنچىلىك قۇۋانچلىق، جۇش-قۇن ئەمەس ئىدى. چىرايى تۇتۇلغان، سۆزلەۋاتقاندىكى ھېسسىيا-تى بايىقىدەك شوخ ۋە يەڭگىل ئەمەس، تەتۈرىچە يالغۇز ۋە خىلۋەت ئارامدا ئاستاغىنا ۋە تىۋىش چىقارماي جىمجىت لايقاپ ئېقىۋاتقان قويۇق كەلكۈن ئېشىنىدىسىدەك ئېغىر، تەشۋىشلىك ھەم پەرىشان ئىدى، — ئايالىمنىڭ ئاشۇ يېتىشچان «مېھرىبان»لىقى ۋە ناھا-يىتىمۇ سەرەمجان «سىپايىگەر»چىلىكى كۈنسېرى مېنىڭ جې-نىمغا تېگىشكە، ئاخىرىدا بولسا غەزىپىمنى قوزغاشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مېنىڭ ئۆيگە كېلىپ — كېتىشىم ۋە كىملەر بە-لەن نەلەردە يۈرۈپ، نېمە ئىشلارنى قىلىشىم بىلەن قىلچە كارى بولماسلىقى، ھەتتا ئادەتتىكىچە سوراپمۇ قويماسلىقى، خۇشاللىق

ياكى خاپىلىقىمغا، نىمىلەرنى ئويلاپ، نىمىلەرنى قىلماقچى ئىـ-
كەنلىكىمگە پەرۋامۇ قىلماسلىقى مېنى بىر تەرەپتىن ھەيران
قالدۇرسا، بىر تەرەپتىن تېرىكتۈرەتتى. ئەڭ يېقىن ئادىمىنىڭ
دىققەت ـ ئېتىبارىدىن چەتتە قېلىشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق ئىش
ئىكەنلىكىنى پەقەت شۇ چاغدىلا تونۇپ يەتتىم. ئۆيئىچىدە ئىكـ-
كىمىزنىڭ ئارىسىدا بىر ئېغىز ئوشۇق ـ تۆشۈك گەپ بولۇنمايـ-
دۇ. كۆلكە ـ چاقچاق دېگەنغۇ پەقەتلا يوق گەپ. «كەلدى ـ كەتـ-
تى»نىڭ سورىقى يوق، بار «بىلەن» «يوق»نىڭ پەرقى يوق، ھەمـ-
مىلا ئىش، ھەممىلا گەپ، ھەتتا ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش ۋە «يېتىش ـ
تۇرۇشلار»مۇ جەدۋەللەشتۈرۈپ قويغانەدەك بىر خىلدا، قېلىپلىق،
قاتتىق ھەم شەكىلسىز «تەرتىپ» ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ
ئائىلە بارغانسېرى بىر ئائىلە ئەمەس، تەتۇرىچە قاتتىق تەقىب ۋە
تەرتىپ بىلەن باشقۇرۇلىدىغان يەر ئاستى خىمىيە لابوراتورىيەـ-
سىگە ئوخشاش سۈرلۈك، سەزگۈر ۋە جىددىي كەيپىياتقا تولماقتا
ئىدى.

ئاخىرىدا بېرىپ بۇ بىقىسىق ۋە بۇرۇقتۇرمىلىقتىن ئىچىم
سىقىلىپ، خۇددى ھاۋا يېتىشمەي، دېمى سىقىلىپ كەتكەن ئاـ-
دەمگە ئوخشاش ھۆمۈدەپ قالدىم. لېكىن، مەن بۇنچىلىك كېسەـ-
لىپ بوغۇلۇپ كەتكىنىم بىلەن، ئايالىمنىڭ بۇ خىل كەيپىياتقا
شۇ قەدەر ئۆزلىشىپ، ھېچقانداق ئىنكاسسىز ۋە جىمجىت ماسـ-
لىشىپ كېتىشى مېنى ھەيرانۇھەس قالدۇراتتى. ھېلىقى چاچـ-
قۇن، «نېرۋا»، «زىغىرىق»چى، كۆنلەمچى، ئۆز سۆزلۈك، كۆلگۈنـ-
چەك، چاقچاقچى... خوتۇنۇم مۇشۇ شۇمۇ؟! ئەقلىدىن ئادىشىپ
قالمىغاندۇ ـ ھە؟! ياق... ياق... چوقۇم ئىككىمىزنىڭ بىرسىنىڭ
كاللىسىدىن چاتاق چىقتى... بولۇپمۇ ئاشۇ خوتۇننىڭ، بولمىسا
مۇشۇ ھالەتكە، مۇشۇ قىياپەتكە شۇنچىلىك تېز، تەبىئىي ئۆزگەـ-
رىۋالالارمىدى؟ بولۇپمۇ مېنىڭ شۇ كۆنلەردىكى باشباغىسىز ئايـ-
غىردەك، ئىزدەك ـ سوراقسىز يايلاپ ـ يايراپ يۈرۈشلىرىمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

غىنىڭ ـ پىلىڭ قىلماي بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ھەتتا خاپا بولۇش-نىڭ ئورنىغا ھېچ قارشىلىقسىز مېنى «ۋاي» دەپ ئۆكۈمەي ـ تا-تارماي بىر خىلدا «كۇتۇش»لىرى ساق كاللىنى سارالىڭ قىلمامدۇ، دەپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا خىيال قىلىپ كېتىمەن گاھىدا. قاتتىق گاڭگىراش ۋە ھاڭ ـ تاڭلىق ئىچىدە كېيىنكى كۈنلەردە بىردىنلا سەمرىپ قورساق سېلىشقا باشلىدىم. ئەل ـ ئاغىنىلەر «بەللى دوستەك، تول خوتۇنىنىڭ ئۆچكىسىدەك ئىچىڭمۇ ياغ، تېشىڭمۇ ياغ بولۇپ لىغىرلاپ كەتكىلى تۇردۇڭ شۇ كۈنلەردە... ھېزى بول جۇمۇ، ئەزرائىلنىڭ پىچىقىغا ياراپ قالما يەنە!» دېيىشىدۇ چاقچاق قىلىشىپ. قارىساڭ چاقچاق، لېكىن تېگىدىن راست گەپقۇ بۇ؟ نى ـ نى ياپپاش ئادەملەر ھېلى يۈرەك كېسىلى، ھېلى دىيا-بېت كېسىلى... ھېلى قان بېسىمى، قان مېيى، قان يېپىشىمىسى يۇقىرى... دەيدىغان «ئۈچ يۇقىرى كېسىلى»گە گىرىپتار بولۇشۇپ دوختۇرخانىدىن كېلەلمەيۋاتقان، ھېلى يۈرەككە كۆۋرۈك سالدى، ھېلى يۈرەككە تىرەك قويۇپتۇ، دېيىشىۋاتقانلارنىڭ نەچچە كۈندىن كېيىنلا مۇسىبەت باغىقى كېلىۋاتقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئېيت-تىلىشىچە، راھەت كېسىلى بولۇپ، ئاشۇ زىيادە سېمىزلىكتىن كېلىدىكەنغۇ...

مۇشۇلارنى ئويلاپ قورقۇپ قالىمەن، مۇشۇ جان پىدا كۇتۇش-لەر ۋە مۇشۇ سېمىزلىك ئاخىر بېشىمغا چىقمىغىيدى دەپ خاۋا-تىرلىنىپ قالىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئايالىمغا بەزىدە تاماقنى ئاز ۋە گۆش ـ ياغسىزراق يېيىش، ئادەتتە ياۋغان (گۆش ـ مايسىز) ئاشنى كۆپرەك ئېتىش توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى دەيمەن ئىشقى-لىپ. لېكىن خوتۇنچۇ؟ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا قويىقا چېچى تىك تۇرىدۇ. «ھوي، نېمە دەيدىغانسىز؟ سىزدەك بىر ئەقلىي ئەم-گەك قىلىدىغان زىيالىي، ئالىي ئىنژېنېر ياخشى ئوزۇقلانمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئازراق سەمرىگەنگە نېمە بوپتۇ؟ ئەر كىشى دېگەن-دە ئازراق سۆلەت بولمىسا قانداق بولىدۇ. ياق، ھەرگىز ئۇنداق

دېمەك، سىز چوقۇم ياخشى ئوزۇقلىنىشىڭىز كېرەك. سەل سەمىرىڭ - دە، دوست - دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا يېگەن - ئىچكەندەك چىرايىڭىزنى پارقىرىتىپ، سۆلەت بىلەن يۈرۈڭ...» مەن ئۇنىڭ كۆيۈپ - پىشىپ ۋالاقلاشلىرىغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىماي ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئالدىمغا ھېلى ھەر خىل مۇراببا، پېچىنە - پىرەنىك، ھېلى سوغا سالغان، قورۇغان، كاۋاپ قىلغان قوي ئېتى، ھېلى ياپما، ھېلى دۈلمىمە، «ئۆزۈنى لەڭمەن، كالتىسى سومەن، تۈگكىنىدە بىر گەپ بار...» دېگەندەك تۈرلۈك «نازۇ نېمەت»لەر رەت - رېتى بىلەن تىزىلىپ كېتىدۇ، ئۇنى يېمەي ئامال قانچە، ئاز يېسەڭمۇ زادى يېيىشىڭ كېرەك، بولمىسا...

بولۇپمۇ مېھمان چاقىرغاندا ياكى قوشنا - قوناتلار ئۆيگە بىردەم - يېرىم ئولتۇرۇپ چىقايلى دەپ كېلىپ قالغاندا ۋە ياكى دوست - يارەن، ئۇرۇق - تۇغقانلار كېلىپ قالغىنىدا ئايالىمنىڭ كەيپىياتى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ، ئاشخانىنىڭ ئىچىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئۆزىنى «تاماقتا ناھايىتى ئۇستا» دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، خەقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاشۇ «ئاجايىپ» ھۈنىرىنى بىر كۆرسىتىۋالغۇسى، كۆز - كۆز قىلىۋالغۇسى، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بالىلارنى ۋە مېنى ئاشۇنداق «ئاجايىپ» كۈتۈشلىرى بىلەن ماختىنىۋالغۇسى كېلىدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن، بۇ «كۈتۈش»لەرنىڭ بىر كۈنى بېرىپ مېنىڭ جېنىمغا تاقىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنى ئۇنىڭغا ئۆلتۈرۈڭ - كېسىڭ چۈشەندۈرۈپ بولالمىدىم. ئۇ ھېچ قېتىمغا ئالماي ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى بىر خىلدا داۋام ئېتىۋەردى.

تاقىتىم چېكىگە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سىياقتىكى «پەقەتلا جان پىدالىق بىلەن كۈتۈش، لېكىن نېمە قىلىش بىلەن كارى بولماسلىق»، شۇ ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈپ ئۆزىگە مايىل قىلىش

پىلانى ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئۇ بۇ پىلاننى قەتئىي ئىرادە، چەكسىز تاقەت ئىچىدە يۈرگۈزۈۋاتاتتى. مەن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ بۇ «ئۇلۇغۋار» پىلانىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدىغىنىمغا كۆزۈم تولۇق يەتكەنىدى. تەتۈرىچە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىلىۋاتقانلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ يۈرگەندەك قىلاتتى. دەل مۇشۇلار ئاخىر مېنى جېنىمدىن جاق تويدۇرۇۋەتتى! ئاخىر مەن ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپلا بۇ دىشۋارچىلىقلاردىن بىراقلا، تەلتۆكۈس قۇتۇلۇش قارارىغا كەلدىم. بۇنداق خوتۇننى قويۇپ بېرىمەن، دېسەم، كىشىلەر مېنى بىر ساراڭغا، ياكى بولمىسا بىر ھاماقەت ئەخمەققە ئوخشىتىپ ئۇستۇمدىن كۈلمەمدۇ؟! بۇلار بىزنىڭ قانۇن ۋە ئەخلاقىمىزدا پەرىشتىدەك ئىككى بالا تۇغۇپ بەرگەن بىر قەدىناس خوتۇننى قويۇپ بېرىشنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ ــ دە. دېمەك، بۇنىڭ ئۇچۇن باشقىچىرەك بىر يول تاپماي بولمايدۇ. شۇ كۈنلەردە ئىدارىمىزگە ئىچكىرىدىكى ئاتاقلىق بىر ئالىي مەكتەپنى ئەلا پۈتكۈزگەن، مېنىڭ كەسپىمدە سەككىز يىل ئوقۇغان تەتقىقاتچى بىر قىز تەقسىم قىلىنىپ قالدى. بۇ قىز ئۆز يولى بويىچە مېنىڭ باشقارمامغا، يەنە كېلىپ مېنىڭ شەخسەن ئۆزۈمگە ياردەمچى تەتقىقاتچى قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇ قىز كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئادەم كۆچى يېتىشمەي تاشلىنىپ قالغان بىر مۇھىم تەتقىقات تېمىسىنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ، جىددىي كىرىشىپ كەتتۇق. قىز بوي ــ تۇرقى خېلىلا قاملاشقان، ئۆزى ئوچلۇق، چىرايلىق، چېچەن، سۆزمەن ۋە ئىشچان ھەمدە دېدىل قىز ئىدى. چوڭ شەھەردە، داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغىنى ئۈچۈنمىكىن، يۈرۈش ــ تۇرۇش، گەپ ــ سۆزدە ناھايىتى جۇرئەتلىك ئىدى. ھەرقانداق مەسىلىدە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوچۇق ــ ئاشكارا ئېيتىۋېرەتتى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ياخشى ــ يامان قاراشلىرىنى پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمايتتى.

لېكىن، ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى مېنى ھەممىدىن

بەك قايىل قىلدى. ئىككىمىز كەسپىي جەھەتتە ناھايىتى ياخشى ماسلىشىپ كەتتۇق، ھەمكارلىقىمىزمۇ ناھايىتى تېزلا ئۇنۇم بې-رىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ھەممىمىز — مەن، ئۇ ۋە ئىدارىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر — خۇشال ئىدۇق.

باشتا ئۇ مېنى «مۇئەللىم» دەپ ئاتاپ يۈردى. كېيىن بارا-بارا ۋاقىت ئۆزىراپ، بىللە بولىدىغان ۋاقىتلىرىمىز كۆپەيگەن-سېرى ئۇ مېنى «ئاكا» دەيدىغان بولدى. خېلىلا چىقىشىپ قالغان-دەك ئىدۇق. ئىككىمىز گاھى كۆڭلىرى كېچىلەپ ئىشلەپ، ناھا-يىتى كەچ قايتاتتۇق. شۇنداق چاغدا مەن ئۇ قىزنى شەھەرنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ياتىقىغا ئاپىرىپ قوياتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۆيگە خېلىلا كەچ قالاتتىم. ئايالىم بۇرۇنقىدەكلا سوراپمۇ قوي-مايتتى ۋە ئۈن - تىنسىز ھالدا مېنى «ھەر تەرەپلىمە كۈتۈش» لىرىنى داۋام قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ قىزنى ئۆيگە تاماققا تەكلىپ قىلدىم. ئەلۋەتتە، ئىشتىن بۇرۇن ئايالىمغا «بىر خىزمەتداش قىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلماقچىمەن» دەپ ئېيتىپ قويماسلىقىقا ۋىجدانىم ئۇنىمىدى. ئايالىم ناھايىتى خۇش چىراي ھالدا «تولى-مۇ ياخشى بوپتۇ، قەدىرلىكىم، ئۇ قىز كەلسە نېمە تاماق قىلىپ بەرسەم بولاركىن؟» دېدى. مەن ئۇنچە جوۋاپ كەتمىسىمۇ بولىدى-غانلىقىنى، ئادەتتىكىچە ئۆي تامىقى بىلەن كۈتۈۋالساق بولىدى-غانلىقىنى ئېيتتىم. شۇنداقتىمۇ، ئايالىم ئالاھىدە تەييارلىق قىپتۇ، ئۆز قولى بىلەن ناھايىتى نۇرغۇن ۋە ئېسىل پىشۇ-رۇقلارنى تەييارلاپتۇ. داستىخانغا گۈللەرنى ۋە گۈلدىنىمۇ كۆركەم نازۇ نېمەتلەرنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ ھېلىقى قىز-نىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. كەچ بولۇپ كەتكەچكە ئۇ قىز ئۇ كۈنى ھېچ تەكەللۇپسىزلا بىزنىڭكىدە قونۇپ قالدى. ئەتىسى ئىككىمىز بىرلىكتە ئىشقا كەتتۇق. كېتىۋېتىپ ئارقامغا ئۆرۈ-لۈپ قارىسام، خوتۇنۇم دېرىزىدىن بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ. كېيىن بۇ قىز چاقىرمىساقمۇ بىزنىڭ ئۆيگە پات - پات كېلىدىغان بول-

دى. ئۇنداق كۈنلەردە ئىككىمىز مېنىڭ كۈتۈپخانامدا ئىشلەۋاتقان ئىشىمىزنى داۋام قىلاتتۇق. ئايالىم پايپېتەك بولۇپ، پات ـ پات چاي ـ پاي، قەنت ـ گېزەك، پېچىنە ـ پىرەنىك، مېۋە ـ چېۋە ئەكىرىپ بېرىپ، ئولتۇرمايلا ئۈن ـ تىنسىز چىقىپ كېتەتتى. مۇنداق قارىماققا بۇ ئۇنىڭ ياخشى تەربىيە كۆرگەن بىر ئايال ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇنچىۋالا زىيادە كەڭ قورساقلىقى ئىككى ـ ئۈچ بالىغا ئانا بولغۇدەك ياشتىكى كېلىشكەن، چىرايلىق ۋە تولغان بىر قىز بىلەن كۈتۈپخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ كېچە ـ كېچىلەپ ئولتۇرسىمۇ، ئۆگىمەي ـ تارىماي، ھەتتا ئۈندىمەي، گويا ئۆي خىزمەتچىسىدەك بېشىنى سېلىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چاي ـ پاي ۋە ئۇنى ـ بۇنى توشۇپ يۈرۈشلىرى چىن سۆزۈمنى ئېيتسام، مېنىڭ تېخىمۇ جېنىمغا تېگىشكە باشلىدى. ئۇنى بىر كالۋامىكىن دەي دېسەم تېخى، يا بولمىسا ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن ھېچ نەرسە ئەمەس، ھەتتا كۈنلەشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان بىر كېرەكسىزمۇ، بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، ئايالىمغا بولغان بىزارلىقىم كۈنسېرى ھەسسىلەپ ئارتىشقا، بارغانسېرى جۇدۇنۇم تۇتۇپ، گەجگەم قورۇشقا باشلىماقتا ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ قىز بۆلۈمگە كىرىپ، بۈگۈن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى، بۇ شەھەردە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى، شۇڭا بۇ كۈننى پەقەت مەن بىلەنلا تەبرىكلىمەكچى بولغانلىقىنى، شۇڭا كەچتە XX رېستوراندا مېنى كۈتىدىغانلىقىنى دەپ قويۇپلا، مېنىڭ ياق ياكى ماقۇل دېيىشىمنىمۇ كۈتمەستىن، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېيتقان رېستورانى ئۇرۇمچى تەۋەسىدە ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك رېستوران ئىدى، مەن ئۇنى ـ بۇنى كۆپ ئويلاپ تۇرمايلا، ۋاقىت توشقاندا ئۆيگىمۇ خەۋەر قىلىپ قويماي ئۇدۇل شۇ يەرگە قاراپ جۆنىدىم.

ئايرىمخانا. باشتا رەڭگارەڭ چىراغ نۇرىدا چايقىلىپ، كۆۋ-رەپ، ئويناقلاپ، كېيىنچە بارا - بارا يالغۇز شامنىڭ ئاقۇچ نۇرى ئاستىدا مۇلايىملىشىپ، ئۆزئارا بىر - بىرسىنى سىلاپ - سىيە-پىشىپ، بىر - بىرىگە سىڭىپ يۇغۇرۇلۇپ، بىر - بىرىدىن ئاي-رىلغۇسىز ھالەتتە ھىملىشىپ كەتكەن ئوتلۇق ھەمدە ئەقىلنىڭ ئىسكەنجىسىدىن باشپېغىنى ئۈزۈپ قۇتۇلۇپ چىققان ئاساۋ، قارام، تەلۋە ھېسسىياتلار...

ئاھ، نېمىسىنى ئېيتاي، مەن دۇنياغا قايتىدىن تۆرەلگەندەك بولدۇم.

ئاخىر ئايالىمنى قويۇۋېتىپ، مۇشۇ قىز بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدىم. زايە بولۇپ كەتكەن قىممەتلىك ۋە بىچارە يىل-لىرىمنى شۇ ئارقىلىق تىرىلدۇرۇۋالماقچى، چاڭقاقلىق ۋە قۇر-غاقلىقتىن چاك - چاك بولغان، تاشلاندۇق ئەسكى سارايدەك ھۇ-ۋۇللاپ قالغان، مىسكىن، غېرىب كۆڭۈل خانىمنى مۇشۇ لەۋەن قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۈلۈمسىرىگەن گۈزەل سائەتلەر بىلەن بې-يىتماقچى، تولدۇرۇۋالماقچىدىم. قىز بىلەن شۇنداق كېلىشتۇق. ئەمدىكى گەپ خوتۇن بىلەن ئاجرىشىشتا قالدى. ئەتىسى ئەتى-گەندە مېھمانخانىدىن ئۇدۇللا ئىشقا كەتتۇق. كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۇ قىز بىلەن بىللە تاماقلاندىم ۋە ئىككىمىز قىزىلتاغ باغچىسىغا چىقىپ، ئۇرۇمچىنىڭ كۆركەم كەچلىك كۆرۈنۈشىنى قانغۇچە تاماشا قىلدۇق.

ئۆزۈم ياشلىقىمغا يېنىپ قالغاندەك، ياق، ھەممىلا نەرسە تاغ، تاغ ئۈستىدىكى باغ، شەھەر، كۆكتىكى يۇلتۇز، بېشىمىزدىكى ئەگىم ئاي، ھاۋا، شامال... ھەممىسىلا بىردىنلا ياشىرىپ كەتكەن-دەك، يۈرىكىم ياپياش جۇشقۇن ۋە يېپيېڭى ھېسلار بىلەن چۇل-غىنىپ مېنى ئېگىزگە، ئۆزىمىز ئولتۇرغان تاغدىنمۇ يۈكسەك بوشلۇققا ئاتماقتا ئىدى.

قىزنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ئۆيۈمگە كەلدىم.

يېرىم كېچىدىن ئاشقانىدى. ئۆزۈمدىكى ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيگە كىرىپ چىراغنى ياقتىم - دە، چۆچۈپ كەتتىم — ئايالىم مېھمانخانىدىكى سافادا ئىشىككە بەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغانىكەن، چىراغ يېقىلىشى بىلەن تەڭ ئايالىم سافادىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى - دە، ئالاقزەدىلىك ئىچىدە ئالدىمغا كەلدى. مەن بىر مەيدان «قانلىق» جەڭگە تەييارلىنىپ، قەددىمنى رۇسلاپ، بېشىمنى تىك تۇتۇپ، ئايالىمغا مىختەك قادالغىنىمچە، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدىم. بۇ مېنىڭ توي قىلغاندىن بۇيان ئىككىنچى قېتىم تالادا قونۇپ قېلىشىم ئىدى. ئايالىم قاتتىق ھودۇقۇش ئىچىدە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدى - دە، ئۆزىنى باغرىمغا ئېتىپ مېنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. يىغا بىلەن تەڭ سىنەسىدىن ئۆكسۈۋاتقان ھاراراەت كۆكرىكىمنى كۆيدۈرەتتى. مەن شۇ چاغدا بىردىنلا بوشاپ كەتتىم. خېلى چاغلار بولغانىكەن، مەن ئايالىمنى باغرىمغا بېسىپ قۇچاقلاپ باقمىغىلى، قارىسام ئۇ شۇنچىلىك جۇدەپ كېتىپتۇكى، شۇ تاپتا ئۇ مېنىڭ قۇچىقىمدا چوڭلا بىر ئايال ئەمەس، ئۇن نەچچە ياشلاردىكى ئاۋاق، ئەتىسىز، ھەم نىمجان قىزدەك بىلىنىدى. مەن چۆچۈپ كەتتىم، بۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ بىر ئۆيدە ياشاۋېتىپمۇ ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ زەن قويۇپ قاراپ باقمىغىلى نە چاغلار - ھە؟! بىردىنلا ئايالىمغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، نېمىلا دېگەنبىلەن سەككىز - ئون يىللىق قەدىناس - دە! ئايالىم تەسلىكتە ئېسەدەشتىن توختاپ، كۆكرىكىمدىن بېشىنى ئالدى - دە، ئىڭراپ دېگۈدەك:

— قورسىقىڭىز ئېچىپ قالغاندۇ - ھە؟ ئەجەبمۇ قورقۇتتىڭىز... تېلېفون قىلمۇەتكەن بولسىڭىزمىغۇ، باللارمۇ ئۇنچىلىك بولۇپ كەتمەس ئىدى، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر ئاجىز ۋە ھالسىز ئىدى. مەن ئۇن چىقماي سافاغا بېرىپ ئولتۇردۇم - دە، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم. ئايالىم ئالدىمغا قىزىق چاي

كەلتۈردى ۋە يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. مەن چاينى ئوتلاپمۇ قويماي دەم تاماكامنىڭ چوغىغا، دەم ئالدىمدا مانان بولۇپ لەيلەپ يۈرگەن كۆكۈچ تاماكا ئىسىغا بىرھازا قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تەسلىكتە ئېغىز ئاچتىم:

— بىز... بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى! — ئۆينىڭ ئىچى يۈرەكنىڭ سوقۇشى ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تىمتاس ئىدى. ئايالىم ئۇنىڭ چىقارماي بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇ گەپنى دېگەن چېغىمدا ئۇ نېمىلەرنى قىلىپ، نېمىلەرنى دەپ يېرىم كېچىدە بىنانى بېشىغا كىيىپ «قىيامەت قايىم»نىڭ غوۋغاسىنى تىرىلدۈرۈپ كىرەمدۇ دەپ خاۋاتىرلەنگەنىدىم. ئەمدى قارىسام، مەن كۈتكەنىنىڭ ھېچقايسىسى بولمىدى. تەتۈرىچە، ئايالىم تىپتىنچ ھالدا قىمىر قىلماي بىر خىل ئىستىھزا ئارىلاش سەلگىنە كۈلۈمسىرىگىنىچە بىردەم ئولتۇردى، ئاندىن ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. «يېڭىچە بىر تاكتىكا بىلەن مېنى يەڭمەكچى بوپسەن — دە، مۇمكىن ئەمەس، ئەمدى ھەرقانداق ھىيلە — مىكىر، چارە — تەدبىرىڭ كارغا كەلمەيدۇ، ئاجراشقىنىم ئاجراشقان، چىرايلىقىم...» دەيتتىم ئىچىمدە. بىر كەمدە ئايالىم ھۇجرىدىن چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ ئابايا ئولتۇرغان يېرىگە كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن يەنىلا ئابايىقى ھالسىز ئاۋازدا:

— ماقۇل، ئاجرىشىپ كېتەيلى... ئەسلىدە بۇ گەپنى مەن دەي دەپ تۇراتتىم، لېكىن مەلۇم ۋاقىت بولسىمۇ باللار بىلەن، سىز بىلەن دەرقەمتە ئۆتۈۋالاي دەپ... — دېدى ۋە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەن ھاڭ — تاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراپ قالدىم. ئايالىمنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ — تاتىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىر چاغلاردا ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان ئاتەش كۆزلىرىنىڭ ئەمدى نۇرى ئۆچكەنىدى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ سولىشىپتۇ. يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز يېشىدىن يۇيۇلغان، خېلىلا سولغان بولسىمۇ، يەنە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى گۈزەللىكىنى يوقات-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

مىغان ئايدەك يۈزى بوزىرىپ كېتىپتۇ. قاچانلاردىن بېرى بۇن-چىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ ـ ھە، بۇ خوتۇن! شۇنچىلىك بولۇپ كەتكۇچە ئەجەب دىققەت قىلماپتىمىنا ئۇنىڭغا؟ بۇ گەپنى ئەسلى-دە مەن دەي دەپ تۇراتتىم، دەيدۇغۇ بۇ! يەنە... يەنە «مەلۇم ۋاقىت بولسىمۇ دەرقەمدە ئۆتتۇۋالاي دېگەنىدىم» دەيدۇغۇ. بۇ نېمە دېگىنى ئەمدى؟!

ئايالىم بىردىنلا ئىنچىكە، تاتىراڭغۇ بارماقلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. شۇ ئەسنادا نېمىشقىدۇر ئۇ ماڭا تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— مانا ماۋۇ كارتىدا يۈز مىڭ يۈەن بار، ئەسلىدە بىر يۈز يە-گىرمە مىڭ يۈەن بار ئىدى. ئۆتكەندە ھەدەمگە ئۆي سېتىۋېلىشقا يىگىرمە مىڭ يۈەن لازىم بولۇپ قېلىپ ئۆتنە بېرىپ تۇرغانىدىم، بۇگۈن چۈشتە پۇلنى تەييارلاپ قويدۇم، ئەتە يەتكۈزۈپ بېرىمەن دەپ تېلېفون قىپتىكەن. ئەتە ئەكېلىپ بېرىدۇ، ئاندىن يەنە...

— بولدى، بولدى، سەندىن ئاشقىنى مېنىڭكى، ماڭا ھېساب بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ. نېمىلا بولسۇن، بىز سەككىز ـ ئون يىل ئۆي تۇتتۇق، ئاتاڭمۇ قېرىپ قالدى، يەنە كېلىپ...

— ياقەي... ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس... — دېدى ئايا-لىم مۇلايىملىق بىلەن گېپىمنى ئۈزۈپ. ئۇ شۇ دەمدە ماڭا نې-مىشقىدۇر شۇنچە خاتىرجەم، تەمكىن ۋە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى — لېكىن سىزگە بىرلا ئۆتۈنچىم بار، شۇ ئۆتۈنچىمنى رەت قىلمىغان بولسىڭىز، — ئۇنىڭ ئېقى ئاق، قارىسى قارا چىرايلىق كۆزلىرىدە بىر تەگسىز ئۆتۈنچ ئۇچقۇنى پارلاپ كەتتى.

— قېنى ئېيتە، ئەگەر مېنىڭ جېنىمنىلا تالاشمىساڭ، — دېدىمەن پەرۋاسىز قىياپەتتە.

— بالىلار بىر مەزگىل مەن بىلەن تۇرسا، كېيىنرەك... كې-يىنرەك ئاندىن ئەكېلىۋالارسىز.

— ئەكېلىشۋالارسىز؟ نەدىن ئەكېلىشۋالىمەن؟ سىلەر مۇشۇ ئۆيدە تۇرىۋېرىسىلەر. توغرا، قىزىمىز بىلەن تۇرسەن، مەن چە-قىپ كېتىمەن. كېيىنرەك مەن بىرەر ئۆي تېپىپ جايلىشىۋال-غاندىن كېيىن ئوغلىمىزنى يېنىمغا ئالدۇرۇۋالىمەن.

— ياق، ياق، بۇ ئۆيدە سىز تۇرىۋېرىڭ، ماڭا ئۆيىڭىزمۇ لازىمى يوق، باللارنى ئېلىپ چوڭ ئۆيگە كېتىمەن، ئاتا - ئانام مېنى تۇغۇپ، بېقىپ، تەربىيەلەپ شۇنچىلىك قىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بولالمىدىم. ئەمدىلىكتە بىر مەزگىل بولسى-مۇ ئۇلارنىڭ ئايىغىدا يېتىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچ ئۇلارغا قېرىنىۋالاي.

— ئۇلارغا قېرىنىۋالاي دېدىڭمۇ؟ ئۇلارغا بارسا كەلمەس يەردىن باغاق كەپتىما؟ سەن ئۇلارغا قېرىنىۋالمىساڭ بولمايدىغان؟

ئايالىم شوك بولۇپ قالدى ۋە بىردىنلا قايغۇلۇق كۈلۈمسىرىدى:

— ئەمدى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، بارسا كەلمەس يەردىن ماڭا باغاق كەلدى. مانا ئۇ باغاق، كۆرۈپ بېقىڭ، — ئۇ-نىڭ ئاۋازى تىترەپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇنىڭ ماڭا قانداقتۇر بىر قەغەزنى ئۇزارتقان قوللىرى بىلىنەرلىك تىترەيتتى.

مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئايالىمنىڭ قايغۇ ۋە ئازاب بىلەن تو-مانلانغان ئايانچلىق چىرايىغا مىختەك تىكىلگىنىمچە ئۇنىڭ قو-لىدىن ھېلىقى قەغەزنى ئالدىم.

«دەسلەپكى دىياگنوز — بالىياتقۇ راكى» قەغەز قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. بوغۇزۇمغا سۆڭەكتىنمۇ قاتتىق بىرنەرسە تىقىل-لىپ قالدى، يۈرىكىمگە كىرگەن بىر ئاغرىق مېڭەمدىن چىقىپ كەتتى. نەپسىم بوغۇلۇپ، چېكە تومۇرلىرىم ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقالدى. «ئاھ، خۇدا... نېمە گەپ بۇ ئەمدى؟! ۋاي بىچارە خوتۇنۇم، سۆيۈملۈك باللىرىمنىڭ كۆيۈمچان ئانىسى، قانداق... قانداقسىغا بۇنداق بولىدۇ؟ ئاشۇ ئوماق، سەبىي قىزىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەت باللىرىم ئانىسى ئۆلگەن قۇشنىڭ باچكا ـ بالاپانلىرىدەك ۋىچىرلىشىپ ئانىسىز قالامدۇ ئەمدى؟ مېنىڭ پۇتكۇل ئېغىرچىلىقىمنى كۆتۈرگەن، جاپايىمنى تولا تارتىپ، ھېچ خوۋلۇقۇمنى كۆرمىگەن، تىللىسىمۇ، قاقشىسىمۇ، سەتلىسىمۇ، پۇتكۇل بارلىقىنى ماڭا، باللىرىمغا ئاتاپ، ئوتنىڭ ئىچىدە ئۆزى كۆيۈپ بىزنى سەگىتكەن، يىرىكىنى ئۆزى يەپ، يۇمشىقىنى بىزگە يېگۈزگەن، ياقىلىرىمىزنى كىر قىلماي، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئىچىدە ئەرنىڭ يۈزىنى قىزارتماي، تىلىنى قىسقارتماي، پاكلىقى، ئەخلاقى، سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى بىلەن ئۆيىمىزنى، چىرايىمىزنى، كۆڭلىمىزنى يورۇتۇپ، نۇرلاندۇرۇپ بىزنى قۇۋاندۇرغان، بىزگە ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ، ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى، تاتلىقلىقىنى، قۇۋانچىنى بىلدۈرگەن ۋە تويۇندۇرغان، ئاشۇ جاپاكەش ۋە مېھرى دەريا «ئانا»مىز بىزنى تاشلاپ كېتەمدۇ؟! ياق، ياق، بۇ... بۇ چاقچاق. بۇ تولىمۇ قاملاشمىغان سەت بىر چاقچاق! بۇ بىر شەپقەتسىز ۋە ئادالەتسىز چاقچاق! مەن پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ كەرەملىك سۆيگۈسىنى، ئۆلمەس ۋە ئۆچمەس مۇھەببىتىنى، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ئۇشتۇمتۇت بايقاپ قالدىم، يۈرىكىم ھەۋۋا ئانىنىڭ مۇھەببىتىدەك بىر چوغلۇق سۆيگۈ مەۋجىدىن لەرزىگە كەلدى. مەن ئازاب بىلەن نالە قىلدىم.

— ئاھ، خۇدا! سەن رەھىمدىلسەن، سەن مېھرىبانسەن... بىزنى، بىز بىچارىلەرنى ئۇ كۇنلەرگە — ئۇنىڭسىز كۇلپەتلىك كۇنلەرگە تاشلىمىغىن!...

— بولدى يىغلىماڭ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ! چىرايىڭىز تاتىرىپ ـ كۆكىرىپ كەتتى، يۈرىكىڭىز ئاجىز سىزنىڭ، بولدى جېنىم... مەن رازى، سىزدىن رازى. سىز بىلەن سەككىز ـ ئون يىل ياشىغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن، ئۆكۈنمەيمەن، سىزنى كۆپ رەنجىتتىم، دىلىڭىزنى ئاغرىتتىم، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرۈپ كېتىپ... تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈپ كېتىپ،

سىزنى... ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدى، بىلمىدىم، ئۆزۈمنىڭ قانداقلارچە ئارقامغا ئۆچۈپ چۈشكىنىمنى بىلمەيمەن، خوتۇنۇمنىڭ ئالدىراپ، ئىتتىك - ئىتتىك ۋە ھاياجانلىق پىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ ئەتىسىز، لېكىن يۇمشاق، ئىسسىق ئالىقىنى بىلەن ھېچ ئىجازەتسىزلا يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈشى، ئۇنىڭ چوغدەك قىزىق، ياش بىلەن ھۆللەنگەن نەمخۇش ۋە تېتىملىق لەۋلىرىنى باش - كۆزۈمگە كۆيدۈرۈپ - كۆيدۈرۈپ بېسىشلىرى ئاخىر مېنى ھوشۇمغا كەلتۈردى. مەن تەسلىكتە كۆزۈمنى ئاچتىم. خوتۇنۇم بىر چەكسىز قايغۇ ۋە يەنە چەكسىز قۇۋانچ ئىلكىدە ھەم يىغلاپ، ھەم كۈلۈپ مېنىڭ بېشىمدا تىترەپ ئولتۇرۇپتۇ.

خوتۇنۇمغا كۆزۈم چۈشۈشى بىلەن تەڭلا يۈرىكىمگە قايتىدىن بىر ئاغرىق كىردى - دە، ئۇنى بار كۈچۈم بىلەن يۇلقۇپ باغرىمغا تارتىپ گېلىمغا پىچاق سۇرۇلۇۋاتقان كالىدەك قاتتىق ھۆركىرىۋەتتىم:

— ياق... ياق! ئاجراشمايمەن! مەڭگۈ ئاجراشمايمەن! سەندىن ئايرىلىپ قالسام مەڭگۈ، مەڭگۈ قايتا خوتۇن ئالمايمەن! ياق... ياق، خوتۇن، سەن بىزنى تاشلاپ ھېچنەگە كەتمەيسەن. بىز سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايمىز، مەن سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن. خوتۇن، جېنىم خوتۇنۇم، مېنى كەچۈر!

خوتۇنۇم ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلاپ كەتتى:

— بولدى جېنىم، مۇشۇ گېپىڭىز يېتەرلىك، مۇشۇ ماڭا كۇپايە. مەن بەك بەختلىك، ھېچكىم مەندەك بەختلىك ئەمەس، ھېچقانداق ئايال مەندەك بەختلىك ئەمەس. ئەمدى مەن ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق، — مەن دەررۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالىقىنىم بىلەن بېسىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ لەۋلىرىگە قاتتىق - قاتتىق سۆيدۈم:

— ياق، ياق... ئۇنداق دېمە، خۇدايىم ساقلايدۇ. بىز يەنە نۇرغۇن يىللار بىللە ياشايمىز، بالىلىرىمىزنى چوڭ قىلىمىز، نەۋ-

رىلىك، چەۋرىلىك بولىمىز.

باللار ئويغىنىپ، يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن باللار بىزنىڭ ھالىتىمىزدىن قورقۇپ كېتىپ، ئۆزلىرىنى بىزگە تاشلاشتى ۋە چۇرقىرىشىپ يىغلاپ كېتىشتى. تىنىقىمىز تىنىقىمىزغا، يۈرەكلىرىمىزنىڭ سوقۇشلىرى يۈرەكلىرىمىزنىڭ سوقۇشلىرىغا، ئاۋازىمىز ئاۋازىمىزغا، كۆز يېشىمىز كۆز ياشلىرىمىزغا قوشۇلۇپ كەتتى. بىز بىر ـ بىرىمىزنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىمىزچە ئېسەدەپ، دېمىمىز كېسىلىپ قالغۇچە يىغلاشتۇق...

ئۇزۇن بوي ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى. ئۇ كىشى خىجالەت بولغاندەك بېشىنى بىر ياققا بۇراپ، ئۇزۇن ۋە قاتاڭغۇر بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىدىكى ياش تامچىلىرىنى ئالدىراپ سۈرتتى. مېنىڭمۇ گېلىم قۇرۇپ، بۇرنۇمنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن بىرنەرسە يۇقىرىغا قاراپ ئۆرىدەپ، كۆكرىكىمنى قىسقىلى تۇردى. قارىسام، ئۇزۇن بوي ئادەمنىڭ ئىككى يېنىدا ياتقان ئاۋۇ ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرىمۇ ياغ سالغان چايدەك پارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ.

ــــ ھە... ھە... ئاخىرىچۇ، ئاخىرى قانداق بولدى؟ ھازىر... ــــ ئىرڭاي ئادەم نەملەشكەن كۆزلىرىنى قوم چاپلاشقان قولى بىلەن سۈرتكەچ ئالدىراپ سورىدى.

ئۇزۇن بوي ئادەم بىرھازاغىچە يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكۈچ قارلىق تاغلارغا قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتتى ـ دە، بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بىر خىل خۇش كەيپىلىك ئىچىدە ئىرڭايغا ئۆرۈلدى:

ــــ ھازىرما؟ ھازىر... ــــ ئۇ بىر تاتلىق سىرنى ئىچىدە ئاپپاق چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈمسىرىدى، ــــ ھازىر ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتىمىز.

ــــ ئاياللىرىڭىز ھازىرمۇ ھاياتمۇ؟

— ھەئە، ھايات.

— بۇ ئەمدى... ھېلىقى كېسىلى... سىزنى ئالداپتىكەنمۇ يا ئۇ ئايالىڭىز؟ — پور گەۋدىسىنى يېرىم كۆتۈرۈپ ئۇ ئادەمگە بەت-لىنىپ تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى قى-زىرىپ لىپىلداپ كەتكەندى.

— ياقەي، ئالداش دېگەن نېمە گەپ ئۇ، — بويلۇق نارازى بولغاندەك ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن سوغۇق كۆز تاشلىدى.

— ياق دەيمىنا ئەمدى، خوتۇن خەق دېگەننىڭ مىڭ تۈرلۈك نەيرىڭى بار، جىننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان خەقچۇ ئۇلار.

— ياق، ئايالىمدا راستىلا ئۆسمە بار ئىكەن، بىراق كېيىن قايتا تەكشۈرۈپ، ئۇ ئۆسمىنىڭ يامان سۈپەتلىك ئەمەس ئىكەن-لىكى ئېنىقلاندى، كېيىن ئۇ ئۆسمىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئال-دۇرۇۋەتتى، ھازىر خوتۇنۇم سەمرىپ، ئوڭلىنىپلا كەتتى.

— ۋاھ، بىر بالا - قازا بېشىڭلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ - دە، — ئىرغاي ئادەم تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلدى قاتتىق ھايا-جان ئىچىدە.

— ئۇنى بىر دېمەڭ ئاغىنە، ئۇ كۈنى بىز ئۈچۈن بىر بايرام بولدى. خۇشلۇقىمىزدىن ھۆڭرەپ يىغلىشىپ كەتتۇق.

— ھېلىقى قىزچۇ ئاندىن؟ — بودەك سۆز قاتتى، ئۇ ھە دې-سىلا گەپنىڭ تەتۈرىنى كوچىلايدىغان ئادەم ئىكەن.

ئۇزۇن بوي سەلگىنە كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا ھەم ھا-ياجاندا قىزارغان نەمخۇش يۈزىدە يوپۇقا بىر خىجالەت تۇيغۇسى ئېسىپ ئۆتتى:

— باللارچە ئويلىغانىكەنمەن. ئۇ ئىشلار ئۆزلۈكىدىنلا بې-سىقىپ قالدى. ئۇ قىزمۇ كېيىن ئۆزىدىن كىچىك بىر يىگىتكە تېگىۋالدى، بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتىدۇ.

— ئەتتىگىنەي، — خورسىنىپ قويدى بودەك چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ، — يەنە «سايىماخۇن» بولۇپ، ئەنجان پاختىكىنىڭ

www.uyghurkitap.com

«خوتۇندىن قورقىدۇ» دېگەن ناخشىسىغا ئۇسسۇل ئويناپ ياشايدى-
غان كۆڭۈللىرىڭىز قايتىدىن باشلىنىپتۇ - دە ئاخىرىدا، — ئۇ
خىرقىراپ كۈلۈۋەتتى. ئېگىز بويىمۇ كۈلدى:

— شۇنداق ئۆتۈشكە رازىمەن، يۈرىكىمدىن رازىمەن، ئاشۇنداق
خوتۇنغا «سايىماخۇن» بولۇشقا ئەرزىمەمدۇ؟! ئەرزىيدۇ - دە!
مىڭلارچە ئەرزىيدۇ! — ئۇنىڭ پاكىز چېھرىدە بىر خىل ئىشەنچ
ۋە قەتئىيلىك پارلاپ كەتتى.

— مانا ئەمدى ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇزۇن بوي كىشى بىر
خىل سالماق ۋەزىندە، — ئاشۇنچىۋالا ئېگىز - پەسلىكلەردىن
كېيىن بىز ھەرھالدا قانداق ياشاشنى، ئائىلىدە قانداق ئەر ۋە
خوتۇن بولۇشنى ئۆگىنىۋالدۇق بولغاي. خەق مەيلى نېمىلا دې-
سۇن، مەن ھازىر ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن.

ئۇ ئادەم ياتقان يېرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، گەۋدىسىنى تىك-
لەپ، بىلەكلىرىنى كۈچ بىلەن سوزۇپ، راھەتلىك بىر كېرى-
لىۋالدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلە-
دىغان، كۆڭلى توق ۋە ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بىر ئادەمنىڭ كۈچ -
كۈسۈنى ئۆرىدەپ تۇراتتى.

ئۇ ئادەم نۇردىن قورقىدىغان، لېكىن ئۆزىدە نۇر چاقنىتىپ
تۇرغان قوي كۆزلىرىنى سەلگىنە قىسىۋېلىپ، ئەتراپىغا ھەممىلا
نەرسىنى ئەركىلىتىۋاتقاندەك بىر ئىسسىق نەزەردە تەكشى قاراپ
چىقتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى كۆرۈنۈشىدىن تۇرۇپلا مېنىڭمۇ كۆڭ-
لۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئادەمنىڭ جان ئوزۇقى ئەزگۈلۈك ئىكەن -
دە؟ ئويلاپ باقسام، بۈگۈن بۇ چوغلۇق قۇمدا ئاشۇنداق يېقىملىق،
تەسىرلىك ۋە ئىلھامغا باي بىر تۇرمۇش داستانىنى ئاڭلاپ ھو-
زۇرلىنىش پۇرسىتىگە ئويلىمىغاندا ئېرىشىپ قالدىم. مۇشۇنىڭ
ئۆچۈنلا ئۆزۈمنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىدىن بەكمۇ رازىمەن.

ئەمدى قۇملۇق چىداپ بولماس دەرىجىدە قىزىپ كەتتى.
ئىسسىقنىڭ دەستىدىن نەپەسىم بوغۇلۇپ بېشىم قېيىشقا، كۆز-

لىرىم «ئىمىر - چىمىر» بولۇپ تورلىنىشقا باشلىدى. قورساق-
مۇ ئېچىشقا باشلىغانىدى. مەن ھە دېمەيلا ئىسسىق ئۆتۈپ كې-
تىشتىن قورقتۇم - دە، كۈنلۈكۈمنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىراپ
پەسكە قاراپ ماڭدىم. شۇ تاپتا چوغلۇق قۇمدىن ئايرىلىپ بىر
كۆلەڭگىنى تېپىۋالغۇچە نەپسىم توختاپ قالىدىغاندەكلا بىلىن-
نىپ كەتتى. باشقىلارمۇ ياتقان يەرلىرىدىن يۇپۇرۇلۇپ، قۇمدىن
چۈشۈشكە باشلىغانىدى. چۈشتىن بۇرۇنقى قۇمغا كۆمۈلۈش مۇ-
شۇنچىلىك بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئېرىسىغا ئىسسىققا ۋە قۇمنىڭ
قىزىقىغا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. چۈشتىن كېيىن كۈن
سەلگىنە يانغاندا يەنە چىقىدىغان گەپ ئوخشايدۇ. راستىنى ئېيت-
سام، «قۇمغا كۆمۈلۈش» ماڭا ياقمىدى. بۇ قۇمغا كۆمۈلۈش ئە-
مەس، چوغقا كۆمۈلۈش ئىكەن. ئاستىڭدا كۆيدۈرۈپ تۇرغان جاز-
نى ئالغۇر چوغلۇق قۇم، باش ئۈستۈڭدە چوققاڭغا ئوت پۈركۈپ
تۇرغان چوغلۇق كۈن، ھەتتا سەن نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋامۇ يال-
قۇنىنىڭ ئۆزى! ئۇ يەردە «كۆمۈلۈش» ئۇياقتا تۇرسۇن، ئولتۇرۇش-
مۇ بىر گەپ ئىكەن. باشقىلارنىڭ قانداق چىداپ ياتىدىغانلىقىغا
زادى ئەقلىم يەتمىدى. مەن پەقەت، ئابايىقى ھېكايىگە قىزىقىپ
قالغىنىم ئۈچۈنلا لېۋىمنى چىشلەپ ئاران چىدىدىم. ئابايا ئاڭلى-
غانلىرىم ئاددىيلا بىر ئىجادىيەت ئەشياسى ئەمەس، ئۇ يەنە بىر
ئادەمنىڭ، بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا
تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ بايانى ۋە جەريانى ئىدى. ئاشۇ گۈزەل
تۇرمۇش داستانى مېنى ئۆزىگە قاتتىق مەپتۇن قىلىۋالدى. مەن
ئۇنىڭ بايانىدا كۇرمىڭلارنىڭ كەچمىشىنى كۆردۈم. مانا مۇشۇ
سەۋەبتىنلا، مەن چوغلۇق قۇم ۋە كۆيدۈرگۈ كۈننىڭ قىيناشلى-
رىغا چىداپ ئولتۇردۇم، بولمىسا، بېشىمدەك ئالتۇن بەرسىمۇ
قوقاس قۇم ئۈستىدىن ئاللىقاچان قېچىپ چۈشەر ئىدىم.

ئاھ، تۇرمۇش دېگەن، سەن بىلەن مەن ۋە كۇرمىڭلار كۆزدە،
كۆڭۈلدە كۆرۈپ تۇرغان ھاياتى كۈچكە تولغان تۇرمۇش دېگەن

ئەنە شۇ!

تۇرمۇش — ئاشۇ چوغلۇق قۇمغا كۆمۈلگەندەك قىيىن ۋە ئازابلىق ۋە يەنە ئاشۇ تۇرپاننىڭ چوغلۇق قۇمىدەك — ئەگەر كۆمۈلۈشكىلا چىدىساڭ ۋە جۈرئەت قىلساڭ — سېنى ئاغرىقتىن، مەينەتچىلىك ۋە چىركىندىن پاكلاپ، جېنىڭغا جان قوشىدۇ، دەپ ئويلىدىم چوغلۇق قۇمدىن ئوت - كاۋاپ بولۇپ، ئالدىراپ چۈشۈۋېتىپ.



لىرىم «ئىمىر ـ چىمىر» بولۇپ تورلىشىشقا باشلىدى. قورساق-
مۇ ئېچىشقا باشلىغانىدى. مەن ھە دېمەيلا ئىسسىق ئۆتۈپ كې-
تىشتىن قورقتۇم ـ دە، كۈنلۈكۈمنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىراپ
پەسكە قاراپ ماڭدىم. شۇ تاپتا چوغلۇق قۇمدىن ئايرىلىپ بىر
كۆلەڭگىنى تېپىۋالغۇچە نەپسىم توختاپ قالىدىغاندەكلا بىلى-
نىپ كەتتى. باشقىلارمۇ ياتقان يەرلىرىدىن يوپۇرۇلۇپ، قۇمدىن
چۇشۇشكە باشلىغانىدى. چۈشتىن بۇرۇنقى قۇمغا كۆمۈلۈش مۇ-
شۇنچىلىك بولىدىكەن. ئۇنىڭ نېرىسىغا ئىسسىققا ۋە قۇمنىڭ
قىزىقىغا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. چۈشتىن كېيىن كۈن
سەلگىنە يانغاندا يەنە چىقىدىغان گەپ ئوخشايدۇ. راستىنى ئېيت-
سام، «قۇمغا كۆمۈلۈش» ماڭا ياقمىدى. بۇ قۇمغا كۆمۈلۈش ئە-
مەس، چوغقا كۆمۈلۈش ئىكەن. ئاستىڭدا كۆيدۈرۈپ تۇرغان جاز-
نى ئالغۇر چوغلۇق قۇم، باش ئۈستۈڭدە چوققاڭغا ئوت پۈركۈپ
تۇرغان چوغلۇق كۈن، ھەتتا سەن نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋامۇ يال-
قۇنىنىڭ ئۆزى! ئۇ يەردە «كۆمۈلۈش» ئۇياقتا تۇرسۇن، ئولتۇرۇش-
مۇ بىر گەپ ئىكەن. باشقىلارنىڭ قانداق چىداپ ياتىدىغانلىقىغا
زادى ئەقلىم يەتمىدى. مەن پەقەت، ئابايىقى ھېكايىگە قىزىقىپ
قالغىنىم ئۈچۈنلا لېۋىمنى چىشلەپ ئاران چىدىدىم. ئابايا ئاڭلى-
غانلىرىم ئاددىيلا بىر ئىجادىيەت ئەشياسى ئەمەس، ئۇ يەنە بىر
ئادەمنىڭ، بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا
تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ بايانى ۋە جەريانى ئىدى. ئاشۇ گۈزەل
تۇرمۇش داستانى مېنى ئۆزىگە قاتتىق مەپتۇن قىلىۋالدى. مەن
ئۇنىڭ بايانىدا كۈرمىڭلارنىڭ كەچمىشىنى كۆردۈم. مانا مۇشۇ
سەۋەبتىنلا، مەن چوغلۇق قۇم ۋە كۆيدۈرگۈ كۈننىڭ قىيناشلى-
رىغا چىداپ ئولتۇردۇم، بولمىسا، بېشىمدەك ئالتۇن بەرسىمۇ
قوقاس قۇم ئۈستىدىن ئاللىقاچان قېچىپ چۈشەر ئىدىم.

ئاھ، تۇرمۇش دېگەن، سەن بىلەن مەن ۋە كۈرمىڭلار كۆزدە،
كۆڭۈلدە كۆرۈپ تۇرغان ھاياتى كۈچكە تولغان تۇرمۇش دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەنە شۇ!

تۇرمۇش ــ ئاشۇ چوغلۇق قۇمغا كۆمۈلگەندەك قىيىن ۋە ئازابلىق ۋە يەنە ئاشۇ تۇرپاننىڭ چوغلۇق قۇمىدەك ــ ئەگەر كۆمۈلۈشكىلا چىدىساڭ ۋە جۈرئەت قىلساڭ ــ سېنى ئاغرىقتىن، مەينەتچىلىك ۋە چىركىندىن پاكلاپ، جېنىڭغا جان قوشىدۇ، دەپ ئويلىدىم چوغلۇق قۇمدىن ئوت - كاۋاپ بولۇپ، ئالدىراپ چۈشۈۋېتىپ.



تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# ئالۋۇن

## 1

ئەڭ ئاخىرقى مېھمان ئۇزاپ بولغاندا كېچە تەڭدىن ئاشقانىدى. داۋۇت مەيچى ئاسمانغا قاراپ، كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئېغىر نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ ھاراق، تاماكا ۋە ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ ھىدى سىڭىپ كەتكەن ئىچكى ئەزالىرىدىن سېسىغان گۆشنىڭكىدەك بىر خىل قاڭسىق پۇراق ئېتىلىپ چىقتى. «گارت» قىلغان كېكىرىك بىلەن كۆكسى – قارنى بوشاپ، ئۆزىنى يەڭگىل سەزدى. ئۇ يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ تۇرغان ئاسمان بېتىدىن نەزىرىنى ئۆيى تەرەپكە ئاغدۇرغىنىدا، كۈندىكىدەك غەللە ساناش تەقەززاسى كۈچىيىپ، ئۆزىنى قازناققا ئاتتى.

قازناقنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان كىچىككىنە تۆمۈر ساندۇق بەئەينى ئالائىدىنىنىڭ سېھىرلىك چىرىغىدەك، ئۇنىڭغا چەكسىز ۋەدىلەرنى بېرىپ، قۇچىقىنى ئېچىپ قاراپ تۇراتتى. ئاشۇ تۆمۈر ساندۇقتا ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئۈمىد – ئارزۇلىرى سولىنىپ ياتاتتى. ئۇ ئاشۇ ئۈمىد – ئارزۇ ئۈچۈن بۈگۈن ھېرىپ – چارچىدى، مەست بولدى، تۇتقان – قويغىنىنى بىلمەي، پۇتى پۇتىغا تەگمەي شاپاشلىدى. مانا، ئەڭ ئاخىرقى مېھمانمۇ ھازىر ئۇزىدى، پېشكەل ئوغرىنىڭ قىلىقلىرى ئۇنىڭ جان – ئىمانىنى چىقارغان بولسىمۇ، كېتەر چاغدا غەللىگە تاشلىغان بىرمۇنچە پۇل ئۇنىڭ ھەممە ھاردۇقلىرىنى، رەنجىشلىرىنى بىراقلا يوققا چىقاردى.

داۋۇت مەيچى بىر بۇلۇڭغا تۈرتۈلۈپ كەتكەن ئورۇن – كۆر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

پىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقان تاز چىراي خوتۇنغا مۇنداقلا بىر قا-
رىۋەتكەندىن كېيىن غەللە ساندۇقنى قۇچىقىغا ئالدى.

— كېچە بىر يەرگە بارغاندىمۇ ساندۇقنى قاراپ باقمىسىلا
كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرمەمدۇ؟ — دېدى ئايال نارازى بولغاندەك ئا-
لىيىپ.

— كېچە بىر يەرگە بارغان بولسا كۆزۈڭلىگە كۆپچىمەمسە-
لە؟ — داۋۇت مەيچى خوتۇنغا گۆلەيدى.

— شۇنداق دېگەن بىلەن، ئادەمنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارا -
بارمايلا كاچكۇلغا سەكرىگەن ئىتتەك دۇگدىيىپ ئادەمنىڭ قوي-
نىغا كىرسىلە ئويغىنىپ كېتىمەن، — ئايال نارازىلىق چىقىپ
تۇرغان ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى داۋۇت مەيچىگە تىكتى، — بىرلا
ئويغىنىپ كەتسەم قايتا ئۇخلىيالمىقىم تەس.

— خوتۇن دېگەننىڭ پوقى دورا ئەمەس، — دېدى داۋۇت
مەيچى خىر - خىر ھىجىيىپ، — ئاشۇنداق ھېرىپ - ئاچقاندا،
توڭلاپ - تەرلىگەندە قويىنىغا كىرەرمىز دەپ ئالمىساق، نېمە قى-
لىمىز سىلىنى قېرى كالىدەك بورداپ؟

دەل شۇ چاغدا قازناقتا ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلاردىكى
بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ ئايال باشقا گەپ - سۆز
قىلماستىن، بىر قۇچاق يوتقان - كۆرپىنى قولتۇقلىغىنىچە
سىرتقا ماڭدى. قىزمۇ چىنە - قاچا، قاپاق - تاۋاقلارنى جالاقلى-
تىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل خالىماسلىق،
نارازىلىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.

داۋۇت مەيچى قازناقنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن دۇملىدى، ئاد-
دىن «بىسمىللا» دېگىنىچە ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇقتا ھەقىقەتەن
ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك خېلىلا پۇل بار ئىدى. قالايمىقان چې-
چىلىپ تۇرغان ھەرەڭ - سەرەڭ پۇللارنى قامالىلىغاندا، ئۇنىڭ
كۆز جىيەكلىرىدىكى ئۇششاق قورۇقلار يەنىمۇ كۆپەيدى، يىرىك
ساقاللىرى دىر - دىر تىترىدى، ئىسلاشقىنىدىن قارامتۇل كۆرۈ-
نىدىغان چىرايىغا ئاشۇ بىر تۇتام پۇلدىن تارىغان ئاجايىپ بىر

خۇشاللىقىنىڭ يارقىن نۇرلىرى ۋىللىدە تېپىپ چىقتى. داۋۇت
مەيچىنىڭ بۇگۇن ھەقىقەتەن ئامىتى كەلگەنىدى.

ئۇ پۇللارنى ئاۋۋال چوڭلىرىدىن باشلاپ سايلاشقا باشلىدى،
ئاخىرىدا موچەن ـ سىنتلىرىغىچە بېلىنى باغلىدى. ئۇ خۇددى
قانداقتۇر بىر ئىگىلىكنىڭ ماگناتلىرىدەك، قولىدىكى پۇللارنىڭ
ھېسابىنى مەڭگۇ ئېلىپ بولالمايدىغاندەك بىر ھېسسىياتتا بار-
مىقىغا تۇكۇرۇپ ئۇلتۇرۇپ بىرمۇبىر ساناپ چىقتى. ھەممىسى
ئىككى يۈز ئەللىك بەش كوي ئالتە مو سەككىز پۇڭ ئىدى.

— قايسى تېجىمەلنىڭ ئىشىكىنە بۇ؟ — داۋۇت مەيچى پار-
چە پۇللارنى سانىغاندا بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولدى. چۈنكى، ئۇ
ئاشۇ موچەن ـ سىنتلارنى ساناۋاتقاندا ئۆزىنى قەلەندەرنىڭ ئور-
نىغا چۈشۈپ قالغاندەك، بۇ پۇللارنى تىجارەت قىلىپ ئەمەس،
خۇددى تىلەپ تاپقاندەك بىر ھېسسىياتتا پۇچىلاندى. دېمىسىمۇ
بۇ پۇللار كىمدۇر بىرسىنىڭ يەنىلا ھېسابنى چالا قىلغىنىنى، يېگەن-
ئىچكىنىنىڭ پۇلىنى پۈتۈنلەپ تاپشۇرمىغىنىنى بىلدۈرەتتى، —
ھەي، ئۆزىنى بىلمەيدىغان سېيىت نوچىدىن يەنە بىرسى تېپىل-
مىپتۇ ـ دە، — داۋۇت مەيچى رەتلىنىپ بېلى باغلانغان پۇللارنى
كەڭ ئاغلىق رەسمانى ئىشتانىنىڭ ئىچىگە ئورنىتىۋالغان يانچۇققا
سېلىپ، ئاغزىنى ئىلغۇچ بىلەن ئېتىپ قويدى، — بۇيرۇتاردا
يانچۇق بىلەن ھېسابلاشماي نوچىلىق قىلىپ، ھېساب ـ كىتاب
قىلغاندا بەزگە تويمىغان ئاچ مۈشۈكتەك كۆزىنى پارقىرىتىپ
تۇرۇپ تىل چاينايدىغان، ھەتتا ئىشتاننى سېلىپ ئادەمنىڭ ئال-
دىدا دۈم يېتىشتىنمۇ يانمايدىغان بىنومۇسلار ئەجەب كۆپىيىپ
كەتتى مۇشۇ كۈندە. نېمە ئامال، «نېسى بولمىغان تىجارەت يوق»
دېگىنى راست ئوخشىمامدۇ؟ — ئۇ تاماكا ئىسى ۋە بۇزۇلغان ئۇ-
زۇم پۇراپ تۇرىدىغان قازناقتىن دالان ئۆيگە چىقتى. ئايالى بەكلا
چارچىغانلىقتىنمۇ ياكى شۇنداق ياتسىلا ئۇيقۇسى تەييارمۇ، ئەي-
تاۋۇر خارقىراپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. داۋۇت مەيچى تامبىلىنى
سېلىپ پۇرلەپ ـ تۇرمەكلەپ بېشىغا قويغاندىن كېيىن خوتۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ يوتقىنىنى قايرىدى ـ دە، سوغۇردەك بىرلا دەۋرەپ كىرىپ كەتتى، ئايال ئۇيقۇلۇق ھالدا يىلاندەك تولغىنىپ گۇڭۇرلىدى:

— بېشىنى يېگۇر داۋۇت تاز، يەنە ئۇيقۇنى ھارام قىلىپ...

داۋۇت مەيچى مۇزدەك ئالىقىنى بىلەن ئايالىنىڭ خالتىلىشىپ، بىقىنىغا ساڭگىلاپ قالغان كۆكسىنى مۇجۇپ تۇتۇپ قويدى، ئايال يىلان چاققاندەك تولغىنىپ يۇلقۇندى، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ جەينىكى داۋۇت مەيچىنىڭ نەق كۆزىگە كېلىپ تەگدى. «پال» قىلىپلا چاچرىغان بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ كۆز گۆھىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى.

— نېمىگە چىچاڭشىيسەن قېرى چوشقا؟ — داۋۇت مەيچى ئوت چىقىپ كەتكەن كۆزىنى تۇتقىنىچە ئايالىغا تىل سالدى، — پۇرلىشىپ قالغان بەز خالتاڭنى ساۋاب بولار دەپ تۇتۇپ قويسام، كۆكۈيۈن چاققان غۇنچىندەك سەكرەپ مۆڭسەنغۇ؟ مانا ئەمدىسە، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئايالىنىڭ ساغرىسىغا كۈچ بىلەن بىرنى تەپتى ـ دە، ياستۇق ئاستىدىكى ئىشتاننى قولتۇقلاپ يەنە قازناققا ماڭدى.

— مېنى تەپكەن پۇتلىرىڭ دوزاختا تۇتۇرۇق بولار خۇدايىم، — ئايالىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا قىلغان نىدالىرى ئۆيئىچىدە ياڭراپ كەتتى، — ئادەمگە يا كېچىسى ئارامچىلىق يوق، يا كۈندۈزى، مەن تويدۇم، بۇنداق كۈندىن تويدۇم، ھۇ ھاراقكەش، تۇز يولدا كېتىۋېتىپ ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتەرسەن ئىلاھىم، ئىت ئۆلۈمىدە ئۆلەرسەن قېرى لەقۋا...

داۋۇت مەيچى ئاغرىغان كۆزىنى تۇتقىنىچە يوتقان ـ كۆرپەسى يىغىۋېتىلگەن قازناق سۇپىسىغا كېلىپ، ئىشتاننى بېشىغا قويۇپ قىيسىيىپ ياتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزىدىكى دەھشەت ئاغرىق ئۇيقۇسىنى قاچۇرغانىدى. ئۇ يەنە ئىشتاننى كىيىپ قازناقتىن سىرتقا ماڭدى. كەچ كۈز پەسلى كىرىپ قالغانىدى، كېچەنىڭ كىشىگە ئارام بېرىدىغان سالقىن ھاۋاسىنىڭ ئورنىنى چىداپ بولماس ئاچچىق سوغۇق ئىگىلىگەنىدى. قاياقتىندۇر سو-

قوپ تۇرغان ئىزغىرىن شامال داۋۇت مەيچىنىڭ بىر جەينەك زەر-بىسىدە مەستلىكىدىن يېشىلگەن ۋىجىك تېنىنى شۈركۈندۈرۈ-ۋەتتى. ئاسماندا بوگۈن نېمىشقىدۇر يۇلتۇزلار كۆپىيىپ قالغان-دى، بىر تاغار سامانىنى چېچىۋەتكەندەك كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار توپىنىڭ سەل نېرىسىدا بەكمۇ يارقىن نۇرلىرى بىلەن باشقىچە چاقناپ تۇرغان چولپان يۇلتۇز بوگۈن ئەسلىي ئورنىدىن تېخىمۇ پەسلەپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ باش ئۇستىدىلا ساڭگىلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. داۋۇت مەيچى قول سوزسىلا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قوينىغا سالىدىغاندەك بىر تۇيغۇدا چولپانغا تىكىلدى. يۇلتۇز بىر قارىسا، ئۇنىڭ بىچارە ھالىتىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك، يەنە بىر قارىسا، ئۇنىڭ ھالىدىن كۈلۈۋاتقاندەك جىمىرلاپ تۇراتتى.

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوشنىسى كاملجاننىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى غارقىراپ ئېچىلىپ، ئىشىك ئالدىدىن قىلچىنىڭ بىسىدەك يالتىراپ، كېچە باغرىنى تىلىپ تۇرغان چىراغ يورۇقى ئېتىلىپ چىقتى. ئاشۇ يورۇقلۇقتا ئۈچ كىشىنىڭ چىرايى غىل-پال كۆرۈنۈپ قالدى. سېمىز بەستى قېلىن دىراپ پەلتو ئىچىگە ئاران سىغقان، بېشىغا بايۇەچىلەردەك قاما تۇماق كىيىۋالغان، پارقىراپ تۇرغان مەڭزىدىن ۋە شامال سوققان قومۇش پۆپۈكىدەك ئىرغاڭلىشىدىن خۇش كەيپلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىر جاناب يېشى تېخى ئون سەككىزلەردىن ئاشمىغان، چىرايلىق بىر قىزنى قولتۇقلىۋالغانىدى. ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىققان كاملجاننىڭمۇ خۇشاللىقتىن چىرايى پارقىراپ كەتكەنىدى.

— يەنە كېلىشەرلا با جوجاڭ، — دېدى كاملجان سېمىز كىشىنىڭ پەلتوسىنى ئوڭشىغاچ، — سىلىگە ئىشىكىمىز ھەر ۋاقىت ئوچۇق.

— مۇلازىمىتىڭلاردىن بەكلا رازى بولدۇم، — قاراڭغۇلۇق-تىن كىشىنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تېگىدىغان غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلاندى، — بۇ يەرنىڭ مۇھىتى بولىدىكەن، شۇنداق تىپ-تىنچ، ئەتراپىڭدا كۆز - قۇلاقمۇ يوق. مەن ئەتە يەنە كېلىمەن،

پۇلدىن غەم قىلماي ئاشۇ خاننى يەنىلا ماڭا ئېلىپ قويۇڭ.
— ئوبدان، — كامىلجاننىڭ ھاياجان ئارىلاش تىترەك ئاۋازى ئاڭلاندى، — سىلى دائىم كېلىپ تۇرسىلا مېنىڭ سوداممۇ روناق تاپىدۇ، با جوجاڭ، چۈنكى سىلى دېگەن ئالدى يوللۇق ئادەم، تىجارەتتە يول بولمىسا بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ. ئەتىگىچە بالىلار ئۇ خاننى يەنىمۇ سەرەمجانلاشتۇرۇپ، كۆڭۈللىرىدىكىدەك جابدۇپ قويسۇن. خاتىرىلىرىنى جەم قىلىپ كېلىۋەرسىلە.
— خوش ئەمىسە، — ھېلىقى يوغان گەۋدە شۇنداق دەپلا مەستلىكتىنمۇ ياكى چارچاپ، پۇت - قولىدا جان قالمىغانلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر لىغىشىپ ئاران تۇرغان قىزنى قولتۇقلىغىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كامىلجاننىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى يەنە سەت غاراسلاپ يېپىلدى. ئۇياقتىن كامىلجاننىڭ قانداقتۇر بىر كويگە ئىسقىرتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.
— كاساپەتنىڭ سودىسى ياخشى بولغان ئوخشىمامدۇ؟ — داۋۇت مەيچى بۇ قوشنىسىنى ئوبدان بىلەتتى، كامىلجان بىرەر ئىشتىن كۆڭۈلدىكىدەك پايدا ئالالىسا مانا مۇشۇنداق ئىسقىرتىپ قوياتتى. ئۇ بارچە خۇشاللىقىنى ئاشۇ ئىسقىرتىشىدا ئىپادىلەيتتى. ئەگەر سىز قانداقلا ۋاقىتتا بولمىسۇن كامىلجاننىڭ ئىسقىرتقىنىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا، ئۇنى چوقۇم بىر ئىشتىن پايدا كۆرۈپتۇ دەپ قارىسىڭىز، ھەرگىزمۇ خاتالاشمىغان بولىسىز.
داۋۇت مەيچى ئىشىكنى كۈچ بىلەن قاتتىق يېپىۋەتكەندىن كېيىن، ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى ئۈجمە كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ خىيالى چېچىلىپ، مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار يەنە كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى...

## 2

قاينۇق مەھەللىسى ناھىيە بازىرىنىڭ بۇرنىغىلا جايلاشقان

قەدىمىي مەھەللە. شەھەردىن باشلانغان ئاسفالىت يول مەھەللى-
نىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق-
غانلارمۇ ئاساسەن ناھىيە بازىرىنى تەشكىل قىلىدىغان سان -
ساناقسىز ۋىنتىلار — باققال، موزدوز، ساتىراش، ۋاپۇرۇش،
ئاشپەز، ناۋاي، تونكىچىلەردىن ئىبارەت. مۇشۇ كىچىككىنە نا-
ھىيە بازىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ يۈرگەن بۇ كىشىلەر خۇددى ئۆل-
چەمسىز قويۇلۇپ قالغان ھەرەڭ - سەرەڭ ۋىنتىلاردەك يا تۈزۈك
ئىشلىتىلمەي، يا تاشلىۋېتىلمەي سۆرىلىپ يۈرۈپ مۇشۇ كۈنگە-
چە كەلگەنىدى. تېرىلغۇسىنىڭ تايىنى يوق، كىشىلىرى بەكمۇ
نامرات بۇ مەھەللىنىڭ قالدى - قاتتى يەرلىرىنى كەنت مەسئۇل-
لىرى تۈرلۈك يوللار بىلەن دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ
ئولتۇراق ئۆي سېلىشىغا سېتىپ بېرىپ، تاپقان پايدىسىنى رېس-
تورانلاردا توخۇ قوردىقىغا تېگىشىپ يەپ قورساق سېلىشقان بە-
لەن، يەردىن ئايرىلىپ قالغان بىچارە دېھقانلار قىلارغا تۈزۈككە-
نە ئىش تاپالماي، شەھەر كوچىلىرىدا لالما ئىتلاردەك لاغايلاپ
يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قېلىشقانىدى. كېيىن نېمە بولغان، بۇ مە-
ھەللىدە ئازدۇر- كۆپتۇر گازىر - پۈرچاق، كاۋا - قاپاق، لوۋيا -
ماش ساتىدىغان ئۇششاق يايمىكەشلەر پەيدا بولۇپ قالدى. سودا
قىلىنىغانىكەن، خەقنىڭ قولىدا پارچە - پۇرات بولسىمۇ پۇل
پەيدا بولىدۇ. «ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا» دېگەندەك، سىنتقا زار كى-
شىلەر مەھەللىداشلىرىنىڭ قولىدىكى پارچە - پۇرات بولسىمۇ
شىرىقلاپ، قۇلاققا ئاجايىپ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان پۇلنىڭ شە-
پىسىنى ئاڭلىغىنىدا، ئۆز تەبىئىتىگە ماس ھالدا چىدىمايلا قې-
لىشتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەھەللىدە بەس - بەستە غالتەك
ھارۋا ياساش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، باققاللار، گازىرچىلار،
كاۋىچىلار ۋە تۈرلۈك ئۇششاق تىجارەتچىلەر بىراقلا بازارغا يۈ-
رۈش قىلدى. ئۇلار ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن خۇددى
بىرسى كوماندا بەرگەندەكلا، مايسىرىغان غالتەكلىرىنى غىچىر-
لىتىپ بازارغا پالاقلايدىغان بولدى.

داۋۇت مەيچىمۇ ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ، مەھەللىداشلىرىنىڭ قىلىپ يۈرگەن تىجارىتىگە يىراقتىن كۆز سېلىپ، بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئاشۇ كىچىك، قىستاڭ بازارغا قانداق كىرىشنى، نېمە تىجارەت قىلىشنى، قانداق پايدا ئېلىشنى بىلەلمەي دېلىغۇللۇقتا قالغانىدى. ئۇ كۆزىتەتتى، باشقىلاردىن بازار ئەھۋالىنى تىڭتىڭلايتتى. بازاردا قانداق تىجارەتنىڭ ئېقىۋاتقانلىقىنى، نېمىنىڭ پۇل بولۇۋاتقانلىقىنى سورۇشتۇرەتتى. ئەمما، بىر ناننى ئىككى قىلىپ بولالماي يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئۆز رىزقىغا چاڭ سېلىش غەرىزىدە يۈرگەن ئادەمگە راست گەپ قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

— ھەي ئىست، نېمىشقىمۇ بۇنداق پوقنى يېگەن بولغىيدىم؟ سالغان دەسمايىنى قايتۇرۇۋالالماي يۈرىكىم ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ، داۋۇتۋاي، تىجارەت قىلدىم دەپ ئۆز بېشىمغا ئۆزۈم پىت سالغانىكەنمەن. بۇ كوچىغا خۇدايىم بەندەم دېسە ھەرگىز يولامىسۇن !

— بازارغا كىرىپ بولغۇچە تۆت تەرەپتىن بازار باشقۇرغۇچىلار، باجگىرلار، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدىكىلەر، ئامانلىق ساقلىغۇچىلار، تازىلىق قىلغۇچىلار، يەر ئورنى ھەققى يىغقۇچىلار شىۋاقلىقتىكى ئېشەك يېغىرىغا ئۆزىنى ئاتقان چىۋىنلاردەك ئەتراپىڭدا پەيدا بولۇشىدۇ، تاپقان بىر - ئىككى تەڭگەڭ قايسى بىرسىگە توشۇيدۇ دەيسەن؟ ئاشۇ تويىمىغۇرلارنى بېقىپ بولالماي پاتاڭغىچە قەرزگە بوغۇلدۇق. سىلە بولساڭلىمۇ تىنچ ياشاڭلا، داۋۇتاخۇن.

— مۇشۇ كۈندە ئالارمەندىن ساتارمەن كۆپ بولۇپ كەتتى، بىز تېشىمىزدا ھېيت ئوينىغان بىلەن دەردىمىز ئىچىمىزدە! ئاۋۇيىنىڭ بارىدا بىرنېمىلەرنى قىلىپ تىمىسقىلاپ يۈرىمىز.

گەپ - سۆزلەر بەكمۇ قورقۇنچلۇق، ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلار ئەندىشىلىك ئىدى. شۇڭا، داۋۇت مەيچى تاپقان زاغرىسىغا شوكۇر قىلىپ يەنە بىرنەچچە يىلنى ئۆزىتىۋەتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى يىل-

سېرى كەينىگە ماڭماقتا ئىدى. قىلىدىغان ئىشىنىڭ تايىنى بول-
مىغاندىكىن، ئەلۋەتتە يانچۇقلارنىڭمۇ هالى بوش، تۇزغا تاپسا،
گۈگۈتقا يوق، قازانغا تاپسا، چۆمۈچكە يوق كۈنلەر ئۇنىڭ يەلكە-
سىدىن غايەت زور تاغدەك باسماقتا ئىدى.

— بۇ قانداق كۈن بولۇپ كەتتى - هە؟ — بىر كۈنى ئۇ
قوشنىسى كامىلجان بىلەن موخوركا چېكىشكەچ ئولتۇرۇپ
پاراڭغا چۈشتى. دېمىسىمۇ ئەينى چاغدا داۋۇت مەيچىگە قوقاق
سالغان يايمىكەشلەر بىرەردىن موتوسىكلىتلىق بولۇپمۇ قېلىش-
قاندى. كونىلىقىدىن ئاۋازىمۇ ئايروپىلانىنىڭكىدەك گۈركىرەپ،
مەهەللىنى بىر ئالىدىغان بۇ جانۋارلارغا مىنىۋالغان نوچىلار
توپىلىق يولدا بوغۇناق چىرقىرىشىپ چېپىپ يۈرەتتى. ئۇلار
ئەبجەق موتوسىكلىتتا ئەمەس، زۇڭتۇڭنىڭ مەخسۇس ئايروپىلا-
نىدا ئولتۇرغاندەك كۆرەڭلەيتتى. ئىلگىرىكى سېرىق سىنتنىڭ
تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتىدىغان كۈنلىرىنى ئۇنتۇغان هالدا هېچ-
كىمنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويۇشمايتتى. بۇ هال داۋۇت مەيچىنىڭ
ئىچىنى لازا سۈيى قۇيغاندەك ئېچىشتۇراتتى.

— ئۇلار هەرنېمىلەرنى دېگەن بىلەن ئاز - تولا مىدىرلىغان-
نىڭ زىيىنى بولمىسا كېرەك، — دېدى كامىلجان چېكىلىپ
بولاي دەپ قالغان موخوركىسىنىڭ كۆلىنى پۈۋلىگەچ، — بىز
كىشىلەرنىڭ ئەپقاچتى گەپلىرىگە ئىشىنىپ نۇرغۇن ۋاقتىنى
قولدىن بېرىپ قويۇپتۇق، هېلىمۇ كېيىن ئەمەس، زادى بىر ئىش
قىلمىساق بولمىدى.

— نېمە قىلاي دەيسىلە كامىلاخۇن؟ — داۋۇت مەيچى قىزد-
قىپ سورىدى.

— تىجارەتكە دەسمىي يوق، قوشنام، چوڭراق بىر ئىش
قىلالمايمەن. ياش قىرىققا تاقىشاندا بىرەر هۈنەرنىڭ كەينىدىن
مېڭىشمۇ ئەپلەشمەيدۇ، خۇدا بەرگەن تەۋەررۇك دەسمىي — مۇشۇ
نىمكەش چاپانغا ئورالغان ئاۋاق تەندىكى ئىسسىق قان بىلەن ئاز -
تولا كۈچتىن باشقا هېچنېمەم يوق. شۇڭا، ئاتا كەسپىنى داۋام

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ساتىراشلىق قىلالايمىكىن دەيمەن.

— مېنىڭمۇ ئاتا كەسپىمگە ۋارىسلىق قىلىپ ياماقچىلىق قىلىش ئويۇم بار، — داۋۇت مەيچى قولىدىكى موخوركا كۆتىكىنى خۇددى يەۋېتىدىغاندەك كۆچەپ بىر - ئىككىنى شورىغاندىن كېيىن يەرگە تاشلاپ پۇتىدا توپىغا ئىلەشتۇردى، — ئاز - تولا يىپ - يىڭنە، ئالىقاندەك ياماقلىق، بىرنەچچە تال ئۇششاق مىخ، بىرەر كاللەك مۇم تېپىۋالسام، دادامدىن قالغان تەۋرۈك بولقىنىڭ ھىممىتىدە نان تېپىپ يېيەلەيمەنمىكىن دەيمەن. ئاشۇ كىشىلەر مىسىلداپ يۈرگەن رەستىلەردە خۇدانىڭمۇ بىزگە ئاتىغىنى باردۇ، كاملاخۇن.

— توغرا، ھەركىم يېسە ئۆزىنىڭ رىزقىنى يەيدۇ، — كامىلجان قەتئىيەت بىلەن بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى چوڭقۇر كۆزلىرىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان بىر ئۈمىد ئۇچقۇنلىدى، — قېنى بۇرادەر، بىزمۇ بىر ھە - ھۇ قىلىپ باقمايمىزمۇ ؟

شۇ سۆھبەت بولۇپ ھەپتىدىن كېيىن ئىككى قوشنا ئەسۋابلىرى قاچىلانغان سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ «يا تەۋەككۇل» دېيىشىپ بازارغا مېڭىشتى. شەھەرگە تۇتىشىدىغان ئاسفالىت يول، يولدىن تەرەپ - تەرەپكە خۇددى دەريانىڭ تارامىلىرىدەك سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى تار كوچىلار، ئاسمانغا بوي سوزۇشقان قەۋەت - قەۋەت ئىمارەتلەر، غۇيۇلداپ كېتىشىۋاتقان ماشىنىلار ئۇلارغا ئاجايىپ كاتتا ۋەدىلەرنى بېرىۋاتقاندەك ئىدى. خۇدادىن رىزىق تىلەپ، زور ئۈمىدلەر بىلەن كېلىۋاتقان بۇ ئىككى قوشنا ئۇششاق ئوقەتچىلەر يايما ئاچىدىغان كەڭرىرەك بىر مەيدانغا كەلگەندە ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى، بازارنىڭ يەر ئاستى ئەۋرەز يولى بولمىغاچقا، بۇ مەيدان ئاشپەز - زاسۇيچىلەرنىڭ ئاخشىمى تۆككەن مەنتەڭ - يۇندىلىرى بىلەن مىلىچلاپ تۇراتتى. يۈرەكلىك قەدەم ئالماقمۇ بەسى مۇشكۇل ئىدى.

كامىلجان ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ ساتىراشلار قاتارىغا يۈرۈپ كەتتى. داۋۇت مەيچى پاسىرى چېپىشىلىنغان قوناق كۆتەكلىرىدەك قاتار ئولتۇرۇشقان ياماقچىلار ئارىسىدىن ئۆزىگە ئورۇن تېپىش ئۈچۈن خېلىلا قاتىرىدى. سومكىدىكى لاقا - لۇقىلارنى يايمىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن ئاياغ دەپ بىلگەن ياماقچىلار ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن بېقىشىپ، ياسالما كۈلكىلىرى چىقىپ تۇرۇشقان كۆزلىرىدە ئىشارەت قىلىشتى.

— كونىنى كونا دېمەيمەن، قانچە كونا بولسا شۇنچە يېڭىلايمەن...

— تىكىشى ئەرەبىستاندىن، ھۈنىرى باغداتتۇرۇمدىن...

— رازى بولمىساڭ پۇل ئالمايمەن، خېرىدار...

داۋۇت مەيچى سەپنىڭ ئايىغىغا بېرىپ، بالا كۆرپىسچىلىك بوش يەرنى تاپتى - دە، بىسمىللا دەپ يايمىسىنى يايدى. ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك بېقىلغان چىرايلاردىكى خۇش تەبەسسۇم دەرھال ئۆچۈپ، يامغۇرلۇق ئاسماندەك تۇتۇلدى. كەلگۈچىنىڭ بىر خېرىدار ئەمەس، ئاغزىدىكى لوقمىنى تارتىۋېلىشقا كەلگەن كالتە - كۆسەي ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكىنى بىلىشكىنىدە، ياماقچىلار ئارىسىدىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ھەممەيلەن داۋۇت مەيچىگە يەۋەتكۇدەك ئالىيىپ، ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دوق قىلىشماقتا ئىدى:

— نەدىن كەلگەن سۇپرا تاپان بۇ؟ خۇددى بۇ يەردە ئانىسىنىڭ ئېلىشى باردەك، كېلىپلا تۇگمىدەك چۆكۈپ ئولتۇرىدۇغۇ؟

— ئۇنىڭسىزمۇ ئاران جان ئېتىۋاتقان خەق تۇرساق، ئەمدى كېلىپ يەنە بىر ئاجناق كۆز قېتىلدىغۇ بۇ سەپكە؟

— بىر ئوبدان كېتىۋاتقان بازار ئىدى، قازاندىكى ئاشقا چىۋىن چۈشكەندەك بولدىغۇ ئەمدى.

داۋۇت مەيچى قۇلىقىغا كىرىۋاتقان بۇ گەپ - سۆزلەرگە پەرۋا قىلماستىن، كونا مىخ، لاتىپۇرۇشلىرىنى ئالدىرىماي رەتلەشكە تۇتۇندى. ئۇنىڭچە بولغاندا بىرئاز چىدىسا، بۇ غۇلغۇلىلىق قارا بورانمۇ ئۆتۈپ كېتەتتى. چۈنكى، جاھاندا مەڭگۈ قاۋاپ هار-

مايدىغان ئىت يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن نەرسە - كېرەكلىرىنى ئەستايىدىل رەتلەشكە باشلىدى.

— كىم سەن؟ — ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، خۇددى تۇيۇقسىز بومبا پارتلىغاندەك گۈمبۈرلەپ ئاڭلانغان بىر ئاۋازدىن داۋۇت مەيچىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان كاسا چىراي بىرسىنى كۆردى. كۆزلىرى چەكچەيگەن، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، يىرىك ساقىللى دىردايغان، خۇددى بىچارە چاشقاننى بوغۇشقا تەييار تۇرغان سۇرلۇك مۇشۇكتەك بەستىدىن دەھشەت يېغىپ تۇرغان بۇ كىشى كېلىپلا داۋۇت مەيچىنىڭ چاپان - چارىلىرىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى، — نەدىن كەلگەن ئابدالسەن؟ بۇ يەرنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

— بۇ يەرنىڭ خان بازىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئۇكام، بىزمۇ خانلىقتا، ھۆكۈمەتكە پۇقرا بولغاندىكىن، بىر كىشىلىك يەر چىقار دەپ ئويلاپ...

— نېمە ؟ ھۆكۈمەتكە پۇقرا بولساڭ ماڭا نېمىدى؟ — ئۇياق قوزۇققا ئۇلتۇرۇپ قالغان مايمۇندەك چىرقىرىدى، — بۇ يەرنى بارغۇ، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى غوجىكاڭغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن، ئاللىقانداق كەلگۈندىلەرنىڭ ئۆزى خالاپ ئولتۇرىۋېرىدىغان مەسچىت ئالدى ئەمەس، ئىگىسى بار يەر بۇ! قوپە تۇز قوڭ ئوغرى، سەپرايىم ئۆرلىمەستە ئىت جېنىڭنى ياقىغا ئال، ھېلى بولمىسا سېسىق جېنىڭ ھارام بولىدۇ.

داۋۇت مەيچى كىملەردىندۇر مەدەت تىلىگەندەك ئەتراپقا قارىدى، ھېلىلا غوتۇلداپ، چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك قىلىپ كېتىشكەن ياماقچىلار بايرام تەنتەنىسگە چۆمۈشكەنىدى. قانداقتۇر بىر ئاتا مىراس ئۆچىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك مەمنۇنلۇق ئىلكىدە ھېلىقى پور كۆتەككە قاراپ كۈلۈشەتتى، باش لىڭشىتىپ «بۇ قىلغىنىڭ تامامەن توغرا بولدى، بۇ بازارغا بىزدىن باشقا ھېچكىمنى يېقىن ئەكېلىدىغان ئىش ئە-

مەس، ئەجەب جايىدا ئىش قىلدىڭ، ياشاپ كەت !» دېگەندەك مەنە-
لەردە ئىلھام بېرىشەتتى.

— يوقال، — ئۇياق تېخىچە تىترەپ - تەمتىرەپ تۇرغان داۋۇت مەيچىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، كونا لاتىنى چۆرۈگەندەك ئېتىۋەتتى. نەچچە سەنتۇرۇلۇپ، يەرنى قۇچاقلاپ ئورنىدىن قوپ-قان داۋۇت مەيچىنى يىغا تۇتتى. شۇنچە كىشىلەرنىڭ — نامازدا بىر سەپ تۇرۇشىدىغان، بىر ئىمانلىق، بىر ئېتىقادلىق بۇ ئو-قەتچىلەرنىڭ بىر نان ئۇچۇن قىلىپ كېتىشكەن بۇ قىلىقىنى ئۇ زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. ئەجەبا بازار بۇلارنى شۇنچىلىك بۇزۇۋەتتىمۇ؟ «ھەركىم ئۆزىنىڭ رىزقىنى يەيدۇ» دېگىنى قېنى؟ شۇنچە ئادەم مىغىلداپ يۈرگەن بۇ بازارغا داۋۇت مەيچى سىغماس-ما؟ ئۇ ئاشۇ ئەبگار ھالىتى بىلەن بۇ يەردىكى ئوقەتچىلەرنىڭ قانچىلىك نېنىنى تارتىۋالار؟ ھەي نان !

داۋۇت مەيچى ئۇياقنىڭ چاقچاق قىلماي،ۋاتقىنىنى، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بۇ بازارغا، مۇشۇ كىشىلەر ئارىسىغا سىغمايدىغانلىقى-نى چۈشىنىپ يەتتى. ئىت جېنىدا «چاخ» دېسە كېتىدۇغۇ، ئۇ لاقا - لۇقىلىرىنى تېرىپ تىقىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھالىغا ئې-چىنىش ئەمەس، خۇشاللىق بىلەن كۇلۇشۇپ تۇرغانلارغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە تالا - تۈزگىمۇ چىقمىدى، خوتۇنى گەپ سورىسا جاۋابمۇ بەرمىدى، ئاچچىق مو-خوركىسىنى ئۇلاپ چېكىپ تورۇسقا قاراپ ياتقىنى ياتقانىدى. ئۇ-نىڭ بۇ ھالىغا قاراپ خوتۇنى ئىچ ئاغرىتىش، ھالىغا يېتىش ئو-ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تىنماي كوتۇلداپ بېشىنى ئوچاق قىلاتتى:

— ھە، يېنى ئاجراپ كەتكەن مايماق ئېشەكتەك يېتىۋېرەم-دۇق؟ ئوسۇرۇپ - چىچىپ ياتقان بىلەن نېمىلىرى ھەل بولاتتى؟ بازارغا بارىمەن دېدىلە، ھە دېدىم، بېرىپلا دەككىلىرىنى يەپ، پالتا - كەكىلىرىنى قاقتۇرۇپ كەپلا، ئەمدى بۇ دەردنى بىزدىن ئالاملا؟ كۈچلىرى يەتسە، ئاشۇ نىجىسنىڭ كاكىسىدىن ئېلىپلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاللا ـ كاللىسىنى چىقارسىلا بولمامدۇ؟ قاچانغىچە يېتىپ بېرىدىلا ئەمدى؟ خالتىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالغىلى نېكەم ؟ مەرىكىنىڭ پولۇسىدىكى بىر تىكە گۆشتەك ياتماي قوپىلى ئەمدى...

ئۇ ئايالىغا ئالىيىپ قاراپ قويىدى ـ يۇ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

ـــ قىزىمىز بىر ساۋاقدىشىدىن گەپ ئېيتىپتۇ، مەكتەپتىن كىتاب پۇلىنى تاپشۇرۇۋېتىڭلار دېگەنىمىش. دادام ئوتتۇز كوي ئەۋەتسۇن دەپتۇ.

ـــ پۇل يوق، ـــ دېدى داۋۇت مەيچى تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا، ـــ مەكتەپتە ئوقۇما دېسەك ئۇنىمىدى. ئەمدى كېلىپ پۇل، پۇل دەۋەرسە مەن قانداق قىلىمەن؟ يا خانىمىدىن ئالسۇن، يا مېنى ئوتتۇز كويغا ئالىدىغان ئادەم بولسا ساتسۇن.

ـــ ۋاييەي، سىلىنى ئوتتۇز كويغا ئەمەس، ئۈچ موچەنگە ئالىدىغانمۇ ئادەم چىقمايدۇ.

ـــ ئەمىسە مەندە پۇل يوق.

ـــ ھەي، ئۇ دېگەن قىز بالا تۇرسا، دېگىنىنى قىلىپ بەرمىسەك، ئالىمادىس بىرەر پۇلدار ئوغرى كۆز سېلىپ قالسا ئىش چاتاق بولمامدۇ؟

ـــ قېنى شۇنداق قىلىپ باقسۇنچۇ، ئاۋۋال ئۇنىڭ، ئاندىن كېيىن سىلىنىڭ توڭكىيىڭلارنى چېقىپ، بوينۇڭلارنى قۇشقاچنىڭكىدەك ئۈزۈۋېتىمەن.

شۇ كۈنى كەچتە ئۆيگە ئىسقىرتقىنىچە كامىلجان كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى خېلىلا كۆتۈرەڭگۇ ئىدى. كامىلجان كىرىپلا ئىغىزىدىكى يېرىمى چېكىلىپ بولغان ئاچچىق موخوركىسىنى داۋۇت مەيچىگە سۇندى.

ـــ قانداقراق؟ ـــ دېدى ئۇ ئاچ كۆزلۈك بىلەن موخوركا شوراۋاتقان قوشنىسىغا قاراپ، ـــ ئاچچىق بىرئاز بېسىلغاندەكمۇ؟

ـــ قويۇڭلا كامىلاخۇن، بىر مۇسۇلمان دېگۈچىلىكى قالماپتۇ بۇ كىشىلەرنىڭ، ھەي...

— شۇ ئەمەسمۇ؟ سىلە ئاچچىق يۇتۇپ ياتقىنىڭلا بىلەن ھېچكىمنىڭ بىر يېرى ئاغرىپ قالمايدۇ، ھەركىمنىڭ قازىنى ئۆزى ئۇچۇن قايناپ تۇرغان زامان ئىكەن بۇ، نېمانچە قىلىسىلە دەيمەن؟ قويۇڭلا، بۇرادەر.

— سىلىنىڭ ئوقەتچۇ، كامىلاخۇن؟ ئۇستىرا - كاپقا ئېسىلىدىغان بىرەرسى چىقمىغاندۇ؟

— كۆزىدە مىخ قاقىدىغانلار بار ئىكەن، ئەمما ئاشكارا بىر نەرسە دېيىشمىدى. بولمىسا مېنىڭ ئاچچىقىمنىمۇ بىلىسىلە، بىر ئىش بېرۋامغا تەگكەندە كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالىدۇ، خۇدا ساقلىسۇن، بىرەرسى غىدىڭ - پىدىڭ قىلىدىغان بولسا، ئۇستىرىنى نەق گېلىغا سۈركىۋېتىمەن.

— بىردەملىك ئاچچىقنىڭ كەينىگە ئالدىراپ كىرىپ سالماڭلا، كامىلاخۇن، يوروق ئاپتاپ بولمىسىمۇ، كۈن كۆرمىسەك بولماس، — داۋۇت مەيچى شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ پوتىسىنى باغلىدى، — نەگە بارىمىز، قوشنام؟

— يىراققا ئەمەس، — دېدى كامىلجان ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ، — يىراق يېزىدا بىر تونۇشۇم بار ئىدى، شۇ بۇرادەر كۆڭلى تۈيغاندەكلا بىر قاپاق مەيزاپ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ، نەپسىم تاقىلداپ ھۈنەرنى تېزلا يىغىشتۇردۇم - دە، ئۆيگە كەلدۇق. سىلىنىڭمۇ كۆڭلۈڭلا جايىدا ئەمەس، نەچچە كۈندىن بېرى ھۈنەر بىلەن بولۇپ كېتىپ تۈزۈكرەك ھال - ئەھۋالمۇ سورىيالمىغاندىم، شۇڭا بىرەر - يېرىمدەم گۇڭگۇر - مۇڭغۇر بولۇشايلى دەپ كىرىشىم.

— رەھمەت! — داۋۇت مەيچىنىڭمۇ لولىسىغا ئوت كەتتى. ئۇ شۇنداق دەپلا كامىلجاننىڭ ئالدىدا ئۆيدىن چىقتى. چۈنكى، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇمۇ بىر - ئىككى سەر قېقىۋېلىش بىلەن يۈرىكىدىكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يانچۇقىنىڭ ھالى خاراب بولغاچقا ئىچىگە تىنىپ، دەردىنى ئاچچىق موخوركىسىدىن ئېلىپ يېتىۋەرگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

## 3

كامىلجاننىڭ ئۆيمۇ داۋۇت مەيچىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئىسلاشقان تاملار، ئۆمۈچۈكلەر قالايمىقان تور تارتىشقان تورۇس، بىر قەۋەت توپا ئاستىدا سۇس يورۇپ تۇرغان تۆۋەن قۇۋۋەتلىك لامپۇچكا، مانتا ئوچاقتا شىڭىلداپ تۇرغان قوم چۆگۈن، داستىخاندىكى قىڭغىر ـ قىيسىق كاكچا نان، بىر تەخسىدە يېرىمى يېيىلىپ بولغان بەسەي قورۇمىسى، ھەرھالدا كامىلجان ساتىراشلىق قىلىپ يۇرۇپ پۇل تاپقانىنىڭ نىشانى بولۇپ بىر ـ ئىككى تەخسە پۇرچاقلىق لەڭپۇڭ... داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئۇچ ئەرنىڭ خېلىلا كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇلارنى كەسپىي ھاراقكەش دەپ ئاتاش ئارتۇقچە، چۈنكى كاناي ياغلىغىلى يوق تۇرسا، سۇنايغا نەدە تۇرۇپتۇ دېگەندەك، تاپقان ـ تەرگىنى نانغا ئۇلگۇرمىگەن بۇ بىقۇۋۇللارغا ھاراق ئېلىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. ئەمما، ھويلىسىدىكى تالللىرى ئوبدان ئوخشاپ قالغان يىللىرى ئانچە ـ مۇنچە سىركە ـ مەيزاپ سېلىۋالىدىغان ئادىتى بار. بەزىدە ناھەق دەشنام تېپىپ يەپ قورسىقى كۆپكەن چاغلاردا قازناقتا شۇڭغۇشۇپ، خۇدادىن ئەيمەنمىگەن بىلەن ئاۋامدىن نومۇس قىلىشىپ، ھېچقانداق ئىس ـ بۇسىنى چىقارمايلا بىرەر قېتىم «ياشاپ» قويىدۇ. ئۇلارغا شۇ نەرسىمۇ ئايانكى، ئۇزۇمنى خۇدا ياراتقان، سۇيىنىمۇ بىللە ئاپىرىدە قىلغان، خۇدانىڭ نېمىتىدە ياسالغان بۇ مەيزاپ دېگىنى ئەلۋەتتە ھارام ئەمەس، شۇڭا ئەقلىنى يوقاتمىغان ھالدا ئاز ـ تولا ئىچىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق...

مانا، كامىلجاننىڭ يىراق يېزىلىق ئاغىنىسى — ئۇزۇن يەكتىكىنىڭ پېشىنى تىزىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ، ئىككى قولىنى قولتۇقىدىن ئاجراتماي ئەدەپ ساقلاپ ئولتۇرغان سايىمجان قىرىقلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان تەمبەل يىگىت. ئۇنىڭ

ئارتۇق ـ تۆشۈك سۆزىمۇ يوق، ئۇلپەتلىرىنىڭ سۆزىگە كۈلۈم-
سىرەپلا قويىدۇ. نۆۋىتىنى بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە جىمجىتلا
ئىچىدۇ. غۇرتۇلدىغان ئاۋازغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ گېلىدا يۇگۈرۈپ
يۈرگەن بۇغدىيەك كىشىگە بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ. ئۇ
مەيزاپنى ئىچىپ بولۇپ، لەۋلىرىنى تەمشىگىنىچە پىيالىنى چىڭ
تۇتۇپ بىرئاز ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ساقىيغا قاراپ بىرنى
ھىجىيىدۇ ـ دە، پىيالىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەدەپ بى-
لەن ئېگىلىپ تۇرۇپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بېشىنى تۆۋەن
قىلىپ، پىيالىنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ ھالىتى
ئادەمگە نۇرغۇن دەردى بار كىشىدەك تەسىرات بېرىدۇ.

— شۇنداق قىلىپ، شۇنداق قىلىپ، — دېدى داۋۇت مەيچى
بىر پىيالىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يىرىك ساقاللىرى ئارى-
سىغا يۇگۈرگەن مەيزاپ سارقىندىلىرىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ، —
نەچچە كۈندىن بېرى يۈرىكىمنى غاجاپ كېلىۋاتقان دەرد ـ ئەلەم-
لەردىن بىراقلا قۇتۇلغاندەك بولدۇم يا!

— بۇ ئەسلي ئۇنچىۋالا دەرد تارتقۇدەك ئىشمۇ ئەمەس، —
كامىلجان ئۇنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئالغاچ قوشۇپ قويدى، —
سىلە ـ بىزنىڭ مۇشۇ يېشىمىزغىچە تارتقان نۇرغۇن دەردلىرى-
مىزنىڭ ئالدىدا، بىر توخگۇزنىڭ دەشنىمى دېگەن قانچىلىك
ئىشتى؟ ناھايىتى ياماق بازىرىدىن قوغلاپتۇغۇ شۇ؟

— سىلە شۇنداق دېگىنىڭلا بىلەن، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ كۆ-
زىچە كونا چاپاننى ئاتقاندەك نېرى ـ بېرى قىلىپ يۇرسە، ساقال
ئاقارغاندا ئادەمگە ئېغىر كېلىدىكەن. نېمىلا كۆرسەك مەيلى دەي-
دىغان يەردىن ئۆتۈپ كەتتۇق، كامىلاخۇن.

— ئۆتۈپ كېتىپ نەگە باردۇق، بۇرادەر؟ — سايىمجان ئالدى-
قىنىغا جىرتتىدە تۈكۈرۈپ، ئۇنى يەكتىكىنىڭ ئىچ ئەستىرىگە
سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن تولىمۇ ئىنچىكە ئاۋازدا ئۇن قاتتى، —
بىز دېگەن شەھەرلىكنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئادەم ئەمەس، ئۇلار دې-
گەن بىزنى نېمە قىلسا قىلىۋېتەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار نەدە يۇرۇپ شەھەرلىك بولۇپ قاپ-تىكەن؟ ناھايىتى شۇ شەھەرنىڭ كىندىكى ئاستىدىن قوپقان بىر نېمىلەر ئۇ، — داۋۇت مەيچى شالىنى چىچىپ قايناپ كەتتى، — شەھەرلىك دېسە بىزنى دېسە بولىدۇ، مانا، ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ بازار ئەتراپىدا ياشاپ كەلگەنمىز، كىندىك قېنى-مىزدىن باشلاپ تۇنجى ئوغۇز پوقىمىزغىچە مۇشۇ يەرگە سىڭ-گەن...

— ئاي... نېمە دېگىنىڭلا بۇ، داۋۇتاخۇن؟ — كامىلجان بې-شىنى چايقىدى، — نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىلە؟ سىلە شۇنداق دېگەن بىلەن، بازار ئاللىقاچان ئاشۇنداق پور كۆتەكلەرنىڭ ئىل-كىگە ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا، پوقلۇق قوڭۇڭلىنى ئېرتقىلىمۇ ئۇ-دۇل كەلگەن يەردىن خالىغانچە بىرەر كاللەك چالما ئالالمايسىلە. قويۇڭلا ئۇنداق گەپنى...

— راست دېدىلە، — سايىمجان يەنە شۇنداق يەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىچە پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز بازارغا كېيىن قالغان، شۇڭا ئاسانلىقچە پاتمايمىز. ئەمما، بازار دېگەننى قۇربىڭ يەتسە نەدە قىلساڭ بولىۋېرىدۇغۇ. مەسىلەن، مۇشۇ يەر-دە، مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە...

— سايىمجان، ئاغىنە، بىر - ئىككى پىيالە ئارتۇق كەتتىمۇ نېمە؟ ئىشتانىسىز تۇرۇپ يۇپتاق ئېشەككە مىنىپ چۇش كۆرگەن-دەك جۆيلۈپ قويتۇڭلىغۇ ئەمدى.

داۋۇت مەيچى بىلەن كامىلجان قاقاھلىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— مېنى مازاق قىلىشمىسىلا، — سايىمجان سۇس كۈلۈمە-سىرەپ ئۇلارغا ئايانچىلىق نەزەردە قاراپ قويدى، — سىلى - بىزنى مۇشۇ ئۆيگە جەم قىلغان نېمە؟ خۇمار! مەيزاپ خۇمارى! ھەئە، دەل ئۆزى شۇ. بۇنداق خۇمار مۇشۇ ئۇچىمىزدىلا بار دەپ قارىشامدىلا؟ ھازىر دېگەن بارغۇ، خۇدانىڭ بەيتىنى كۆرۈپ، بىلىپ - بىلمەي شەيتانغا تاشنى تەتۈر ئېتىپ كەلگەن ھاجىلىرىمىز جې-نىدا قاپاق بىلەن مۇڭدىشىپ، كەيپ سۇرۇۋاتىدۇ. كىشىلەر ئارد-

سىدا «ئاق هاراق — شەربىتى مېيىپ، پىۋا دېگىنى — شەربىتى زەئىپ، مەيزاپ - مۇسەللەس دېگىنى — شىددىتى زىۋىت» دېگەن بىر قىزىق چاقچاق كېزىپ يۈرۈپتۇ، شۇنىڭدىنلا ئىشنىڭ نەگىچە بېرىپ قالغىنىنى بىلىشمىدىلىما؟ هازىر كۆپ سانلىق ئىچەرمەنلەر ئاق هاراقتىن كېچىپ، مەيزاپ - مۇسەللەسلەرگە تۈرلۈك دورا - دەرمەكلەرنى قوشۇپ، ئىسسىقنى ئاشۇرۇپ، پىلىك ئەشكەن شوينىدەك لىڭتاسما بولۇپ قالغان جىسمىغا قۇۋۋەت تولۇقلىماقتا. مەيزاپ - مۇسەللەسلەرنىڭ تېخىمۇ بازىرى چىققىدۇ، بۇرادەرلەر. بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ بىر مەيزاپچى بار. ئۇ شارابنى ئاتا - بوۋىسىنىڭ مەخپىي رېتسېپى بويىچە قەدىمىي ئۇسۇلدا تەييارلىغاچقا، يېقىن - يىراققا داڭقى كەتكەن، ناھىيە بازىرىدىن تارتىپ ۋىلايەت مەركەزلىرىگىچە ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ مەيزىپىغا يۈگۈرۈشىدۇ. ئاڭلىسام، ئۇنىڭ مەيزاپلىرى ۋالىي بىلەن ھاكىمدىن ئاشماسىمىش... مانا، بۇ مەيزاپمۇ شۇ زاتى مۇبارەك ئۈستىنىڭ تەۋەررۈك قولىدا ياسالغان، تەمى قانداقراقكەن؟

كامىلجان ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ئىتتىكلا بىر پىيالىگە لىقلاپ مەيزاپ قۇيدى - دە، ئاچ كۆزلۈك بىلەن غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. داۋۇت مەيچىمۇ لەۋلىرىنى تەمشىپ، پىيالىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى.

— قانداق، گېپىم راستمىكەن؟ — سايىمجان مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى، — بىلسەڭلا، سىلە ۋالىي بىلەن ھاكىمدەك ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولدۇڭلا.

— تېز، تېزرەك بولۇڭلا، كامىلاخۇن، — داۋۇت مەيچى تۈكۈرۈكىنى يۇتقىنىچە كامىلجانغا ئىلتىجا قىلدى، — قېنى، بىزمۇ تېتىپ باقىلى.

كامىلجان پىيالىنى قۇرۇقداپ، تاڭلىيىنى چاكىلدىتىپ، خۇددى داڭلىق هاراق - شاراب باھالىغۇچىلىرىدەك بىرئاز تۈرۈۋالغاندىن كېيىن تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى:

— راست، تەمى بۆلەكچە ئىكەن، ھەقىقەتەن داڭلىغۇچىلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بار ئىكەن، رەھمەت، سايىمجان ئاغىنە، شۇنچە يىراقتىن بىزنى دەپ كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر قاپاق مەيزىپىڭغا مىڭ رەھمەت!

— قېينىئانامنىڭ مىس - مىس مۇشۇكىدەك ئەزمىلىك قىلماي تېزرەك بىر پىيالە قۇيۇڭلا، كامىلاخۇن، بىزمۇ ئۇسساپ كەتتۇق، — داۋۇت مەيچى سۈت خۇمارى تۇتقان كىچىك بالىدەك خەقىشلىق قىلىپ تېپچەكلىدى، — قېنى بىزمۇ بىر پىيالە...

كامىلجان قاپاقنى يانتۇ قىلىپ، چوڭ پىيالىگە بۇلدۇقلى-تىپ مەيزاپ قۇيۇشقا باشلىدى. داۋۇت مەيچى تېخىچە تولۇپ بولالمىغان پىيالىگە دەممۇدەم قول سۇنماقتا ئىدى. سايىمجان ئەتىدىن بېرى نېمە ئىچكىنىگە دىققەت قىلماي، ئەمدىلىكتە داڭقىنى ئاڭلاپلا تۇرالماي قالغان بۇ ئىككىسىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئاخىر داۋۇت مەيچىنىڭ قولىغىمۇ بىر پىيالە مەيزاپ تەگدى. ئۇ چىنىدىكى شارابقا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، تولىمۇ نازۇك بىر ھەرىكەتتە ئاستا كۆتۈرۈپ ئېھتىيات بىلەن ئېغىزىغا ئاپاردى. ئۇ سەللا دىققەت قىلمىسا مەيزاپنى تۆ-كۈۋېتىدىغاندەك، ئېھتىيات بىلەن پىيالىنى لېۋىگە يېقىپ، يەنە سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كىرت - كىرت ئاۋاز چىقىرىپ سۈ-مۈرۈشكە باشلىدى.

— ئەزمەڭلىنى ئېزىپ ئادەمنى ئەجەب تىت - تىت قىلدىڭ-لىغۇ، داۋۇتاخۇن؟ خاتىرەڭلىنى جەم قىلىپ، لېۋىڭلىنى قو-رۇپراق ئىچىۋېرىڭلا، كوماك چىشىڭلار ئارىسىدىن ئېقىپ كەت-مەيدۇ.

داۋۇت مەيچىنىڭ بۇنداق چاقچاقلارغا ئى - مى دېيىشكە پۇرسەت يوق، ئۇ پۈتۈن ئىشقى بىلەن چىنىنى دەممۇدەم يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەيزاپ ئىچمەكتە. ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ چىنىنى پەسكە چۈشۈرگەندە، چىرايى ئالمىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— راست، راست ئىكەن، سايىمجان دوستىمىزنىڭ دېگەنلى-رى راست ئىكەن، — دېدى داۋۇت مەيچى لەۋلىرىنى تەمشىپ تۇ-رۇپ، — ئېغىزىمغا چىش چىققاندىن بېرى بۇنداق تېتىملىق

مەيزاپنى ئىچىپ بېقىشىم تۇنجى قېتىم. يەنە بارمۇ؟ — ئۇ ئاچ
كۆزلۈك بىلەن قاپاققا تىكىلدى.
— ئەمدى بولدى قىلىشالمىكىن، — دېدى سايىمجان تە-
زىغا مۇشتلىغىنىچە خىر - خىر كۈلۈپ، — بۇ مەيزاپنىڭ ھەم-
مە سىر - ئەسرالىرىدىن تولۇق خەۋەر تېپىپ بولۇشمىدىلا تېخى.
— نېمە، ئۇنىڭ يەنە بىز بىلمەيدىغان خاسىيىتى بارما؟
— ئەلۋەتتە، — سايىمجان ئۆزىگە قاراپ كۆزلىرىنى چەك-
چەيتىپ ئولتۇرۇشقان ئىككى ئۈلپىتىگە قاراپ قويۇپ سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى، — ئەكەلگەن بىر قاپاق مەيزىپىنى داڭلاپ ھاۋىدا
ئۇچۇرۇۋاتىدۇ دەپ قېلىشمىسىلا، مەيزاپچى قوشنىمىز ئۇنىڭ
كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەنە چېكىملىكنىڭ ئاكىسىدىن ئاز -
تولا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىكەن، ئۇنى ئىچكەن ئادەم تۇرماق، سۈي-
دۈك پۇراشقىمۇ ماجالى قالمىغان قېرى ھاڭگىلارغا شۇنداقلا پۇ-
رىتىپ قويسا، ئارغامچىسىنى ئۈزۈپ، مەھەللىنى بېشىغا كىيە-
رىمىش، ئۇچرىغانلا مادىنى چىشلەپ - تالاپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ
ئارام بەرمەسمىش. شۇڭا، ۋالىي - ھاكىملارمۇ بۇ مەيزاپنىڭ
شۇنداق يېرىگە خۇمار بولغانىمىش. ناۋادا سىلىمۇ ئىچىپ كەيىپ
بولۇپ قالسىلا، باغلانچا توشۇماسمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.
— بۇ مەيزاپنىڭ راستلا شۇنداق ھېكمەت - سىرلىرى بار-
مىكەن؟ — ئىككىسى تەڭلا سوراشتى.
— بولمىسا ئۇنىڭ شۇنداق داڭقى چىقىپ كېتەمدۇ؟ — سا-
يىمجان ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى، — بىلىپ قې-
لىشسىلا، كۈچىنى كۆرۈپ قېلىشسىلا، نە چاغدىن بېرى مۈگدەپ
يۈرگەن خوتۇنلىرىنىڭ بوگۈن ئۇيقۇسى ئېچىلىپ، «جان ئانا»
دېمىسە، بۇ مەيزاپ ھارام بولۇپ كەتسۇن.
كامىلجان يەنە بىر پىيالە قۇيدى، داۋۇت مەيچى ئىتتىكلا
قولىنى سۇندى.
— ئىنساب، داۋۇتاخۇن، ئىنساب ! ئازراقلا گېلىم سىقىلىپ
چاقىرىپ قويسام، ئەمدى ئاشقا تاشلانغان پوكانبايدەك قول سۇنۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرالمايلا كەتتىلغۇ؟ توختىسىلا، ئالدىرىماي نوۋىتىدە كېلىمدۇ دەيمەن، — كامىلجان ئات سوغارغاندەك ئىسقىرتىپ تۇرۇپ چىنىدىكى مەيزاپىنىڭ ھەممىسىنى بىر كۇتۇرۇشتە ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ بارغانسېرى تېشىغا تەپمەكتە ئىدى. داۋۇت مەيچى ئەمدى قاپاقتىكى شارابتا ئۆزىنىڭ نېسىۋىسى قالمىغاندەك، ھەرقانچە يېلىنىپ - يالۋۇرسىمۇ بىرەر پىيالە شارابقا ئېرىشەلمەيدىغاندەك لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— مانا، بازار دېگەن مۇشۇ، — سايىمجان ئۆز نۆۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئالقىنى بىلەن دىردىيىپ تۇرغان قارامتۇل لەۋلىرىنى سۈرتۈپ قويدى، — مېلىڭ جىق بولسا، بازارغا بېرىپ كىشىلەر بىلەن بىر موچەنىنىڭ ئۇستىدە تاك - تاك ئوينىماي، كۆرپەڭنى قات - قات سېلىپ، «ئاللا يارىم»غا دۆك توۋلاپ ياتساڭمۇ خېرىدار دېگەن ئۆزى بوسوغاڭنى ئاۋات قىلىپ بازارغا ئايلاندۇرىدۇ، ئاللىكىملەرنىڭ ئالدىدا سارغىيىپمۇ يۇرمەيدىغان گەپ. سىلەر نېمىشقا بۇ ئىشنىڭ كەينىگە كىرىپ باقمايسىلەر؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ دېگەن بازار يېرى تۇرسا، تىجارەتنى قانداق قىلساڭلارمۇ ئېقىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟

سايىمجان بارغانسېرى قىزىشىپ، بۇ ئىشتىن كىرىدىغان پايدىنى كونا چوتارچىدەك ھېسابلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئولتۇرغان ئىككى ئۇلپەتنىڭ بېشى ۋاڭشىپ كەتتى.

— شۇنداق پايدا چىقىدىغان ئىش بولسا، سىلە نېمىشقا قىلمىدىڭلا؟ — ئاسماقچىلاپ سورىدى كامىلجان ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— مېنى شۇنداق قىلىشنى ئويلىمىدى دەمسىلە؟ — ئۇ كامىلجاننىڭ بۇ سوئالىدىن رەنجىگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى، — لېكىن بىزنىڭ ئۆي مەسچىتكە يېقىن، ئىمامنىڭ كۆزىدىن ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس، جامائەتتىنمۇ ئەيمەنمىسەم بولمايدۇ. ناۋادا ئۇلار سېزىپ قالغۇدەك بولسا ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋېتىشتىن يانمايدۇ.

— شۇنداق، ئىمام ۋە جامائەت ھەممە يەردە بار، — داۋۇت مەيچىمۇ بىر ئىشتىن ئازار يەپ قالغان ئادەمدەك تولىمۇ مەيۈس-لۈك بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— لېكىن، بازار يېرىدە بۇنداق چېپىلغاق موللىلارنىڭ، ھەممىگە چات كىرىۋالىدىغان پەتىۋاچى جامائەتلەرنىڭ بۇرنىنى پوردا تەشمەك قىيىن ئەمەس، — دېدى سايىمجان قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — سەللا دىققەت قىلسا، ئۇلار ھېچنېمىنى بىلمەي قالىدۇ. ئىشقىلىپ، ھەر ئىشنىڭ بىر يولى تېپىلىپ قا-لىدۇ، بۇرادەرلەر.

— مېنىڭ بىر ئوبدان تىجارىتىم بار، — كامىلجان قاپاققا قول سوزدى - يۇ، داۋۇت مەيچىنىڭ بېلىنى رۇسلاپ، ئوۋغا تەي-يارلانغان بۆرىدەك بېشىنى كۆتۈرگىنىنى كۆرۈپ ئىتتىكلا قو-لىنى تارتىۋالدى، — مەن بازاردا ساتىراشلىق قىلىمەن، ھېچكىم مېنى ئۇيان تۇر، بۇيان تۇر، دېيەلمەيدۇ. قولۇمدىكى نانىنمۇ تار-تىۋالالمايدۇ. شۇنداق قىلىشقا ھەددىمۇ؟ مەن ئاشۇ ئۇستىرامغا تا-يىنىپ نان تېپىپ يەيمەن.

ئۇ كامىلجانغا قاراپ ئالىيىپ قويدى، چۈنكى ئۇ داۋۇت مەي-چىنىڭ نەق يۈرىكىدىكى جاراھەتنى تاتىلاشقا باشلىغانىدى. شۇ ئىش يادىغا يەتسىلا سەپراسى ئۆرلەيتتى. ئۆزىنى غايەت زور قورام تاشنىڭ ئاستىدا قالغاندەك، ئاشۇ تاشنى ھېلىقى پور كۆ-تەك ئوغرى دەسسەپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئاشۇ قورام تاشنىڭ ۋەزنىدىن ئەمەس، نومۇس كۈچىدىن پارە - پارە بولغاندەك ھېس قىلاتتى.

— خەقنىڭ ئېغىكىنى سىلاپ يۈرۈشنىمۇ بىر ئوبدان ئوقەت-تىم بار دەپ كەتكۈلۈكمۇ؟ — داۋۇت مەيچى مەنسىتمىگەندەك بېشىنى چايقىدى، — سوپۇن ماغزىپىغا چىلىنىپ، ھە دېسە قىل - چۈپۈر يەپ يۈرىدىغان گەپقۇ ئۆزى.

— خەقنىڭ ئېغىكىنى سىلاش، قاغا چوقۇۋالغان تاپىنىڭ كونا تېرىسىدە ئىشلەنگەن لاتىپۈرۈشلارنىڭ ئارىسىدا بىقسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرغاندىن كۆپ ياخشى ـ دە، ـــ مەيزاپىنىڭ كەيپىدە قىزىشقان كامىلجانمۇ تېرىكتى، ـــ ماكچىيىپ كەتكەن ئىسكەتسىز ئاياغىنىڭ قونچىغا تۈكۈرۈپ ـ مىشقىرىپ يۈرگەندىن قىل ـ چويۇر يېگەنمۇ ياخشىراق !

ئۆز ھۈنىرىنىڭ مۇنداق مەسخىرە قىلىنىشىغا چىداپ تۇرالمىغان داۋۇت مەيچى پەشلىرىنى قېقىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سايىمجاننىڭ «ھاي، ھوي» لىرىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن سىرتقا ماڭدى.

## 4

دەرد ئۈستىگە دەرد ئارتىلىۋالغان داۋۇت مەيچىگە بەكمۇ ئۇزاق بىلىنگەن بۇ كېچە ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى. تاڭ ئاتتى. ياز مەۋسۇمىنىڭ ئوچۇق ئاسمىنىدا قىپقىزىل چوغلانغان شەپەق ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭدىن تارىغان تالا ـ تالا قىزغۇچ نۇر كوكاتلار بېغىشىدىكى شەبنەم تامچىلىرىنىمۇ قىزارتىپ، بەئەينى تۇنجى توي كېچىسىنى ئۆتكۈزگەن كېلىنچەكنىڭ مۇنچىدىن چىقىپ ئېرىگە قارىغاندىكى يۈزلىرىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئەتراپتىن تاڭ پەيزىگە چۆمگەن قۇشلارنىڭ شادلىق ناخشىسى ياڭرايتتى.

داۋۇت مەيچى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئېغىرلىشىپ، قاپاقتەك ۋاڭشىپ تۇرغان بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۆيىدىن چىقتى. ھويلا ئالدىدىكى توپىلىق يولدىن ھېلىلا بىرسى پادا ھەيدەپ ئۆتتىمىكىن، ئەتراپتىن نېپىز بىر قەۋەت توپا بۇخسۇپ تۇراتتى. ئۇ نېمىشقىكىن كامىلجاننىڭ ھويلىسى تەرەپكە قاراپ قويدى. ئېغىر قوش قاناتلىق دەرۋازا ھىم ئېتىلگەن، كامىلجاننىڭ بازارغا ماڭغان ـ ماڭمىغانلىقى، سايىمجاننىڭ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئاخشامقى سۆھبەتنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتتى. گەرچە كامىلجاننىڭ كەيپىكتە دېگەن گەپلىرى

ئۇنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن سايىمجاننىڭ دې-
گەنلىرىنى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيتتى. مىياڭلىمىغان مۇ-
شۇكىنىڭ گۆشىنى ئاز يېگىنى نەدە بار؟ ئىشنى جىمجىتلا، شەپى-
سىزلا بىر تەرەپ قىلسا، كىم بوران چىقىرىپ بىرنەرسە دېيەلەي-
دۇ؟ لېكىن، يېتەرلىك مەبلەغ، بەزىبىر شارائىت بولمىسا، بۇ
ئىشنى ھە دەپلا باشلىغىلى بولمايتتى. ئۇ ئەتراپقا ئالاڭلاپ
قاراپ، مەھەللە يولىدا بىرپەس ئايلاندى. كىچىك ئېرىقتا شوخلى-
نىپ ئېقىۋاتقان بىر تارام سۇ، غۇچچىدە مېۋىلىرى قىزىرىشقا
باشلىغان قەدىمىي جىگدىلەر، سۇيدۇك پۇراپ، باش بېغىنى ئۇ-
زەلمەي تېپىرلاۋاتقان ياش ھاڭگا، يول بويلىرىدا مېكىيان قوغلاپ
يۈگۈرۈپ يۈرگەن چۈجە خوراز... بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ خىيالىغا
كىرىپ چىقمايتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يادىغا يەنە سايىمجاننىڭ
ئاشۇ بىمەززە سۆزلىرى كېلىپ قالدى.

— بۇ شارابنىڭ شۇنچىلىك خاسىيىتى باركى، نە چاغدىن
بېرى ئۇيقۇسى ئېچىلمىغان خوتۇنلىرىڭلا تاتلىق ئىڭراپ، «جان
ئانىكا» دېمىسە ھېساب ئەمەس...

ئۇ ئاخشام ئۆزىنىڭ ئاچچىق يۇتۇپ جىمجىتلا ياتقىنىنى،
بىمەھەل يۇتقان ئاچچىقىنىڭ شارابنىڭ خاسىيىتىنى كېيىپ
يوققا چىقارغىنىنى ئويلاپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

— دەسلەپىدە ئېتىكاپتا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مۇنەج-
جىمدەك مىسلداپ ئولتۇرغان سايىمجاننىڭ بىردىنلا شارابنىڭ
خاسىيىتى ئۈستىدە شۇنچىۋالا كاپشىغىنى قىزىق - دە، ئۇ نېمە
مەقسەتتە شۇنداق دەيدىغاندۇ؟ ياكى مەيزاپچى بۇ يەردىمۇ بىر
بازار ئېچىش ئۈچۈن ئۇنى ئاتايىن قايىنۇققا ئەۋەتكەنمىدۇ؟ ناۋادا
مېنىڭ شۇنداق بىر تىجارەتنى باشلىۋالغىنىمنى ئۇقسا، قايىنۇق-
لۇقلار نېمە دەپ قالار؟ مېنىڭ جان بېقىش ئۈچۈن شۇنداق يولنى
تاللىغىنىمنى ئۇلار چۈشىنەرمۇ؟

داۋۇت مەيچى باش - ئايىغى يوق خىياللار بىلەن مەھەللە
ئىچىنى نەچچە ئايلانغان بولسىمۇ، كاللىسىدا ھېچبىر پىلان شە-

كىللەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لىڭشىپ مېڭىپ ئاسفالىت يولغا چىقتى ـ دە، سەۋدا كېسىپ كېلىش ئۈچۈن بازارغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ناھىيە بازىرى ئاۋۋالقىدەكلا بىر تەرزدە كىشىلەرنىڭ شاۋ ـ قۇن ـ سۈرەنلىرى بىلەن گۇڭگۇرلاپ تۇراتتى. ئالارمەندىن ساتار ـ مەن كۆپ بۇ بازاردا ھەقىقەتەن بىر خىل ئېچىرقاش، تەمە، بىر ـ بىرىگە يوشۇرۇن خىرىس قىلىشلار ھۆكۈم سۈرمەكتە. تىجارەت ـ چىلەر بىر ـ بىرىگە گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىشاتتى. ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ئىلتىجالىق نەزەر بىلەن بېقىشاتتى. نان قايغۇسى ھەممىنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن، بىر ـ بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈشلەر، بىر خېرىدارنىڭ ئۆز مېلىغا نەزەر سالماستىن ئۆتۈپ بېرىپ قوشنىسىنىڭ مېلى ئالدىدا توختىغانلىقىغا نارازى بولۇپ ئالىيىشلار، ئىچىدە تىللاشلار، قاراڭغۇدا ھومىيىشلار... ۋاي ـ ۋۇي، بازارنىڭ قايسىبىر ئىشىغا ئاغرىنىپ بولسۇن؟ ھەركىم بۇ بازاردىن پەقەت بىر ئۆزىلا نان تېپىپ يېيىشنى ئويلىسا كېرەك، ئەمما تەقدىر ئۇنى شۇ ئارزۇسىغا مەڭگۈ يەتكۈزمەيدىغاندەك ئىدى.

داۋۇت مەيچى نېمە ئۈچۈندۇر ياماقچىلار رەستىسىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئاشۇ كونى ئۆزىنى كونا چاپاندەك چۆرۈۋەتكەن پور كۆتەكنىڭ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلىدىمىكىن؟ ياكى ئۆزى پاتمىغان ئاشۇ بازاردا ياماقچىلارنىڭ قانچىلىك ھاللىنىپ، قانچىلىك نەپدار بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچىمىكىن؟ ئىشقىلىپ، شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر قىزىقىش ئۇنى يەلكىسىدىن ئىتتىرىپ، مىچىلداپ تۇرغان مەيداندىكى ياماق بازىرىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئاستا ئايلىنىپ قايسى كۈنى ئۆزى ئورۇن راسلىغان يەرگە كەلگەندە، ئاشۇ پور كۆتەكنىڭ بېشىنى چاترىقىغا ساڭگىلىتىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. خېرىدارسىز بازاردا ئۇ بەكمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى. داۋۇت مەيچى قەستەن گېلىنى ياساپ يۆتىلىپ قويدى.

ئېغىر خىياللار قوينىدىن سوغۇرۇلۇپ چىققان پور كۆتەك ئىت-
تىكلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئىلتىجالىق نەزەردە تىكىلدى.

— كەلسىلە مېھمان، ئاياغ دېگەننى يالىڭغاندەك پارقىرىتىـ-
مەن، ھۈنەر دېگەننى يىپ ماشىمىغاندەك قىلىمەن، ئەرزىمىسە پۇل
ئالمايمەن، كەلسىلە...

داۋۇت مەيچى بىردىنلا ئۇنىڭغا قاراپ توختاپ قالدى.
ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلدى.
ئۆز دۇكىنى ئالدىدا توختىغان بىرسىنى كۆرگەن پور كۆتەكنىڭ
چىرايىغا ئىللىق تەبەسسۇم، خۇشال كۈلكە يامىرىدى. ئۇ ئىت-
تىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ داۋۇت مەيچىنى يېنىغا چاقىرىپ ئورۇن
كۆرسەتتى.

— كەلسىلە، ياماق بولسا سۇ كىرمىگۈدەك، شامال ئۆتمە-
گۈدەك يامايمەن، ئاياغنى يالىڭغاندەك پارقىرىتىمەن، بۇ بازاردا
مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغان كاسىپ يوق، كەلسىلە...

داۋۇت مەيچىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. بۇ
بازاردا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھۈنەرۋەننىڭلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن
ئېشىپ چۈشىدىغان بىچارىنىڭمۇ يوقلۇقىغا شەكسىز ئىشەندى.
شۇ تۇرقىدا پور كۆتەك ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ھۈنەرۋەن ئەمەس، ئۆ-
زىگە قاراپ قول سوزۇۋاتقان قەلەندەردەك كۆرۈندى. ناۋادا يانچۇ-
قىدا سېرىق سىنتىنىڭ پارچىسى بولغان بولسا، ئۇ بېشىدىن ئۆ-
رۈپ پور كۆتەكنىڭ ئالدىغا تاشلىغان بولسا، ئۇ خۇشاللىق بىلەن
قوبۇل قىلارمىدى ياكى قايسى كۈندىكىدەك غەزەپكە كېلىپ،
داۋۇت مەيچىنى كونا چاپاندەك چۆرۈۋېتەرمىدى؟ ياق، پور كۆتەك-
تە ئۇنداق جاسارەت بۈگۈن كۆرۈنمەيتتى.

— يامايدىغان يۈرەك بار، دەرد كىرمىگۈدەك ئېتەلەمدىلا؟

— نېمە؟ يۈرەك؟ — پور كۆتەك ئۇنىڭغا قاراپ دەقىقە ئە-
چىدە تۇرۇپ قالدى، — ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ نەدىمۇ
يۈرەك دېگەننى يامىغىلى بولسۇن؟ قىلىپ كۆرمىگەن ھۈنەرغۇ
بۇ؟ مېنى كولدۇرلاتماي يوللىرىغا ماڭسىلا، ئا... نەدىكى بىر دەل-

www.uyghurkitap.com

دۇشكە ئېغىز ئۇپىراتقىنىمنى كۆرمەمدىغان، — پور كۆتەك لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

داۋۇت مەيچىنىڭ ئىچى بوشاپ، ئۆزىنى قوش پىيىدەك يەڭگىل سەزدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا سەللا يۇگۇرسە قانات قېقىپ ئۇچامدىكىن؟ ئادەم دېگەنگە خۇشاللىق شۇنداق يارىشامدىغاندۇ؟ قايسى كۈنى ئۇ بىر ئۆزى دادىسىنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك، قەدەملىرى بەكمۇ ئېغىر بىلىنگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۆزىنى ئۇچۇشتىن ئاران ـ ئاران تۇتۇۋېلىۋاتقاندەك، يەڭگىل چامدىماقتا ئىدى.

— توغرا، پۇل تېپىش كېرەك. چوقۇم پۇل تېپىش كېرەك! قانداق يولدا بولمىسۇن بىرەر ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، يانچۇقنى تومىلىغاندا، ئاشۇ پور كۆتەكلەرنى ئاياغنى يالىغاندەك مايلاتقىلى، گىدىيىپ ئولتۇرۇپ ئالدىڭدا باش ئەگدۇرگىلى بولىدۇ. مەن بىر ئىش قىلاي، ئۆيدە مەيزاپ ساتساممۇ مەيلى، پۇللا تاپىدىغان ئىش بولسا ئەمدى ھەرگىز قاچمايمەن، كىمنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن پەرۋايىم پەلەك!

ئۇ شۇ خىيال بىلەن كامىلجاننى ئىزدەپ ساتىراشلار قاتارىغا كەلدى.

— ھە، كېلىپ قاپتۇقۇ؟ — ئۇستىرا كېسىۋەتكەن تازىنىڭ بېشىغا ماز چاپلاۋاتقان كامىلجان ئۇنىڭغا سوغۇقلا قاراپ قويدى.

— مۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار دەڭلا، قوشنام، — داۋۇت مەيچى پەرۋايىغا ئالمىغان قىياپەتتە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى، — مېنىڭ سۈننىتىمنى كەسكەندە نەدە قالغان بولغىيدىڭلا، كاملاخۇن؟ ئەجەب ئوبدان مازلايدىكەنسىلە ئەمەسمۇ؟ ۋاي ئىسىت، ئانام رەھمەتى قان شۇنداق كۆپ چىقىپ كەتكەن، دەۋاتقان...

— ئەتىگەندە بىر يېرىڭلا قىچىشىپ، مېنىڭ بېسىقتۇرۇپ قويۇشۇمنى تىلەپ كەلگەن ئوخشىمامسىلە؟ — ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىغا يا ئاچچىقلىنىشنى، يا كۈلۈشنى بىلمىگەن كاملجان پوكاندەك قىزاردى.

— خاسىيەتلىك دورىنى بىزدىن قىزغىنىپ بىر ئۆزۈڭلا ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئۆنچىلىك ئىشىنىڭ قولۇڭلىدىن كېلىدى-غانلىقىغا ئىشىنىمەن، — داۋۇت مەيچى يامغۇردا قالغان ساماد-دەك ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى، — قانداق، ئاخشام بىر يولىلا «جان ئانا» دېگۈزگەنسىلە؟

— شۇ ئىشنى بىلمەك بولۇپ كىچىچە كۆزۈڭلىگە ئۇيقۇ كىرمىگەن ئوخشىمامدۇ؟ ئوغرى كۆزۈڭلىنىڭ چاپاقلىشىپ تۇر-غىنى بىكار ئەمەسكەن - دە، ئۇنداق ئادەم دېگەن بىزنىڭ تىۋىڭ-لۇككە قۇلاق يېقىپ ياتساڭلا بولماسمىدى؟! — كامىلجانمۇ كۈلۈپ قويدى.

— بولدى قوشنام، ھەرقانچە چىچاڭشىپ، بىرىمىزنىڭ ئۈستىگە بىرىمىز يۈندى چېچىپ يۈرسەكمۇ يەنىلا ئىشىكتىن چىققاندا دوقۇرۇشۇپ قالىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە نېمە خاپىلىقىڭلا بولسا كۆڭلۈڭلىدىن چىقىرىۋېتىڭلا، ئاخشام مەن ئوبدان قىلماپ-تىمەن، شۇڭا ئەتىگەندىلا سىلىدىن ئەپۇ سوراشقا كەلدىم. قوشنا دېگەن قىيامەتكىچە دەپتىكەن، ئاغرىنىپ، ماي تارتىشىپ يۈر-سەك، ناھايىتى كەلسە بىلىدىغانلارغا قىلىشقىلى گەپ تېپىپ بېرىمىز شۇ. قانداق دېدىم؟

— دېگىنىڭلا راست، — دېدى كامىلجانمۇ ئەستايىدىل قى-ياپەتتە، — خۇدا قوشقان قوشنىلار تۇرۇپ ئىت - مۈشۈكتەك خىرقىرىشىپ يۈرسەك، ئەھلىمەھەللە ئالدىدىمۇ سەت. مەندىن ئۆتكەن يەر بولسا سىلىمۇ رەنجىمەڭلا، داۋۇتاخۇن.

— ئەتىگەن ئىش باشلىۋاپسىلە، يول بولسۇن، قوشنام، مەن سىلىنى بىكارغا گەپكە تۇتۇپ، تېپىپ يەيدىغان نېنىڭلىدىن قۇ-رۇق قويماي، — داۋۇت مەيچى ئاستا كەينىگە ياندى ۋە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك چېپپىدە توختاپ كامىلجاندىن سورىدى، — سايىمجان كېتىپ بولدىما؟

— ھەئە، ماڭغىلى بىر چۈگۈن قاينىمىچىلىك ۋاقىت بول-دى، — دېدى كامىلجان خېرىدارىنىڭ يۈزىدىكى چاچ توزۇندىلى-

رىنى سۈرتۈۋېتىپ، — قانداق، ئۇنى ئىزدەپ قاپتىمىزغۇ؟ يا
ئاخشام مەيزاپىنىڭ كەيپى ئوبدان تۇتقان بولسا، قوشناچىم يەنە
شۇندىقىدىن تېپىپ كەل دەپ قوغلىغان ئوخشىمامدۇ؟

— مەنمۇ بىر ئىش قىلالايمىكىن دەيمەن، — دېدى داۋۇت
مەيچى ئۇنىڭ چاقچىقىغا ئۇدۇللا جاۋاب بېرىپ، — ئۆيدە مەيزاپ-
خانا ئاچسام، سىلىچە بولارمۇ؟

— بولمايدىغان نېمىسى بار؟ ئۇمۇ بىر تىجارەتقۇ؟ — كا-
مىلجان خېرىدار سۇنغان پۇلنى تەكەللۇپ قىلىپ بىرئاز تۇرغاند-
دىن كېيىن، «بىسمىللا» دەپ يەرگە بىر سورۇۋېتىپ يانچۇققا
سالدى، — ھە داۋۇتاخۇن، ئاخشامقى مەيزاپ راستلا تېتىپتۇ-دە،
شۇنداقمۇ؟

— تېتىشقۇ بىر گەپ، سايىمجاننىڭ مەسلىھەتى مېنى
شۇنداق خىيالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلنىڭ كۆ-
چىنى مەن يېڭىباشتىن كۆرۈپ قويدۇم، كامىلاخۇن، شۇڭا بىر
ئىش قىلىپ پۇل تاپاي دەيمەن.

— ئەمىسە، سايىمجاندىن مەسلىھەت ئالماقچى ئىكەنسىلە-
دە، — داۋۇت مەيچىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن كامىلجان بىكار
بولغان پەلتەڭنى ئۇنىڭغا سۇندى، — بۇ ئاسان، ئۇنىڭغا مەن
خەۋەر قىلاي، ھايت دېسەملا ئۇنۇپ بولىدىغان نوچام ئۇ.

— ئەمىسە خەۋەرىڭلارنى كۈتىمەن، ئاغىنە، كەچتە سىلىنى
ئۆيدىلا ساقلاي، — داۋۇت مەيچى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مە-
ھەللىگە قاراپ يول ئالدى.

## 5

بىر مەزگىللىك ئالدىراشلىقتىن كېيىن، كامىلجاننىڭ ھە-
ھۇلىرى بىلەن بۇ مەيزاپخانا داۋۇت مەيچىنىڭ تاملىرى ئىسلى-
شىپ كەتكەن ئاددىي ئۆيىدە پەيدا بولدى. ئەلۋەتتە، ئۇمۇ ئاز رى-
يازەت تارتمىدى. بىر تەخەيلىك ئېشەك، تۆت تۇياق قوي، يەنە

خوتۇنىنىڭ بىر دانە تەۋەررۇك ئۈزۈكى مەبلەغ قىلىپ سېلىندى. دەسلەپىدە ئىچەرمەنلەرنى كامىلجان بىر - ئىككىدىن باشلاپ كەلدى. سايىمجان ئەكېلىپ بەرگەن ئون قاپاق مەيزاپىنىڭ تەمى ئىچەرمەنلەرنىڭ تامىقىدا قالدى، ئاندىن بۇ ئالاھىدە مەيزاپخانىنىڭ داڭقى ئاستا - ئاستا يېقىن ئەتراپقا تاراشقا باشلىدى. چېكەرمەنلەر ئارىسىدا نەشىنىڭ گېپى، ئىشقىۋازلار ئارىسىدا خوتۇنىنىڭ گېپى جىق بولغىنىغا ئوخشاش، ئىچەرمەنلەر ئارىسىدىمۇ داۋۇت مەيچىنىڭ مەيزاپخانىسى توغرىسىدا پاراڭ كۆپ بولسا كېرەك، ئارىدىن ھېچقانچە ئۆتمەيلا ئۇنىڭ كەلتۈرگەن مەيزاپلىرى پاك - پاكىز تۈگىدى.

— ئىش چاتاق، — دېدى داۋۇت مەيچى بىر كۈنى ئەتىگەن يەنە كامىلجاننى ئىزدەپ بازارغا كېلىپ، — ئۆيدە بۇرۇتنى نەمدىگۈچىلىكمۇ بىرنەرسە قالمىدى، سايىمجان بۈگۈنلا يەنە بىر نەچچە قاپاق مەيزاپ كەلتۈرۈپ بەرمىسە، كەچتە چۆپقەتلەر ئالدىدا سارغىيىپ قالىمەن.

— بازار كۈڭۈلدىكىدەك ئوخشىمامدۇ؟ — كامىلجان ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى، — قايسى كۈندىكى ئون قاپاق مەيزاپنىڭ ھەممىسى تۈگىدىما؟

— ھېچنېمە قالمىدى، كاملاخۇن، ھەممىنى ئىچىپ بولۇشتى، — ئۇ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا يېلىندى، — ئەمدى قوشنام، ياخشىلىقنى ئاخىرغىچە قىلىپ سايىمجانغا بىر خەۋەر قىلمىۋەتسەڭلا، بۈگۈنلا يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلسا، بۇدا ئىككىڭلارغا ئېيتىدىغان ئوبدان بىر رەھمىتىم بار.

— ماقۇل، داۋۇتاخۇن، مەن ھازىرلا خەۋەر قىلاي.

— ئەمىسە مەن تولۇق خاتىرجەم بولدۇم، قوشنام، — ئۇ كامىلجان بىلەن خوشلىشىپ توخۇ بازىرىغا باردى ۋە ئىچەرمەنلەرگە قورداق تەييارلاش ئۈچۈن بىرنەچچە توخۇ سېتىۋالدى، ئاندىن يەنە كۆكتات دېگەندەك لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، بىر ئېشەك ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ مەھەللىگە قايتتى.

كەچكە يېقىن سايىمجانمۇ ئون قاپاق مەيزاپىنى بىر كىرا مو-
توسىكلىتىغا بېسىپ ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا نەپسى تاقىلداپ،
كۈننى كەچ قىلىشقا تاقىتى قالمىغان بىرنەچچىسى ئالىلقاچان
ئۈنىڭ يەرلىك «ئايرىمخانا»لىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، مەيزاپ جې-
دىلىنى باشلىغانىدى. ئاچقان يەرگە بارغان ئاشتەك يېتىپ كەل-
گەن مەيزاپىنى كۆرۈپ داۋۇت مەيچىنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ
كەتتى. ئۇ سايىمجاننىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇزاققىچە قويۇپ بەرمە-
دى.
— رەھمەت، رەھمەت، سايىمجان بۇرادەر، قېرىنداشىم، مې-
نى بىر تەڭلىكتىن چىقاردىڭىز. شۇ تۇرقىدا ئۇلار مېنى مەيزاپ
چىچارتىش ئالدىدا تۇرغانىدى. قېنى كېلىڭ، ئاۋۋال مەن سىزگە
بىر چاي بېرەي.
— ياق، داۋۇتاخۇن، سىلى ئىشنى ئوڭ قىلىپ ئاۋۋال مېھ-
مانلارغا قارىسىلا، بىز دېگەن قېچىپ كەتمەيمىز، — سايىمجان
ئۈنىڭ يەلكىسىدىن ئىتتەردى، — قېنى، جىدەلخورلارنىڭ ئوتى-
نى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال مەيزاپ ئەكىرسىلە.
داۋۇت مەيچى بىر قاپاق مەيزاپىنى كۇتۇرگىنىچە قازناققا يو-
گۈردى.
ھېرىپ - چارچىغان كەچكى شەپەق يەنە ئەتىگەندىكى قى-
زىللىقى بىلەن تاغ ئارقىسىغا باش قويدى. كۆيگەن بۇلۇتلارمۇ ئاس-
تا - ئاستا قىزىللىقىنى يوقىتىپ، ئەتراپ گۇگۇم پەردىسى ئى-
چىدە بارا - بارا قاراڭغۇلاشتى. مەھەللە يولىدا پورۇقلاپ ئۆر-
لەۋاتقان توپا - چاڭمۇ بېسىققانىدى. ئەتراپتىن ئوت - بوغۇزغا
تويمىغان ئېشەكلەرنىڭ جەھلى بىلەن ھاڭراشلىرى، كىملەرنىڭ-
دۇر ئۈنلۈك ئاۋازدا قىلىشقان پاراڭلىرى، بەڭباش ئوغلىنى قىچ-
قىرىپ توۋلاۋاتقان ئانىنىڭ بوغۇق ئاۋازى، بازاردىن يانغان ئۇش-
شاق يايمىكەشلەرنىڭ غالتەك ھارۋىسىدىن كېلىۋاتقان چاقنىڭ
سۇركىلىش ئاۋازى قوشۇلۇپ ئاجايىپ بىر شاۋقۇنلۇق سىمفونى-
يەنى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ سىمفونىيەدە يەككە سازلارنىڭ ئاۋا-

زىنى پەرق ئېتىش بەكمۇ قىيىن، ھەممىسى بىر خىل ھاياجانلىق گۈرۈلدەش ئىچىدە ئۆز مەرغۇللىرىنى ئومۇمىي سىمفونىيەگە قوشۇۋېتەتتى.

قاراڭغۇ كوچىلاردا ئوغرى مۈشۈكتەك ئەتراپقا ئەندىشىلىك بېقىپ كېلىۋاتقان قارا گەۋدىلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بىردىن ـ ئىككىدىن كېلىشىۋاتقان بۇ مەيخورلار دوقمۇشتىن قايرىلىپ داۋۇت مەيچىنىڭ غېرىبانە ھويلىسى ئالدىغا كەلگەندىلا «ئۇھ» دېيىشىپ، ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى ھويلا ئىچىگە ئېتىشاتتى.

ئىشلار ئەنە شۇنداق داۋاملاشماقتا. بىر ھەپتىگە قالمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئىككى يول مەيزاپ كەلتۈرگەن داۋۇت مەيچىنىڭ قولىدا ئوبدانلا پايدا قالدى. بۇنى كۆرۈپ تاز چىراي خوتۇنىنىڭمۇ قاپىقى ئېچىلىپ، چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇ رىزقى ئۈچۈن ئالەمنى مالەم قىلىپ، داۋۇت مەيچىنىڭ ياقىسىدا ئىلەڭگۈچ ئۆچقىنىنى ئويلىغىنىدا بىرئاز خىجىللىقمۇ تارتقان بولدى.

— شۇ چاغدا كەم ئەقىللىق قىلغانىكەنمەن، — دېدى بىر كۈنى داۋۇت مەيچىنى قۇچاقلاپ يېتىپ، — ئوقىتىمىزنىڭ مۇنداق بازار تېپىشىغا پەقەت كۆزۈم يەتمەي، بىر زىرە ئۈچۈن كۆزۈمنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ كېتىپتىمەن. رەنجىمىسىلە دادىسى، مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا بەكمۇ خىجىل، كەلسىلە، شۇ كۈندىكى گۇناھىمنى بۈگۈن بىر يۇياي...

— توختاڭلا، ئانىسى.

— نېمىشقا ؟

— مەيزاپتىن ئازراق...

— بولدى، بولدى، بۈگۈن مانا مەن مەيزاپ، قانچىلىك ئىچىمەن دېسىلە ئىختىيارلىرى...

ئۆيئىچىدىن مۈشۈك سۇ ئىچىۋاتقاندەك يېنىك شىپىلداش ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى.

— خۇ... خۇدا بۇيرۇسا، — قاراڭغۇلۇقتىن داۋۇت مەيچە-

نىڭ ھاسىراش ئارىلاش ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئاۋازى كەلدى، — سو... سودىمىزدىن كۆز چىقماي مۇ... مۇشۇنداق يۈرۈشسە، بىر يىلغا قالماي تە... تەۋررۈك زىرەكلەرنى بىر، ئۇ... ئۈزۈكىڭلارنى ئىك- كى قىلىپ بېرىمەن، خوتۇن. مە... مەھەللىدە ھە... ھەممىنىڭ كۆ... كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىمەن، ئوت...

— بۇنداق چاغدا خۇدانىڭ ئىسمى ـ سۈپىتىنى ئېغىزغا ئالمىسىلا دادىسى، يامان بولىدۇ.

— نېمىشقا ؟

— چۈنكى، سىلى ھازىر جۇنۇپ، پاكىز ئەمەس.

— ئەمىسە سىلىمۇ دېدىڭلىغۇ؟

— نېمە، مەنمۇ دېدىمما؟ ۋاي خۇدايىم...

— يەنە دەۋاتىسىلىغۇ؟ — قاراڭغۇلۇقتىن داۋۇت مەيچىنىڭ خىر ـ خىر قىلىپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بېشىنى يەيدىغان داۋۇتتۇم، ئادەمنى ئازدۇرۇپ گۇناھقا شېرىك قىلغانلىرى نېمىسى؟

— سىلىنىڭ شۇنداق پات ـ پات ئېزىپ تۇرۇشۇڭلىنى بەك- مۇ ئارزۇ قىلىمەن، خوتۇن.

— ھە دەپ بەرسەم ئېشىۋالمىسىلا ئەمدى، — ئايال داۋۇت مەيچىنىڭ بىقىنىنى نازلىق چىمدىدى، — ھە راست، قىزىمىزنى كېلەر ئايدا مەكتەپتىن قويۇۋەتكۈدەك. نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئەكېلىشكە دادام ئۆزى كەلسۇن دەپ بىر ساۋاقدىشىدىن گەپ يەت- كۈزۈپتۇ.

— ئاخىر ئەپەندىم دېگەن دۆيۈزلەردىن قۇتۇلۇپتۇ ـ دە! بىزنىڭ قۇلىقىمىزمۇ ئەمدى تىنچىپ قالغۇدەك، — داۋۇت مەيچى يىرگىنچلىك بىر ئىشنى تىلغا ئېلىۋاتقاندەك ئاۋازىنى غەلىتە چىقىرىپ خورسىندى، — ئاشۇ يىلى ئۇنى مەكتەپكە بەرمەي سەيپۇڭ قىلىلى دەپ تۇرۇۋالغىنىمدا، ئۇ كىراكەش ئەپەندىملەر- مىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ مۇزدەك ئىشخانىغا بىر كېچە سولىمى- دىمۇ ؟ ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، خوتۇن.

— بىراق، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىسى ئاسىيە خانىم ئۇنىڭغا بەك كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى، دادىسى، بۇ ياخشىلىقلارنىمۇ ئېسىلىرىدىن كۆتۈرۈۋەتمىگەنلىرى ياخشى.

— بۇ خانىم بەك قاقباش ئىكەن، ئۇ قىزىمىزغا ياخشىلىق قىلىپ، بىرەر تال كونا كىيىم، ئانچە - مۇنچە پۇل - پۇچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇنى ئۆزىگە يامان ئۆگىتىۋالدى، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ قىزىمىزنى كۆندۈرۈۋېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بىر قىلتاق ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟

— بوپتۇ، شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى، ئەمدى قىزىمىز ئاشۇ قىلتاقتىن قۇتۇلۇپ قايتىپ كەلمەكچى، ئۇنى يەنە سەيپۇڭ قىلىمىزمۇ نېمە؟ — ئايال يەنە قوشۇپ قويدى، — ھۈنەر ئۆگىنىدىغان ئىش بولسا قايسى ئۇستىغا تۇتقۇزىمىز؟

— كىم ئۇنى ھۈنەرگە بېرىمىز دەپتۇ؟ — قاراڭغۇلۇقتىن داۋۇت مەيچىنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى، — ھۈنەرگە بېرىمىز دېگەن بىلەن، قىز بالىنىڭ ئاتىقى يامان، تۆشۈك تورلاشنى ئۆگىنىپ بولغۇچە قۇلىقىمىز ساق تۇرمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇ يېنىمىزدا تۇرۇپ بىزنىڭ تىجارەتكە قارىشىپ بەرسۇن. ئىككى قولنى تۆت قىلالماي يۈرگەندە، ئۇنى تەييار مەدىكار قىلىپ خەققە تۇتقۇزۇپ قويىمىزما؟ ئۇنداق ئەخمەق داۋۇتاخۇن تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن يەرگە چۈشمىدى.

— لېكىن، ئۇ قىز بالا تۇرسا، مەستلىكتىن شەيتىنى ئۆرلەپ تۇرغان ھاڭگىلارنىڭ يېنىدا ئۇنى ساقلىماق تەس بولارمىكىن؟

— بىز يېنىدا بارغۇ، كۆز - قۇلاق بولىمىز، خوتۇن. ئەمدى ئۇخلايلى، ئەتە يەنە قىلىدىغان ئىش بار. سەھەر تۇرمىساق بولمايدۇ.

بىر پەستىن كېيىن بىرسى قوپال، يەنە بىرسى تولىمۇ رايىش، يۇمشاق قوش كىشىلىك خوررەك ئۆيئىچىنى لەرزان كېزىشكە باشلىدى.

## 6

تىجارەت دېگەن شۇنداق نەرسە. قىلىپ كۆرمىگەن ئادەمگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئالغان ھەربىر قەدىمى پۇل! ئەمما، تىجارەتكە كىرىشكەن ئادەمگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

قىشقىدە چىققان ئۇسۇرۇقنى ئىشتاننىڭ ئىچىدە تۇتۇپ قالغىلى بولمىغاندەك، قاينۇق مەھەللىسىدە ئاجايىپ داڭلىق بىر مەيزاپخانىنىڭ دەۋر سۇرۇۋاتقانلىقىمۇ كۆپ ئۆتمەي كىشىلەر تەرىپىدىن سېزىلىپ قالدى. مەھەللىنىڭ ئارامبەخشلىك كېچىلىرى، مەيزاپ كەيپىدە تەڭشەلگەن مەستلەرنىڭ بار ئاۋازى بىلەن چىڭقىلىپ تۇرۇپ ئالىتاغىل توۋلاشلىرى، بىر ــ بىرى بىلەن كىمنىدۇر تالىشىپ ياقا سىقىشىپ مۇشتلىشىشلىرى، يولدا ئۇچرىغاننى ئۇرۇپ ــ سوقۇپ، كېچىدە بىمالال سىرتقا چىقىدىغان قىز ــ جۇۋانلارغا ساقال تاشلاشلىرى قاينۇقلۇقلارنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. كۆڭلىرىنى تاپقان نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ ئۆتكۈزۈپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ كىشىلەرگە ئۆز مەھەللىسىدە بىر مەيزاپخانىنىڭ ئېچىلىشى قىيامەتنىڭ باشلىنىشىدىن، خاتىرجەمسىزلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. شارابخورلۇقنى ھەممە جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى دەپ بىلىدىغان قاينۇقلۇقلارغا نىسبەتەن بۇ مەيزاپخانىنىڭ ئېچىلىشى كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت ھېسابلىناتتى.

بىر كۈنى مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىز قارىي ئۇنىڭ يولىنى توستى.

ــ بۇ قىلغانلىرى بولماپتۇ، داۋۇتاخۇن، ــ دېدى ئىمام ئۇنىڭ كۆرۈشۈشكە تەڭلىگەن قوللىرىنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇپ، ــ بىز سىلىنى خېلى دۇرۇس ئادەم دەپ بىلىپ يۈرگەن، سىلىنى ئۇنداق قىلىدۇ دەپ ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان.

— مەن نېمە قىپتىمەن؟ — ئىمامنىڭ كۆرۈشۈشكە قول بەرمەسلىكى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ قويدى، — خەقنىڭ تېمىنى تېشىپتىمەنمۇ؟ بىركىمنىڭ كېلىنىگە چاقچاق قىپتىمەنمۇ؟ يا بىرەيلەننىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇپتىمەنمۇ؟ قايسى قىلغىنىم ئوبدان بولماپتۇ؟

ئىمامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن دېگەندەك، قايسى ئىشىنى خاتا قىلغانلىرى ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق، بىز يەنە ئەزمىسىنى ئېزىپ چۇشەندۇرۇپ يۇرمىسەكمۇ بولا، — ئىمام ئۇنىڭغا مىخدەك تىكىلدى، — لېكىن، ئەلمىساقتىن بىرى پاك - پاكىز تۇرغان مەھەللىمىزدە سىلىنىڭ شارابخانا ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل - ھوشىدىن ئېزىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكلىرى پەقەتلا بولمىدى. گۇناھقا پاتتىلا، داۋۇتاخۇن.

— خۇدا ھەرقانداق بەندىگە ئۆز رىزىق - نېسىۋىسىنى تېپىپ يېيىشنىڭ يولىنى بەرگەن. ماڭا رىزىق ئاشۇ مەيزاپخانىدىن كېلىۋاتىدۇ.

— سىلە دېھقان بولغاندىكىن، رىزىقنى تېپىپ يېيىش يەردىن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئەمما، سىلە...

— ھۆرمەتلىك ئىمامىم، — داۋۇت مەيچى ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك چىشلىرى ئارىسىدىن دانىمۇدانە چىقىرىپ سۆزلىدى، — مەن ئاشۇ يەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەندىن بېرى ھېچقاچان نېنىم بۇگۇنكىدەك پۈتۈن بولۇپ باقمىغان. خۇدا ماڭا ناننى پۈتۈنلەپ يېيىشنى مۇشۇ ئوقەتتىن ئىرادە قىلغان بولسا كېرەك. مەن مەيزاپ ساتتىم. لېكىن، ھەرگىز بەزىلەردەك ئىمان ساتمىدىم. قىلغان ئىشىمنىڭ گۇناھلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئالىدىغان نوچىلارغا نىكاھ ئوقۇپ قويۇپ، خۇدانىڭ دەرگاھىغا ماڭغانلاردىن ناماز ھەققى ئېلىپ، نان تېپىپ يېيىش گۇناھ بولمىسا، مېنىڭ قىلغان ئىشىممۇ ھەرگىز گۇناھ ئەمەس...

— سىلى... — ئىمام ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قاردى، ئۇنىڭ كۆيە چۈشۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان كۆتمەك ساقىلى دىر - دىر تىترىدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى - يۇ، توختاپ قالدى. بىر- بىرىگە تىكىلگەن كۆزلەر ئۇستۇنلۇك تالىشىپ خېلى ئۇزاق قارىشىپ تۇردى، قارىچۇقلار تېلىپ، كۆزلەر خىرەلەشكەندىلا ئىمام پېشىنى قېقىپ يولىغا راۋان بولدى.

كىچىككىنە مەھەللىدە نېمىنى يوشۇرۇپ بولۇش مۇمكىن؟ خاپىچىلىقتا ئۇدۇللا مەسچىتكە ماڭغان ئىمام ئارقىلىق بۇ سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىدىن كىشىلەر بىردەمدىلا خەۋەر تېپىشتى. گۇناھقا پاتقان قارا يۈز داۋۇتنىڭ ئۇيالماستىن ئىمامغا دېگەن سۆزلىرى ھەقىقەتەن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى.

— نېمە دېگىنى بۇ؟ داۋۇت مەيچى ئۆلمەمدىغاندۇ؟

— قاراپ تۇرۇپ ئىمامغا شۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلسا بولامدۇ؟

— ئاشۇ سولامچىنىڭ مەيزاپخانىسى ئېچىلغاندىن بېرى بۇ مەھەللە تىنچىپ باقتىمۇ؟

— قىلغۇلۇقنى ئۆزى قىلىپ بولۇپ، يەنە ئىمامغا تەنە قىلغىنى نېمىسى؟

— بۇنداق ئىبلىسلارنى قوغلىۋېتىش كېرەك!

— ئاشۇ گۇناھى ئۈچۈن سويۇۋېتىش كېرەك.

— ئوت قويۇپ كۇلىنى كۆككە سورۇش كېرەك...

— تېخى شۇنىمۇ رىزىق دەمدۇ كىشى؟ ھاراق سېتىپ تاپقان پۇل گالدىن تۇڭگۇزنىڭ پوقى بولۇپ ئۆتىدۇ، جامائەت.

— ئەينى شۇنداق...

ھەركىم ھەرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. غەزەپ - نەپرەت ۋۇلقاندەك پارتلايتتى. مەھەللە ئاسمىنىدا كىشىلەرنىڭ غەزەپلىك نىدالىرى گۈرۈلدىمەكتە ئىدى.

— پاھ، نېمە قىلدىڭلا ھۇي، — كەچ كىرگەندە داۋۇت مەيچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەن كامىلجان بوسۇغىدا تۇرۇپلا سو-

ئال دېگەننى تۆكۈۋەتتى، ــ ئاڭلىسام، ئىمامغا شالىڭلىنى چې-
چىپسىلىغۇ؟
ــ ئاڭلىغاندىكىن سورىمايلا قويۇڭلا، كامىلاخۇن، ــ داۋۇت مەيچى يېرىمىنى چېكىپ بولغان موخوركىسىنى ئۇنىڭغا سۇندى، ــ ئۆچەي دەپ قالغان قوقاسنى ئەمدى كوچىلىماڭلا. مېنىڭ شۇ تۇرقىمدا ئۆتۈم تېشىپ تۇرىدۇ، ئۇنى قايتا تىلغا ئالغۇم يوق.
ــ ھەممىنى ئاڭلىدىم، قوشنام، سەل ئىتتىكلىك قىلدىڭ-
لىمۇ نېمە؟ــ كامىلجان موخوركىنى شورىغاچ ئايۋاندىكى سۇپې-
نىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى، ــ قانداقلا بولمىسۇن، ئىمام دېگەننىڭ جامائەت ئالدىدا ھۆرمىتى چوڭ، ئالدىراپ مازارغا تاش ئاتىدىغان ئىش ئەمەس، بولمىسا تەخسىرات كېتىسىلەر ئەمەسمۇ؟!
ــ نېمە بولسام مەن بولاي، ــ دېدى داۋۇت مەيچى بىر قاپاق مەيزاپنى كۆتۈرۈپ قازناقا مېڭىۋېتىپ، ــ بىزمۇ يولدا كې-
تىۋاتقان ئات - ئېشەكنىڭ كۆتىدىن چۈشۈپ قالغان توك تېزەك ئەمەس، ئۆزىمىزگە تۇشلۇق كۆڭلىمىز بار ئادەممىز. موللا تۇرۇپ بەندە بەندىدىن نومۇس قىلسا گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، بىر چىرايلىق كورۇشەيلى دەپ قول بەرسەم كۆرەر كۆزى يوق. ئۇنداق موللىدىن ئالدۇرمىغان ماۋۇ سۇننەت تۆكۈم ياخشى.
ــ ھاي - ھاي، ئېغىزىغا ئىگە بولىلى، داۋۇتاخۇن، ــ كا-
مىلجان قولىدىكى موخوركىنىڭ قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ، پۇتى بىلەن ئەزگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ ئالىمادىس بىر ئىش چىقىپ قالسا...
ــ نېمە ئىش چىقاتتى؟ ئىش چىقسا يوغىنى پۇل ئالار؟ ئۇنداق كويە ساقاللارنى سېتىۋالغۇچىلىكىم بار مېنىڭ، ــ داۋۇت مەيچى چۇپۇر باسقان مەيدىسىگە مۇشتلاپ قويدى.
ــ تاپقىنىڭلا بىقىنىڭلىغا ئۇسۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ ــ كا-
مىلجان ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى، ــ ئۆتكەن كۈننى ئۇنتۇش ئادەمنى غەپلەتكە ئېلىپ بارىدۇ؛ قوشنام. تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ياماق بازىرىدىن قانداق قوغلانغىنىڭلىنى ئۇنتۇپ

قالماڭلا. ئۇزۇن جاھان بۇ.

داۋۇت مەيچى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ يەنە قازناقتا ماڭدى.

كاملجان قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن كۆڭۈلسىزلا قايتىپ چىقتى. ئۇ ئاشۇ مىسلداپ، يەرنىڭ قوۋۇرغىسىنى دەسسۆھتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ قورتتەك ياشاپ كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇرىكىنىڭ بۇنچىلىك يوغىناپ، ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى.

— داۋۇت مەيچىنىڭ بۇنچە يۇرەكلىك بولۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا، تاپقان پۇلى ئاز بولمىسا كېرەك، — دەپ ئويلىدى كاملجان، — ئادەمنى سەكرەتكەنمۇ پۇل، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا قىلغانمۇ يەنىلا شۇ پۇل ! ھەي، دەسلىپىدىلا ئۇستىرا ـ كاپنى پۇلاڭلىتىپ يۇرگۇچە، سايىمجاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىشنى ئۆزۈملا باشلىۋالسامچۇ، مانا، ساتىراشلىق قىلىپ تاپقىنىم تېخىچە قورساقتىن ئاشمايۋاتىدۇ. داۋۇت مەيچى بولسا جەردمانە تۆلەشنىڭ كويىدا. بۇ قانداق بولغىنى؟ مەسلىھەت بىزنىڭ ئۆيدە بولسۇنۇ، راھىتىنى باشقىلار كۆرسۇن. بۇ قاملاشمىدى. مەنمۇ... بىر ئىش قىلسام بولارمۇ؟ مەيزاپخانا... قاينۇقلۇقلارمۇ ئارقىدا غوتۇلدىغان بىلەن، داۋۇت مەيچىنىڭ بىر تال مويىغا تېگەلمىدىغۇ؟ ھەركىم ھەرنېمە دېگەن بىلەن خەق تاپىدىغان پۇلنى ئوبدانلا تېپىپ، تېخى ھېيىقماستىن ئۇنى ـ بۇنى دېگەننىڭ ئاغزىغا قاتلاپ تىقىپ يۇرمەمدۇ؟ مەيزاپخانا ئاچسام، سايىمجان دېگەن مېنىڭ ئالىقىنىمدىكى ئادەم. ئۇنىڭغا ھايتلا دېسەم ئىش پۇتىدۇ. مەيزاپنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ بولىدۇ. توغرا، يوغانلا بىر قاينۇق يېزىسى بىر داۋۇت مەيچىگە قاراشلىقمىدى؟ ھەركىمنىڭ رىزقىنى بەرگۇچى ياراتقان ئىگەم ئەمەسمۇ؟ توغرا، مەن نېمىشقا بۇرۇنراق شۇنداق بىر خىيالنى قىلمىدىم؟ بۇرنۇمنىڭ ئاستىدىلا بىرسى رىزقىمنى قىرقىپ يۇرسە، مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاق يەردە كىشىلەرنىڭ ساقىلىنى قىرىپ نېمە قىـ

لىمەن؟ ئاشۇ داۋۇت مەيچىنىڭ قولىدا ئاينىغان تىجارەتنى مەن قىلالمامدىمەن؟ ياق، ياق، ۋاي ئەقىلسىزلىكىم....

ھەپتىدىن كېيىن داۋۇت مەيچى بىردىنلا چۆپقەتلىرىنىڭ ئازلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. كۇندە لىققىدە ئولتۇرۇپ، بەزىدە نۆۋەت كۇتۇپ ئۆينى بازار قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ بېرىۋاتاتتى. چاتاقنىڭ نەدىن چىققىنىنى، ئىشنىڭ قەيەردىن ئوسەي كەتكىنىنى بىلەلمەي بىرنەچچە كۇننى ئۆتكۇزۇۋەتكەن داۋۇت مەيچى بىر كۇنى كەچتە سايىمجاننىڭ يوغان كومزەكلەرگە قاچىلانغان مەيزاپلارنى كامىلجاننىڭكىگە توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— نېمە ئىش بۇ؟ كامىلجان بىر ئۆزى ئۇچۇن مۇنچە مەيزاپنى نېمە قىلىدۇ؟ يا مەيزاپنىڭ باھاسى ئۆسىدىغان ئىش بولسا، ئالدىن بېسىۋالاي دېدىمىكىنە؟ بىراق، سايىمجان ئۇنداق بىر گەپنىڭ ئىس - بۇسىنى چىقارمىغانىدىغۇ؟ يا...

ئۇنىڭ نېرىسىنى ئويلاشقا كۆڭلى بارمىدى. يېقىن قوشنىدىسىنىڭ يەۋاتقان ئېشىغا چاڭ سېلىشىنى ئۇ ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۇرمەيتتى. بەلكىم سايىمجاننىڭ توشۇۋاتقىنى باشقا بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن. ئۇ شۇ خىيال بىلەن كامىلجاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا باردى.

— نېمە توشۇۋاتىسىلەر، سايىمجان ئاداش؟ — سورىدى ئۇ كۇپلەرگە قىزىقىپ قاراپ، — نېمە بۇ؟

— مەيزاپ! — غېمىدە يوق جاۋاب بەردى سايىمجان.

— نېمە؟ مەيزاپ؟ — دىككىدە چۆچۇگەن داۋۇت مەيچى ئىتتىكلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — كامىلجانغا بۇنچە كۆپ مەيزاپ نېمىگە لازىم بولۇپ قاپتۇ؟

— سىلىنى يالغۇزچىلىق تارتىپ قالمىسۇن دېدىم، داۋۇتاخۇن، — شۇ سوئالنىڭ ئۇستىگە چىققان كامىلجان جاۋاب بەردى، — مەنمۇ تىجارەت قىلاي دېگەن، قوشنام، ئىش باشلىغىلى ئىككى - ئۇچ كۇن بولدى. قانداق، بوپتۇمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بو... بوپتۇ، ئوبدان بوپتۇ، — داۋۇت مەيچىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەتكەن ھالدا جاۋاب بەردى. ئۇ شۇنىڭدىلا نېمىشقا ئۆز قازىنىقىنىڭ خېرىدارسىز قېلىۋاتقانلىقىنىڭ سىرىنى بىلگەندەك بولدى.

— ئىككى قوشنا بىر يەردە تىجارەت قىلساق، — دەپ قوشۇپ قويدى كامىلجان، — يوقنى تەڭ تېپىپ، بارنى ئۆزئارا سۇنۇشۇپ تېخىمۇ ئوبدان روناق تاپقۇدەكمىز. شۇڭا، مېنىڭكىگىمۇ قۇرت كىردى، داۋۇتاخۇن.

«قۇرت ئەمەس، قىزىتىلغان لوم تۆمۈر كىرىپتۇ، قوشنام، — ئىچىدە پىچىرلىدى داۋۇت مەيچى، — قىلىدىغان باشقا ئىش تاپالمىغاندەك، مەندىن نان تالاشقىنىڭ نېمىسى؟ شۇمۇ قوشنىدارچىلىق بولدىمۇ ئەمدى...»

كونىلار ئەزەلدىن بىر قازاندا ئىككى قوچقارنىڭ كاللىسى پىشمايدۇ، دېيىشىدىكەن. ئەمما، كىچىككىنە قاينۇقتا، يەنە كېلىپ بىر – بىرىگە قاراپ تۇرىدىغان ئىككى ئۆيدە نەچچە قوچقارنىڭ كاللىسى ۋاراقلاپ قاينىماقتا. كامىلجان سودىسىنىڭ ئۆزى كۆتكەندىنمۇ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقىنىدىن سۆيۈنسە، داۋۇت مەيچى ئۆز تىجارىتىنىڭ بارغانچە سۇغا چىلىشىۋاتقىنىدىن، شۇنچە كونا چۆپقەتلىرىنىڭمۇ تېزىپ كېتىۋاتقىنىدىن بىئارام بولاتتى. ئادەم دېگەن شۇنداق مەخلۇق بولسا كېرەك، ھەر ئىككى ئۆيدىكىسى بىر ئۇستىنىڭ قولىدىن چىققان شاراب بولسىمۇ، ئەمما يېڭىسىغا بولغان قىزىقىش تۈپەيلى خېرىدارلار بارا – بارا كامىلجاننىڭ ئۆيىگە ئاقماقتا ئىدى...

مەھەللىدە ھەممىلا ئادەم كامىلجاننىڭ مەيزاپخانا ئېچىشىنى داۋۇت مەيچىدىن كۆردى، خىيالىدا يوق ئادەمنى قىزىتىپ، مەيزاپخانا ئېچىشقا سەۋەبچى بولغان دەل ئاشۇ ئېشەك نەسلى، دوزاخقا تۇتۇرۇق بولغۇچى داۋۇت مەيچى، دېگەن گەپ ئۆلۈغ – ئۇششاقنىڭ ئېغىزىدا ئېقىپ يۈرەتتى. «ئىشنى بۇزغان ئانىسى، چاقنى بۇزغان تانىسى» دېگەندەك، كامىلجاننى بۇزغان ئاشۇ نەس

باسقۇر داۋۇت مەيچى دەپ قاينايتتى پېشقەدەملەر. ئەمەلىيەتتە داۋۇت مەيچى كامىلجاندىن خاپا ئىدى. ئۇ قوشنىسىنىڭ مەيزاپخانا ئېچىشىنى ئۆزىگە قىلىنغان چىدىماسلىق، ھەسەت، يېگەن ئېشىغا توپا چاچقانلىق دەپ بىلەتتى. ئۇ مېنىڭ چۆپقەتلىرىمنى تارتىۋېلىپ سودامنى بۇزدى، دەپ بۇ قوشنىسىدىن ئاغرىناتتى...

— مانا، كامىلجان با جۇجاڭنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىچە ئىسقىرتىپ كىرىپ كەتتى. تېخى ئەمەلدارنىمۇ ئۆگىتىۋاپتۇ دېسە، قارىغاندا، ئۇنىڭ تەييارلىقى بوش ئەمەسكەن – دە! شۇنىڭغا يارىشا تاپقان پايدىسىمۇ مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق... چۈنكى، ئەمەلدار دېمەك — پۇل دېمەك. قارىغاندا، ئۇ تورنىڭ ئەڭ يوغىنىنى تاشلاپتۇ – دە؟ ۋاي ئىچى قوتۇر كاساپەت، تاپقان ئىككى – تۆت تال پۇلۇمغا كۆز قىزارتمىساڭمۇ ساڭا قىلغۇدەك ئىش چىقار ئىدىغۇ؟!

ئۇنىڭ ئۇجمە كۆتىكىدە ئولتۇرۇۋېرىپ كاسىسى ئاغرىپ كەتكەنىدى. داۋۇت مەيچى ئورنىدىن تۇرۇپ تازا بىر كېرىلدى – دە، ئۇستىخانلىرىنىڭ غاراسلىشىدىن بىر خىل ھۇزۇر ھېس قىلدى. ئۇ كۈز شامىلىنىڭ بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ توڭلاپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، كامىلجاننى غايىبانىسىگە بىرنەچچىنى تىللىغىنىچە ئۆيىگە ماڭدى.

داۋۇت مەيچىنىڭ تېگىشلىك ئەدىپىنى بەرگەن ئايال خارقىراپ بىر خىلدا ئۇخلىماقتا ئىدى. ئۇ سەل ئاغرىپ تۇرغان كۆزلىرىنى سىلاپ قويغاندىن كېيىن، ئىشتاننىڭ پۇل سېلىنغان يانچۇقىنى تۇتۇپ باقتى ۋە سامان تەكىيەنىڭ ئاستىغا تىقتى. يوتقاننى ئاستا قايرىپ بولۇپ يەنە يېپىپ قويدى. چۈنكى، ئەمدى ئۇ يوتقانغا پۈركىنىپ، خوتۇنىنىڭ كۆكسىنى سىلاپ قانچە ياتسىمۇ قاچقان ئۇيقۇسىنى تېپىۋالالمايتتى. ئەتراپتىن خورازلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم چىللىغان ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. دېمەك، تاڭغا ئاز قالغانىدى. ئەمدى ئۇ ئۇخلايمەن دېسىمۇ، كۆزى ئىلىنا – ئىلىنمايلا كۈن چىقىدۇ. يېڭى بىر ھاياتلىق باشلىنى-

دۇ. جان ساقلاش ئۈچۈن يەنىلا تىپىرلاش، يوقنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاش كېرەك. ئۇ تورۇسقا قاراپ ئاچچىق يۇتقىنىچە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

«ئەجەب ئىش ـ ھە؟ بۇ كەمدە ئادەملەردە يۈز قالماپتۇ. ۋاي داۋۇتۇم دەپ يۈرگەن خېلى كونا چۆپقەتلىرىممۇ خۇددى ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ ئۆگىتىۋېلىنغان جالاپتەك كاملىۋاينىڭكىگە كۆنۈۋاپتۇ. مەن ئۇلارغا نېمە قىلغان؟ شۇ بۇيرۇتقىنىنى ھايالشىمايلا ئالدىغا تەخلەپ، شاھ ـ ۋەزىرلەرنى كۈتكەندەك پالاقلاپ، رەھمەتلىك دادامغا قىلمىغان ھۆرمەتلەرنى كۆرسەتكەنلا گۇناھىم بار. كامىلجان دېگەن دۆيۈز ئۇلارغا نېمە قىلدىكىنە؟ ئەجەب سۇ چوڭقۇرغا ئاققاندەك، ھەممىسى شۇنىڭكىگە يۈگۈرۈۋاتىدۇغۇ؟ توختا، بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلمىسام بولمىدى. يار ئالغان يەرگە بۆگەك قويۇش ئەلمىساقتىن تارتىپ بار ئىشقۇ؟! ھە، مەنمۇ بۇ يارنىڭ ئاۋۋال نەدىن ئېلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بۆگەكنى قانداق قويۇشنى ئېنىقلىشىم كېرەك. بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەي قويمايمەن...»

تاڭ ئاتتى. ئۇيقۇسىزلا ئورنىدىن تۇرغان داۋۇت مەيچىنىڭ كۆزلىرى قۇم تىققاندەك ئېچىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئىتتىككىلا يولغا چىقىپ، كامىلجاننىڭ دەرۋازىسىغا قارىدى. قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازا ھىم ئېتىلگەنىدى. ئۇ ئاستا بېرىپ ئىشىك ئالدىدىكى يولغا قارىدى. توپىلىق يولدا ھەر خىل ئاياغ ئىزلىرى قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. ئاشۇ ھەرەڭ ـ سەرەڭ ئىزلار ئارىسىدا پاشىنىسى يەرگە قوزۇق قاققاندەك پاتقان چېكىت گۈللۈك ئىزلارمۇ بار ئىدى.

«ھە، ئەمدى بىلدىم، بۇ يەرگە ئىچەرمەنلەر يالغۇز كەلمەيدىكەن، ـــ داۋۇت مەيچىنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، ـــ ئەسلىدە بۇ قوشنام سولامچىلىق بىلەن مەيزاپچىلىقنى بىللە قىلىۋاتقانىكەن ـ دە؟! شاراب بىلەن خوتۇن پۇل تاپقان ئەركەكنىڭ ئارمىنى، دېگەن گەپ بىكارغا ئېيتىلماپتۇ ئەمەسمۇ؟! راست، ئادەم دېگەن شارابنى مەست بولۇشقىلا ئىچمەيدۇغۇ؟

كۆڭۈل ئېچىشقا، يەنە... ھە، ئەمدى بىلدىم. مەن بۇنى بۇرۇنراق ئويلىشىم كېرەكتىغۇ؟ ئاخشام ئۇ دۆيۈزنىڭ خۇشاللىقىدىن ئىسقىرتىپ كېتىشى بىكار ئەمەسكەن ـ دە؟!»

شۇ چاغدا ھويلا ئىچىدىن بىرسىنىڭ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، داۋۇت مەيچى بۆرىدىن ئۈركۈگەن قوي پادىسىدەك ئوپۇل ـ توپۇل كەينىگە ياندى ۋە يۈگۈرگەندەك قىلىپ ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىۋالدى. قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۇزۇن شاخ سۇپۇرگىنى كۆتۈرۈۋالغان كامىلجاننىڭ ئايالى چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەتراپقا يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ قويغاندىن كېيىن ئاشۇ قالايمىقان ئىزلارغا قارىتىپ سۇپۇرگە سالدى.

«ھۇ پاسكىنا، — دەپ تىللىدى داۋۇت مەيچى ئىچىدە ئوغىسى قايناپ، — ئىز ئۆچۈرۈشكە نېمانچە ئۇستىسەن؟ خۇددى مۇشۇك بەز يەپ بولۇپ، لېۋىنى بىر يالىۋېتىپلا ھېچنېمە يېمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغاندەك. مانا، سولامچىلىقىڭنى مەن كۆرۈپ قالدىم. ئەمدى ئىزنى قانچە ئۆچۈرگىنىڭ بىلەنمۇ بۇ ئاتاقتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايسەن.»

داۋۇت مەيچىنىڭ ئىچى ئاچچىققا تولدى. ئۇ قوشنىسىنىڭ ۋاستە تالالمايلا چۆپقەتلىرىنى يىڭنىدىن يىپ سۇغۇرغاندەك تارتىپ كەتكىنىگە غەزەپلەندى. ئەمدى ئۇمۇ كامىلجان دېگەن بىرنېمىنىڭ يۈزىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ. قىلغۇلۇق دېگەننى چېكىدىن ئاشۇرۇپ، كامىلجاننىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك بىر ساۋاق بېرىپ قويىدۇ. ئۈستىگە تاغ يىقىلغاندەك كەلگەن بۇ غايىبانە زەربىدىن ئۇ ۋاي ـ داد دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ...

«مەن سىلەرنىڭ مۇلازىمىتىڭلاردىن بەكمۇ رازى بولدۇم، بۇ يەرنىڭ مۇھىتى بولىدىكەن، شۇنداق تىپتىنچ، ئەتراپىڭدا كۆز ـ قۇلاقمۇ يوق، مەن ئەتە يەنە كېلىمەن، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي ئاشۇ خانىڭىزنى ماڭا ئېلىپ قويۇڭ...»

ئادەمنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تېگىدىغان بۇ قوپال ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە بىر قېتىم ياڭرىغاندا، داۋۇت مەيچىنىڭ ۋۇجۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

دى مۇزلىدى، تېنى غال ـ غال تىترىدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

«دېمەك، ئاشۇ... يا جۇجاڭ، ئۇ راستىلا يەنە كېلەرمۇ؟ ئەگەر تېلېفوندا شۇنداقلا بىر ئىس ـ بۇسنى بېرىۋەتسەم، كېيىن بۇ توخۇ پوقى ئەمەلداردىن ماڭا بىرەر زىيان يېتەرمۇ؟ نېمە قورقۇش، مەندە ئېلىۋېتىدىغان تىرناقچىلىك ئەمەل يوققۇ؟ ئاۋۋال قاراپ باقاي، ئوبدان كۆزىتىپ، توققۇز ئۆلچەپ بىر كەسمەمدىمەن؟!»

ئۇ شۇ خىيالغا كەلگەندىن كېيىن هويلا بىلەن يول ئارىسىدا قاتراپ، كامىلجاننىڭ ئۆيىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. بازاردىن ئەكېلىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرگىمۇ ئايالى بىلەن قىزىنى بۇيرۇدى. تۇيۇقسىزلا ئۇدۇلاردىن چىقىپ كەتكەن مۇزىكىدەك ـــ بىر تال تۇگمە چاغلىق سودىغا ئۆزى قول تىقىدىغان داۋۇت مەيچىنىڭ تويۇقسىز بۇنداق ئۆزگىرىپ قالغانلىقىغا هەيران بولغان ئايالى ئۇنىڭغا قاراپ ـ قاراپ قويغاندىن كېيىن قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا كەتتى.

سايىمجان ئۇچ چاقلىق موتوسىكلىتقا مەيزاپ بېسىپ قاينۇققا يەنە كەلدى. ئۇ داۋۇت مەيچىگە يىراقتىن سالام بەرگەندىن كېيىن، ئېلىپ كەلگەن قاپاقلارنى كامىلجاننىڭ هويلىسىغا ئەكىرىشكە باشلىدى.

ـــ يۇزىسىز ئادەمكەنسىلە، سايىمجان، ـــ دېدى داۋۇت مەيچى ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، ـــ بىر كۇندە ئىككى ئەرگە تەگكەن ئاجناق جالاپتەك قىلىپ يۇرگىنىڭلا نېمىسى؟ يا ماڭا، يا ئۇنىڭغا تۇرماي...

ـــ مەنمۇ مۇشۇ ئىش بىلەن نان يېمىسەم بولمايدۇ، ـــ سايىمجان ئۇنىڭ سېسىق گەپلىرىگە سەل خاپا بولغان بولسىمۇ چاندۇرمىدى، ـــ كىمنىڭ سودىسى ئاقسا، شۇنىڭغا مەيزاپ توشۇيمەن، داۋۇتاخۇن. كۇنلەمچى خوتۇندەك قىلىق قىلماڭلا، ئەتىگىچە سىلىنىڭكىدە تۇگىسە يەنە مەيزاپ ئەكېلىمەن ئەمەسمۇ؟

داۋۇت مەيچى ئۇندىمەستىن سايىمجان توشۇۋاتقان مەيزاپ

قاپاقلىرىنى ئىچىدە ساناشقا تۇتۇندى.

«توپتوغرا يىگىرمە قاپاق ! تېخى ئۇلۇشكۇنلا ئون بەش كۆپ ئەكەلگەنىدىغۇ؟ مال يۆتكەپ ئۆلگۈرمەپتۇ ـ دە؟ قارىغاندا، بۇ ئىبلىسنىڭ سودىسى مەن پەرەز قىلغاندىكىدىنمۇ ياخشى ئوخشى-مامدۇ؟ ئەمدى قاراپ تۇرسام يەۋاتقان نېنىمدىن ئايرىلىپ قالغۇ-دەكمەن. بىر ئىلاجىنى قىلمىسام بولمىغۇدەك...»

شۇ كۈنى ئۇنىڭ قولى پەقەتلا ئىشقا بارمىدى. قانداق قى-لىش، كامىلجاننىڭ ئەدىپىنى قانداق بېرىش ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلاندى. ئاشۇ با جۇجاڭ دېگىنى كەلسىلا، تويدۇرماي ساق-چىغا خەۋەر قىلىشتىن ياخشىراق چارىمۇ تاپالمىدى. بەلكىم ئۇنى شۇنداقلا خەۋەر قىلسا ساقچىلار ئەندىكمەسلىكى، پەرۋايىغا ئال-ماسلىقى، تېخى ئۇ يوغان ئەمەلدار بولسا قورقۇپ كەلگىلى ئۇنىما-ماسلىقىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ھەم ساقچىلار كەلمىسە بولمايدىغان، ھەم كامىلجانمۇ دەماللىققا ئۆزىنى ئاقلىيالمايدىغان بىر سەۋەب تېپىشىم كېرەك. خېروئىن سودىسى... ھوي، بۇ ئىشنى شۇنداق قىلسام بولامدۇ نېمە؟ ھەببەللى، ئۇ چاغدا ساقچىلارنىڭ كەلمەي ئامالى يوق، ئۇلار كەلسە، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسە، بەلكىم قاراپمۇ تۇرماس، ئىتمۇ كۆرسە قاۋايدۇغۇ !

ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەڭ ئاخىر پىشقان ئامال شۇ بولدى. ئەم-ما بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا يەنىلا يېنىكلىك قىلىشقا بولمايتتى. ناۋادا ئىش يامىنىغا ئۆرۈلسە، چۆگۈن قايناپ ئۆزى-نىڭ بويىنىغا تېششى، ئۇمۇ قولىنى كۆيدۈرۈۋېلىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ئۇلىغا دەز كېتىپ، ئىناق قوشنىدار-چىلىقىمۇ بۇزۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەر ئىككى ئائىلىگە پايدىسىز ئىدى.

كەچ كىردى. ناھىيەدىن قاينۇقا تۇتىشىدىغان ئاسفالىت يولدا غالتەكلىرىنى ئىتتىرىپ بازاردىن قايتقان ئوقەتچىلەرنىڭ-مۇ ئايىغى ئۈزۈلدى. قاينۇقنىڭ كەچكى مەنزىرىسى ئوخشاشلا ھەممە ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشكەن، مورىلاردىن چىقىۋاتقان

تاشكۆمۈرنىڭ قاڭشىق ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغان، ئادەمسىز كوچىلاردا ئىزغىرىن شامال كۈچەيگەن، مەھەللە بالدۇرلا ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋايدەك تىنچىپ قالغانىدى.

داۋۇت مەيچى لەپشىپ كېلىشكەن ئىككى قېرى ئىچەرمەننى قازنىقىغا باشلىغۇەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بۇيرۇتقان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئەكىرىپ بېرىشنى خوتۇنىغا تاپىلىدى ـ دە، ئۆگزىگە چىقتى. بۇ يەردىن قارىغاندا كامىلجاننىڭ دەرۋازا ئالدىنىلا ئەمەس، ھەتتا ھويلىسىنىڭ ئىچىدىكى مەنزىرىلەرنىمۇ بىمالال كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ كورەك جۇۋىسىغا ئورىنىپ، ئاستا ئىس چىقىپ تۇرغان ئىسسىق مورىغا يۆلەندى ۋە ئاشۇ تەرەپكە قاراپ، خۇددى قاپقاننى قوروپ بولۇپ، توشقاننىڭ كېلىپ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرغان سەۋرچان ئوۋچىدەك ئولتۇردى.

كامىلجاننىڭ دەرۋازا ئالدى بىردىنلا قىزىپ كەتتى، مەيزاپ خۇمارى تۇتۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەنە، ئاۋۇ تۇماق كىيىۋالغان چېچەك يۈز ئۇنىڭ تۇنجى چۆپقەتلىرىدىن ئىدى. كالچىيىپ كامىلجاننىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ، خۇشامەت كۈلكىسى بىلەن بىرنېمىلەرنى دەۋاتقان ئاۋۇ شىنا قوزۇق ئاۋاق ئاداشمۇ خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ قازىنى ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەنلەردىن ئىدى. ھە، ماۋۇ بىر قىزنى باشلاپ كەلگىنى قاسىمجان ئىسىملىك ماتاڭچى، ئۇ ئىلگىرى مۇشۇكتەك كىرىپ، ئىچىدىغان مەيزىپىنى شەپىسىز ئىچىپ، يەنە مىياڭلىمايلا كېتىپ قالىدىغىنىدىن ئىدى. ئۇمۇ بىر قىزنى قولتۇقلىۋاپتۇ. تېخى كامىلجاننىڭ ئايالى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇ قىز بىلەن مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى، مانا، ئاشۇ شوۋىچىلار سولامچىلىق قىلىپ شارائىت يارىتىپ بەرمىسە، بىر ماتاڭچىنىڭ مۇنداق مەنمەنچىلىك قىلىشقا بېشى ئونمۇ؟

كامىلجاننىڭ دەرۋازىسىدىن يەنە ئۈچ جۈپ ئەر ـ ئايال كىرىپ كېلىشتى. ئۇلاردىن بىرسى داۋۇت مەيچىنىڭ ئۆيى تەرەپنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ قويدى.

دى. ئۇنىڭغىچە كامىلجان بىرنىمىلەرنى دەپ، ئۇلارنىڭ قىلىن پەلتولىرىنى قېقىپ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ داۋۇت مەيچىنىڭ يۈرىكىگە ئوت كەتتى.

«شۇنچە ئادەم... تېخىچە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمە-دى. ئاشۇ نىجىس مېنىڭ قازىنىمنى ئۆرۈش قەستىدە بولمىغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دەرۋازامنى قېقىشقان، بىر پۇلۇمنى ئىككى قىلىشقان، مېنى ئوبدانلا سەمرىتكەن بولاتتى. توختا، كامىل، سورىقى يوق جاھان ئەمەس بۇ، قىلىۋالدىم، ئې-تىۋالدىم دەپ كۆلمەي تۇر ! سېنى كۆلدۈرۈشنى بىلگەن خۇدايىم يىغلىتىشنىمۇ بىلىدۇ. ئالدىرىماي تۇر، كۆرىدىغان كۈنۈڭ تېخى ئالدىڭدا !»

دەل شۇ چاغدا كامىلجاننىڭ ئىشىكى يەنە قوپال قېقىلدى. دەرۋازىنى قاققۇچى مۇشتۇمى بىلەن كامىلجاننىڭ دەرۋازىسىنى ئەمەس، داۋۇت مەيچىنىڭ يۈرىكىنى ئۇرۇۋاتقاندەك بىر خىل سې-زىم ئۇنى تىترىتىۋەتتى. كامىلجاننىڭ ئايالى يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى. بۇدا كەلگۈچىنى كۆرۈپ داۋۇت مەيچىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. چۈنكى ئۇ، قايسى كۈنى ياماق بازىرىدا داۋۇت مەيچىنىڭ ياقىسىدىن ئالغان، نەرسە - كېرەكلىرىنى سو-رۇپ - چاچقان، ئۆزىنى كونا چاپاندەك چۆرۈۋەتكەن ئاشۇ پور كۆتەك ئىدى. ئايال ئۇنى خۇددى كۆرمىگىلى ئۇزاق بولغان ئاكى-سى بىلەن دىدارلاشقاندەك ئېھتىرام بىلەن قارشى ئالدى. پور كۆتەكمۇ ھىجىيىپ - كالچىيىپ ئايالغا بىرنىمىلەرنى دېدى. ئا-يال ئېغىزىنى تۇتۇپ ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە ئۇياقنىڭ مەڭزىنى چىمدىپ قويدى. پور كۆتەكمۇ بوش كېلىدىغان نېمە ئەمەسكەن، ئۇياق - بۇياققا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئايالنىڭ ساغرىسىغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ قويدى، دەل شۇ چاغدا ھويلىغا كامىلجان چىقىپ قالدى ۋە ئۇنى كۆرۈپ يىراقتىن قولىنى سۇنۇپ كېلىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.

«ھۇ سولامچى ھەزىلەك، سەن قىلمىغان مۇشۇ ئىش قالغاز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـمدى ئەمـدى؟ مېنـىڭ سودامنى بـۇزۇشتا خوتـۇنۇڭنـمـۇ ئارىغـا سالپسەن ـ دە؟ ھۇ كـمـسپۇرۇش. ئالدىرىماي تۇر، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قوشا ئىكەنمىز، كۇندە قارىشىپ يۇرىدىكەنمىز دەپ قاچاڭـغا قوشۇق سالـمىغان، ئۇ قانجۇقۇڭغا كۆز قىرىمدىمۇ باقمىغانـدىم. ئەمدى بىلدىم، ئۇمۇ بۇقا گەدەن، پور كۆتەكلەرگە ئەركىلەپ سۇۋۇشىپنى بىلىدىغان، بەزگە كۆنگەن مۇشۇك ئىكەنغۇ؟ مەنمۇ بىر پۇرسەتنى تېپىپ، خوتۇنۇڭنى تەلە قىلىپ، يۇندىسىنى بوسۇغاڭغا تۆكمىسەم داۋۇت مەيچى دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن.»

تۇيۇقسىز ئاسفالىت يولدا بىر سانتانا توختىدى. ماشىنىدىن گەۋدىلىك بىرسى چۈشۈپ كەلدى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن تۆت تەرەپكە مۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئايلىنىپ ئۆتۈپ يەنە بىر ئىشىكنى ئاچتى. ماشىنىدىن ۋىجىككىنە بىر قىز چۈشۈپ، يەردىن ئۇستۇن قارىمىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئۇلار قانداقتۇر شەپىنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ، كامىلجاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشتى. گەۋدىلىك ئادەم يەنە ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى بوش قاقتى.

داۋۇت مەيچىنىڭ كۇتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر چاققانلىق بىلەن ئىتتىكلا ئۆيىنىڭ كەينىدىكى قېرى ئۈجمە ئارقىلىق يەرگە چۈشتى ـ دە، كامىلجاننىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. شۇ چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپ، بوسۇغىدا كامىلجان پەيدا بولدى.

— سىلىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى با جۇجاڭ، — دېدى ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ، — يوللىرىغا قاراپ كۆزلەر تېشىلەي دېدى، ئەمدى كەلگەنلىكلىرى نېمىسى؟

— ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ، — دېدى قارا گەۋدە، — قانداق، بىرەر كۆز ـ قۇلاق يوقتۇ؟

— يوق، يوق، ھەممىسى ئۇششاق ـ چۈششەك ئوقەتچىلەر، سىلىنى تونۇمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلى غىپپىدە كىرىپ ئاشۇ

خانىغا شوڭغۇۋالسىلا، ئىنىس ـ جىن ئۇقمايدۇ، با جۇجاڭ.
ــ قېنى ئەمىسە، ــ با جۇجاڭ ھېلىقى قىزغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سەل ئېگىلگەندىن كېيىن ئۇنى تەكەللۇپ بىلەن ئۆزىدىن بالدۇر مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى. قىزمۇ نازلىنىپ يورمەستىن بېشىنى سالغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەتتى. دەرۋازا ئىچىدىن تاقالدى...
داۋۇت مەيچىنىڭ ئۇشۇقى ئالچۇ چۈشتى، ئۇ تاۋكادا ئامىتى كېلىپ، بىر كېچىدىلا مىليونېرغا ئايلانغاندەك ھاياجانغا چۆمدى. ئۇ دادىسىدىن ھېيتلىق ئالغان كىچىك بالىدەك خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىغان ھالدا كونا ۋېلىسىپىتىنى ھويلىسىدىن سۆرەپ چىقتى ـ دە، لىككىدە مىنىپ بازار تەرەپكە قاراپ چاپتى...

7

شۇ كۈنى قاينۇقنىڭ كېچىسى بەكمۇ ئەنسىز ئۆتتى. ئەتراپتىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگناللىرى ئەنسىز چىرقىراپ، كىشىلەرنىڭ دۈپۈرلەشكەن ئاياغ تىۋىشى ھەممىلا يەرنى بىر ئالدى. مەھەللىنىڭ يىراق ـ يېقىنىدىن ئىتلارنىڭ بوغۇق ئاۋازدا كاڭشىغان ئاۋازى كېلەتتى. ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، قانداقتۇر شەيدىن چۆچۈگەن ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى كېچە قوينىغا تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس بېرەتتى.
بازاردىن كېلىپلا يەنە ئۆگزىگە چىقىۋالغان داۋۇت مەيچى ئۆز تەدبىرىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئالا ـ بۇلىماچ چىراغلىرىنى چاقنىتىپ سىگنال بەرگىنىچە يېتىپ كېلىشكەن ساقچى ماشىنىسى ئاۋۋال كامىلجاننىڭ ئۆيىنى تۆت تەرەپتىن قورشىدى، ئاندىن ساقچىلاردىن بىرسى ئېگىز تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتى ـ دە، دەرۋازىنى ئىچىدىن ئاچتى. بىر توپ ساقچى يوپۇرۇلغىنىچە ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. ئۆيئىچىدىن ئاۋۋال كامىلجاننىڭ ئايالىنىڭ چىرقىرىغان، ئاندىن گۇلدۇر ـ غالاپ

ئاۋازلار ئاڭلاندى. بىردەمدىن كېيىن ساقچىلار پور كۆتەكنى كۆ-تىگە تەپكىنىچە ئېلىپ چىقتى. ئارقىدىن بېشىنى پەلتوسى بىلەن ئورىۋالغان با جوجاڭ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، پۇتلىرى ئۆ-لۈك توخۇنىڭ بوينىدەك قاتلىنىپ تۇرغان ھېلىقى قىز، قالدى - قاتتى شارابخورلارنى جۈپتىلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ چىقىشتى.

كاملجان نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرمەكچى بولاتتى، ئەمما ساقچىلار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماستىن قولىغا كويزا سېلىپ دارقىرىتىپ ئېلىپ ماڭغانىدى. بىرپەستە ئۇنىڭ ھويلىسىدىن بالىلىرىنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قاينۇقنىڭ كېچە باغرىدا ماشىنىلارنىڭ ئەنسىز سىگنال ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلاپ بارماقتا ئىدى.

ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، ئاجايىپ بىر خۇشاللىق ئىلكىدە ئۆيىگە كىرىپ كەلگەن داۋۇت مەيچى تاز چىراي خوتۇنىنىڭ سو-ئال نەزىرىدە تىكىلگەن كۆزلىرىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا قىزى ئايجامالمۇ ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى.

— سىلى قىلغان ئىشمۇ بۇ؟ — سورىدى ئايال تەئەددى بى-لەن.

— نېمىدەپ مەن قىلغان ئىش بولغۇدەك؟ — سەل تەمترەپ جاۋاب بەردى داۋۇت مەيچى.

— ئەمىسە ۋېلىسىپىت بىلەن نەگە باردىڭ، دادا؟— ئايجامال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ سورىدى، — كەچتىن بېرى سېنى ھېچ تاپالمىدۇققۇ؟

— كاملكاڭ بازاردىن بىرنەرسە ئەكېلىپ بېرىشنى ئېيت-قان، قوشنا بولغاندىكىن ياق دېگىلى بولاتتىمۇ؟ شۇڭا...

— يالغان ئېيتمىسىلا، دادىسى، ئۇ قوشنىمىز شۇ تۇرقىدا سىلىنى بىرنەرسىگە بۇيرۇپ يۈرەمدۇ؟ بۇيرۇسىمۇ سىلى بارام-دىلا؟ قورساقلىرىدىكىنى مېنى بىلمەيدۇ دېمىسىلە، — ئايال ئۇ-نىڭ ئالدىغا كەلدى، — ماڭا قارىسىلا، باللارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟

— سېنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭدىن بەكمۇ نومۇس قىلىۋا-

تىمەن، دادا، — دېدى ئايجامال يەرگە قارىغىنىچە پەس ئاۋازدا، — بۇ مەيزاپخاننى ئېچىش ئەسلىدىمۇ ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى، سەن بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدۇڭ. ئەمدى كېلىپ بۇ بالا - قازانى تېرىپ كامىلكامغا زىيانكەشلىك قىلدىڭ، بۇ ئىشنى مەھەللىدىكىلەر ئۇقسا يەنە نېمە دەپ قالىدۇ؟ بىز بۇ يۈزىمىزنى نەگە قويىمىز؟ ئۇلار سېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ، دادا.

— مەن ئۇلارنىڭ كەچۈرۈشىگە موھتاج ئەمەس، — داۋۇت مەيچى تېرىكىپ قىزىنى ئىتتىرىۋەتتى، — نېمە؟ سەنمۇ ماڭا تەنبىھ بېرىۋاتامسەن؟ قىز بالىنى ئوقۇتقانمۇ ئىشمۇ؟ ئاز - تولا قانات - قۇيرۇق چىقىرىۋېلىپلا ماڭا ئۇ - بۇ دېيىشكە پېتىنىدىڭمۇ تېخى؟

ئايجامال بېشىنى چايقىغىنىچە قوشۇپ قويدى:

— كۆرىدىغان كۈنىمىز ئالدىمىزدا تېخى، بىزنى مەھەللىدىكىلەر ئارىغا ئالسىلا بولاتتىغۇ؟

قاينۇق مەھەللىسى قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۆيگە تىنىپ، بىر - بىرىگە گۇمانىي نەزەردە قارىشىپ، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئالدىراش يۈرەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن كامىلجاننىڭ ئايالى سولاقتىن چىقتى. ئۇ مەھەللىگە ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەلدى.

— توۋا خۇدايىم، بىز خەققە نېمە يامانلىق قىلغان؟ قانچە يۇسا چىقمايدىغان شۇنداقمۇ قارا سۇۋامدۇ كىشىگە؟ ھەممىنى خۇداغا قويدۇم، بىزگە قىلدىم دەپ بالىچاقىسىغا قىلار خۇدايىم، بىرنى مىڭ قىلىپ كۆزىمىزگە كۆرسىتەر خۇدايىم، ھۇ - ھۇ...

ئايالىنىڭ يىغىسى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ، ئىچ - ئىچىدىن قايناپ ئېزىلىپ يىغلايتتى. ئەمما، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان، ھالىغا يېتىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

— كەلگۈلۈك بۇلارغا خۇدادىن كېلىپ قالدى - دە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئازراقلا پايدىنى دەپ گۇناھقا دۇم چۈشكەندىكىن، خۇدا شۇنداق شەرمىسار قىلىدۇ ئادەمنى...
— خوپ بوپتۇ، سولامچىنىڭ كۆرىدىغان كۈنى شۇ...
— يەنە بىرسى قالدى، ئۇنىمۇ نەس باسقىيدى ئىلاھىم...
مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دېيىشكەن بۇ گەپلىرى داۋۇت مەيچىنىڭ جان - پىنىنى چىقارغان بولسىمۇ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۈندىمەي يۈرۈۋەردى. چۈنكى، ئۇمۇ قىلىپ قويغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن بىر ئاز قورقۇپ قالغانىدى.
ھەر كۈنى كەچتە بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلار يەنە مەيزاپ خۇمارى تۇتۇپ قاينۇققا كېلىشەتتى. ئاۋۋال كامىلجاننىڭكىگە بىر دوقۇرۇۋېتىپ، ئاندىن داۋۇت مەيچىنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولۇشاتتى. ئۇلارنى خامۇش قارشى ئالغان بۇ ئائىلە قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكتىن ئېسەنگىرەپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. خېرىدارلار ئۇلاردىكى بۇ خىل روھىي ھالەتنى «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ» دېگەن ئەندىشە بىلەن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ بىلىشتى.
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كامىلجانمۇ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان ھالدا مەھەللىدە پەيدا بولدى. ئۇ ھېچ كىشىگە قارىماستىن ئۇدۇللا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈنگىچە تالا - تۈزدىمۇ كۆرۈنمىدى. قارا سىرلىرى ئۆچۈپ قالغان يوغان دەرۋازىسىمۇ ئېچىلمىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل بىنورمال روھىي ھالەتتىن مەھەللىدىكىلەر ھەيران قالدى.
— كامىلجاننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇغۇ؟
— سولاقخانا دېگەن بوش يەر ئەمەس، ئانا - مانىسىنى كۆزىگە ئۇبدان بىر كۆرسىتىپ قويغان بولسا، ئادەم بولغاندۇ ئەمەدى؟
— ئەسلىدىمۇ يامان ئەمەس بىرنېمە ئىدى، ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بوپتۇ دېگەندەك، قوشنىسىنىڭ قوش كۆرۈنۈپ، شۇنداق پوقنى يەپ سالغان گەپ.

ـــ نېمە ئامال، بىر ئازماس خۇدا دەپتىكەن، بەندە دېگەن بە-زىدە جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ شۇنداق ئېزىپ قالىدۇ. شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن پاناھ تىلەيلى، جامائەت...

قاينۇقلۇقلار ھەرنېمىلەرنى دېيىشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كاملجان ئۆيىدىكى مەيزاپ كۆپلىرىنى بىر ھارۋىغا بېسىپ مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى چوققا دۆڭگە ئېلىپ باردى ـ دە، ھەممىنى چېقىپ تاشلىدى. پارە ـ پارە بولغان كۆپلەردىن تۆكۈلگەن مەيزاپلار دۆڭنىڭ يانباغرىغا سەلدەك ئاقتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ساتىراشلىق سايمانلىرى سېلىنغان كىچىك ساندۇقچىسىنى يېنىغا ئېسىپ بازارغا كەتتى.

قاينۇقتىكى مەيزاپ بازىرىنى داۋۇت مەيچى يەنە ئىگىلىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا كاشىلا قىلىدىغان، چۆپقەت تالىشىدىغان ھېچكىم قالمىغانىدى. ئەمما، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا شۇبھە بىلەن قاردى. كاملجاننىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈنلەرنى ئۇنىڭدىن كۆرەتتى. چۈنكى، ساقچىلارغا مۇشۇ خەۋەر بەرمىسە، باشقىلارنىڭ نېمە ئىشى؟ مەنپەئەت تالىشىدىغانلار بۇ ئىككىسى بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە باشقىلارغا ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنى يوق دەپ قارىشاتتى. «ئىككى قوچقار ئۇسۇشسە، بۆرىگە پايدا» دېگەن شۇ ئىدى. چېقىمچىلىقنى ئەڭ يامان كۆرىدىغان قاينۇقلۇقلار بىلەن داۋۇت مەيچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ شۇ ئىشتىن كېيىن بارغانچە يىراقلاپ كەتكەنىدى.

مەيزاپ بازىرىنىڭ قايتىدىن ئۆز ئىلكىگە ئۆتكىنىدىن بىرئاز خۇشال بولغان داۋۇت مەيچىنىڭ ئۈمىدكە تولغان كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭكىگە كېلىدىغان ئىچەرمەنلەرنىڭ يەنىلا تايىنى يوق ئىدى. ئاشۇ ساقىلىغا توكۇرۇپ، بىر پىيالە ئىچە ـ ئىچمەيلا «ئاللا يارىم»نى غىڭشىپ، سۆزلەپ قالىدىغان بىرنەچچە قېرى ئىچەرمەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، كاملجاننىڭكىدىن كەتمەي يۈرگەن سىيدام نوچىلاردىن بىرسىمۇ يوق ئىدى.

«قانداق بولغىنى بۇ ؟ ـــ ئۆزىچە جىلە بولۇپ، يول بىلەن

ھويلا ئارىسىدا تەمەدە قاتراپ يۈرگەن داۋۇت مەيچىنىڭ بۈگۈنمۇ ئەرۋاھى ئۇچتى. كېلىدىغانلار بارغانچە ئازلاپ بارماقتا ئىدى، — مەن نېمە قىلدىم بۇ پەسەندىلەرگە؟ كامىلۋايغا قارا تۇتقانىدەك، بىزنىڭ بوسۇغىدىن ھېچبىر ئاتلاي دېمەيدۇغۇ؟ ياكى مەن ئۇلارغا مەيزاپىنىڭ ئورنىغا ئېشەك سۈيدۈكى قۇيۇپ بەرمىسەم، شۇنداقمۇ چاندۇرامدۇ كىشى؟ ئىسىت، ئىسىت، كامىلجان، سەن ئۆزۈڭگە-مۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ. ئاخىر بېرىپ ئىككىلىمىز ۋەيران بولامدۇق ئەمدى؟ بىر يېرىم مىڭ كويلۇق مەيزاپىنى مەنمۇ چوققا دۈگىدىن ئېقىتىۋېتەيمۇ ـ ھە؟ بۇ قىپقىزىل زىيانغا كىم ئىگە بولىدۇ؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاش پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوچاققا سالايمۇ؟»

داۋۇت مەيچى ئاخىر ھارغىن بەستىنى يەنە شۇ ئۇجمە كۆتە-كىنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى. ئۇنىڭ چېكىسى قورۇلۇپ، بويۇن تو-مۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى. ئۆيئىچىدىن ھېلىقى قېرى مەست-نىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— دا... ۋۇتۇم، قې... قېنى سىلە...

داۋۇت مەيچى ئەڭ ئاخىرقى بۇ چۆپقىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قې-لىشتىن ئەنسىرەپ ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇردى ۋە قازناققا كىردى.

— دا... ۋۇتۇم، مۇشۇنداق... مۇشۇنداق... ئىچىۋېرىمىزما؟ بۇ مەيزىپىڭ بىزنى نەگە ئاپاردى ـ ھە؟ ئۇنى ئىچىپ ئەرشئەلاغا چىقتۇقمۇ؟ خان ئامبىلى بولدۇقمۇ؟ ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوق ئىچىۋېرەمدۇق ئۇكا؟ يۈرەكنى ياشارتىدىغان قىز ـ پىزلىرىڭ يوقمۇ مانداق... — ئېغىزىدىن شالى قۇيۇلۇپ، يۈزلىرىنى ئۆمۈ-چۈك تورى تارتقانىدەك تىلىم ـ تىلىم قورۇق باسقان، كىيىملى-رىنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى پەرق ئېتىش تەسكە توختايدىغان ئات-مىش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئىچەرمەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەستا، كېرىمكا، بىر پۇت گۆرگە ساڭگىلىغاندا، ئېغى-زىڭدىكى چىشىڭنى سانىماي قىز غەلۋىسى قىلغىنىڭ نېمىسى؟ — داۋۇت مەيچى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغان بولۇپ گەپنىڭ پەدىسىنى

يۆتكىمەكچى بولدى.

— سەن... سەن نېمىنى بىلىسە... ن، ئادەم مۇشۇنداق قىې-رىغاندا...خو... خوتۇنغا ئا... ئالامەت ئامرا... ق بولىدۇ. قېنى ئۇكا، قىز... بىر قىز...

— ھەي كېرىمكا، بۇنداق چاغدا ساڭا قىز ئەمەس، ئون ئىككىنى تۇغقان قېيىنئانامۇ ئارتۇقلۇق قىلىدۇ، بېشىڭنى كۆ-تۈرۈپ بولغۇچە قوڭۇڭ سالامغا تۇرىدىغان بولۇپ قاپسەن، پۇتلى-رىڭمۇ يۆگىمەچ ئوتتەك يۆگىشىپ تۇرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى شەي-تىنىڭنى باس ـ دە، مەيزىپىڭنى ئىچ!

— نېمە، ماڭا مەيزاپ سا... تارىڭدا مېنى قېرى دېمەيسەن، قىز گېپىنى قىلسام بوۋاڭدەك كۆرۈندۈمما؟ قېنى... با... يىلا بىرسى لىپپىدە ئۆتۈپ... كەت... كەندەك قىلدىيا؟ ساقىلىمغا قا... قارىماي كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارا، نېمىنى كۆردۈڭ؟ بىر پارچە ئوت... ھە، بىز قېرىمىدۇق. قىز ئوينايمىز، قىز... قوش-ناڭنىڭكىدە خېلى پەيزى بارلىرىدىن كۆپمىشقۇ؟

داۋۇت مەيچى چۆچۈپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ قېرى جېنىدا كا-مىلنىڭ ئۆيىدىكى ئويۇن ـ تاماشىلاردىن خەۋەر تاپقىنىنى، ئۇ-نىڭمۇ ئاشۇ يەرگە ئۇسساپ تۇرغىنىنى ئويلىغىنىدا سەپراسى قايتىدىن ئۆرلىدى.

— ھەممىسى شۇنىڭ كاساپىتىدىن، — دېدى ئۇ كېرىم بوۋاينىڭ مۇرىسىدىن بېسىپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ، — شۇ قىلغىنى ئۈچۈن تۇرمىگە كىردى، تۇرمىگە !

— ئوغۇل بالىنىڭ كىرىدىغان يېرى ئۇ، — كېرىم بوۋاي مەيدىسىگە مۇشتلىدى، — مانا بىزمۇ ئاشۇ يەرنىڭ ئون ئىككى يىللىق مېھمىنى! ياشاۋاتىمىز، ئىچىۋاتىمىز. ئۆلمىدۇق تېخى... قىز قېنى؟

— ئەستا كېرىمكا، مېنى ئەجەب تەڭلىككە سېلىۋاتىسەن، ئەمدى بۇ چاغ بولغاندا مەن ساڭا نەدىن قىز تاپىمەن؟ بۇگۈن بولدى قىل، ئەتىگىچە...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەتىگىچە سىنىڭكىگە كەلمىسەممۇ بازاردا تولا گەپ ئۇ. ئاسىيخاننىڭ دۇكىنىغا شۇنداق قاراپ قويساق، بەش - ئالتىسى سەپ تارتىدۇ، ئۇكا.

داۋۇت مەيچىنىڭ ئەنسىرىگەن ئىشى ئاخىر يۈز بەردى. بىر ئىچكى جاراھەت ئۆزلۈكىدىن قانىدى. ئۇ كىشىلەردىن «شەھەرنىڭ بىر چېتىدە، ئاسىيخان شىياڭگاڭنىڭ دۇكىنى بار، ئاشۇ يەردە ئېغىزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان قىز تاپقىلى بولىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى. مانا، ئەتىسىنىڭ بار - يوقلۇقىغا ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر قېرى جېنىدا ئاسىيخان شىياڭگاڭنىڭ دۇكىنىنى سېغىنىۋاتىدۇ. بۇ كەمىنىڭ ئادەملىرىگە نېمە بولغاندۇ؟ شارابقا ئېغىز تەگدىمۇ، بولدى، ھەممىسى بىرسى ئۇۆگىتىپ قويغاندەك قىز جېدىلى قىلىشىدۇ. قارىسالىڭ، ھەممىسى ئۇخلاپ ياتقان شەيتىنىنى ئويغىتالماي، ئۆزىگە تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن زىمات قىلىۋاتقان، ئېغىزىدىن شالى ئېقىپ تۇرسىمۇ، يەنە سۈيدۈك پۇرىشىدۇ. قانداق جاھان بولۇپ كەتتى بۇ؟

داۋۇت مەيچى ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ سىرتقا چىقتى ۋە ئايالىنى چاقىردى.

— ماۋۇ دوزاخ شوتىسى قېرى ئەجەب چىشىمنى قېرىشتۇرۇۋاتىدۇ. مەن سىرتلارنى بىر ئايلىنىپ كېلەي، سەن ئۇنى - بۇنى دەپ يۇرۇپ مەيزاپتىن تازا ئىچۇرگىن - دە، كۆكىنى ئوبدان يۇلۇپ يولغا سېلىۋەت. ھېساب قەتئىي نېسى قالمىسۇن.

— بۇ كەچتە نەگە بېرىپ يۇرىدىلا؟ ياخشىسى ئۆيدە ئولتۇرسىلا، مەن قورقىمەن...

— قورققۇدەك نېمە ئىش بار؟ مەن دېگەندەك قىل.

— ئەمىسە تېزرەك قايتىپ كەلسىلە، ھايال بولمىسىلا.

— نېمە، قېرىغاندا مېنى بىرسى ئۆيىگە سولىۋالامدىكەن؟ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن.

ئۇ ئاستا مېڭىپ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى توپىلىق يولغا چىقتى. سۇتتەك ئايدىڭ كېچە، ئىزغىرىن شامال بىر خىلدا شىڭىلداپ

تۇراتتى. ئۇ نېمىشقىكىن كامىلجاننىڭ ھويلىسى تەرەپكە قاراپ قويدى. خېرىدارسىز قالغان بۇ ئۆي خۇددى مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىگە - چاقىسىز مومايدەك غېرىبسىنىپ قالغانىدى. ئۆيئىچىدىن سۇس يېنىپ تۇرغان چىراغ يورۇقى كۆرۈنەتتى. ئاشۇ ئاجىز نۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئۆيدە ھاياتلىققا تەۋە ھېچ نەرسە قالمىغاندەك ئىدى.

ئۇ كورەك جۇۋىسىغا ئوبدان چۈمكىنىپ، بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە مەھەللىنىڭ سىرتىغا تۇتىشىدىغان يالغۇز ئاياغ يولغا چىقتى. توپىلىق يول خۇددى قۇملۇققا تاشلانغان يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن تولۇن ئاينىڭ سۈتتەك نۇرى ئاشۇ ئەگرى - بۈگرى يولدا ئۇششاق تەڭگە گۈللەرنى ھاسىل قىلىپ، يولنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى ئوبدانلا يورۇتۇپ تۇراتتى.

داۋۇت مەيچىنىڭ نېمىشقىكىن بۈگۈن ئوبدانلا خۇمارى تۇتقانىدى. بىر قاپاق مەيزاپنى ئىچىپ مەست بولۇپ، تازا قېنىپ بىر يىغلىۋېلىپ، نەچچە يىلدىن بېرى يىغىلىپ قالغان بارلىق كۆڭۈل ئاغرىقلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلۇشنى ئويلىدى. لېكىن، ئۇ بۇ كەيپنى يالغۇز قىلىپ كۆنمىگەنىدى. ئەمما، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇپ، بىللە ئىچىشىپ بېرىدىغان ئۆلپىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ دۇنيادا ئۆزىنى تىكەندەك يالغۇز ھېس قىلدى. شۇڭا، ئاياغ سەۋداسىنى كېسىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشىپ، بۇ كېچىنى يالغۇز ئۆتكۈزۈشنى خالاپ قالغانىدى.

يىراق - يىراقلاردا، قارىيىپ كۆرۈنگەن ئورمانزارلىقلار ئارىسىدا سۇس يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. كېچە قانچە قاراڭغۇ بولغانسېرى بۇنداق چىراغ يورۇقلىرى شۇنچە جۇلالىق، شۇنچە نۇرلۇق بولۇپ كېتەتتى. ئادەمنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە تەسەللى، قاراڭغۇ دىلىغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان بۇنداق يورۇقلۇق نەقەدەر سۆيۈملۈك - ھە؟! داۋۇت مەيچى ئاشۇ ئەلەڭگۈلەپ يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرىغا يىراقتىن بىردەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

«يالغۇزلۇقۇڭغا، مىسكىنلىكىڭگە تەسەللى بولالايدىغان ئاشۇ چىراغ يورۇقىدىن باشقا نېمەڭ قالدى ئەمدى داۋۇتۋاي؟ مەيزاپخانا ئاچقىنىڭدىن نېمە پايدا كۆردۈڭ؟ تاپقىنىڭ پاتمانلاپ كۆڭۈل زېدىسى. ھەرھالدا بىرەر ئورامدىن موخوركا سۇنۇشۇپ، ئەتىسى - ئاخشىمى گۇڭگۇر - مۇڭگۇر سوقا سۆھبەتلەرنى قۇرۇپ، سۇنۇق كۆڭۈللەرگە تەسەللى بېرىشىدىغان قوشناڭدىنمۇ؟ ئېغىرىڭنى تەڭ كۆتۈرۈپ، يىغاڭنى بىللە يىغلايدىغان جامائەتتىنمۇ ئايرىلدىڭ. مانا، قۇرتلۇق ئىتتەك ئىنىڭدىن چىقالماي ياتىسەن، ھالىڭ نېچۇك دەيدىغان ئادىمىڭمۇ يوق، ئەمدى بۇ جاننى قەيەردە قويۇپ، بۇلغانغان يۈزۈڭنى نەدە پاكىزلايسەن، داۋۇتۇم؟!»

بىردىنلا ئۇنى يىغا تۇتتى. ئۇ ئېچىشىپ تۇرغان يۈرىكىنى قاماللىغىنىچە يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمانغا بېقىپ، خۇددى كۆچۈكلىرىدىن ئايرىلغان ئانا بۆرىدەك ھۆۋلىدى. يىغلاپ - قاقشىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تولىمۇ ھەسرەتلىك، تولىمۇ ئازابلىق پۇشايمان ياشلىرى سەلدەك قۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئاھۇ - پەريادىغا چىدىمىغاندەك، پارلاپ تۇرغان تولۇن ئاي ئۆزىنى بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئاتتى.

داۋۇت مەيچى كورەك جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى. مۇزدەك سوغۇق شامال ئۇنىڭ ئوتقا قاقلىغان داپتەك چىڭ، چوپۇر باسقان قاتمال كۆكسىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئوت كەتكەن يۈرىكىگە ئازراق ئاراملىق بەرگەندەك قىلدى. ئۇ ئېغىزىنى چوڭ ئاچقىنىچە تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ، ئاشۇ يالغۇز ئاياغ يول بىلەن جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىگە چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى.

مەھەللە تەرەپتىن خورازلارنىڭ بەس - بەستە چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ئاۋۇ بوم ئاۋاز، — دەپ ئويلىدى داۋۇت مەيچى ئەتراپتىن

كېلىۋاتقان بۇ ئاۋازلارنى تونۇپ باقماقچى بولغاندەك، — تالىق ئاخۇننىڭ چار خورىزى شۇ، كاساپەت، ئۆتكەن يىلقى ئەلنەغمىدە قاسىم مىراپنىڭ مىڭ كويلۇق داڭلىق خورىزىنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتكەنىدى. ھە، ماۋۇ يىغلىغاندەك چىققىنى مەسۇمخان يوبداننىڭ مېكىجىن خورىزى شۇ. ھە، ئۇياقتىن كېلىۋاتقىنى ئابدۇغۇپۇر قارىمنىڭ ئالتۇن پەيلىك ئەنجان خورىزى. كاساپەتنىڭ پەيلى يامان، خۇددى ئىگىسىدەكلا ئادەمنى چوقۇشقا تەييار تۇرىدۇ.»

ئۇ مەھەللە ئاسمىنىدا ياڭرىغان مىڭلارچە خوراز ئۈننى بىرھازا پەرق ئېتىپ كۆردى. ئەمما، بۇ ئۇرۇنۇشلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قايغۇ تۇمانلىرىنى تارقىتىۋېتەلمىدى. نېمىلا قىلمىسۇن، قانداق ئويلىمىسۇن، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ھۇۋۇلداپ تۇرغان بىر مۇدھىش سوغۇقلۇق، تىكەندەك يالغۇزلۇق، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بولغان چارىسىزلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ ئاشۇ روھىي ھالەتتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ كۈنى قىزى بىلەن خوتۇنىنىڭ جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان سوئاللىق كۆزلىرى چىمچىقلاپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. «بۇ ئىشنى سىلى قىلدىلىمۇ؟» دېگەن سوئال ھېلىھەم ئۇنىڭ ئوت بولۇپ كۆيۈشۈۋاتقان يۈرىكىنى ئامبۇردا قىسقاندەك ئازابلايتتى.

ئەھلىمەھەللە ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر ئۆيدىكى ئادەمنىڭ ئىشەنچىدىن قېلىشمۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىش — دە! ئاشۇ كۈندىن بۇيان ئۇ ئايالىنىڭ گەپ — سۆزلىرىدە تاغدەك ئېغىر بىر ۋەزىنى بايقاپ قالدى. ئەكسىچە ئۆزىنىڭ بىر باش پىيازچىلىكمۇ قەدرى قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئايالىنىڭ كۆزىگە قارىغىنىدا، ئۆزىنىڭ قانچىلىك پەسلىشىپ كەتكەنلىكىنى سېزىۋالاتتى. كىچىككىنە سودىنى دەپ قىلىپ قويغان قارا يۈزلۈكىنى ئويلىسا، ئۆزىنى قويغۇدەك يەر تاپالمايلا قالاتتى.

داۋۇت مەيچى تەلپىكىنى قولىغا ئالدى. سۈتتەك ئاي نۇرىدا

ئۇنىڭ بېشىدىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ ئاشۇ سوغۇق يولدا قەدىمىنى بارغانسېرى ئىتتىكلىتىپ، قانداقتۇر بىر ئىشقا ئۈلگۈرۈپ بارمىسا بولمايدىغاندەك كېتىۋاتاتتى.

خورازلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا زېمىن ئەڭ قاتتىق ئۇيقۇسىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئەتراپتىن خۇددى بەسلەشكەندەك چىللىشىۋاتقان خورازلارنىڭ ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممە يەر گۆرستان جىملىقىغا چۆمگەنىدى. ئاشۇ ئۆلۈمگە تەڭ قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىش ئۈچۈن خورازلار ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك كۈچەۋاتقاندەك جەھلى بىلەن چىللىماقتا ئىدى.

ھېرىپ جۈلۈقى چىققان داۋۇت مەيچى ئاستا كەينىگە ياندى. ئۇ ئەمدى قايتىپ بارمىسا ئايالى ۋە قىزىنىڭ يولغا قاراپ تىك ئولتۇرىدىغانلىقىنى يادىغا ئالغانىدى. «بىرىمىزنىڭ ۋىجدان ئازابىدىن قىينالغىنىمىزمۇ يېتەر» دەپ ئويلىدى داۋۇت مەيچى خورسىنغان ھالدا. ئۇ قېنىپ بىر يىغلىۋالغىنى ئۈچۈن كۆڭلىدىكى ئازابلىرىنى بىرئاز يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇزاقتىن بېرى ياش تۆكۈپ باقمىغان كۆزلەر روشەنلىشىپ، ھەممە نەرسىنى شۇنداق ئېنىق كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى.

قاينۇق مەھەللىسى يېڭى بىر تاڭنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى. شەرق ئاسمىنى بارا ـ بارا سۇزۇلۇپ، بېلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. داۋۇت مەيچى ئۆزىنىڭ قانچىلىك ماڭغىنىنى، نەلەرگە بارغىنىنى سەزمىگەن ھالدا مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. بازاردىكى رادىيو كانىيىدىن تېكىستىنى ئۇققىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر ناخشا كاركىراپ ئاڭلانماقتا ئىدى. دەل شۇ ناخشا بىلەن بەسلەشكەندەك، قاينۇق ئاسمىنىدا بارات مەزىنىنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالدىكى مۇڭلۇق ئەزان ساداسى ياڭراشقا باشلىدى.

ئۇ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگىنىدە قانداقتۇر بىر كېلىشمەس-

لىكىنى سەزگەندەك، يۈرىكى جىغىغىدە قىلىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، قازناق تەرەپتىن ئايالنىڭ ئەللەي ناخشىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يىغا ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى. ئۇ خۇددى قىزى كىچىك ۋاقىتلاردا ئۇنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئەللەي ناخشىسى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك مۇڭلىنىپ، قوشاق قېتىپ يىغلىماقتا ئىدى. يىغىدىن ئاۋازى پۇتۇپ كەتكەن ئايالنىڭ ئۈنى خىرقىراپ چىقاتتى.

ئۇ تەلپەكنى قەيەرگىدۇر چۆرۈۋېتىپ، ئۆزىنى قازناققا ئاتتى. كۆردىكى، ئايجامال قازناق سۇپىسىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە بىر ئاق ياغلىق يېپىپ قويۇلغانىدى. ئانا قىزىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ھازا ئاچماقتا ئىدى.

— نې... نېمە بولدى؟ — جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى داۋۇت مەيچى. ئەمما، ئۇنىڭ سوئالىغا ئايالىدىن جاۋاب بولمىدى. ئايال ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا يىغلايتتى:

— ئون گۈلۈڭنىڭ بىرسى ئېچىلماي، بوران سوققان چېچەكتەك توزۇدۇڭغۇ، قىزىم. مەن بىچارىنى نېمە بولسۇن دېدىڭ، قىزىم، مەيچى داداڭدىن تويدۇڭمۇ، قىزىم، يۇندىكەش ئاناڭدىن تويدۇڭمۇ، قىزىم. بۇ دۇنيانىڭ خورلۇقىدىن، ئۇ دۇنيانىڭ خوۋلۇقىنى ئىستىدىڭمۇ، قىزىم...

ئانىنىڭ يىغىسى ئېچىنىشلىق، بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇنىڭ ھازا قوشىقىدا مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىردىنبىر پاجىئەسى تولۇق ئەكس ئەتكەنىدى. داۋۇت مەيچىنىڭ يالغۇز - يېگانىلىكى، دىلىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن نۇرغا تەلپۈنگەنلىكى، ھاياتقا بولغان ئوتتەك مۇھەببىتى ۋە تۇرمۇشقا بولغان چەكسىز چۈشكۈنلۈكى ئىپادىلىنەتتى. بۇ ھازا قوشىقىغا ئۇنىڭ مۇشۇ ئاخشام قاينۇق ئەتراپىدا كېزىپ يۈرۈپ ئويلىغان ھەننىۋا ئازاب - ئوقۇبەتلىرى مۇجەسسەم ئىدى.

ئۇ ئاستا بېرىپ قىزىنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى كۆتۈردى. لامپۇچكىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ ئاق خەسىدەك تاتىراڭغۇ يۈزلىرى پارقىرىدى، ئۆرۈكسىز چاچلىرى سامان تەكىيە ئەتراپىدا سويلاپ

تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەندەك كۆ-
رۈنەتتى. ئاشۇ كۆزلەرنىڭ مەڭگۈلۈككە يۇمۇلغىنىغا ئادەمنىڭ
ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— نېمە بولدى؟ نېمە ئىش بۇ؟ قىزىمىز قانداقسىغا... —
ئۇ خوتۇنىدىن يېنىش - يېنىشلاپ سورىدى. ئەمما، ئايالنىڭ قۇ-
لىقى گاس بولۇپ، كۆزى كۆرمىگەندەك، ئالدىدا بىرنېمىلەرنى
سوراۋاتقان ئېرىنىمۇ كۆرمىدى، نېمە دېگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىمى-
دى. ئۇ بارغانسېرى ئېزىلىپ، بوغۇلۇپ يىغلىماقتا ئىدى.

تاڭ ئاتتى. قاينۇقلۇقلار يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋالدى. ئو-
قەتچىلەر ئاۋۋالقىدەك غالتەك هارۋىلىرىنى غىچىرلىتىپ بازارغا
مېڭىشتى. ئۇلار داۋۇت مەيچىنىڭ ئۆيىدىكى هازىنى ئاڭلىمىغاز-
دەك ئىدى. مەهەللىدە ئىتلار هاۋشىپ، ئېشەكلەر جەهلى بىلەن
هاڭرىشاتتى. ئايروپىلاندەك گۈرۈلدەپ مەهەللىنى بېشىغا كىيى-
دىغان موتوسىكلىتلارمۇ زۇۋانغا كەلگەنىدى.

داۋۇت مەيچىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر تېمىممۇ ياش چىقمىدى.
چۈنكى، ئۇ يىغلايدىغان يىغىسىنى كېچىچە يۈخادىن چىققۇدەك
يىغلىۋالغانىدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ پاجىئە ئۇنىڭغا چىدىغۇ-
سىز قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا قانداق قىلىشنى بى-
لەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىلگىرىلەردە بىر ئۆيدە مۇسىبەت
بولسا هەممەيلەن يوقلاپ كىرىپ، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى قول -
قولدىن تالىشىپ قىلىشاتتى. هازىدارغا يىغلاپ هازا ئېچىشتىن
بۆلەك هېچقانداق ئىش قالدۇرۇلمايتتى. مانا، تاڭ ئېتىپ، كۈن
خېلىلا بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ، داۋۇت مەيچىنىڭ ئۆيىگە
هېچكىم پەتىلەپ كىرمىدى. قىزىنىڭ بېشىدا خۇددى ياغاچتىن
يونۇپ ياسالغان قورچاقتەك ئولتۇرغان داۋۇت مەيچى يالغۇزلۇق-
نىڭ، غېرىبلىقنىڭ ئاچچىق شارابىنى يەنە بىر قېتىم تويغۇدەك
ئىچتى. دۇنيادا ئادەم بالىسى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئېغىر كۈن بول-
ماس! ئۆلۈپ ياتقان قىزىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگۈدەكمۇ ئادەمنىڭ
چىقماسلىقى ئۇنى بەكلا تۇگەشتۇرۇۋەتكەنىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈن چۈش بولدى. بۇ ئۆيگە قاينۇقلۇقلاردىن ھېچكىم كە-رىپ قويمىدى. ئانىنىڭ يىغىدىن ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەنىدى. داۋۇت مەيچىمۇ قىزىنىڭ بېشىدا مۈردىدەكلا قېتىپ ئولتۇراتتى. ئىككى گەۋدە ــ ھەسرەتلىك ياش تۆكۈۋاتقان ئانا، پۇشايمان گۈلخانىدا چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئاتا ــ بىر - بىرىگە قاراپ باش چايقىشاتتى. قىيامەتكە تەڭ بۇ ئېغىر كۈننىڭ ئۆز بېشىغا كەل-گەنلىكىگە ئۇلارنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما، بۇ كۈن راستلا ئۇلارغا قۇچاق ئاچقانىدى.

بىر چاغدا بوسۇغىدا ئىككى گەۋدە پەيدا بولدى. داۋۇت مەيچى بىلەن ئايالى ئىشىك تەرەپكە قاراپ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى، ئىشىكتىن كامىلجان بىلەن قارىلىق كىيىم كىيگەن ئايالى پەتلەپ كىرگەنىدى. تەنھالىق، غېرىبلىق ئىس-كەنجىسىدە قىينىلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەۋاتقان بۇ ئەر - خو-تۇن بۇ ئاددىي كۆلبىسىگە خىزىر كەلگەندەك خۇشال بولدى. كا-مىلجاننىڭ ئايالى ئېچىنىشلىق يىغا سالغىنىچە داۋۇت مەيچىنىڭ ئايالىنى قۇچاقلىدى. ئىككى ئانا قايتىدىن ئېزىلىپ، ھەسرەتلىك يىغىسىنى باشلىۋەتتى. كامىلجان ئاستا كېلىپ داۋۇت مەيچىنى قۇچاقلىدى. دەل شۇ چاغدا داۋۇت مەيچىنىڭ چويۇندەك قېتىپ كەتكەن قەلبى شۇررىدە ئېرىپ، ئۇ يەردىن قاسراقتا ئوخشايدىغان بىرنەرسە سويۇلۇپ چۈشكەندەك بولدى. ئۇ كامىلجاننى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ بۇ يىغىسىنى قىزىنىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنىپ يىغلاۋاتامدۇ ياكى ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا ئېچىنىپ يىغلاۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى.

ــ قانداقسىغا... قانداقسىغا ساپساق بىر قىز ئۆلۈپ قالدى؟ ــ سورىدى كامىلجاننىڭ ئايالى ئېسەدەپ تۇرۇپ، ــ تېخى تۈنۈ-گۈنلا ئۇنى كۆرگەندەك قىلغانىدىمغۇ؟ ئەجەب بىر...

ــ نېمىسىنى سورايلا قوشنام، ــ ئايال ئۆكسۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، ــ ئاخشام ماۋۇ توڭگۇز پۈشتى سىرتنى ئايلىنىپ كېلىمەن دەپ يەر يۇتقاندەكلا يوقاپ كەتتى، بىر چاغ بولغاندا

گەۋدىلىك، قىزىل كۆز بىر ئوغرى مەيزاپ ئىچكىلى كەپتۇ، ئازراق ئىچىپ كەلگەنمىدىكىن، سەل لەيلەپ بىر ئىزىدا تۇرالماي قالغانىكەن. ئۆيدە ئەر كىشى بولمىغاندىن كېيىن «مەيزاپ يوق» دەپ تۇرۇۋالدۇق. ئەمما، ئۇ كەتكىلى ئۇنىماي ئۆيگە كىرىۋالدى. ئاخىر بولماي، مەيلىلا، ئىچسە شۇ ئېشەك سۈيدۈكىدىن ئازراق ئىچىپ كېتىپ قالار دەپتىمەن. ئۇ دۆيۈزنىڭ ئاللىقاچان قىزىمغا كۆز تاشلىغىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟ «بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ» دېگىنى شۇ ئىكەن، ئوخشىتالمىغان شۇ تىجارەتنى دەپ بېشىڭغا چىقتىمغۇ، قىزىم، ۋاي قىزىم، تاتلىق قىزىم...

— كېيىنچۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى داۋۇت مەيچى پوتلىسىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ.

— كېيىن، كېيىن، ئۇ ھارامزادە ماڭا ئۇنى - بۇنى بۇيرۇدى، يېتىشىپ بولالماي قىزىمنى ياردەمگە چاقىرىپتىمەن. بىر چاغدا توخۇ قوردىقى قورۇۋاتسام قىزىمنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ يۈگۈرۈپ چىقسام قازاناقنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ئېتىۋاپتۇ. قىزىمنىڭ نالىسى... مېنى چاقىرىشلىرى، يىغلاپ يېلىنىشلىرى... نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي ئۆينىڭ ئىچىدە بىرنەچچىنى پىرقىرىدىم. ئىشكنى ھەرقانچە تېپىپمۇ، مۇشتلاپمۇ زادىلا ئاچالمىدىم. ئاخىر بۇ يارامسىزنى ئىزدەپ سىرتقا يۈگۈردۈم، دىگىلداپ يۈرۈپ كانىيىم يىرتىلغۇچە ۋارقىراپ قىچقاردىم. قاينۇقنىڭ كوچىلىرىنى قېزىۋەتتىم، يەردىمۇ، ئاسماندىمۇ يوق. بىر چاغدا قايتىپ كىرسەم ئۇ دۆيۈز قۇيرۇقىنى خادا قىپتۇ، قىزىم نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى ئېسىۋاپتۇ... ۋاي قىزىم، سېنىڭ بېشىڭغا بىز چىقتۇق، قىزىم. ئاناڭ ئۆلسۇن، قىزىم، داداڭنى يەر يۇتسۇن، قىزىم...

— بۇ ئەسلىدە ئاشۇ نائەھلىنىڭ قىلغان ئىشىكەن - دە، — كامىلجان يەرگە قارىغىنىچە پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ ئاخشام بىزنىڭكىگە كەپتىكەن، ئىشكنى خېلىلا قاققان بول-

سىمۇ ئاچمىغانىدىم. چۈنكى، مەن ئاللىقاچان بۇ ئىشتىن قول يۇيۇۋەتكەن ـ دە.

— كىمۇ؟ — داۋۇت مەيچى ئىتتىكلا سورىدى.

— ھېلىقى پور كۆتەك شۇ.

بۇنى ئاڭلاپ داۋۇت مەيچىنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى. كۆز ياشلىرى بوراندەك قۇيۇلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنى كونا چاپاندەك چۆرۈپ ئاتقان ئاشۇ پور كۆتەكنىڭ ھىجىيىپ تۇرغان چىرايى قايتىدىن پەيدا بولدى. ئۇ مۇشتلىرىنى تۈگكىنىچە ئورنىدىن تۇردى. كامىلجان ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى چۈشەنگەندەك كاپپىدە بىلىكىنى تۇتۇۋالدى.

— ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرمەيلى، داۋۇتاخۇن، سورىقىنى ھۆكۈمەت قىلىدىغان ئىش بۇ، ئۇ نېمە قانات چىقىرىپمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى، مېيىتنى يەرلىككە قويۇشنىڭ ئامالىنى قىلايلى، راست گەپنى قىلسام، ھەر ئىككىمىز بۇ يەردىكىلەرنىڭ غەزىپىگە، قارغىشىغا كەتكەن ئادەملەرمىز. شۇڭا، بۇ پالاكەتلەردىن قۇتۇلمىقىمىز ئاسان ئەمەس. ئۆتكەنگە سالاۋات، مەن چىقىپ ئابلىز قارىينى ئىزدەپ باقاي، بالىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكىمۇ ئادەم كېرەك ـ دە. قالدىسىنى بار مەسلىھەت بىر ئىش قىلارمىز...

كامىلجان ھەممەيلەنگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن بېشىنى سالغىنىچە ئاستا سىرتقا ماڭدى.

قاينۇقنىڭ بۇ يىلقى قىشى ھەرقانداق بىر يىلدىكىگە زادىلا ئوخشىماي قالدى. كۈندۈزلىرى ھارارەتسىز قۇياش دۈشمەننىڭ كۈلكىسىدەك ئاندا ـ مۇندا جىلمىيىپ تۇرغان بىلەن، سوغۇق شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى، تاڭ ـ تاڭ مۇزلىغان يەرنىڭ بىر قات ئېتى يېرىلىپ، چويۇندەك قېتىپ كەتكەنىدى. كۈننىڭ پېشىنگە بېرىپ قالغىنىغا باقماي كوچىلاردا ئادەم شالاڭ ئىدى. مۇزلىغىنىدىن تۈكلىرى پاخپىيىپ، قۇيرۇقى چات ئارىسىغا قىستۇرۇلغان لالما ئىتلار كوچىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە بىرنېمىلەرنى تى-

مىسقىلاپ يۇرۇشەتتى. بىر پۇتىنى تۇكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ، بىر پۇتىدا يەر دەسسەپ تۇرغان خورازلار ئۇيقۇغا كەتكەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشقانىدى. سوغۇقنىڭ شۇنچە قاتتىق بولۇشىغا قارىماي تېخىچە تۇنجى قار ياغمىغانىدى. قارنىڭ ياغماسلىقى ئاپەتتىن بېشارەت، دېيىشەتتى كونىلار. ئەمما، قانداق ئاپەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قاينۇقلۇقلار داۋۇت مەيچىنىڭ ئۆيىدە يۈز بەرگەن پاجىئەنى ئاڭلىغىنىدا، ھەممە بالا - قازانىڭ شۇنىڭ بىلەن كېتىشىنى ئۈمىد قىلغاندەك بىر تۇيغۇدا ئېغىر تىنىشتى.

— خۇدانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، — دېيىشەتتى قاينۇقلۇقلار بىر يەرگە كەلگەندە، — قىلغىنىڭغا يارىشا دارامەت ئالىسەن، دەيدىغان گەپ بار. داۋۇت مەيچى قاينۇققا ئەمەس، بالىسىغا قىلدى. ئەمدى كېلىپ شۇنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىدۇ.

— قاينۇقتا ئازدۇر - كۆپتۇر شېشە - قاپاق مۇڭداشلىرى بولغان بىلەن، ئاتام زامانىسىدىن باشلاپ ھېچكىم مۇنداق شەرمەندە ئىشنى قىلىپ باقمىغان، مانا داۋۇت مەيچى باشلاپ، كامىل تورغاي دوراپ كۆرۈۋىدى، خۇدا ئۇرۇپ ئەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلىپ، بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويدى. ئىبرەت ئالىلى، جامائەت...

## 8

ھەممە جىمىدى. كىشىلەر سۆزلەپ ھاردى. ئەتراپ يەنە تىنجىپ قالدى. قاۋاپ ھارغان ئىتلار كاتىكىگە كىرىپ كېتىشتى. ۋاقىتسىز چىللاپ ئالەمنى مالەم قىلغان خورازلار مېكىيان قوغلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. قاينۇقنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بېسىقىپ، قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرى، بەرىكەتسىز كۈنلىرى بىر قېلىپتا جىمجىتلىقنى داۋاملاشماقتا ئىدى. ئارقا - ئارقىدىن ۋەيران بولغان ئىككى ئائىلە ئاشۇ مۇدھىش سوغۇق ئىچىدە ئوت - بوغۇزسىز دۇگدەرەپ ياتقان قېرى كالىدەك ھالىدىن كەتكەنىدى.

داۋۇت مەيچىنىڭ قازىنقى ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. ئوت يې-
قىلمىغان ئۆيىنىڭ ئىچىدە بوران ھۇۋلايتتى. ئاشۇ مۇسىبەتتىن
كېيىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بىچارە ئايال پەقەتلا ئۆرە
بولالمىدى. ئۇ مازلىرى تىتىلىپ كەتكەن كونا يوتقان ئىچىدە
تىنماي يۆتىلىپ ـ خىرقىراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بىرنەرسە يېگۈدەك،
داۋۇت مەيچىگە ئۇنى ـ بۇنى دېگۈدەك ھەپسىلىسى قالمىغانىدى.
قىزنىڭ جەسىتى ئىككى كۈن ساقلىنىپ، ھېچبىر قەدىر ـ
قىممەتسىزلا، خۇددى بىر ئېشەك تاپىدەك كۆمۈپ قويۇلۇشى
ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. ھەمىشە كۈلۈپ يۈرىدىغان بۇ
خۇش پېئىل قىزنىڭ ئون گۈلىنىڭ بىرسى ئېچىلماي تۇرۇپ ھەش ـ
پەش دېگۈچە قارا تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىشى ئۇنىڭغا
بىر قورقۇنچلۇق چۈشتەكلا بىلىنەتتى. شۇنداق، ئۇ مەڭگۇ ئويى-
غانغىلى بولمايدىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق چۈش ــ ئۆلۈم ئىدى...
داۋۇت مەيچى ئاستا ھويلىغا چىقىپ، ھۇۋۇلداپ قالغان ئې-
غىلنىڭ ئالدىدىن بىر قۇچاق قوناق پاسىرى كۆتۈرۈپ كىردى ـ
دە، مانتا ئوچاققا تاشلاپ سەرەڭگە ياقتى. لاپ قىلىپ يانغان قۇ-
رۇق پاسار قويۇق ئىس چىقىرىپ تۇتەپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئەم-
ما، پاسار چوغى تۇتامسىز يىگىتكە ئوخشايدۇ، دېيىشىدۇ كو-
نىلار. لاپپىدە ئوت ئالغان ئوت ـ خەس تۇزۇك ئىسسىق بەرمەيلا،
ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىغا ئوخشاش كۈلگە ئايلاندى.
كۈنلەر ئۆتمەكتە. كۈچلۈك بوراندا كۆتۈرۈلگەن دېڭىز ئۆر-
كىشىدەك قاتمۇقات كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەردىن داۋۇت مەيچىنىڭ
چاچ ـ ساقىلى ئاق رەڭدە بوياتقاندەكلا تامام ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ-
نىڭ بېلى مۈكچەيدى. كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچتى. پۇت ـ قوللىرى
قورايدەك قېتىپ، ماغدۇرسىزلىقتىن كۆز شامىلى سوققان
ياپراقتەك تىترىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا يەتمىش ـ سەكسەن يىل يا-
شىغان بوۋايغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھاياتتىن كۈتىدىغان
ھېچقانداق ئارزۇلىرىمۇ يوق ! خۇدانىڭ ئامانىتىنى بالدۇرراق ئې-

لىشىنى كۆتۈپ ياتقىنى ياتقانىدى. ئۇ بۇ دۇنياغا ئۇرۇنسىز تۇغۇلۇپ قالغان بوۋاققا ئوخشاش، مەھەللىدىكىلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنىدى. قاينۇقلۇقلار بۇ يەردە ئەزەلدىن بۇنداق بىر ئادەملەر ياشاپ باقمىغاندەك، ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. پەقەت كۈن ئارىلاپ بۇ ئۆيگە كامىلجان بېشىنى تىقىپ قوياتتى. ئايالى تاماق سۇناتتى. بىردەم ـ يېرىمدەم مۇڭدىشىپ چىقىپ كېتەتتى.

بەكمۇ ئۇزاق بىلىنگەن قىش پەسلى ئاخىرلىشىپ، ئەتراپتىن باھار ھىدى كېلىشكە باشلىغان بىر كۈنى، داۋۇت مەيچىنىڭ ئايالى كۆز يۇمدى. ئۇنىڭ نومۇس كۈچى مەھكەم بوغقان بوغۇزىدىن ئاخىرقى نەپىسى شەپىسىزلا ئۆتۈپ كەتتى. تەقدىر قىسمىتىنىڭ ئاللىقاچان شۇنداق بەلگىلىنىپ بولغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن داۋۇت مەيچى تەقدىرگە تەن بەردى. ئۇ بىر تامچىمۇ ياش چىقمىغان نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە نەچچە ئون يىل ھەمراھ بولغان ئايالىنىڭ چېھرىگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر تاشلىغىنىدا، يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتى يىرتىلىپ قانىغاندەك، ئەمدى بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ھەمراھ بولىدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغاندەك بىلىندى. كىشىلەرنىڭ بەكمۇ رەھىمسىزلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشى بىلەنمۇ كارى بولمىغۇدەك ھالغا يەتكىنىنى، مېھىر ـ ۋاپانىڭ كۆتۈرۈلۈپ، دۇنيانىڭ نەقەدەر باغرى تاش بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، ئايالىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنراق ھايات خورلۇقلىرىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولدى.

قاينۇققا باھار پەسلى شەپىسىزلا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەتراپ خېلىلا ئىللىپ قالغان، قىشچە توڭ تېزەكتەك قېتىپ كەتكەن قۇشلارنىڭ پۇت ـ قولىغا جان كىرىشكە باشلىغان بىر كۈنى داۋۇت مەيچى ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان، چۇپۇردىن توقۇلغان ئالا خۇرجۇننى مۈرىسىگە تاشلاپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا بىرپەس قارىغاندىن كېيىن ئىشىككە ـــ ياق، ھاياتتىن ئۇمىدى ئۈزۈلگەن قەلبىگە ـــ قوش مۇشتتەك

كېلىدىغان يوغان قارا قۇلۇپنى سالدى ـ دە، بازارغا قاراپ ماڭ-
دى.

— خۇدا رەھمىتى، ئىمان پاكلىقى ئۈچۈن سەدىقە تىلەيمەن، سەدىقە بالانى يەر، تۇۋا گۇناھنى... تۇۋا قىلىڭ جامائەت، بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن تۇۋا قىلىڭ، سەدىقە بالانى يەر، تۇۋا گۇناھنى، خۇدا يولىدا سەدىقە تىلەيمەن...

كوچا ـ كويلاردا، ئايماق ـ مەھەللىلەردە، مازار ـ ماشايىقلاردا تولىمۇ مىسكىن، چۆل تورغىيىنىڭ سەھەر پەيتىدىكى چۇ ـ چۇلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئاۋاز پات ـ پات ئاڭلىنىپ قالاتتى. چەكسىز پۇشايمان، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ھەسرەت ـ نادامەتلەر چوڭقۇر سىڭگەن بۇ جۇدالىق ناخشىسى داۋۇت مەيچىنىڭ تىلىم ـ تىلىم كېسىلگەن يۈرەك قېتىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقاتتى. ئەمما، شۇ نەرسە ئۇنىڭغا ئايان ئىدىكى، چىققان كۆز مەڭگۈ ئورنىغا كەلمەيتتى.

مەھەللە تىنچىپ قالدى. ھەممە بالا ـ قازا داۋۇت مەيچى بىلەن نەگىدۇر كەتكەندەك ئىدى. ئەتىسى ـ ئاخشىمى قاينۇق ئاسمىنىدا ياڭرايدىغان مەستلەرنىڭ ئالىتاغىل ناخشىلىرى، بىر ـ بىرى بىلەن تىللىشىپ، ياقا سىقىشىپ ۋارقىراشلىرى ئاڭلانمايتتى. مەھەللىدىكىلەر ئۆز تىرىكچىلىكىنىڭ غېمىدە يۈرۈشەتتى. ھەر كۈنى غالتەكلىرىنى پەدىگە كەلمىگەن سۇنايدەك غىچىرلىتىپ بازارغا مېڭىشقان قاينۇقنىڭ ئۇششاق يايمىكەشلىرى داتلىشىپ كەتكەن قارا قۇلۇپ، بارغانسېرى ئولتۇرۇپ، يەر تەككىنگە چۆكۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان كونا تاملارغا پەرۋاسىزلا قاراپ قويۇشاتتى.

بۇ يەردە ھايات ھالىدىن كەتكەندەك، تولىمۇ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە داۋام قىلماقتا ئىدى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابباس مۇنىياز

# كۆيلەر كۆزى

بۇ ئاجايىپ مۇڭلۇق كۈي ئىدى، مەن قايغۇ ۋە خۇشاللىقلار ئارىسىدا ئازغىن بۇلۇتلاردەك تەمتىرەپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردىمۇ دەل مۇشۇ كۈي ئاڭلانغاندەك زاھىر بولغانىدى. ئەمدى ئۇنى سەن چېلىۋاتاتتىڭ. جېنىم بالام، ئوماق قىزىم سائادەت، ئۇنى سەن چېلىۋاتاتتىڭ!

دەريا شارقىرايتتى. ئۇنىڭ بۇژغۇنلۇق سۇلىرىمۇ كۈيدەكلا كۈچلۈك ۋە سېھىرلىك ئىدى. سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ پۈتۈن ئىشتىياقىڭ بىلەن ئىسكىرىپكا چېلىۋاتاتتىڭ. ئىسكىرىپكا تىلىدىن نازغىپ چىقىۋاتقان جەلپكار كۈي سۇ بېتىگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك ھەم ئۇنىڭ كۆۋەجەشلىرىدىن ھاسىل بولغان رىتىملىق ئاۋازغا قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئەزىم، يوقالماس كۈي دەرياسى ياساپ، يىراق - يىراقلارغا ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەمما، سەن ھېچنېمىنى تۇيمايتتىڭ. چىرايلىق جىسمىڭ مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئەسىر بولۇپ، ئىسكىرىپكا تىلىنى غىدىقلاۋاتقان كامانچىغا ئەگىشىپ ھەريان تەۋرىنەتتى. ئىسكىرىپكىنى ئېڭىكىڭ بىلەن قىسىپ تۇرۇشۇڭ سېنى مۇزىكا رىتىملىرىغا يەنىمۇ يېقىنلاشتۇرغانىدى.

سەن ھەربىر تاۋۇشنى تولۇقى بىلەن، ئەڭ نازۇك جايلىرىغىچە زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك ۋە ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭ ئاجرالماس بىر تەركىبىگە ئايلىنىپ بىپايان بوشلۇققا تاراۋاتقاندەك قىلاتتىڭ. شۇڭلاشقا، مەن سېنى ئەسلىي ھالىتىڭدە كۆرەلمەيۋاتاتـ

تىم، پەقەت ماڭا تونۇشتەك بىلىنگەن، ئەمما يەنە قانداقتۇر بىر جايلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتقان ھالەتتە ئاڭلايتتىم.

ئۆيىمىز دەرياغا يېقىنلا يەردە ئىدى. ئۆيدىن چىققان ھامان سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نېمىشقىكىن، سەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندا تۇرالماي قالاتتىڭ. قەدەملىرىڭ ئىختىيارسىزلا دەريا تامان تاشلىناتتى. ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا بولسا بەدەنلىرىڭ سەن ئاڭلاۋاتقان ئاۋاز تەرەپكە ئاستا ـ ئاستا ئاغاتتى ۋە شۇنىڭدىلا قولۇڭدىكى ئىشىڭنى تېز تۈگەتمىسەڭ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىڭ. سېنىڭ تالاي قېتىملىق ئىش ـ ھەرىكەت، قىياپەتلىرىڭدىن بۇنى چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. بەلكى بۈگۈنمۇ ساڭا تونۇش ئاشۇ ئاۋاز سېنى بۇ يەرگە چىللاپ چىققاندۇ، ساڭا جور بولۇپ «مازارتېرەك» ھېكايىسىنى يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلاتماقچى بولغاندۇ.

چېلىشتىن توختىمايتتىڭ. ئاسانلا توختىمايدىغانلىقىڭ ماڭىمۇ ئايان ئىدى. گەرچە مۇزىكىدىن چىقىپ قالغان بولساممۇ، ساڭا مەستلىكىم كېلىپمىكىن ياكى چالغانلىرىڭدا ئۆزۈممۇ سېزىپ يېتەلمىگەن بىر سېھرىي كۈچ بارمىكىن، مۇشۇنداق ۋاقىتتا بۇ يەرگە چىقىشقا ئامراق ئىدىم. مۇشۇ چاغدىلا سەن مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، مەنمۇ سەن چېلىۋاتقان ئاھاڭغا يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان قەلبىڭنى، ھېلىغىچە مەن چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتقان تەگسىز كۆزلىرىڭدىكى سىرلىق مەسىلىلەرنى كۆرگەندەك بولاتتىم. ساڭا يېقىنلا يەردە تۇرغانلىقىمنى سەزمەيتتىڭ. ئەمما، كۈي رىشتىسى ئۆزىگە باغلانغان قەلبىڭنى كۆز ئالدىمغا يېيىپ كۆرسىتەتتى. كۈي — قەلبىڭ، كۈي — ۋۇجۇدۇڭ، كۈي — سېنىڭ ئىستەكلىرىڭ ئىدى. ئۇ ئىككىمىزنى، مۇھىمى مېنى قەلبىڭگە باغلايتتى. مەن غىل ـ پال چۈشەنگەن، لېكىن چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان قەلبىڭ بىلەن پەقەت مۇشۇنداق روھىي ھالەت ئىچىدە، كۈي شەكلىدىلا قىسقىچە سىردىشالايتتىم. بىراق، ماڭا بۇ قىسقىلىق ھەممىنى

www.uyghurkitap.com

ئەسلىتىشكە قادىر ئىدى.

— مېنىڭ بوۋام، مومام بولغانمۇ، ئانا؟

— بولغان. ئۇلار بولمىسا، مەن، سەن نەدىن كېلەتتۇق؟

— سىزنىڭچۇ؟

— مېنىڭ بوۋام، مومام بولمىغان بولسا، ئانام، دادام نەدىن كېلەتتى.

— بوۋام، مومامنىڭچۇ؟

— بولغان!

— ئۇلار چىرايلىقمىدى؟ بۇنى چالالامتى؟

بۇ بىر چاغلاردا، سەن خېلىلا كىچىك ۋاقتىڭدا بولۇنغان گەپلەر ئىدى. ئۇ چاغدا سەن مۇزىكا چېلىشنى تېخى ئۆگەنمىگەنىدىڭ. لېكىن، مېنىڭ ئىسكىرىپكامنى، دەل سەن چېلىۋاتقان مۇشۇ ئىسكىرىپكىنى قۇچىقىڭغا ئېلىپ چالغاننى دوراپ ئولتۇراتتىڭ. سوئاللىرىڭدىن يۈرەكلىرىم «قارت» قىلىپ قالغانىدى. شۇ سوئالىڭنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە يۈرىكىم تۈنجى قېتىمدىكىگە ئوخشاشلا قوزغىلىپ كېتىدۇ. بوۋامنىڭ ئىسمىنى ئېسىمدە تۇتالمايۋاتسام، بوۋامنىڭ بوۋىسىنىڭ تەقى - تەرقى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ بىر تۇرۇپ سېنى زاغۇن باش ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتىم، يەنە قانداقتۇر بىر ۋەھىمىدىن قورققاندەكمۇ بولاتتىم، نېمىلا بولسۇن، سەن يەنە سوراپ تۇرۇۋالمىدىڭ.

— موماڭ مەندەك چىرايلىق ئايال ئىدى.

كۈلۈپ كەتتىڭ. شۇ چاغدا گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنمىدىڭ؟ سېنىڭ موماڭ — رەھمەتلىك ئانام بەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، مېھرى ئىسسىق ئايال ئىدى. قولى قىسقا بولغىنى بىلەن دادامدىن كىچىك قالغانلىقىمنى زادىلا بىلىندۇرمەيتتى. ئۇ ماڭا ھەم ئانا، ھەم دادا ئورنىدا قارايتتى. ئېسىمنى بىلسەم ھازىرقى ئۆيىمىزنىڭ ئورنى شۇ چاغدىمۇ بىزنىڭ زېمىنىمىز ئىكەن. شۇڭىنىسى، ئۇ ۋاقىتتا ھازىرقىدەك ياسداق ئەمەس،

قىڭغىيىپ قالغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى بار ئىدى. ئانام تۇخـۇم پىشۇرۇپ ساتاتتى. ئۆيىمىـز شەھەرگە تـۆت ـ بەش كىلـومېتىـر يىراق بولسىمۇ، ئۇنىـڭ ھەر كۈنـى بىر قېـتىم تۇخـۇم ئاپىرىـپ ساتىدىغانلىقى ھېلىمۇ يادىمدا.

شەھەر بىلەن يېزا ئارىلىقىدا قانچە قېتىملاپ ماڭغانلىقىمـنى بىلمەيمەن، لېكىن سەزمەيلا ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ قالغاندىم. بەك چىرايلىق بولسام كېرەك، ھەمـمەيلەن مـاڭا ئالاھـدە دىققەت قىلاتتى. ئۆزۈممـۇ شوخ ۋە تىرىـشچان ئىـدىم. ئانام كىـيىمگە ئامراقلىقىمدىن زارلىناتتى. ساۋاقداشلىرىم بـولسا كىيـگەنلىرىمنى ماختايتتى.

ئالىي مەكتەپ دېگەننـى سەن كۆرمىـگەن، بىلـمەيسەن. لېـكىن، نازۇك تىلىدىن تەڭداشسىز كۈيلەرنى تۆكۈۋاتقان قولۇڭدىكى ئاشۇ ئىسكىرىپكا ئالىي مەكتەپنىڭ مەھسۇلى! نۇرغۇن نـەرسىلەرگە قىزىقىشىم سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كىرگەندىن كېيىـن ئىسكىرىپكىغا مەركەزلىشىپ توختىدى. كەسپىم شـۇ بولغانـدىكىن، ئۇنىڭغا بېرىلىشىم كېرەك ئىدى. ئانام سەنئەت ئىـنستىتۇتىغا كىرگىنىمدىن خۇشال بولۇپ تۇنجى تەتىلدىلا مۇشۇ ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ بەردى. خۇشلۇقۇمدا چالدىم، چالدىم، پۈتـۈن ئىخلاسىم بىلەن ئۆگەندىم. بىراق، بىلسەڭ قىزىـم، بۇ «سەنئـەت ئىنستىتۇتى» ئىدى. ئەڭ گۈزەل قىزلار، ئەڭ يېڭى مودا كىيىملەر مانا مۇشۇ يەردىن تېپىلاتتى. مـەنچۇ؟ ھەي، قـويغىن، بـالام. قەلبىمگە بېسىلغان ئۆچمەس مۆھۈرلەر ئاشۇ نامراتلىقىمنىڭ يادنامىسى، كەسپتە پۈختا بولۇش سەنئەت ئىنستىتۇتىدا يېتىلـدۇرىدىغان ماھارەتنىڭ ئاران بىرسىلا ئىدى. گۈزەل چىرايىم، يېڭى كىيىملىرىم ساناقسىز گۈزەللەر ئارىسـىدا قولنـى يۇيۇپ تۆكـۈۋەتكەن ئىلمان سۇدەكلا قەدىرسىز بولۇپ قالدى. قـەددىمنى كـۆتۈرۈش، نەزەرگـە ئېلىنىش ئۈچۈن ماڭا پۇل لازىم ئىدى! تۇخـۇمچىلىق قىلىۋاتقان ئانام مېنى مودىغـا ماسلاشتـۇرالىغۇدەك كـۆپ پۇلنى بېرەلمەيتتى. شامال ئۆچۈپ تۇرىدىغان كونا ئۆيـىمىزدىـن

هەر ئايدا كېلىدىغان پۇل پەرداز بۇيۇملىرىمغا ئاران يېتەتتى.

ئۆيگە يازىدىغان خېتىم ئازىيىپ كەتتى. نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ۋاقىت چىقىرالمايۋاتسام، خەت يېزىشقا نەدە چولام تەگسۇن. كۈندۈزلىرى كەسپىي مەشىقنى پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن داۋاملاشتۇراتتىم. كەچلىكى ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە بولالماي قالاتتىم. دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلارنىڭ بىر - ئىككىسى مېنى ۋە دوستلىرىمنى ساقلاپ تۇراتتى. بىز بارىدىغان جايلار، بىز چالىدىغان كۈيلەر، بىزنىڭ بۇ ئويۇنلىرىمىز! مەن بىردىنلا چولپانغا ئايلىنىپ كەتتىم. جەمئىيەت ۋە مەكتەپتە ھەممىنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى ئىسكىرىپكىچى، پائالىيەتچى يىگىتلەر نەزىرىدە قول يەتمەس ساھىبجامال بولۇپ قالدىم.

ئانام ئېيتىپ بېرىدىغان «مازارتېرەك» ھېكايىسى مەندىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشماقتا ئىدى. ئۇ ئانام دىلىدىكى تۈگىمەس كۈي، ئانام تىلىدىكى مەڭگۈلۈك ھېكايە ئىدى. شۇنداق، ئۇ كۈي شەكلىدە ئەبەدىي تەكرارلىناتتى. ئەمدى ئۇنى مەن چالاتتىم. ئانامدەك قازان بېشىدا، كىر يۇيۇۋاتقاندا، تۇغۇمچان مېكىيانلىرىمىزغا يەم بېرىۋاتقاندا، چالا - پۇچۇق غىڭشىپ ئەمەس، ئانام ئېلىپ بەرگەن ئىسكىرىپكىدا ئانامدىن ئاشۇرۇپ، سەلتەنەت ئىچىدە چالماقچىدىم، چالدىم! بىراق، ئىسكىرىپكام قانداقتۇر بىر جايلىرىنى ھامان تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. قەيەر ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. كۈي قەسرىمدىكى «مازارتېرەك» ھېكايىسى راستلا ئاجىزلاپ كەتكەندى. ئۇمۇ قايسىدۇر بىر يول بىلەن قەسرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنى كامانچە بىلەن، ئەقلىم بىلەن توساتتىم. ئۇنى قوغلاۋېتىپ پات - پات باشقا يولغا كىرىپ قالغانلىقىمنى سېزىپ ھەيران قالاتتىم. بىراق، ئىسكىرىپكامنى تاشلاپ قويالمايتتىم.

دەريا شاۋقۇنى بىردە كۆچىيىپ، بىردە پەسىيەتتى. غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ ھارارەتسىز نۇرى سۇ يۈزىنى يەڭگىلگىنە

سۆيۈپ تۇراتتى. سەنمۇ قۇياشقا بېقىپ چېلىنۋاتاتتىڭ. كۆز ئال-دىڭدا سوزۇلۇپ ياتقان قەدىمىي دەريا سېنى قۇياش بىلەن باغلاپ تۇراتتى. ئۆرە تۇرۇپ چېلىنۋاتاتتىڭ. دەريانىڭ ئۆز سىنىنى يو-قاتقان ئېگىز قىشى سېنى تېخىمۇ بويلۇق كۆرسەتمەكتە ئىدى.

ئاياغ ئاستىڭدا تونۇپ بولمايدىغان تاشلاندۇقلار چېچىلىپ ياتاتتى. ساتارنىڭ قۇلىقىغا، دۇتارنىڭ خەرىكىگە، داپنىڭ گەردى-شىگە، تۈگمەنىنىڭ سۈكىنىگە، هارۋىنىڭ كالاڭ كەتكەن چاقىغا، پىيمىنىڭ چەمگە، جۇۋازنىڭ قىلچاق - قايچىلىرىغا ۋە يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن چىرىن-دىلەر تولىمۇ ئۇششاق، رەزگى هالەتتە كۆزگە چېلىقاتتى. شۇ قەدەر كۆپ، ئىسمىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر قاچان تاشلاندى، بۇنى بىلىپ بولمايتتى. لېكىن، تۇتسىلا ئۇۋۇلىپ كې-تىدىغاندەك كۆرۈنۈشىدىن ئۇلارنىڭ تاشلانغىنىغا ئۇزاق يىللار بولغانلىقى ئېنىق ئىدى.

تومۇز بولغىنىغا قارىماي ئەتراپىڭدا يېشىللىقتىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. سەن دەسسەپ تۇرغان تۇپراقىنىڭمۇ توپا رەڭگى قالمىغانىدى. ئارقا تەرىپىڭدە ئادەم ماڭغان يولنىڭ ئىزى باردەك قىلاتتى. لېكىن، دىققەت قىلمىسا ئۇنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايت-تى. سەن تۇرغان دۆڭ دەريا بويىدىكى ئەڭ ئېگىز جاي بولۇپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ خېلى يىراقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. سېنىڭ ئۇر-نۇڭدىن تارتىپ كۆز يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى بىپايان ساھىل تاقىر هالەتتە شور بېسىپ ياتاتتى، ئۇنىڭدىن تەسۋىرلەپ بەرگۈ-سىز غېرىبلىق، سۈرلۈكلۈك ۋە ئاللىقانداق ۋەھىمە تۇزۇپ تۇراتتى. يەنە قانداقتۇر بىر جايلاردىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك سې-سىقچىلىق دىماققا ئۇرۇلاتتى.

دەريا توختىماي شارقىرايتتى. لېكىن، سەن تۇرغان قىرغى-قى تامام چىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ توپىغىمۇ، قىغىقىمۇ، تاشقىمۇ ئوخشىمايتتى. قات - قات شور بىلەن قوشۇلۇپ پېتىق ئارىلاش-تۇرۇلغان نامەلۇم بىر بوشلۇققا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ هازىرلا

توزۇپ كېتىدىغاندەك ياكى ئېپلاس ئېقىندى بولۇپ دەرياغا سارقىپ چۈشىدىغاندەك بىلىنەتتى. سەنمۇ تۇرغان جايىڭغىلا پېتىپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتىڭ. سېنىڭ ئارقاڭدىكى ئېگىزلىكنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى پەرقلەندۈرگۈسىز بولۇپ قالغان يولنىڭ نېرىسى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ يەر ئويمانراق بولۇپ، ئەڭ پەس جايىغا بۇزۇلغان قارامايغىمۇ، يامغۇردىن پەيدا بولغان شاكىراب لايغىمۇ ئوخشىمايدىغان، چىلە قۇرتلىرى لۆمۈلدەپ تۇرغان بىر خىل چىرىگەن سۇيۇقلۇق يىغىلىپ قالغاندى.

سەن مۇشۇلارنى بىلەمدىغانسەن؟ قەلبىڭ بولسىمۇ كۆرەلەمدىغاندۇ، قىزىم؟ مەن سېنىڭ ئۆيدە چېلىشىڭنى ھېچقاچان چەكلىمىدىم. سىرتنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە سۆزلەپ كۆڭلۈڭنى غەشمۇ قىلمىدىم. لېكىن، نېمىشقا ھە دېسىلا تالاغا چىقىۋالىسەن، يەنە كېلىپ مۇشۇ شورتاڭ دۆڭلۈككىلا چىقىسەن؟ مەن قاچقان نەرسىگە سەن نېمىشقا يېپىشىۋالىدىغانسەن — ھە؟

مەن بۇ يەردىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىم. سېنى، سېنىڭ ئاشۇ مۇزىكاڭنى دېمىسەم، قىزىم، بۇ يەرگە چىققۇمۇ يوق. بىر چاغلاردا ئانام ماختاپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ دەريانىڭ سۈيىنى ئىچمىگىلىمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتتى. بەلكى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئېيتىدىغان «مازارتېرەك» ھېكايىسىنى، توغرىراقى بۇ ھەقتىكى كۈينى ئاساسي ئۇداردىن چەتنەپرەك چالىدىغان بولۇپ قالغاندىن باشلاپ دەريا سۈيىنى تېتىمىغاندىمەن. نېمىشقا دېسەڭ، ھازىر دەريا سۈيى ئىچمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۇنى ئىچمىگەندىكىن، ئۇ يەردە پايپاسلاپ يۈرۈش نە ھاجەت؟

مەن ئانام بىلەن — سېنىڭ موماڭ بىلەن مۇشۇ ھەقتە چىقىشالماي جېدەللىشەتتىم. ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرىسىدە مۇشۇ يەرنى ماختاپ تۇرۇۋالاتتى. «مازارتېرەك، — دەيتتى ئۇ خۇددى راست گەپ قىلىۋاتقاندەك ئەزۋەيلەپ، — ئۇلۇغ مازارىمىزنىڭ تېرىكى، بۇ يەرنىڭ ئېپتىخارى، مازارتېرەك بولغاچقىلا مەھەللى-

مىز مۇشۇ نام بىلەن باغلىنىپ ئۇلۇغلانغان. نامى ھەر يەرگە
تارالغان. يامان يېرى، ئۇ ھازىر يوق. ئۇنى قاچانكى بىر چاغدا
نەپسى ئوپقان، قارا يۈرەك بىراۋ كېسىپ قالغۇەتكەن. ئۇزاققا
بارماي ئۇنىڭ يۇرىكىدىن باشلاپ ھەممە ئەزاسى يىرىڭدەك ئېقىپ
كەتكەن. ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىققان بەتبۇي پۇراقمۇ بىللە ئېقىپ
يەرنى بۇلغۇۋەتكەن. ئۇنىڭ تېنى ئېقىپ چۈشكەنلا يەر دەسلەپتە
شور ئۆرلەپ، كېيىن ئاستا - ئاستا سېسىپ كەتكەن. ئۇنىڭ
يەتتە ئەۋلادىمۇ ھەر خىل كېلىشمەسلىك بىلەن ئەجەلىدىن بۇ-
رۇن ئۆلگەن.»
شۇنىڭدىن بېرى مەھەللىمىزنىڭ سۇر - ھەيۋىسى قالمىدى.
تېرىكى يوق مازارنىڭ بەلگە - نىشانى بولمايدۇ. بەلگىسىز مازار-
نى مازار دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنداق مازارلىق مەھەللىنى خەقلەر
ئەزىزلەمدۇ؟ بىر زامانلاردا بۇ ئاجايىپ ئاۋات مەھەللە ئىدى. ئون
ئايماقنىڭ جامائەتى مۇشۇ مازار قوينىدا ياتقان ئەزىزلىرىمىزنى
سېغىنىپ كېلەتتى. ھەر كۈنى تاۋاپ قىلىپ كېلىدىغانلارنىڭ ئا-
يىغى ئۈزۈلمەيتتى. يىراق - يىراقلاردىن كەلگەن يولۇچىلارمۇ
دۇئا - تىلاۋەتسىز ئۆتمەيتتى. ئات - ئۇلاغ، تۆگە - كارۋان بىلەن
ماڭغۇچىلارمۇ توختىماي ماڭمايتتى. ئۇ چاغدا دەريا ياقىلاپ ما-
ڭىدىغان كەڭتاشا يول بار ئىدى. يول ياقىسىدىكى سۆگەت تاللىرى
ياز بويى سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئەتراپ بۈككىدە يېشىللىق، جان -
جانىۋارلار مۇشۇ يەردىن ماكان تۇتۇشقانىدى. ئوۋچىلارمۇ بۇ يەر-
گە ياراغ تەڭلىمەيتتى. مازارتېرەك تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى.
نۇرغۇن قەدىمىي تېرەكلەر ئۇنى قورشاپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ
ئەتراپتىكى بىر دۆڭدە بولىدىغان. ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئەركەك-
نىڭ قۇچىقى يەتمەيتتى. قارىماققا ئىنتايىن قېرى ئىدى. ئۇنىڭ
پۇرلىشىپ كەتكەندەك تىلىم - تىلىم قوۋزاققا ئورىلىپ تۇرۇ-
شى، ئوتتۇرىسىنىڭ ئىككى ئادەم پاتقۇدەك كاۋاكلىشىپ كېتى-
شى، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ساناقسىز شاخلىرىنىڭ
چۆرىسىدىكى تېرەكلەرگە مىنگىشىپ ئۆسۈشلىرى ئۇنىڭ سۇر -

ھەيۋىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرغانىدى. مەھەللىمىزنىڭ نامى تېرەك بىلەن باغلانغانىدى. ئەمما، تېرەكنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. نەچچە يۈز ياشتۇ ياكى بىرەر مىڭ ياش! كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، مازارتېرەك قىشۇياز غازاڭ تاشلىمايتتى. يوپۇرماقلىرى يىل بويى ياپيېشىل تۇراتتى. ئۇ كەملەردە تېرەكنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن بۇلاقلار بولىدىغان. دەريا سۈيى بۇلاقنى مەنبە قىلىپ بارغانسېرى كېڭىيىپ، ھازىرقىنىڭ تەتۈرىچە ئاقاتتى. بوۋام شۇنداق سۆزلەپ بېرەتتى، ساڭا سۆزلەپ بېرىشىمنىمۇ تاپىلىغانىدى.

كىچىكىمدىن بۇ ھېكايە قالتىس تەسىرلىك بىلىنەتتى. يەنە كېلىپ ئانام ھەمىشە مۇشۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەتتى. شۇ چاغلاردىكى سەبىي قەلبىمدىن ئورۇن ئالغان خاسىيەتلىك مازارتېرەك ھېكايىسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدىغان قەدىمىي، سۇرلۇك، گۈزەل ھەم تەڭداشسىز مازارتېرەك كارتىنىسى ئەمدىلىكتە مېنى سېغىندۇرىدۇ، ئويغا سالىدۇ. بىر چاغلاردا ئانام بىلەن مۇشۇ توغرۇلۇق «چوقۇشۇپ» قالاتتىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىمنى بىلمىگەندەك، ھەر تەتىلدە كەلسەم، كىچىكىمدىن سۆزلەپ بېرىدىغان بۇ ھېكايىلەرنى يەنىمۇ ئەزۋەيلەپ، تەكرار ـ تەكرار سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدىم. چۈنكى، مەن ئۆزۈم كۆرەلمىگەن نەرسىگىلا ئىشىنەتتىم. بۇ يەردە ئانام دېگەن نەرسىلەرنىڭ ئازراقمۇ ئىزناسى كۆرۈنمەيتتى. دەريانىڭ ئېقىش يۆنىلىشىمۇ ئانامنىڭ ھېكايىسىدىكىگە ئوخشىمايتتى. سۈيىمۇ ئىنتايىن لاي، خۇددى يۇندىدەكلا ئىدى.

مەن جاھىللىق قىلغانسېرى ئانامنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالاتتى. ئۇ قاپىقىنى ئاچماي تۇرۇپ، بىر زامانلاردا ئېيتىدىغان، ھېلىمۇ ئېيتىپ كېلىۋاتقان «تېرىكىم» ئاھاڭىنى ئۆزىلا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ غىڭشىيتتى. نېمىشقىكىن، بۇ ئاھاڭنى ئۇ بۇرۇنقىدەك تولۇق تولدۇرۇپ ئېيتالماس بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇنى سەزسە

كېرەك، ئۇ ئاھاڭ توگىگەندىن كېيىنلا ئىختىيارسىز تىناتتى، كۆزلىرى ياشلىناتتى. مەن بۇنى قېرىغانلىقنىڭ ئالامىتى دەپ ئويلايتتىم.

— سەن ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، بولماي قاپسەن.

شۇنى ئارانلا دېيەلەيتتى ئۇ. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ زۇۋان سۈرمەيتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكىگە — ساۋاتسىزلىقىغا ئېچىناتتىم، غەزىپىم كېلەتتى. ئوقۇغان بولسا بۇنداق قىلماس ئىدى، دەپ ئويلايتتىم.

يامغۇر تاراسلاپ قۇيۇۋەتتى. كۈيۈك ئۈزۈلمەيتتى. سەن گويا چېلىش ئۈچۈنلا يارالغان ئادەمدەك، ئەتراپىڭدىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەر ساڭا مۇناسىۋەتسىزدەك، بېشىڭنى ئىسكىرىپكا قىسىلغان تەرەپكە قىيسايتىپ، چېلىشنى ئۇن - تىنسىز داۋاملاشتۇراتتىڭ. يامغۇر يۈزۈڭگە، قولۇڭغا، ئىسكىرىپكىغا... ھەممە يېرىڭگە تىنىمسىز ئۇرۇلاتتى. ئىسكىرىپكا يۈزىدىن، قۇندۇزدەك تال - تال چاچلىرىڭدىن، بوغما چاپىنىڭ ۋە كاناي شىمىڭدىن چېپىلداپ سۇ ئاقاتتى. نازۇك بارماقلىرىڭ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن تار ئۈستىدە يورغىلايتتى، ئۇ مۇشۇ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىسكىرىپكا تىلىنىڭ كۆرۈش مۇمكىن بولمىغان چوڭقۇرلۇقلىرىدىن ئاجايىپ نازاكەتلىك، گۈزەل ۋە يېقىملىق كۈي پەرىلىرىنى باشلاپ چىقاتتى. ئۇ ھاۋانىڭ گۈلدۈرلەشلىرىگە، يامغۇرنىڭ تارسىلداشلىرىغا قوشۇلاتتى - دە، ئاسمان بىلەن زېمىننى تۇتاشتۇرىدىغان، «ھازىر» نىڭ تېنىدە «ئۆتمۈش» قېنىنى جۇشقۇنلىتىدىغان تېخىمۇ ۋەزمىن، غوللۇق ھەم تەسىرلىك بىر سەزگۈ دۇنياسى بولۇپ يارىلاتتى.

كۆزۈم ئوتتۇرا رەتنىڭ ئىككىنچى قاتارىدا ئولتۇرغان ئورۇق بىر يىگىتكە چۈشكەندە، كامانچە تۇتقان قولۇم ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ئۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل قىزىقىش بىلەن ماڭا قادىلىپ ئولتۇراتتى. قارىماققا روھى تېنىدىن ئاللىقاچان چىقىپ كېتىپ، روھسىز جىسمى قېتىپ قالغاندەك كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رۇنەتتى. شەبنەم قونغان قارىئۆرۈكتەك پارقىراپ كەتكەن قارى-
چۇقلىرى چاناقلىرىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ كۆكسۈم تەرەپكە لەي-
لەپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بۇ كۆزلەر نۇرلۇق، هارارەتلىك،
ئەمما مىسكىن ئىدى. ئۇنىڭ نۇرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسۈم-
نى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تۇپچىسىنى قىزدۇرۇپ غىدىقلايتتى.
ئارقىدىنلا يېقىملىق بىر سېزىم غىدىقلاشقا قوشۇلۇپ كېلىپ
پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالاتتى. بۇ تۇنجى قېتىم سەھنىگە
چىقىشىم بولمىسىمۇ، لېكىن بەكلا هاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم.
هېلىقى كۆزدىن نۇر بىلەن قوشۇلۇپ دانە - دانە سۇيۇقلۇق تې-
مىپ چۈشەتتى. يىگىت ئۆزىمۇ سەزمەستىن سەھنە تەرەپكە ئىن-
تىلىپ، ئورنىدىن پات - پاتلا تۇرۇپ كېتەتتى.

گۇلدۇراس ئالقىش سادالىرى ئىسكىرىپكا ئاۋازىنى بېسىپ
كەتتى. تاماشىبىنلار قىيىن بولسىمۇ ماهارەت بىلەن چېلىنغان
نازۇك بىر قايتىلانما ئۈچۈن ئالقىش ياغدۇرۇۋاتاتتى. سوناتا تېخى
تۈگىمىگەنىدى. «يىلتىز ناخشىسى» دەپ ئاتالغان بۇ ئەسەرنىڭ
ئەڭ تەسىرلىك قىسمى مۇشۇ يەردىن باشلىناتتى. زال ئىچى بىر-
دىن جىمىپ قالدى. ئۆتمۈش قوينىدا ئەگىپ يۈرگەن تاماشى-
بىنلارغا كۈي تىلى ئارقىلىق ئۆز قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرىش
ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ ئۇزاقلارغا باشلاپ مېڭىش شۇ تاپتا يەنىلا مې-
نىڭ مەجبۇرىيىتىم ئىدى. مەن تۇرۇۋالالمايتتىم، ئۇلارمۇ يانال-
مايتتى.

... كولدۇرما ئاۋازى چەكسىز يىراقلارغا سوزۇلغان قۇم -
دەشتلەرگە هاياتلىق شەپىسى بېرەتتى. ئەسىرلەر بويى ئۇخلاپ
ياتقان سېھىرلىك تىلسىم دۇنياسى سەزگۈسىنى ئويغىتىۋاتقان
تونۇش ۋە رىتىملىق ئاۋاز تەسىرىدە ئاستا - ئاستا جانلىناتتى.
قۇياش شەپىسىزلا ئۇپۇقتىن باش كۆتۈرەتتى. ئۇ زېمىندەك بو-
يۇك، قاندەك قىزىل ئىدى. ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ گىرۋەكلى-
رىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ تەڭداشسىز ئوت شارىدىن
ئازراقمۇ هارارەت سېزىلمەيتتى. كولدۇرما ئاۋازى غەربىي ئۇپۇق-

نى بويلاپ دەسلەپتە تولىمۇ ئاجىز، بارا ـ بارا كۈچەيگەن ھالەتتە يېيىلىپ كېلەتتى. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن تاشلاندۇق، ئۆلۈك جەزىرىلەر ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ تىرىلىپ باراتتى. شۇئان توخۇلار چىللايتتى، ئىتلار ھاۋشىيتتى. كولدۇرما توختاۋسىز سۇرۇلەتتى. ئۆز تۈسىنى ئەبەدىي يوقاتمايدىغان قوزغاتقۇچ بىر ئاۋاز بوران كۆمۈۋەتكەن قەدىمىي ئىزلارغا ئەگىشىپ بىر خىلدا ئىلگىرىلەيتتى.

ئەسەر قويۇق سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە ئىدى. تاماشىبىنلار ئۆزىنىڭ سېزىمى ئارقىلىق پەقەت ئۆزىلا ھېس قىلالايدىغان ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارغا ئىگە بولاتتى. بۇ تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈن گىرەلەشتۈرۈلگەن ئەجداد ۋە ئەۋلاد ھەققىدىكى تەسىرلىك قىسسە، ھەممىگە باغلاشقا بولىدىغان ئۆچمەس سەرگۈزەشت ئىدى. ئەسەر ئاپتورى رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقان چېغىمدا ھەمىشە شۇنداق چۈشەندۈرەتتى.

زال جىمجىت. ھەممە سۈكۈتتە. سىرتتا شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى مۇزىكا مۇھىتىغا تېخىمۇ مۇڭلۇق تۈس قوشۇپ تۇراتتى.

مۈرەمگە چۈشۈپ تۇرىدىغان كۆپتۈرمە چاچلىرىم پەدە باسقان قولۇمنى يېپىۋالغانىدى. چاچ ئارىسىدىن تۆۋەنگە قارىدىم: ماڭا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرغان ھېلىقى يىگىت بىر دەستە گۈلنىڭ ئارىسىغا خەت تىقىپ يېنىدىكى قىزچاققا بەرگەچ، مېنى كۆرسىتىپ بىرنېمە دەۋاتاتتى.

ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خۇشيېقىپ ـ ياقمايراق ئارقا ئىشىككە چىقتىم. دېگەندەك، ھېلىقى يىگىت يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— بۇنداق ماھارەت بىلەن چېلىنغان مۇزىكىنى تۇنجى قېتىم بىۋاستە ئاڭلىشىم، قالتىس ئورۇنلىدىڭىز! رەھمەت!

چاۋاك بىلەن ئېيتىلغان رەھمەتنى كۆپ ئاڭلىغانمەن. لې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىن، ئاغزاكى رەھمەت ئېيتقاننى خىزمەتكە چىققاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتىم، تېنىم يايراپ، كۆڭلۈم خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلگۈم كېلەتتى.

— ئىسمىم ئېلىيا قاھارى. ئانچە - مۇنچە شېئىر يېزىپ قويىمەن. مۇزىكا ھەۋەسكارىمەن.

يايراپ تۇرغان تېنىمنى بىردىنلا ھاياجانلىق تىترەك بېسىپ كەتتى. تالاي كىشىلەر سورۇن - سورۇنلاردا ئاغزىلىرىدىن چۈشۈرمەيدىغان، نۇرغۇن قىزلار چوقۇنىدىغان، رايونىمىزدا ئەڭ تەسىرلىك سانىلىدىغان ياش لىرىك شائىر يېنىمدا تۇراتتى. ئۆمىكىمىزدىكى ناخشىچى قىزلار ئۇنىڭ تېكىستى بىلەن داڭ چىقارغان ئەمەسمىدى؟ بىرقانچە دوستۇم «ئېلىياغا تەلەپ قويۇپ خەت يازسام جاۋاب بەرمىدى» دەپ ساراڭ بولاي دېگەن ئەمەسمىدى؟ مەنمۇ ئۇنى كۆرۈش ئىستىكىدە يۈرگەن ئەمەسمىدىم؟ ئاھ، بەخت!

ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترەيتتى. جىسمىم ياندىشىپ كېتىۋاتقان شائىر تەرەپكە ئىختىيارسىز ئاغاتتى. ئۇنىڭ سەنئەتنىڭ مىللىيلىقى، مۇزىكىدىكى مىللىي تۈس دېگەندەك گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان بولساممۇ، ئاڭلاش سېزىمىم تېخىمۇ ئەمەلىيرەك سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن تەمە بىلەن زورۇقاتتى.

— مەن شائىر، سىز مۇزىكانت. شېئىر بىلەن مۇزىكا قەلبداش، تومۇرداش قوشكېزەكلەر... ئىككىمىز ئاسانلا ماسلىشىپ كېتەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزنى...

مەن كۈتكەن گەپلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاخىر چىقتى. بۇنداق گەپلەرنى تېخى يېقىندىلا يەتتە - سەككىز ئوغۇل بالىنىڭ ئاغزىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئاڭلىغان بولساممۇ، بىراق ئۇلار بۇگۈنكىسىگە ئوخشىمايتتى، شۇنداق، پەقەتلا ئوخشىمايتتى! چۈنكى، شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاستىدا مېنى باغرىغا باسقان ھېسسىياتچان بۇ يىگىت سېنىڭ داداڭ ئىدى!

«يىلتىز ناخشىسى» ئانامنىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ ئويۇن-

مىزنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، بۇ توغرىسىدا باشقىلاردىن ئاڭلىغانىكەن.

— مانا ئەمدى مېنىڭ قىزىمغا ئوخشاپسەن. «تېرىكىم»گە شۇنداق قاملاشتۇرۇپ چېلىپسەنغۇ؟ خەقلەر شۇنداق دەيدۇ. ماڭىمۇ بىر چېلىپ بەرگىنە.

— «تېرىكىم» ئەمەس، «يىلتىز ناخشىسى» بۇ دېگەن.

— قېنى چېلىپ باقە.

— قانداق؟ ئەمەس دېسەم ئۇنىمايسىز، — دېدىم مەن چېلىۋېتىپ.

ئۇ لام - جىم دېمەي ئاڭلىدى. ئۇنى يەنىمۇ خۇش قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقاندا مەشىق قىلغان، لېكىن پات - پاتلا ئاساسىي ئۇدارىدىن چىقىپ كېتىدىغان «تېرىكىم»گىمۇ ئۇلاپلا چېلىۋەتتىم.

— بولمىدى! پەقەتلا بولمىدى! ئالدىدا چالغىنىڭ چىرايلىق ئاھاڭ ئىكەن. ئەمما، «تېرىكىم»نى تۈگەل بۇزۇۋەتتىڭ. ھېلىقى يېرىنى مۇنداق چالساڭ بولامدۇ؟ مۇنداق...

ئۇ چېلىشنى بىلمەيدىغىنىنى ئۇنتۇپ، قولۇمدىكى ئىسكىرىپكىنى تارتىپلا ئالدى - دە، كامانچىنى قانداق تۇتۇشنى بىلەلمەي جىم بولۇپ قالدى. ئارقىدىنلا ئاغزىدا غىڭشىپ ئۈلگە كۆرسەتمەكچى بولدى. قېرىشقاندەك ئاۋازى راۋان چىقمايۋاتاتتى. قارىغاندا، «تېرىكىم»نى ئۇ ئۆزىمۇ سېزىپ - سەزمەي ئۇنتۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ تەربىيەلەنمىگىنى ئۈچۈن «تېرىكىم»نىڭ قۇرۇلما، ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى دەپ بېرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىدىغان «مازارتېرەك» ھېكايىسى مېنى قىزىقتۇرالمايتتى، قايىلمۇ قىلالمايتتى.

كۈي رىتىمى جىددىيلەشتى. شامال كۈچەيمەكتە ئىدى. مۈرەڭنى يېپىپ تۇرغان كۆپتۇرمە چاچلىرىڭ بىردە كامانچە تۇتقان قولۇڭنى، بىردە پەدە باسقان قولۇڭنى يۇمشاق سۆيۈپ تۇراتتى. تىنىق ۋە كۆپكۆك كۆزلىرىڭ ئۇپۇق سىرتىغا، سەندىن باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشى كۆرەلمەيدىغان چەكسىز يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. كۆك قەرىدە نىشاندىن ئادىشىپ قالغان بىرەر قۇشنى كۆرگەنسەن؛ شامال زەربىسىدە تۇرۇلۇپ سىلجىۋاتقان قايسىبىر بۇلۇتلار توپىنى كۆرگەنسەن؛ كۆيۈك قېتىدىن تىرىلگەن گۈزەل سىيمالارنىڭ كۆز ئالدىڭدا پايانسىز بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنسەن ۋە يەنە تەڭداشسىز گۈزەل ۋە كەڭ بوشلۇقنى... ھەممە - ھەممىنى كۆرگەنسەن ! شۇ تاپتا سەندىن شۇبھىلىنىپ قېلىۋاتىمەن. تېگى - تېگىگە سىرلىق مەنىلەر يوشۇرۇنغاندەك كۆرۈنىدىغان چىرايلىق كۆزۈڭ مېنى ئالداۋاتامدۇ، نېمە؟ مەن شۇنىڭغا ھەيران، سېنىڭ ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرىمەن، قىلىۋاتقانلىرىڭ كۆرەلمەسلىككە يات! چىراي - ئىپادەڭ، گەپ - سۆزلىرىڭ كۆزى ئەڭ روشەن ئادەممۇ كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، سېنىڭ بۇ تېتىكلىكىڭ، سېنىڭ سەزگۈرلۈكۈڭ، جۇشقۇن ھەرىكەتكە ماسلاشتۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا نەزەر سېلىشىڭ... مۇشۇنداق كۆزنىڭ كۆرەلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

مۇزدەك شامال يىراق - يىراقلاردىن ئۇشقىرتىپ كېلەتتى. پادىچى شىمى ۋە نېپىز يۈڭ پوپايكا بىلەن تۇرغان سېنىڭمۇ چوقۇم توڭلاۋاتقىنىڭنى سېزىپ تۇرساممۇ، تېتىكلەشكەن كۆيۈك سېنى ياندۇرۇپ كىرىپ كېتىشىمگە يول قويمايتتى. ئەتراپىڭدا دەل - دەرەخ يوق ئىدى. ئەمما، چوڭ - كىچىك ياپراقلارنىڭ شاخلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ئاۋازى بوش ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ئاڭلىغاندەك بىلىنگەن، لېكىن ئەزەلدىن چېلىپ باقمىغان بىر كۈي ئىسكىرىپكاڭدىن تارقىلىپ شامال ئاۋازىغا قوشۇلاتتى - دە، يىراقتىن كېلىۋاتقان نەي ئۈنىگە بىرىكىپ تېخىمۇ يىراقلارغا كېتەتتى.

شامال ئۇشقىرتاتتى. نەي ئاۋازى ئاستا - ئاستا كۈچىيىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئىسكىرىپكاڭ تاشلاپ كېتىش مۇمكىن بولغان ئاللىقانداق ئاچ ئۇدارلارنى تولۇقلاپ، تەڭداشسىز بىر كامالەت

مۇھىتى يارىتىۋاتاتتى. بۇ ئاۋاز يېنىمدىن ئۇچۇپ چىقىپ ئىس-كىرىپكاڭغا جور بولۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپى-دىن كېلىۋاتقاندەكمۇ سېزىلەتتى. نېمىلا بولمىسۇن، ئەمدى ئاڭ-لىنىۋاتقىنى بىر ئادەمنىڭ چېلىشى مۇمكىن بولمىغان بىرىكمە كۈي ئىدى. ئۇنىڭغا تەشنالىق، سېغىنىش، ئىنتىلىش... كە ئوخشاش تەسىرلىك تۈس قوشۇلۇپ كېلىۋاتاتتى.

«سىز مېنى قۇتۇلدۇردىڭىز، سائادەت، سىزنى سۆيىمەن!» يانچۇقۇمدا پۇرلىشىپ تۇرغان خەتتە شۇنداق دېيىلگەنىدى. ئەمە-دىلىكتە ئۈمىدسىز مۇڭنى جۇشقۇنلۇق تۈسى بار سېغىنىش مۇ-ڭىغا ئۆزگەرتكەن نەي ئاۋازىمۇ شۇنداق دەۋاتاتتى. تەڭكەش مۇزى-كىغا قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك شامال يۈزۈمگە تىنىمسىز ئۇرۇلاتتى. بىراق، قۇلىقىم تۇۋىدە ئۇشقىرتىۋاتقىنى بولسا تويى كېچىسىدىكى شامالنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئىدى.

«يۈزۈم ئېچىلىدىغان» كۈننى ھەيز مەزگىلىمگە توغرىلىغاند-لىقىمدىن مەمنۇن بولساممۇ، لېكىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋا-تاتتىم. چۈنكى، ئېلىيا روھنى، روھىي ساداقەتنى ئالاھىدە قە-دىرلەيدىغان ھېسسىياتچان شائىر بولسىمۇ، «ئامانەت»كە سەل قارىمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆپ قېتىملىق سەۋرچانلىقىدىن باي-قاپ قالغانىدىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەن بىلەن تونۇشۇپ بىرقانچە ئاي بولغان بىر كەچتىكى قۇتراشلىرى، مەستلىك تەسىرىدە ئېشىپ بېرىۋاتقان جىنسىي تەلپى ھېچنېمىگە تەڭلەشتۇرگىلى بولماي-دىغان دەرىجىدە كۈچلۈكتەك بىلىنگەنىدى. مېنى ياتىقىمغا ئە-كىرىپ قويغان شۇ كۈنى ئۇ ئېغىر مەست ئىدى. ياتاققا كىرىشىم بىلەنلا ئۇ مېنى كارىۋىتىمغا باستى.

مەن ئاز - پاز ناز قىلىپ ئۆزۈمنى قاچۇرغان بولدۇم. ئاخى-رىدا ئامالسىز قالغان قىياپەتتە ئۇنىڭ ئاچ كۆزلەرچە سۆيۈشلە-رىگە يۈزۈمنى، بوينۇمنى، كۆكسۈمنى، يوتامنى... ھەممە يېرىمنى قىزغىنلىق بىلەن سىلاشلىرىغا يول قويدۇم. ئۇنىڭ يۇمشاق سىلاشلىرى تاتلىق سېزىملىرىمنى ئويغىتىۋەتتى. ئەمدى ئۇ رې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىنكە باغلىق كالتە ئىشتىنىمنى پەسكە تارتىۋەتسىلا بولاتتى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ «ئامانەت»نى ئالغان ھېسابلىناتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، پەقەت ئىچ كۆڭلىكىمنى قايرىپ، باغىرداق-نى ئېلىۋېتىپ، كۆكسۈمگە يالىڭاچ ئېتىنى ياقتى.

ئۇنىڭ سەۋرچانلىقى ھامان ئەرلىك تەلىپىنى بېسىپ كې-تەتتى. بۇ خىلدىكى تالاي تەكرارلىنىشلار مېنى شۇنداق چۈشەن-چىگە ئىگە قىلغانىدى.

بىز توي قىلغان شۇ كۈنى شامال تاڭ ئاتقۇچە توختىمىدى. ئېلىيانىڭ ئىلگىرىكى سەۋرچانلىقلىرى ئۇنىڭ مەن ئويلىغاندەك گول يىگىت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەن دەل مۇشۇ يېرىدىن ئەنسىرەيتتىم.

ئۇ كۈنىنىڭ شاماللىق كېچە بولغانلىقى يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئېسىمدىن چىقمىغانكى، ئېلىيا دېرىزىگە يۈزىنى يېقىپ تاڭ ئات-قۇچە يىغلاپ چىققانىدى. بۇ كېچە ئەسلىي مەن يىغلىسام بولات-تى، بىراق ئېلىيا يىغلىدى، بەلكى مەندىن ئاشۇرۇپراق يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى مېنى ئازابلىق تېڭىرقاش ئىچىدە قىينايتتى. ئۇ ئۆز تاللىشىغا ئۆكۈنۈپ يىغلىغاندۇر، مۇھەببەت مەنزىلىنىڭ ئا-ياغ ئىزى چۈشكەن بۇرۇقتۇرمىلىق گىرۋەك بولۇپ قالغانلىقىغا يىغلىغاندۇر، ئۇنىڭ يىغىسى ماڭا قارىتىلغان مەسخىرىدۇر، بې-سىۋالغۇسىز غەزەپ – نەپرەتتۇر، ئاھ، ئېلىيا ساناقسىز قىزلار نەزىرىدىكى سېھىرلىك مەبۇد، يېتىشىش مۇمكىن بولمايدىغان سىرلىق تالانت، مېنىڭ رازىلىق بېرىپ تەگكەن ئېرىم! ساڭا قانداق تەسەللى بېرەي، سېنىڭ يىغاڭنى مەن كىمگە، نېمە دەپ چۈشەندۈرەي؟ شامال ئازابلىق ھېسلىرىمنى يىراق – يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى.

«راست گەپ قىلغاندا، ئاداش، — دەيتتى ئىنىستىتۇتتىكى ساقداقدىشىم ھەمىشە، — بىز ‹ئامانەت›نى پۇلغا، ئويۇنغا تېگىش-تۇق، بۇنىڭ سورىقى بار. لېكىن، كاللا ئىشلەتسەڭ ئامالىمۇ تې-پىلىپ قالىدۇ. ئەرلەر مەست بولغاندا ئېچىرقاپ كېتىدىغان

خەق. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇلار نەپسىنى دەپلا ئاق - قارىنى پەرق ئې-
تەلمەيدۇ. توي قىلىدىغان يىگىتىمىزنى مۇشۇنداق مەست چې-
غىدا ئۆزىمىزگە قىزىقتۇرۇپ، چېقىلدۇرىمىز. يەنە بىرسى، توي
كۈنى ھەيز ۋاقتىغا توغرىلانسا ئىش كۆرمىگەن ئۇ نېمىلەر سەز-
مەيلا قالىدۇ. لېكىن، ئاداش، ھەر ئىككىسى قىماردەكلا بىر
ئىش. ئۇتتۇرۇپ قويساڭ تۆلەيدىغان بەدەل ئىنتايىن ئېغىر، بو-
لۇپمۇ كۆزى ئېچىلىپ قالغان نېمىلەر بىلەن توي قىلىپ قال-
ساڭ...»

يەنە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىم ئېسىمدە يوق. ئۇنتۇ-
يالمايدىغىنىم، مەنمۇ ئاچچىق بىر تۇيغۇ ئىچىدە يىغلىپ قالغان
ئازابلىق يىغامنى ئۇنسىز ھالدا يىغلىدىم.

ئەمدىلىكتە سۇنىڭ رىتىملىق شارقىراشلىرىلا ئەمەس، نەي-
نىڭ تونۇش بولۇپ كەتكەن زىل ۋە يېقىملىق ئاۋازىمۇ سېنى
دەريا بويىغا ئەگەشتۇرۇپ چىقىدىغان بولغانىدى. كۈن ئاتلىماي
چىقاتتىڭ. كۆيۈك تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كونىراپ قالىدى-
غاندەكمۇ قىلمايتتى. بەلكى ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرى كۈنساناپ مۇ-
كەممەللىشىپ، مېنىڭ چالالىشىم مۇمكىن بولمىغان نازۇك
ئۇدارلار ئىسكىرىپكاڭ تىلىدىن يېڭىچە ماھارەت، گۈزەل شەكىل
ئارقىلىق تۆكۈلۈپ چىقماقتا ئىدى. ئىسكىرىپكاڭغا جور بو-
لۇۋاتقان نەي ئاۋازىمۇ ئەگىشىپ ئۇدار تولۇقلاشتىن ياندىشىپ
تەڭداش ئورۇنلاشقا يۈزلىنىۋاتاتتى. ئۇزاقتىن بېرى ئۆزگەرمەي
كەلگەن بىرلا نەرسە — ئورنۇڭ مۇقىم ئىدى. دەرياغا يۈزلىنىپ
ئۆرە تۇراتتىڭ. دەسسەپ تۇرغان ئېگىزلىكتىن بىر قەدەم سىل-
جىمايتتىڭ.

ئىسسىق - سوغۇق تاللىمايدىغان يۈزۈڭ زاغرا ناندەك يېرى-
لىپ كەتكەنىدى. ئىزچىل بىر نۇقتىغا تىكىلىشكە ئادەتلەنگەن
ئويچان كۆزۈڭ ياشاڭغىراپ تۇراتتى. سەن يەنىلا يىراقتا، ھېچ
كىشى بايقىۋالالمايدىغان ئاللىقانداق بىر مەنزىلگە ئۈن - تىن-
سىز تىكىلىپ تۇراتتىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەريا سۈيى قارا رەڭگە كىرىپ قالغانىدى. ئۇ كۈچىنىپ شارقىرايتتى، ئايىغىڭ ئاستىدىكى بۇلغانغان تاقىر قاشقا زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. سۇ ھەر قېتىم قاشقا ئۇرۇلغاندا بوتۇلكىلار جاراڭلايتتى، قاينام ئارىسىدا لەيلەپ - لەيلەپ چۆكۈۋاتقان چالا ئۆلۈك مۇشۇكلەر كۈچسىز مىياڭلايتتى، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئىتلار ھالسىز خارقىرايتتى، قاۋايتتى. پۇتۇن - پۇتۇن زاغرا - توقاچلار، رەڭگى ئۆزگەرگەن گۇرۇچ، قوناقلار قاينام ئارىسىدا ھەريان سەكرەيتتى. ساناقسىز قارا بېلىجانلار ھوشسىز ھالەتتە پىلتىڭلاپ ئاقاتتى. قارا رەڭدىكى ئانا بېلىقلار بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى سۇدىن ئۇچۇپ چىقاتتى - دە، ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ يەنە ئامالسىز كىرىپ كېتەتتى. سۇ ھەر قېتىم قاشقا ئۇرۇلغاندا ئەتراپقا بىردىنلا چىداپ تۇرغۇسىز سېسىق پۇراق تارايتتى. قارا سۇ بىر ئۆرلەپ - بىر پەسىيەتتى. ھەر قېتىم پەسەيگەندە ئۇنىڭ ئۇرۇلۇۋاتقان ئىزىدا ھالال - ھارامنىڭ ئۆلۈكى، چىنە - قۇتىلارنىڭ سۇنۇقى، ئەخلەت - چىرىندىلەر، ياغاچ - يوپۇرماقلار، ئىشقىلىپ، جاھاندىكى ھەممە نەرسىلەر پەيدا بولاتتى. سەن دەسسەپ تۇرغان ئېگىزلىكنىڭ سۇ يالاپ تۇرغان تەرىپى ئاشۇ نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار كۈنسېرى ئېگىزلەيتتى. مۇشۇ كۆپىيىشىدە، ئۇزاققا قالمايلا سېنىڭ ئورنۇڭنىمۇ كۆزگە چېلىقمايدىغان لايداڭ ئويمانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندەك قىلاتتى.

بۇلۇتلار توپى نەرە تارتىپ كېلىۋاتاتتى. نازۇك بارماقلىرىڭ قىسىپ تۇرغان كامانچە تار ئۈستىدە يورغىلايتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ھەرقاچانقىدىنمۇ تېز ۋە كۈچلۈك ئىدى. ئىسكرىپكا تىلىدىن يېيىلىپ چىقىۋاتقان جىددىي بىر كۈي سېزىمىم ئارقىلىق كۆڭلۈمنىڭ نازۇك، ئەمما ئۆزۈممۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر جايلىرىنى ئاچچىق - ئاچچىق چىمدىپ ئۆتەتتى. كۆزلىرىڭدىنمۇ تارام - تارام ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى. نېمىگە يىغلىدىڭ؟ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇلۇتلار كۆڭۈلسىز سەرگۈزەشتىلىرىڭنى ئېسىڭگە

سالدىمۇ؟ ئايىغىڭ ئاستىدىكى يىغىندىلار دىلىڭنى ئەزدىمۇ؟ راست، سەن ئۇلارنى كۆرەلمەيسەن. ئۇنداقتا كۆڭلۈڭگە نېمە كەچتى؟

مۇزىكا ئۇدارى قوپال، لېكىن ناھايىتى ساددا ئىدى. ئۇنىڭ رىتىملىق تەكرارلىنىشىدىن پۈتۈنلۈككە ئايلىنىۋاتقان كۈي كىشى قەلبىگە ھاياجانلىق سوئال ئىزلىرىنى تاشلاپ ئۆتەتتى.

ساڭا قورساق كۆتۈرگەن چېغىمدىلا ھەيرانلىقىم باشلانغاندى. مۇددەتتىن بۇرۇن مىدىرلىدىڭ. چېلىۋاتقىنىڭ جىددىي، ئەمما ناھايىتى مۇڭلۇق كۈي ئىدى. ئۇنى تۇنجى قېتىم تەبىئىي ۋە تولۇق ھالىتىدە ئاڭلىغان ۋاقتىمدا دەل سەن مىدىرلىغاندىڭ. بىلىۋاتامسەن، سەن شۇ چاغدا مىدىرلىغان! ئەمدى ئۇنى سەن چېلىۋاتاتتىڭ.

ئانامنىڭ — موماڭنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ تاسادىپىي بولدى. ئۇنىڭ جىمغۇر بولۇپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېنى ناھايىتى ساغلام ئىدى. بىراق، خوشلىشىپ كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇلگۈرۈپ كەلدۇق. ھەممە يالغۇزچىلىق ھازا كۈنى سېزىلدى. بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلار جەم بولغان بولسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ بىردىنلا يۆلەنچۈكسىز قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. يىغلىشىم ئۈچۈن، كۈلۈشۈم ئۈچۈن، مەسلىھەت سورىشىم ۋە قېيىدىشىم ئۈچۈن... ھەممە ئۈچۈن ئانام لازىم ئىكەنلىكى مانا ئەمدى تولۇق بىلىنىۋاتاتتى. يەر - جاھان پىرقىرىدى. ئەتراپىم تارايدى. كۆز ئالدىمدىكى جىمى نەرسە چانىقىمدىن سىرغىغان ئىسسىق سۇيۇقلۇق ئاستىدا قالدى. كۆككە دەسسەپ كېتىۋاتاتتىم، بېشىم تەگسىز چوڭقۇرلۇققا ساڭگىلايتتى، خىيالىم، غايەم، روھىم، جىسمىم... ھەممىسى ئۆز يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغانىدى.

مېنى ئېلىيانىڭ يۆلەپ تۇرغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇنىڭ ھەممىدىن ئاشۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاۋاتقانلىقى ھەم يادىمدا. چۈشكىمۇ، رېئاللىقىمۇ ئوخشىمايدىغان خىيالىي بىر تۇيغۇ ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com

تۇراتتىم. ئېلىيانىڭ يىغا ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى، مەن قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتىم. لېكىن، نېمىشقىكىن تەسەۋۋۇرۇم كۈچىيىۋاتاتتى — ئانام «مازارتېرەك» ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. ئېلىيا دېرىزە تەرەپكە قاراپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى ھېلىقى ساۋاقدىشىم: «كۆزى ئېچىلىپ قالغان بىر نېمىلەر قىلتىقىمغا چۈشمەيدۇ» دەۋاتاتتى.

جەسەت جىنازىغا سېلىنىش بىلەن تەڭ ئانامنىڭ «تېرىكىم» نى ئېيتىپ بېرىۋاتقان چاغدىكى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئورۇق چىرايى كۆز ئالدىمدا تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۇنى شۇ قەدەر ئېنىق كۆردۈمكى، باشقىلارمۇ كۆردىمىكىن، دېگەن ئوي بىلەن يىغلاپ ئېقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە ئىختىيارسىز ھالدا تەكشى قاراپ چىقتىم. باشقىلاردا يىغىدىن ئۆزگە سادا يوق ئىدى. پەلتو ئۇستىگە ئاق باغلىغان ئېلىياغا يەنە بىر قېتىم قارددىم. ئۇ يەنىلا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ، ئۇنى بېسىلماي يىغلاۋاتاتتى.

جىنازا شۇنداق كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا ئانامنىڭ ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. ھەيرانلىقىمدىن ۋارقىراپ تاشلىماقچى بولدۇم. لېكىن، يەنە يىغلاشتىن باشقىسى قولۇمدىن كەلمەيتتى. بۇنى ئەتراپتىكىلەرگە دەپمۇ ئىشەندۈرەلمەيتتىم. «خۇدا، بۇ نېمە ئالامەت؟!» دېدىم ھويلىدىن ئاچىقىپ كېتىۋاتقان جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، ئەسلىدە ئۇنىڭ كەينىدىن خېلى بىر يەرگىچە ئەگەشمەكچىدىم. دەل شۇ چاغدا قورسىقىمغا تەگكەن بىر تېپىك مېنى توختىتىپ قويدى. چۆچۈپ كەتتىم. بويۇمدا قالغىنىغا ئىككى ئايمۇ بولمىغان ئەمەسمىدى؟ ئەزرائىل مېنىڭ جېنىمنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. بىراق، توختاۋسىز ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزۈم مۆلدۈرلەپ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى. دېمەك، ھايات ئىدىم. جىنازا ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئانامنىڭ ناخشىسى كۈچەيمەكتە ئىدى. مەن خىيالغىمۇ، چۈشكىمۇ ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر

تۇيغۇ ئىچىدە بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتىم: ئانامنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتاتتىم، ئانامنىڭ سىيماسىنى قايتا كۆرۈۋاتاتتىم، ئانامنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتاتتىم، بالام بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاۋاتاتتىم، تۇغۇلمىغان بالىنىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىۋاتاتتىم، ئۆتمۈش خاتىرەسىنى ۋاراقلاۋاتاتتىم، ئېرىمدىن گۇمانلىنىۋاتاتتىم، ياشلىقىمدىن سۆيۈنۈۋاتاتتىم...

ئانام ناخشا ئېيتقان پېتى كۆرۈش دائىرەمدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان جىنازىغا يېتىشىۋالدى ۋە ئارقىسىغا بىر قارىۋېتىپ ئاستا - ئاستا كۆزۈمدىن يىتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ناخشىسى دەقىقىسېرى كۈچىيىپ باراتتى. بۇ ناخشا كۆكتىن تامچىۋاتاتتى، زېمىندىن بالقىۋاتاتتى، دەرەخ - ئورمانلاردىن سىرغىپ چىقىۋاتاتتى، ھازىدار ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن، غەمسىز بالىلارنىڭ يۈرىكىدىن... ئوقچۇپ چىقاتتى. بۇ مەن ئاڭلىغان ۋە تېخى ئاڭلاپ ئۈلگۈرەلمىگەن، ئېسىمدە قالغان ھەم ئۇنتۇپ كەتكەن ناخشىلار ئىدى. ئۇ بىردە ئانامنىڭ ئاۋازى بىلەن ئېيتىلاتتى، بىردە يەككە سازلار بىلەن چېلىناتتى. قورسىقىمنىڭ ئىچ تەرىپىگە تېگىۋاتقان تېپىكلەرمۇ ئەمدى ئاغرىقسىز ھالدا داۋاملىشىۋاتاتتى. كۈي ئۇدارى كۈچەيگەنسېرى قورسىقىمدىكى جاننىڭ ھەرىكىتىمۇ شۇنچە جانلىنىپ كېتەتتى. ئۇ تەپسۇن ياكى مۇشتلىسۇن، ئۇدارىدىن زادىلا چىقىپ كەتمەيتتى. كۈي مۇڭلۇق تۇسكە كىرسە، ئۇنىڭ ھەرىكىتىمۇ قورسىقىمنىڭ ھەممە يېرىدىن تولىمۇ ئاستا باشلىنىپ كېلىپ، كىندىكىمدە كۈچىيەتتى ۋە يەنە ئەسلىگە قايتاتتى. كۈي تېتىكلەشسە، ئۇمۇ شوخلىشىپ كېتەتتى. قول - پۇتلىرىنى تەڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، قورسىقىمنىڭ ھەممە يېرىگە رىتىملىق مۇشتلاپ، تېپىپ چىقاتتى. بۇ رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقان ئۇسسۇلچىنىڭ نەپىس ھەرىكىتىگىمۇ، دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ تېپچەكلەپ يىغلىشىغىمۇ، تەلپىنى قاندۇرغان ئانىسىدىن سۆيۈنگەن پەرزەنتنىڭ ئەسەبىي خۇشاللىقى-

غىمۇ ئوخشايتتى. شۇنداق، بۇ بىر ئەسەبىي ئىنكاس ئىدى. مەن تالاي ئاڭلىغان ۋە ئاڭلىغاچ ئۇنتۇۋاتقان، ئۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان بۇ كۈي ئۈچۈن سەبىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرۇۋاتاتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. ھازىندارلار بىر ئەرسىنى سەزگەندەك قىلمايتتى. قورسىقىم ئىچىدىكى رىتىملىق ھەرىكەت بايىقىدەكلا داۋاملىشۋاتاتتى، بىراق ھېچقانداق ئاغرىق سەزمەيتتىم. ئەتراپىمنى يىغا ئارىلاش كۈي قاپلاپ تۇراتتى، يەنە كېلىپ ھەممىسى مەن تەرەپكە سىغدىلىپ كېلىۋاتاتتى. جىنازا كەتكەن تەرەپتىن، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايدىن ئاجايىپ تەسىرلىك كۈيلەر بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

«مەست تۇرۇپمۇ ماڭا چېقىلمىغىنىڭغا قارىغاندا، سەن چوقۇم ئىش كۆرۈپ قاپتىكەنسەن، كۆزۈڭ ئېچىلىپ بوپتىكەن، ئېلىميا!...» مۇسىبەت كۈنى تۇرۇپمۇ بۇنداق خىيالنىڭ كاللامغا كىرىۋالغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— سىز ئانامنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي ئۆتكۈزۈۋەتتىڭىز، — دېدى ئېلميا ئانام قازا قىلىپ ئىككى ئايچە بولغان ۋاقىتتا سەل رەنجىگەندەك قىلىپ.

— نېمىسىنى چۈشەنمەپتىمەن؟ سىز قانچىلىك چۈشىنەتتىڭىز ئانامنى.

— ئۇنىڭ سەبىي باللارنىڭكىدەك پاكىز قەلبىنى سىزدىن ئوبدانراق چۈشىنىمەن.

— بۇقىدەك ھۆكرەپ يىغلاپ بەرگىنىڭىز ئۈچۈنلا چۈشەنگەن بولۇپ قالامسىز؟

— ۋىجدانلىق ئادەم يىغلاشقا تېگىشلىك جايدا چوقۇم يىغلايدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا لاپپىدە قارىۋېتىپ، — سىز ئانامنى راستلا چۈشەنمەي ئۆتۈپ كەتتىڭىز. ئۇنىڭ سىزگە قالدۇرماقچى بولغانلىرى... «مازارتېرەك» ھېكايىسى، «تېرىكىم» ناخشىسى... ئىسىت، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنراق تونۇشۇپ قالمىغىنىمغا...

ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپىنى چالا ـ بۇلا ئاڭلىدىم.
ئۇنىڭ «ۋىجدانلىق ئادەم يىغلاشقا تېگىشلىك جايدا چوقۇم يىغلايدۇ» دېگەن گېپى يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلدى. بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنى؟ مېنى تۈزكور ئىكەنسەن، بۇزۇلۇپ كېتىپتەكەنسەن، نومۇس قىلساڭچۇ، دېگىنىمىدۇ؟ راست شۇنداق دېگىنى! ئۇ تەگىدى، ئاخىر تەگىدى! ئاھ، هاماقەتلىكىم!

تىلىم تۇتۇلدى. بېشىمغا قايتىدىن ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئەسلىدىمۇ زىلۋا بەدىنىم سولىشىپ قالغان تەرخەمەكتەك قورۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئوقۇۋاتقان چېغىمدا هوشسىز هالىتىمدە «زەخىملەندۈرۈلگەن» جاي مانا ئەمدى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقاندەك قىلاتتى. قارىمۇتۇق، قويۇق بۇرۇتلۇق، سېمىز ۋە كۈچتۆڭگۈر بىرسى سېزىمسىز كۆكسۈمنى هارغىن هالەتتە مۇجۇۋاتاتتى...

دەريانىڭ كۈچلۈك بىر شارقىرىشى قەلبىمدىكى ئاچچىق تۇيغۇلارنى ئۆزگە قوشۇپ ئېقىتىپ كەتتى. مەڭزىلىرىم چانىقىمدىن سىرغىپ ئاققان ياش بىلەن هۆللەنگەنىدى. يېقىنلا يەردىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق نەي ئاۋازى موهتاجلىق، تەشنالىقتا ئۆرتىنىۋاتقان غېرىب بىر سىيمانى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى. «سىز مېنى قۇتقۇزدىڭىز، سائادەت، سىزنى سۆيىمەن، بىرقانچە پارچە خېتىمنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويدۇم ـ يۇ، زادىلا جاۋاب بەرمىدىڭىز» دېيىلگەنىدى كاستۇمىڭىزنىڭ يانچۇقىدىكى يەنە بىر پارچە خەتتە. كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق خەتنى كۆرگەن چېغىمدا ئىنستىتۇتتىكى ۋاقىتلىرىم ئېسىمگە كېلىپ قالاتتى. ئۇ چاغدا تەلەپ قويغانلارنى مەنمۇ شۇنداق تەقەززا قىلغان ئەمەسمىدىم؟ خەتنى كۆپ تاپشۇرۇۋېلىش، ئاسان جاۋاب بەرمەسلىك نەقەدەر قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك ئىش ـ هە! شۇ تاپتا سەن نېمىنى ئويلاۋاتقانسەن؟ قانداق هېسسىياتلاردا بولۇۋاتقانسەن؟

تاتلىق ئەسلىمىلىرىم مۇڭلۇق، يېقىملىق نەي ئۈنىگە سىڭىشىپ كەتتى. بۇ ئاۋاز ئىسكىرىپكا ئۈنىنىمۇ بېسىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇ قەدەر هېسسىياتلىق، شۇ قەدەر لەرزان ئىدىكى، ئۇ-

نىڭ سېھىرلىك تەسىرىدىن ئىسكىرىپكاڭنىڭ ئاۋازى تەبىئىي ھال-
دىلا پەسىيىپ بارماقتا ئىدى.

ھەممە ياقتىن نەي ئاۋازى كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭدىن ئىلتىجا، سېغىنىش، مۇھەببەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق، بۇ نەي ئاۋازى ئارقىلىق يېزىلىۋاتقان مۇھەببەت ئىزھارى ئىدى! بۇنى مەن قولۇمدا تۇتۇپ ئەمەس، يىراقتىن — كۆز ئالدىمدىكى چەكسىز بوشلۇقتىن — كۆڭۈل كۆزۈم ئارقىلىق كۆرۈۋاتاتتىم.

«سىز مېنى قۇتقۇزدىڭىز، سائادەت، سىزنى سۆيىمەن.» بۇ خەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھاياجانلىق جۈملە ئىدى. ئېسىمدە قې-لىشچە، خەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جۈملە بىلەنلا داۋاملاشقان. ئۇنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا يەنە قانداق تەسىرلىك سۆز-لەر باركىن؟ ئىنستىتۇتتىكى ماڭا يېزىلغان مۇھەببەت خەتلىرى ئېسىمگە كەلدى. نەي ئاۋازى شۇ خەتلەرگە قوشۇلۇپ قەلب كۆزۈمە-نى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرمەكتە ئىدى. ئاۋاز ئىچىدىن دانە - دانە، ھاياجانلىق خەتلەر ئاستا - ئاستا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتاتتى.

قەدىرلىك سائادەت، دەپ ئىسمىڭنى ئاتاپ باشلانغانىدى تەسەۋ-ۋۇرۇمدا تولۇقلىنىۋاتقان بۇ خەت، ئالدى بىلەن سىزگە ئېيتىلغان چوڭقۇر، مۇشۇ ئانا دەريادەكلا چوڭقۇر رەھمىتىمنى قوبۇل قىلغاي-سىز! يەنە بىر قېتىم، ياق، تەكرار - تەكرار رەھمەت ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز! سىزگە، ئىسكىرىپكا تۇتقان ئاپپاق قولىرى-ڭىزغا، ھارماس ئىسكىرىپكىڭىزغا رەھمەت!

سائادەت، سىز مېنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان. لېكىن، مېنى تونۇيسىز. كۈيلىرىڭىز سىزنى ماڭا تونۇشتۇرغىنىغا ئوخشاش، كۈيلىرىم مېنى سىزگە تونۇشتۇرغان. شۇنداق، بىز كۈي ئارقىلىق سىردىشىۋاتىمىز. مېنىڭ باشتىلا سىزگە رەھمەت ئېيتىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ بىلمەيسىز بەلكىم. ئىلگىرىكى خەتلىرىمدە يازغىنىمدەك، مەن بىر رەسسام، شۇنداقلا يەنە مۇزىكا خۇمارمەن. سىز بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى رەسىم سىزىش — كەسپىم، نەي — ھەۋىسىم ۋە سىردىشىم ئىدى. ئەمدىلىكتە نەي — ۋاستەم ۋە

ھەۋىسىم بولدى. سىز سىردىشىم ئورنىنى تولۇقلىدىڭىز. ئاڭلا-
تامسىز، سىردىشىم بولۇپ قالدىڭىز، سائادەت.
شۇ كۈنى مەن دەريا بويىغا چىققانىدىم. قىياپىتى پۇتۇنلەي
ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ ئانا دەريانى ئاخىرقى قېتىم كۆرمەكچى، ئۇ-
نىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، ئەبەدىي بىللە ئاقماقچىدىم. ئۇ مېنى
ئالدىمايتتى. سۆيگەن قىزىمدەك ۋاپاسىزلىق بىلەن مېنى تاشلاپ
كەتمەيتتى. دەريا بويىغا كېلىپلا پەلكۈچ ۋە بوياق تەڭشەش تاختى-
سىنى سۇغا كۈچ بىلەن ئېتىۋەتتىم. ئۇ نەرسىلەرنى شۇ قەدەر
ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن مەن بىللە ئاقسۇن دېگەنىدىمەن.
ئارقىدىنلا كۆزۈمنى مەھكەم يۇمدۇم. خۇددى ئۆلۈشتىن بۇرۇن
چوقۇم كۆزنى يۇمۇش پەرزدەك شۇ پېتىچە قاشتىن سىيرىلماقچى
بولدۇم. دەريا سۈيى يۇمۇق كۆزۈمگە زۇمرەتتەك سۈزۈك، ئۇنىڭ
ئاستى بولسا جەننەتتەك تىنچ ۋە ئارامبەخش بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ
يەر تەڭداشسىز گۈزەل ئىدى. ھەر تەرەپكە توختىماي ئۈزۈپ باققان
ھالەتتىمۇ ھودۇدىنى بىلىپ بولمايتتى. سۇ ئىنتايىن سۈزۈك ئى-
دى. ئۇنىڭ باغرى مامۇقتەك يۇمشاق، ئىسسىق ۋە ھۇزۇرلۇق ئى-
كەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەن-
لىكىنىمۇ بىلەتتىم. ئاشۇ چوڭقۇرلۇقتا مەن كۈتكەن گۈزەللىك،
مەن ئىزدىگەن ھەققانىيەت تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تە-
سەۋۋۇرۇمدىكى تەكتىگە تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەسەۋ-
ۋۇرۇمدىكى تەكتىگە يېتىشىم ئاسان ئەمەس ئىدى. لېكىن، كۈچ
بىلەن سەكرىسەملا ھەممە ئىش ھەل بولاتتى: كۈچلۈك قايىنام مېنى
ئۆزىگە تارتىپ، كۆزلىگەن چوڭقۇرلۇققا باشلاپ كىرەتتى. مەن قاي-
نام بىلەن ئېلىشمايتتىم، ئەكسىچە ئۆزۈمنى ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ
بېرەتتىم.
مەن كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ئاستا سىيرىلدىم. پەقەت پەسكە
قاراپ سىيرىلىۋاتقانلىقىمنى، ئازابسىز دۇنياغا يەتمەكچى بولغانلى-
قىمنىلا بىلىمەن. دەل شۇ چاغدا قاياقتىندۇر تەسىرلىك بىر كۈي
ئاڭلاندى. بۇنداق كۈينى مەن ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. ئۇ-

www.uyghurkitap.com

نى ئاڭلاپ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى تولۇق ئېيتىپ بېرىشكە
ئاجىزلىق قىلىمەن. شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى زادىلا تەسۋىر-
لەپ بېرەلمەيمەن! ئۇ كۈينى مەن توختاپ ئاڭلىدىممۇ ياكى سىي-
رىلىپ چۈشۈۋېتىپمۇ، بىلمەيمەن. لېكىن، شۇنى جەزملەشتۈرە-
لەيمەنكى، شۇ چاغدا كارامەت بىر مۆجىزە يۈز بەرگەنىدى. مېنى
مەھلىيا قىلغان، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە روھىي ئالەمدە ئۆزگىچە
تەپەككۇر ئويغاتقان بۇ سېھىرلىك كۈي سىزنىڭ ئىسكىرىپكىڭى-
ڭىزدىن يېيىلىپ كەلگەنىدى. بۇ سىزنىڭ ئىسكىرىپكىڭىز ئى-
دى! مەن ھېلىغىچە ئاڭلاۋاتقان، مېنىڭ سىردىشىمغا، ھەمرا-
ھىمغا ئايلىنىپ كەتكەن، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىسكىرىپكا
ئىدى! ئىسكىرىپكا ئاۋازى يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ-
دىن ھاياتقا، تەبىئەتكە بولغان مۇھەببەت، پانىي ئالەمنىڭ خوش-
لۇق، گۈزەللىكى توغرىسىدىكى قەسىدىلەر ئاجايىپ يارقىن ئا-
ھاڭلار ئارقىلىق ئەتراپقا تارالماقتا ئىدى. بۇ ھاياتنى ئۇلۇغلاش
توغرىسىدىكى، ئانا زېمىننى قوغداش، قەدىرلەش ھەققىدىكى لى-
رىك كۈي ئىدى! ئۇ ناھايىتى زىل، مۇڭلۇق، لەرزان چېلىنىۋا-
تاتتى. ئۇنىڭدىن چۈشكۈنلۈك، يۈز ئۆرۈش پۇراقلىرىدىن زەررى-
چە تاپقىلى بولمايتتى. كۈي خۇددى ماڭا قارىتىپ چېلىنىۋاتقان-
دەكلا قىلاتتى، يەنە كېلىپ بارغانچە تېتىكلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
دەريا سۈيى شاۋقۇنلايتتى. ھېلىلا تىنۇشسىز ئېقىۋاتقان قانلىرىم
ئەمدىلىكتە شاۋقۇنلۇق سۇدەك تومۇر - تومۇرلىرىمغا كۈچ بىلەن
ئۇرۇلاتتى. ئىسكىرىپكىدىن كېلىۋاتقان جەلپكارانە كۈي كۆرۈن-
مەس قوللىرى بىلەن سېزىمسىز يۈرىكىمنى يۇمشاق سىلايتتى.
ھەربىر ئۇدار بىر غايىب قول بولۇپ، مېنى ئاستا - ئاستا ئۆزى-
گە تارتاتتى. كۈچسىز يۈرىكىمنى، زەئىپ روھىمنى، بىھوش ۋۇ-
جۇدۇمنى ئەركىلىتەتتى. مەن ئىسسىق قول، مېھىرلىك بېغىر-
نىڭ يېقىملىق غىدىقلىشى بىلەن ھوشسىز ھۈجەيرىلىرى جانلى-
نىپ، پەي - مۇسكۇللىرى تىرىلىۋاتقان يېڭىچە بىر ۋۇجۇدنى
كۆرۈۋاتاتتىم، كۆز ئالدىمدىكى مەن يېتىش ئالدىدا تۇرغان مە-

ئىشەت دۇنياسى تۇمانلىق ئۆڭكۈردەك غۇۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى،
تىنىق ساناپ قورقۇنچلۇق بىلىنمەكتە ئىدى.

كۆڭۈل ئېكرانىمدا مەن سەسكەنگەن دۇنيا! ئۇ كېڭەيگەن ها-
لەتتە، گۈزەل تۇستە تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ-
نىڭدىن مۇھەببەت، مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق يېغىپ تۇراتتى!

ئارقامغا قانداق يانغىنىمنى بىلمەيمەن، كۆي قوينىمدىن سو-
زۇلۇپ چىققىنىمدا قاشتىن خېلىلا يىراقتا تۇراتتىم. ئەمدىكى
كۆزۈمدە ھەممە نەرسە باشقىچە: دەريا يەنىلا بۇرۇنقى جانسىز دەر-
يا. ھېسسىياتسىز، پەردازسىز، ئۇنىڭ تەكتىدە ۋىسال شادلىقى،
مەئىشەت ھۇزۇرى دېگەنلەر باردەك ئەمەس. ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئات-
قۇم كەلمەيدۇ. قەلبىمدىكى قۇدرەتلىك ئازاب بىر يولىلا ئۇنتۇل-
غان. مەن سىقىلغان بۇ دۇنيا شۇنچە كەڭ، شۇنچە گۈزەل، خۇددى
مەن سىزنىپ قانمىغان چاغلاردىكىدەك. ئەس ـ يادىم بىرلا نۇق-
تىدا: ئىسكىرىپكا چالغان قىز كىم؟

ھەيران قالماڭ، سائادەت، ئىسكىرىپكا چالغۇچىنىڭ قىز
ئىكەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان بولغانىدى. ئۇ چوقۇم قىز بالا بولۇ-
شى كېرەكتەك بىلىنگەنىدى. مېنىڭچە، قىزلارلا، پەقەت سىزدەك
قىزلارلا مۇشۇنداق مۇرەككەپ قاتلاملارغا، مۇشكۈل قايتىلاند-
ىلارغا ئىگە، تاتلىق، تەسىرلىك، غەيۇرانە تۇستىكى گۈزەل كۈي-
لەرنى يارىتالايتتى. بۇ كۈيدە سىزنىڭ، مۇڭلانغان، ئەمما ئۇ-
مىدۋارلىقىنى يوقاتمىغان جاسارەتلىك بىر قىزنىڭ سىيماسى
ئەكسلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مېنى ياشاشقا ئۈندەيتتى. ھاياتنىڭ گۈ-
زەللىكىنى قەلب تىلى ئارقىلىق شەرھلەيتتى. غەيرەتسىزلىكىم-
نى ئەيىبلەيتتى. ماڭا جۇرئەت ۋە ئىشەنچ بېغىشلايتتى. بۇ سىز
ئىدىڭىز، سائادەت، ماڭا ھاياتنىڭ قىممىتىنى قايتا تونۇتقان قىز
سىز ئىدىڭىز. مەن سىزگە شۇ چاغدىلا مەھلىيا بولۇپ قالغانى-
دىم. سىزنى كۆرمەي تۇرۇپ، ھەتتا سىزنىڭ قىز ياكى ئوغۇل
ئىكەنلىكىڭىزنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ سىزگە ئىنتىلگەنىدىم. تۇي-
غۇم سىزنى «قىز» دەپلا جاكارلايتتى. شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمدا

ئۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باشقىچە نەتىجىنى كۆتۈرەلمەيتتىم. مەن قىز بالىدىن ئازار يېگەنىدىم، يەنە قىز بالىلا ماڭا تەسەللى بېرەلەيتتى. ئاچچىق ئەسلىمىلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ماڭا ئۈمىد، مەدەت ئاتا قىلالايتتى. پەقەت سىزلا شۇنداق قىلالايتتىڭىز، سائادەت!

شۇ چاغدا قاشتا — دەريادىن سەل يىراقتا تۇرۇپ، سىزنىڭ تەسىرلىك كۈيلىرىڭىزنى ئاڭلاۋېتىپ يەنە نېمىلەرنى ئويلىدىم دېمەمسىز، ئالدى بىلەن مېنى ئالدىمىغان تۇيغۇمغا رەھمەت ئېيتتىم! دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئادەمدەك دەرياغا قايتىدىن قاراپ چىقتىم! يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىداپ بولماس نومۇس ئوتى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. دەريا سۈيى قارىداپ كەتكەنىدى! ئۇنىڭ بېتىدە ھەممە تاشلاندۇقلار قىستىلىشىپ ئاقاتتى. ئەتراپ تېخىمۇ بەتتەر، خۇددى ئادەم ئاياغ باسماس بولۇپ قالغان، ئۇنتۇلغان ئەخلەت رايونىدەك. تېخى يېقىندا دوستلار بىلەن مۇشۇ يەردە يەپ - ئىچىشىپ، ئۆزىمىزگە ئەمەك تېپىپ كەلگەن؛ سۇنىڭ پاكىز، سۈزۈكلۈكىنى ماختاشقان؛ ھاراق، پىۋا، كونسېرۋا... قۇتىلىرىنى ئۇنىڭ كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان سۈزۈك بېتىگە چولتوكلىتىپ ئېتىپ، كۆڭلىمىزنى شاد ئېتىشكەن ئەمەسمىدۇق؟ بۇ يەردە كۆڭۈل ئاچىدىغان ياشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتىغۇ؟ دەرياغا نېمە بولدى، كۈندە كېلىدىغان ئادەملەر قېنى؟

ئىسكىرىپكىڭىز دەريا ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. جۇشقۇنلۇق ئارىلىشىپ كەلگەن كۈيلىرىڭىز ماڭا بىردىنلا تېخىمۇ مۇڭلۇق تۇيۇلۇپ كەتتى. سىزمۇ دەريا توغرىسىدا ئويلاۋاتامسىز؟ كۈيلىرىڭىزدىن بىلىنىۋاتقان ھەسرەت شۇنىڭ بېشارىتىمىدى؟ سىز بۇنى خېلى بۇرۇنلا سېزىپ يەتكەنمۇ؟ شۇ تاپتا مەن كىم؟ دەردىسىز پاراغەت، مەۋھۇم گۈزەللىك ئىزدەپ ھاياتتىن جۇدا بولۇش خىيالىمغا قانداق كېلىپ قالدى؟ مەن سىزغان دەريا مۇشۇ ئەمەسمىدى، مېنى بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشتۈرگەن

‹بوستانلىق ساھىل› مۇشۇ ئەمەسمىدى؟ قېنى، ئۇ بوستانلىق؟ دەريا مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغۇچە مەن نېمىشقا كۆرمىدىم؟ گۈل-لىنىشىنى سىزىپ، ھالاكىتىنى سىزالمايدىغان، كۆز ئالدىدا تۇرسىمۇ كۆرەلمەيدىغان قانداق رەسسام مەن؟ مېنىڭ نەرىم سەن-ئەتكار؟ شۇلارنى ئويلىسام نومۇس قىلىمەن ئۆزۈمدىن.

يېقىملىق كۈيلىرىڭىز ھېلىغىچە سېھرىي كۈچى بىلەن مې-نى سىزگە باغلاپ كەلدى. مۇزىكىغا ئايلانغان گۈزەل ئارزۇلىرى-ڭىز بىلەن مۇزىكىلاشقان شېرىن ئىستەكلىرىمنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرۇپ، ئورتاق بىر بوشلۇققا تارىلىدىغان، بىر قەلبكە سىڭىپ كىرىدىغان، ئاجرالماس ـ ئايرىلماس كۈي پۈتۈنلۈكى ھاسىل قىلدى. روھىمىز بىپايان بوشلۇقتا مۇزىكا شەكلىدە ئۇچراشتى. ئوخشىمىغان چالغۇدىن تارالغان ئوخشاش رىتىملىق، ماس ئۇدارلىق كۈيلەر مۇستەھكەم بىرىكتى. ئۇلارنىڭ بىرىسىز يەنە بىرسى گۈزەللىك پەللىسىگە يېتەلمەيتتى. سېھرىي تەسىرى-نى يوقىتىپ قوياتتى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۈيىڭىزسىز ياشىيالماس بولۇپ قال-دىم. سىزنىمۇ يىراقتىن كۆرۈپ تۇردۇم. ئەمما، ماڭا نەزەر سال-دىغاندەكمۇ قىلمايتتىڭىز. مەن تەرەپكە — يىراق قىرغاقلارغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلىپ قارايتتىڭىز ـ يۇ، مېنى كۆرمە-گەندەك ئۇنىسىز، ئىپادىسىز تۇرۇپ كېتەتتىڭىز. بىلىمەن، مۇ-زىكا چېلىنىۋاتقان ئادەم ئۆز روھىنى ھەربىر ئۇدارغا سىڭدۇرۇپ، كۈينىڭ قات ـ قېتىغا شۇڭغۇپ كىرگەن چېغىدىلا پۈتۈن ئەس ـ يادى، خىيالى، تەپەككۇرى، ئارزۇ ـ غايىلىرى مۇزىكىلىشىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، سېزىمى — بارلىقى يۈكسەك بىر كۈي پەللىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ ـ دە، شۇ كۈي قېتىدىكى گۈزەل ـ غا-يىۋى سىمالاردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ. بۇ بىر قانۇنى-يەت! بەلكى سىزمۇ شۇنداق بىر مەنىۋى ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، سەنئەت سېھرى ئاپىرىدە قىلغان روھىي سەكرەش ھالەتلىرىگە ئەسىر بولۇۋاتقانسىز. شۇڭا، سىزنى چۈشىنىمەن.

سىزنىڭ ماڭا نەزەر سېلىشىڭىزنى، قايرىلىپ بىر قارىشىڭىزنى شۇ قەدەر كۈتسەممۇ، ماڭا شۇنچىكى دىققەت قىلىپمۇ قويمىغان سىزنى يەنىلا چۈشىنىمەن، سائادەت!

ئاڭلىسام، سىزنى ئەما دېيىشىدىكەن. بۇ مۇمكىنمۇ؟ شۇڭلاشقا مېنى كۆرمىگەنسىزمۇ؟ سىزدەك بىر قىزنىڭ، سىزگە ئوخشاش تۇرقىدىن كۈي تۆكۈلىدىغان خىسلەتلىك پەرىزاتنىڭ ئەما يارىتىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ؟ شۇنداق دېيىلگەن ھالەتتە بۇ كىمنىڭ سەۋەنلىكى، تەڭرىنىڭمۇ؟ مەن ئىشەنمەيمەن! ئۆزىڭىز كۈيلەۋاتقان بۇ گۈزەل دۇنيانى كۆرەلمەيدىغانلىقىڭىزغا زىنھار ئىشەنمەيمەن، سائادەت! ئەما بولغان ھالەتتىمۇ كۆرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ئەمەس! خەقلەرنىڭ دېمەكچى بولغىنى كۆزىڭىزغۇ، پەقەت ئاشۇ كۆزلىغۇ! كۆزىڭىز شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ يەنە قەلب كۆزىڭىز، تەڭداشسىز مۇزىكا سېزىمىڭىز، سىزنى يىراق - يىراقلارغا باشلاپ بارىدىغان گۈزەل كۈيلىرىڭىز بارغۇ؟ ئەھۋالىڭىز خەقلەر دېگەندىن ئېغىر بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا سىزنى سۆيىمەن. قەلبىڭىزگە مەلھەم، كۆزىڭىزگە نۇر، جىسمىڭىزغا قۇۋۋەت بولىمەن، سائادەت! چۈنكى، سىز مېنى قۇتۇلدۇردىڭىز، يورۇق دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇردىڭىز...

قار لەپىلدەپ ياغماقتا ئىدى. ئۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇ پېتىچە توختىماي ياغىدىغاندەك، ئەبەدىي توختىمايدىغاندەك قىلاتتى. كۆك ئاق، زېمىن ئاق، زېمىندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان نەي ئاۋازىمۇ ئاپپاق ئىدى.

سوغۇق شامال قارلارنى ئۇچۇراتتى. يۈزلىرىم سوغۇق زەربىسىدىن قېتىپ قالغانىدى. تال - تال كىرپىكلىرىمگە قېلىن قىروۋ قونغان، چاناقلىرىم ۋىژىلداپ ئېچىشاتتى. سۇرمىلىك قاپاقلىرىم ئېغىرلىشىپ، قارىچۇقلىرىمنى توسۇۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئۇيۇشقان بەدەنلىرىم غال - غال تىترەيتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سېزىمىنى، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ بارماقتا ئىدى. ئەمما، سەن كامانچىنى سىلىق ھالدا ھەريان يورغىلىتاتتىڭ. قار -

شۋىرغان دېگەنلەرنى سەزمىگەندەك قىلاتتىڭ. چىرايىڭدىن ئېنىق بىر ئىپادىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. مۇرەڭگە يېيىلىپ تۇرىدىغان دولقۇنلۇق چاچلىرىڭ ئاقارغان. مۇرەڭ ئاق، بىلەكلىرىڭ ئاق، ئىسكىرىپكا يۇزى ۋە ئۇنى قىسقان ئېڭەكلىرىڭمۇ ئاق...

سوغۇقنىڭ تەسىرىمىكىن ياكى نەي ئاۋازى قوزغاتقان هاياجانلىق ئىز، تەسەۋۋۇرلارنىڭ غىدىقلىشىمىكىن، ئەيتاۋۇر كۆزۈڭ بىلىنەرلىك نەملەنگەندى. مېنى قىزىقتۇرۇۋاتقان بۇ كۆيىنىڭ، ياق، بۇ سېھىرلىك خەتنىڭ ساڭا تەسىر قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، سەن يەنىلا جىمجىت، ئىپادىسىز ئىدىڭ. كۈلمەيتتىڭ، ئاچچىقلانمايتتىڭ. سەندىن سېزىلىۋاتقىنى خىيالچانلىق، تۈگىمەس مۇڭ، خۇددى بوۋاق ۋاقتىڭدىكىدەك. شۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتقانسەن، بالام، يەنە نېمىلەر توغرىسىدا خىيال قىلىۋاتقانسەن، جېنىم قىزىم! ئاڭلا، بۇ سەن توغرۇلۇق يېزىلغان خەت، ساڭا ئىزهار قىلىنغان مۇهەببەت كۈيى! ئېھ، بالام، يۈرەك پارەم، ئۆز هالىڭدىن ئازابلىنىۋاتىسەن ـ هە؟ ئەمىسە نېمىشقا بۇ هەقتە ماڭا بىرەر قېتىممۇ زارلىنىپ باقمىدىڭ؟ مەن سېنى زادى قاچان چۈشىنىمەن، ئوبدان قىزىم؟ ساڭا نېمىلەرنى قىلىپ بېرىشىم كېرەك، قانداق قىلسام خۇش بولىسەن، كۈلىسەن؟ ئانىلىق كۆزۈم بىلەن سىرلىق قەلبىڭنى كۆرگۈم بار. مۇمكىن بولسا ئىدى، بىردەم بولسىمۇ ساڭا قوشۇلۇپ كەتسەم، جىسمىڭنىڭ بىر تەركىبىگە ئايلىنىپ، بۈيۈك تەسەۋۋۇرلىرىڭغا، تۈگىمەس مۇڭلىرىڭغا شاهىت بولسام، سېنىڭ تومۇرۇڭدا ئېقىپ باقسام، سېنىڭ مېڭەڭدە ئويلاپ باقسام، سېنىڭ قەلبىڭدە مۇڭلىنىپ كۆرسەم! شۇ چاغدا سېنى چۈشىنەرمىدىم ياكى مەنمۇ مۇڭلىنىپ كېتەرمىدىم؟

بوۋاق چېغىڭدىلا مۇڭلۇق بالا ئىدىڭ. خۇددى بىرەر غايىب كۈچ كۈلمەسلىككە سېھىرلەپ قويغاندەك ئاسانلىقچە كۈلمەيتتىڭ. بۇقۇلداپ يىغلىغىنىڭنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئەگەر شۇ

www.uyghurkitap.com

ھېساب بولىدىغان بولسا، سېنىڭ كۆلگەن ۋاقتىڭ... سېنىڭ
يىغلىغان چېغىڭ... تۇغۇلغان كۈنۈڭ ئىدى. قورسىقىمدىكى پەي-
تىڭ مۆجىزىلىك بولغىنىدەك، يەرگە چۈشۈشۈڭمۇ ئاجايىپ غە-
لىتە بولدى. شۇ چاغدا ئېلىيا يېنىمدا ئىدى. قورسىقىم قاتتىق
مۇجۇدى، دوۋسۇنۇمغا گۈرسىلدىتىپ ئۇسكەن ئاۋاز سىرتقىمۇ
ئاڭلاندى. ئېلىيا چەكچىيىپ قالدى. مېنىڭ ۋايجانلىمىغىنىمغا
ئۇمۇ ھەيران بولدى. سېستىرالار بىر - بىرىگە مەنىلىك قارد-
شىپ، ئۈنسىز كۈلۈشەتتى. دوختۇر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي
ساراسىمىگە چۈشتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا
ئىڭەلەپ يىغلاشىنىڭ ئورنىغا پىخىلداپ كۈلگىنىچە بالا يەرگە
چۈشتى. ئۇ يەرگە چۈشۈپمۇ توختىماي كۈلدى. بىر كىشى غىد-
دىقلىغاندەك، پەرىشتىلەر كۈلدۈرۈۋاتقاندەك تېلىقىپ - تېلىقىپ
كۈلدى. ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ توختىتالمىدۇق. شۇ كۈلگىنىچە
توپتوغرا بىر كۈن كۈلدى. ئېغىزلاندۇرۇپ باقتىم، ئەمچەك سې-
لىپ كۆردۈم، ئامال بولمىدى. لوقمىنى سالسام چىقىرىۋېتىپ
كۈلدى، ئەمچەك تەڭلىسەم ئېمىپ تۇرۇپ كۈلدى. كەچلىك تا-
ماقتىن كېيىن، ئېلىيا ئۇنئالغۇنى بوش قويۇپ قويدى. سىملىق
چالغۇ بىلەن ئورۇنلانغان يېنىك بىر مۇزىكا ئاڭلىنىشى بىلەن
تەڭ كۈلكە بېسىقتى. سېنىڭ كۈلكەڭ شۇ چاغدا بېسىقتى، قىد-
زىم! ئەمما، بۇنىڭ ئاخىرقى كۈلكەڭ ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟
مۇزىكا تۈگىشى بىلەن بىردىنلا قاتتىق يىغلاپ كەتتىڭ. بىر كۈن
كۈلگىنىڭگە قاراپ سېنى بۇنچىلىك يىغلاپ كېتەر دەپ ئويلىماپ-
تىكەنمەن. ئاۋازىڭ نورمال بوۋاق بالىنىڭكىگە ئوخشايتتى. تېلد-
قىشىڭ ئۆسمۈرنى، بۇقۇلدىشىڭ قىران دەردمەننى، تارام - تارام
ياش تۆكۈشۈڭ جاھانكەزدى بېشارەتچىنى ئەسلىتەتتى. شۇ تەرد-
قىدە بىر كېچە يىغلىدىڭ، ئۇخلىمىدىڭ. بىزنىمۇ ئۇخلاتمىدىڭ.
نېمە تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمىدىم، يىغاڭمۇ ئاخىر بېسىقتى،
تاڭ بىلەن تەڭ بېسىقتى، قىزىم! بۇمۇ سېنىڭ ئاخىرقى، ئەڭ
ئاخىرقى بۇقۇلداپ يىغلىشىڭ بولۇپ قالدىغانلىقىنى ھېس

قىلمىغانىكەنمەن. مانا ئەمدى سەن ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنىۋاتقاندەك قىلىمەن. سېنىڭ جىمغورلۇق ئاستىدىكى ئۈنسىز جاۋابلىرىڭ، كۈيلىرىڭ ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقان سىرلىق مۇلاھىزىلىرىڭ مېنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بولمىسا بۇ يەرگە چىقارمىدىم؟ باشقىلارغا ۋەدە بېرىپ تۇرۇپ يەنە تانسا ـ تىياتىرلاردىن كېچىپ، كۆيۈڭگە مەھلىيا بولۇپ يۈرەرمىدىم؟ ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمدى سوراپ باقايچۇ، قىزىم، سەن تۇغۇلغان چاغدا نېمىشقا كۈلۈپ كەتكەنىدىڭ؟ ئىنسان بالىسى يورۇق دۇنياغا يىغلاپ كۆز ئاچاتتىغۇ؟ شۇ چاغدا سېنى كىم كۈلدۈرگەن، نېمىگە شۇنچە خۇش بولۇپ كەتكەنىدىڭ، مۇزىكىنى ئاڭلاپلا يەنە نېمىشقا يىغلىدىڭ؟ شۇ چاغدا سەن مۇزىكا دېگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمتىڭ؟ ئۇنى بىر ئاز بولسىمۇ چۈشىنەمتىڭ؟ بۇلار ماڭا ھېلىغىچە بىر تېپىشماقتەك بىلىنىدۇ. لېكىن، سېنىڭ كۆرسىتىدىغان مۆجىزىلىرىڭ بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىگەنىدى. قىرقىڭغا توشمىغان بولساڭمۇ زادىلا يىغلىمايتتىڭ. ئۈنئالغۇدا مۇزىكا قويۇپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېلىقى ۋاقىتتا — تۇنجى كۈنىلا ھېس قىلغانىدۇق. شۇڭا، مۇزىكا سېنىڭ ھەمراھىڭ ئىدى. بولۇپمۇ قەدىمىي، مۇڭلۇق مۇزىكىلار دىققىتىڭنى ئالاھىدە تارتاتتى. بۇنداق چاغدا پۇت ـ قوللىرىڭ ئويناپ كېتەتتى. كىچىككىنە، مىلىقلاپ تۇرىدىغان چاچسىز بېشىڭ ماس ھالدا ئىككى تەرەپكە يەڭگىل تەۋرىنەتتى. يەنە كېلىپ بۇ ھەرىكەتلىرىڭ خالىغانچە ئەمەس، رىتىملىق، مۇزىكا ئۇدارىغا ئەگىشىپ تۇرۇپ داۋاملىشاتتى. مۇزىكا توختىسا، پۇت ـ قوللىرىڭمۇ جىمىپ قالاتتى. خېلى كۆپ ئاھاڭلار، بولۇپمۇ موماڭ غىڭشىپ ئېيتىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمىي، ھازىرقى كۈندە ئاندا ـ ساندا ئېيتىلىدىغان ئاھاڭلارنىڭ سىملىق چالغۇدا چېلىنغانلىرى قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، پۈتۈن ئەزايىڭ قىمىرلاپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا سېنىڭ خۇش بولغانلىقىڭنى سېزىپ تۇرساقمۇ، كۈلگى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭنى كۆرەلمەيتتۇق. مۇزىكا قويۇپ بەرمىگەن چاغلاردا قوشۇق-
تەك يۇزۇڭنى چۆچۈرىدەك ئالىقىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، ئۇن -
تىنسىز هالدا يىپىنچە ياتاتتىڭ ياكى تورۇسقا تىكىلگىنىڭچە نې-
مىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ كېتەتتىڭ. نېمىلەرنى ئويلايتتىڭ؟
كىچىككىنە بولغىنىڭغا قارىماي سېنى شۇنچىۋالا ئويغا سالغان
نېمە بولغىيدى؟ هايات مۇئەممالىرى، تۇرمۇش مۇشكۇلاتلىرى،
ئىنسانلار دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ ۋە مۇشكۇل مۇناسىۋەت، ئا-
لەمنىڭ سىر - هېكمەتلىرى توغرىسىدىكى ئايىغى چىقماس خى-
ياللارغا بەند بولۇشۇڭ مۇمكىنمىدى؟ ئېيتقىنا قىزىم، شۇ قەدەر
مۇڭلىنىپ كەتكۇدەك نېمە دەرد كەلگەنىدى ساڭا؟ قىرىق كۈنگە
توشمىغان بالىغا شۇنچىلىك ئەقىل هەم ئاڭنىڭ نەدىن كېلىۋاتا-
قانلىقى بىزنى ئويغا سالاتتى. پات - پاتلا تۇغقىنىم ئادەممۇ يا-
كى... دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالاتتىم. كۆزلىرىڭ يوغان -
يوغان ئىدى. دېڭىزدەك كۆك قارىچۇقلىرىڭ گويا بىر نۇقتىغا
باغلىنىپ قالغاندەك تىنچ - هەرىكەتسىز تۇراتتى. قاپقارا ۋە
ئىنچىكە قاشلىرىڭ تال - تال كىرپىكلىرىڭ بىلەن قوشۇلۇپ
تىنىق كۆزلىرىڭنى تېخىمۇ سىرلىق كۆرسىتەتتى. ئېگىزگىنە
قاڭشىرىڭ، چىرايلىققىنا ئاغزىڭ، گۇرۇچتەك ئۇششاق ۋە ئاپپاق
چىشلىرىڭ... سېنىڭ تۇرقۇڭمۇ بىر مۆجىزە ئىدى. بېشىڭنىڭ
چاچسىزلىقى ئېۋەن هېسابلانمايدىغانلا بولسا، تېرەڭنىڭ ئاپپاق
ۋە سۇزۇكلۇكى، پۈتۈن بەدىنىڭنىڭ بۇيرۇتۇپ قۇيدۇرۇۋالغاندەك
ئوماق هەم بۇدرۇقلۇقى رىۋايەتلەردىكى پەرىزات بوۋاقلارنى ئەس-
لىتەتتى. مەن باشقىلارنىڭ تۇغۇتى ئۇستىدە تۇرۇپ باقمىغان.
بوۋاقلارنىڭ بۇنچىلىك چىرايلىق تۇغۇلىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ
كۆرمەپتىكەنمەن. ئۆزىنىڭ بالىسى شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتەمدى-
غاندۇ يا؟ «ئانىسى چىرايلىقنىڭ بالىسى چىرايلىق» دەپتىكەن
كىشىلەر. ئەسلىدە مەنمۇ راستلا چىرايلىق بولسام كېرەك.

تىكلىمە ئەينەكتە بىر ئايال، ياق، گۈزەل بىر قىز ماڭا تە-
بەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدە سېھىر-

لىك نۇرلار جىلۋە قىلاتتى. سۇس ۋە يارىشملىق بويالغان نېپىز لەۋلىرىدە يېقىملىق، ئىسسىق كۈلكە ئوينايتتى. تېگى - تېگىدىن نۇر ۋە هارارەت يېغىپ تۇرىدىغان سۇتتەك سۈزۈك چىرايى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدىغان بىر جۈپ زىنىخى، هىلال ئايدەك قېشى، دولقۇنلۇق چېچى، بۇلاقتەك كۆزى، ئويماقتەك ئاغزى... قايسىبىرىنى دەپ بولاي، ئۇنىڭ هەممە يېرىلا گۈزەللىكنىڭ ئۈلگىسى! ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ شۇ قەدەر يارىشىملىق: قىپقىزىل پوپايكىسىنى مىققىدە كۆتۈرۈپ تۇرغان چىرايلىق كۆكسى، تار ئىشتان كىيگەنلىكىدىن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان ئەۋرىشىم بېلى، تولغان يوتىلىرى، زىلۋا بەدەنلىرى... ئاھ، گۈزەللىك، شۇ ياشتىكى ئاياللارنىڭ، ياق، تولغان قىزلارنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى! ئۇنى ئەبەدىي شۇ پېتىچە ساقلاش مۇمكىن بولسا - هە!

ئۆزۈمنى قىز هالىتىمگە قايتقاندەك هېس قىلىپ قالدىم. مەن هەقىقەتەن گۈزەللىشىپ كېتىپتىمەن. بۇ ئەينەككە تۇنجى قېتىم قارىشىم ئەمەس. لېكىن، ئىلگىرىكى گۈزەل چىرايىم هەسسىلەپ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ (ياق، قىزلارنىڭ دېگۈم كېلىپلا تۇرىدۇ) هەممىسى مۇشۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتەمدىغاندۇ؟ مەن نېمانداق گۈزەللىشىپ كەتكەندىمەن؟

چىرايلىقلىقنىڭ هەقىقەتەنمۇ ماڭا تارتقانلىقىنى پەملەپ بولدۇم. بەزى جايلىرىڭ هەتتا مېنىڭكىدىنمۇ چىرايلىق تۇراتتى. قىرىق كۈنگە توشماي تۇرۇپ شۇنداق بولغان يەردە، چوڭايغانسېرى ئۇ يەنە تولىدۇ، سۈزۈكلىشىدۇ، هەسسىلەپ گۈزەللىك قونىدۇ!

ساڭا خاس ئەقلىڭدىن هەيران قالساقمۇ، لېكىن ناهايىتى خۇشال ئىدۇق. بەس - بەستە بىرنېمە يېگۈزەتتۇق، مۇزىكا قويۇپ بېرەتتۇق، ساڭا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئويۇنچۇقلارنى قولۇڭغا تۇتقۇزاتتۇق. جىرىڭلىغۇچنى كۆزۈڭگە ئەكېلىپ جىرىڭلىتاتتۇق. سەن هەممىگە قىزغىن ئىدىڭ - يۇ، كۆز ئالدىڭدىكى ئويۇنچۇق-

نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن باشقا ئۇنىڭغا قولۇڭنى سوزمايتتىڭ، قولۇڭنى پەقەتلا سوزمايتتىڭ، قىزىم! كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. ئىپادىسىز كۆزلىرىڭ بىر ۋەھىمىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بېشارەت روشەنلە-شىپ كەلدى. رېئاللىق ئايان بولدى: سەن ئەما ئىكەنسەن! ئاڭلاۋاتامسەن، جېنىم قىزىم، ئەما تۇغۇلغانىكەنسەن!

مەن ئېلىيادىن گۇمانلاندىم. ئۇنىڭ نەسلى شۇنداق بولمىسا، سەن ئەما تۇغۇلۇپ قالارمىدىڭ! مەن ئۇنىڭغا دۆڭگەيتتىم. ئۇ ئۆ-زىنى ئاقلايتتى. بۇ ئىش سىرتقا سىر تۇتۇلدى؛ ئەمما، زىددىيە-تىمىز شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى.

«ئەر دېگەن شۇنچىلىك نەرسە، ئايال بىرىنى تۇغقاندىن كېيىن ئۇنى ئېشەك ئېتىپ مىنىدۇ.» ئىختىيارسىز «يىلتىز ناخشى-سى»نى ئورۇنلىغان ئاخشام ئېسىمگە كېلىپ قالاتتى. «يىلتىز ناخشىسى» ئارقىلىق تونۇشقان قىزغىن، ياش شائىر ئېلىيا قې-نى؟ مەن سۆيگەن، ماڭىمۇ ئۆزىنى بېغىشلاش توغرىسىدا تالاي ۋەدىلەرنى بەرگەن ئارزۇيۇمدىكى تاللىشىم نەگە كەتتى؟ يوق! ئۇلار ئۆتمۈش، ھەممىسى تاتلىق چۈش! ئەمدىكى ماڭا قالغىنى، ئېنىقراق ئېيتسام، ماڭا ھەمراھ بولۇۋاتقىنى كىتابتىن باش كۆ-تۈرەلمەيدىغان، يېزىشتىن ئۆزگە ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان، ئەبى-گار، قوپال، ھېسسىياتسىز، مۇھەببەتسىز بىر مەخلۇق! ئۇ مەن قىزىققان جىمى نەرسىگە بىپەرۋا قارايدۇ. ھەممە نەرسىنى بىلە-دىغان قىياپەتتە سۆزلەيدۇ. روھىي پاكلىق، ئىنسانىي بۇرچ، تە-بىئەت، مۇھەببەت... تۇفى، گەپدانلىقىڭغا! ئايالىڭ قىزىققانغا سۇس مۇئامىلە قىلىپ تۇرۇپ يەنە رومانتىك ۋەزخان بولغانىكەن-سەن. دېمەك، سەن بۇزۇلغان، ئاللىقاچان ئۆزگەرگەنىكەنسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەندىن رەنجىشكە نېمە ھەققىڭ بار؟

— سىزنىڭ ئورۇنلاش ماھارىتىڭىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللە-سى «يىلتىز ناخشىسى» بولۇپ قاپتىكەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا چول-پانلىقىڭىزمۇ ئاخىرلىشىپتۇ.

بۇ داداڭنىڭ گېپى، بالام، سەن ئۈچ ياشقا كىرگەندە دېگەن گې-
پى، ئاڭلىدىڭمۇ، ئۇ ئۆي ئىشلىرىدا مىس ـ مىس بولغىنى بىلەن
ئادەمنى چېقىۋېلىشقا مۇشۇنداق ئۇستا، شۇڭا بىز غىژ ـ غىژلىشىپ
كەلدۇق، توختىماي غىژ ـ غىژلىشىۋاتىمىز. كىم بىلىدۇ، يەنە قا-
چانغىچە...

ئېلىيا ماڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلغىنى بىلەن سېنى بىردەم
كۆرمىسە چىدىيالمايتتى. ئۇ سېنى كۆرۈپ تۇرالماسلىقتىن ئەنسى-
رەپ ھېچ يەرگە بارمايدىغان بولۇۋالدى. بوۋاق ۋاقتىڭدا سەن مىنىپ
ئولتۇرۇپ تىرىكچىشتىدىغان ئىسكىرىپكامنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ، ھە-
ۋەسكار قىزلارغا شېئىر توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىنىدەك ئېرىنمەي
ئولتۇرۇپ چۈشەندۈرەتتى. ئۇنىڭ بەزى چۈشەندۈرۈشلىرى ئىلمىي
ئەمەس ئىدى. ئۇنى مەن تۈزىتەي دەيتتىم ـ يۇ، كۆزۈمگە سەت كۆ-
رۈنۈپ كەتكەن ئاشۇ بىرنېمىنى ئېلىيا ئالدىدا تۇتقۇم كەلمەيتتى. ئۇ
قاچانلا قارىسام توختىماي چۈشەندۈرەتتى. ئۆزىنىڭ ياخشى چالالماي-
دىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ساڭا چېلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتت-
تى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئەلۋەتتە تازا چۈشەنمەيتتىڭ. لېكىن، چۈ-
شىنىۋاتقاندەك، ھەربىر سۆزىنى مېڭەڭگە بولۇقى بىلەن، ئەينەن
ئورناشتۇرۇۋالماقچى بولغاندەك ئۇن ـ تىنسىز ھالدا ئۇنىڭغا يۈزلە-
نىپ تۇرغىنىڭنى كۆرسەم، ۋۇجۇدۇمغا ئاجايىپ بىر ئىسسىقلىق
تارايتتى. سېنى باغرىمغا باسقۇم كېلەتتى!

ــ شىز ئىشكىيوپكا چايامامسىز؟ ــ دەپ سورىدىڭ شۇنداق
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشتىن كېلىپ تۇرۇشۇمغىلا.

ــ ئەركىلىمەي گەپ قىلىڭ، قىزىم، ئانىڭىزمۇ چالالايدۇ، ــ دې-
دى ئېلىيا مېنىڭ ئورنۇمدا جاۋاب بەرگەچ بېشىڭنى سىلاپ.

ئىشتىن خاپىغان قايتقانلىقىم ئۈچۈن گەپ قىلغۇممۇ كەلمىدى.
بىراق، خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان چېغىمدا سوئالىڭ يەنە تەكرارلاندى.

ــ ئەمىشە نېمىشقا چېيىپ بەمەيدۇ؟

ــ چالغان! ئانىڭىز دېگەن بۇنى چېلىشقا قالتىس ئۇستا،
قىزىم، «يىلتىز ناخشىسى» دېگەن مۇزىكىنى ئانىڭىز ئورۇنلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غان، «يىلتىز ناخشىسى» دەپ بېقىڭلا؟

— ژىلتىژ ... ياق، ئانام چېيىپ بەشۇن. ماڭا كەمپۈت بەگەن ئاچاشمۇ چايدىغۇ؟

— ئاچاش؟

هارغىن مېڭەمگە قايتىدىن ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئۆزىنى هەۋەسكار دەۋالغان بۇزۇقلار يەنە كەپتۇ ـ دە! هە، ئېلىيا، ئۇستاز قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىشقىۋاز ئەبگار. ئىدارىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قەۋەتلىك، يۇرۇشلەشكەن ئۆيگە بارغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋېلىشىڭدىكى سەۋەبنى ئەمدى بىلدىم. مۇشۇنچىلىك بالىنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتماي، هېلىقىدەك... مەن ئۆي كۆچمەن. ئەتىلا ئىدارىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئېلىيا دېگەن بۇ شاللاقنىڭ هازىرقىدەك كۆز ـ قۇلاقسىز تۇرۇشىغا پۇرسەت بەرمەيمەن!

ئۆي كۆچكەندىن كېيىن جېدىلىمىز تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. خۇددى مېنى مازاق قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك كېلىدىغان هەۋەسكارلارنىڭ سانى كۈنساناپ كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك بۇزۇق — ئەرلەر شاللاق، خوتۇن ـ قىزلار ئىشقىۋاز ئىدى. بولمىسا بۇنچىۋالا قىلىپ نېمە كەپتۇ، ئېلىيا قانچىلىك ئادەم؟ شېئىر دېگەن مەن بىلمەيدىغان نەرسىمىدى؟ ئىنستىتۇتتىكى چېغىمدا مەنمۇ دەسلەپتە هەۋەسكار ئىدىم، مۇزىكا هەۋەسكارى ئىدىم! ماڭا ئىسكىرىپكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان هېلىقى قارىمۇتۇق مېنى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ نېمىلەرنى قىلمىدى؟ كېيىن مېنى كىملەرگە تۇتۇپ بەرمىدى؟ ئاشۇ مۇئەللىممۇ دەسلەپتە ماڭا ئاكا، ئۇستازلارچە مۇئامىلە قىلغانىدىغۇ؟ قىز هەۋەسكارلارنى كۆرسەملا سەپرايىم ئۆرلەيتتى، ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكۈم كېلەتتى. لېكىن، قىزىم، دەل مۇشۇنداق چاغدا سەن داداڭغا ماسلىشىپ بەردىڭ. ئۇنىڭ دومبىقىنى چېلىپ، ئېشىكنى تۆت چىشلىق قىلدىڭ. «مازارتېرەكتىكى ئۆيۈمگە كېتىمەن!» سەن بۇ گەپنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ ئىدارىدىكى ئۆيىمىزگە كۆچكەن كۈندىن ئېتىبارەن مۇشۇ گەپنى

دەپ كېلىۋاتىسەن، موماڭدىن قالغان، ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن
«مازارتېرەك» ئەپسانىسى (موماڭ بۇنى ھېكايە دەيتتى) كاللاڭغا
قانداق كىرىۋالدى؟ ئېلىيامۇ ساڭا شۇنى ئۆگىتىۋاتامدۇ؟

سېنىڭ غەلۋەڭ باشقا باللارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. باش-
قىلار يەيمەن دەپ يىغلىسا، سەن «كېتىمەن» دەيتتىڭ. يەنە كې-
لىپ كۈنبويى شۇنداق دەپ تۇرۇۋالاتتىڭ. سېنى ئۇ يەرگە بىر
كىشى ئاپىرىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا سەن يەنىلا داداڭنى تال-
لىدىڭ! شۇڭا دەيمەن، سەن داداڭغا باھانە تېپىپ بەردىڭ، ئۇنىڭ
ئويناپ ـ كۈلۈشىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردىڭ، قىزىم! داداڭنىڭ
گېپىمۇ راسا چىرايلىق: «كونا ئۆيگە بېرىپ مازارتېرەك ھەققى-
دىكى رىۋايەتلەرنى رەتلەپ كىتاب قىلىمەن.»

ھەر ئىككىڭلار مۇرادىڭلارغا يەتتىڭلار. كەسپىي يازغۇچى
دېگەن بىكارچىلا نېمە ئىكەن. ئۇ سېنى كۈندە ئەتىگىنى ۋېلىسى-
پىتىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ كېتىدۇ، ئاخشىمى بەكلا كەچ كېلى-
سىلەر. ئېلىياغۇ موماڭنىڭ مومىسىدىن قالغان شۇ ئەپقاچتى
رىۋايەت بىلەن ھەپىلەشسۇن، سەنچۇ؟

داداڭنىڭ كېچە ـ كېچىلەپ قەلەمنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ
كېتىشلىرى ئۇنىڭ كۈندۈزى كونا ئۆيدە بىرنەرسە يازمايدىغانلى-
قىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. كۈندۈزى يازغان بولسا، كېچىسى
يەنە ئىشلەپ يۈرەرمىدى؟ ئۇ ئىسكىرىپكامنى قولۇمغا قايتا ئې-
لىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ھە دېسىلا «يىلتىز ناخشىسى»دەك مۇزى-
كىلارنى يەنە چېلىڭ، «تېرىكىم» ئاھاڭىنى رەتلەپ چىقىڭ، دەي-
دۇ. ئۆزى بولسا ئوغرى مۈشۈكتەك كېچىسى مېڭىپ يۈرىدۇ. يې-
زىش ئۆيىدىكى ئۈستەلگە مۈشتلايدۇ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دېكلا-
ماتسىيە قىلىپ ئۇيقۇمنى قاچۇرىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئىخ-
تىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ دېكلاماتسىيەسىگە ئەگىشىپ خىيالىم
يىراق ـ يىراقلارغا كېتىدۇ. «يىلتىز ناخشىسى»نى مۇۋەپپەقى-
يەتلىك ئورۇنلاپ زىلزىلە پەيدا قىلغان چاغلىرىم ئېسىمگە چۈ-
شىدۇ. تەسەۋۋۇر قۇشلىرىم «تېرىكىم» ئاھاڭىغا تۇۋلاپ بېرىۋات-

قان، «مازارتېرەك» ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئانامنى
ئىزدەپ تاپىدۇ. ئانام تېخىمۇ مېھرىبان، باغرى يۇمشاق، كۆپ
نەرسىلەرنى بىلىدىغان پەرىشتە سۈپەت ئايال بولۇپ كۆرۈنىدۇ.
شۇنداق، ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلەتتى ـ يۇ، ساۋاتسىز ئىدى. شۇ
چاغدىكى ئېڭىمدا ئۇ دىلى ئەما ئانا ھېسابلىناتتى. ئېلىيا قايتا ـ
قايتا دېكلاماتسىيە قىلغانسېرى ئانامغا بولغان سېغىنىش ھېس-
سىياتىم كۈچىيىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلگى-
رى مەن ياقتۇرمايدىغان «مازارتېرەك»، «تېرىكىم» دېگەندەك
ناملار بىلەن ھېكايە ـ كۈيلەرنى ئېيتىپ بېرىۋاتقان ۋاقتىتىكى
چىرايى ناھايىتى ئېنىق، يەۋاتقان ئېشىمدەكلا ئېنىق ھالەتتە
كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. دېكلاماتسىيەگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىس-
سىق، يۇمشاق كۆكسىگە بېشىمنى قوياتتىم. ئاغزىدىن چىققانلى-
رىنى تولۇق ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن قۇلىقىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يې-
قىپ دېگۈدەك تۇراتتىم. ھېكايە بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى
ئېيتىلىۋېرەتتى. ئېلىيانىڭ دېكلاماتسىيەسى قايتىلىنىپ تۇرات-
تى. دېكلاماتسىيە «مازارتېرەك» توغرىسىدا بولۇۋاتامدۇ ياكى
«مازارتېرەك» ئانام تەرىپىدىن دېكلاماتسىيە قىلىنىغانمۇ، سېزەل-
مەيتتىم. ئىدارە باشلىقىمىز، ئېلىيا بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن
يامغۇرلۇق ئاخشام، ئىنستىتۇت قوينىدىكى تىزگىنسىز مەزگى-
لىم، دىلى ئەما موماڭنىڭ ئەكسىچە كۆزى ئاجىز يارالغان سەن...
توغرۇلۇق پىكىر قىلاتتىم، شۇنداق كېچىلىرى ئېلىيانى تونۇ-
يالماي قالاتتىم. ئۇ بىردىنلا زالنىڭ ئالدىنقى رېتىدە ماڭا تىكى-
لىپ ئولتۇرغان ھېسسىياتچان شائىر، دۇنيا، ئىنسانىيەت ھەق-
قىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقان جاپاكەش پەيلاسوپ، ئەجداد روھىنى
شېئىر ئارقىلىق روھىمىزغا تۇتاشتۇرۇۋاتقان مۇتەپەككۇر، بار-
لىق گۈزەللىكنى ئۇنىڭ يىلتىزىغا باغلاپ شەرھلەيدىغان «يىل-
تىزشۇناس»، شېئىر بىلەن مۇزىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ سەن-
ئەتنىڭ ئالىي شەكلىنى ئاپىرىدە قىلالايدىغان ھارماس سەنئەتكار
بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. چۈش بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ

پىكىرلەرنىڭ قايسىسى ئوڭۇمدا پەيدا بولدى، قايسىسى ئەينەن چۈشۈم ئىكەنلىكىنى زادىلا ئايرىيالمايتتىم. ئۇيقۇم ئېچىلغاندىن كېيىن ئاجايىپ غەلىتە چۈشلەرنى كۆرۈپتىمەن، دەپ قالاتتىم. ئېلىيا بىلەن ئىككىڭلارنىڭ كونا ئۆيىمىزدىن ئەگىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىڭلارغا ئاچچىقىم كېلەتتى. يەنە كېلىپ پات - پاتلا ئۇ يەردە قونۇۋالاتتىڭلار. سىلەر كەم دىدار بولغانسېرى «دېكلاماتسىيە چۈشى»نى تولا كۆرۈپ كېتىۋاتاتتىم. مېنى بىر كۈن كۆرمىسە تۇرالمايدىغان ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ مېنى يەنە بىر بالداق ئۆستۈرىدىغانلىق توغرىسىدىكى ۋەدىلىرىمۇ كېچە - كېچىلەپ داۋاملىشاتتى.

ئىدارە باشلىقىمىز ئارتىسقا لايىق سۆلىتى بار ئادەم ئىدى. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەن چېغىمدىمۇ ئۇ ماڭا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ سەنئەت ئۆمەككە تەقسىم قىلدۇرۇپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتتى. باشقىلار مېنى كۆرەلمەيتتى. ئۇلار ھەسەت قىلغانسېرى كۆزىدىن ئوت چاقنىتىۋەتكۈم كېلەتتى. باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ئويلىغان ئادەم خەقنىڭ نوپۇزى ئۈچۈن كەتمەن چاپسا بولامدۇ؟ ماڭا ماڭلىيىدا قاراپ يۈرگەن ناخشىچى، ئۇسسۇلچى دېگەن شۇ نېمىلەرگە ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئىسكىرىپكا چېلىپ بېرەمتىم؟ ئىسكىرىپكا دېگەن قانچىلىك نېمىدى، ئۇنى تىلەمچىلەرمۇ چېلىپ يۈرمەمدۇ؟ سەنئەت كاساتلاشقان بۇ دەۋردە ئىسكىرىپكا دېگەننىڭ نېمە قەدرى بولسۇن؟ چالمايمەن!

ئېلىيا بىلەن ئىككىڭلار كونا ئۆيىمىزدە قونۇپ قالغان كۈننىڭ بىر كېچىسى ئىدارە باشلىقىمىز بۇ تەلىپىمگىمۇ قوشۇلدى، ھەتتا ئىككى ئاي ئىش تاشلىغىنىم ئۈچۈن ئىشتىن بوشىتىۋەتمەكچى بولغان ئۆمەك باشلىقىنى «ئىختىساس ئىگىلىرىنى خارلىغان» دەپ بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويدۇرۇپ، مېنى ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈۋەتتى. ئۆمەكتىكى ھەسەتخور سەتەڭلەر ھەيران قېلىشتى. ماڭا كۆكتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇلتۇزغا قارىغاندەك بويۇنداپ قاراشتى. ئاھ، سىمىز، ھارارىتى، ۋەزنى بار ئاپپاق بەدەن! ئۇ مېنى قۇتقۇزدى. زېرىكىشلىك ئىسكىرىپكىدىن ئازاد قىلىۋەتتى. شېئىر چىقمىدىغان كىچىك، تەسەۋۋۇرلۇق باشقا سېلىشتۇرغاندا تەر چىقمىدىغان يوغان، تاجلىق بۇ باش نېمىدېگەن قۇدرەتلىك — ھە! مەن ئەمدى باشلىق بولدۇم، باشلىق! مەدەنىيەت ئىدارىمىزنىڭ باشلىقىلا بولسا، مەن يەنە ئۆسىمەن. ماڭا ئىسكىرىپكا ئەمەس، ئەمەل لازىم!

ماڭا ئىنتايىن تونۇش بىر ئاھاڭ ماشىنامىنىڭ دېرىزىسىنى يەڭگىل چېكىۋاتاتتى. ماشىنا يېقىنلاشقانسېرى مۇزىكا كۈچەيدى. ئەمما، ئۇنىڭ نامىنى ئەسكە ئالالمايتتىم. بۇ يۇقىرى سەۋيەدە چېلىنغان كۈي ئىدى. ئېلىيا بۇنچىلىك چالالمايتتى. بۇنى چوقۇم بىرسى، بىرەر بۇزۇق ئېلىياغا چېلىپ بېرىۋاتقان گەپ. سائادەتنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئۇ ئىككىسى... كېلىپ توغرا قىپتىمەن. دەل ۋاقتىدا كەپتىمەن!

ئىشىكنى غەزەپ بىلەن تېپىپ كىرگىنىمدە كىچىككىنە بىر قىز «گۈلمەرەم»نى چېلىۋاتقانىكەن. ئۇنى سەن چېلىۋاتقاندىكەنسەن، جېنىم قىزىم! ئېسىڭدە بارمىكىن، شۇ ۋاقىتتا سەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىڭ، ئىسكىرىپكىنى تاشلاپلا «دادا!» دەپ توۋلىدىڭ. مەن كىم بولۇپ قالدىم — ھە؟ ئېلىيا كونىراق بىر كەتمەننى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى. يېزىق ئۈستەلىدە ئۇنىڭ يازمىلىرى تۇراتتى. مېنى كۆرۈپلا ئۇ ھەيران قالدى. چۈنكى، بۇ مەھەللىگە كەلمىگىنىمگە ئۇزاق بولغانىدى. مېنى تونۇغاندىن كېيىن سەنمۇ جىمىپ كەتتىڭ. بەكلا خىجىل بولدۇم. ئەڭ مۇھىمى، ساڭا مەستلىكىم كېلىپ سۆزۈك يۈزلىرىڭگە ئارقا — ئارقىدىن سۆيدۇم. بىراق، سەن ئېپادىسىز تۇراتتىڭ. قۇچىقىمغا ئالغىنىمنى، تويماي سۆيگىنىمنى تۇيمىغاندەك ئۈن — تىنسىز ئولتۇراتتىڭ، ئويچان كۆك كۆزلىرىڭ بىر نۇقتىغا قادالغانىدى. ئۇنىڭ سېھرىلىك چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدىغان ئاجايىپ سىر — ھېكمەتلەر يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك، قا-

رىچۇقلىرىنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، مېنى ھەيرەتتە قال-دۇرۇپ كېلىۋاتقان چۈشىنىكسىز قەلبىڭگە دۇنيا، ئىنسان ۋە بار-لىق مەۋجۇدات ھەققىدىكى مۇئەممالارنىڭ سىرلىرى پاناھلىنىپ كىرىۋالغاندەك ۋە بۇ سىرلار نەپرەتكە ئايلىنىپ كىرپىكىڭ ئارقى-لىق ھازىرلا كۆزۈمگە قادىلىدىغاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئېغىر ئازاب تارتقان مويسىپىتلاردەك ئۇن - تىنسىز ئول-تۇراتتىڭ. ئەمما، ساددا، يېقىملىق چېلىنغان «گۈلمەرەم» ئۆيئى-چىدە جاراڭلايتتى. ئىشىك - دېرىزىلەردىن، بارلىق يوچۇقلاردىن قىسىلىپ چىقىپ، مەھەللە بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرەتتى. ئۆي كۈي، ھويلا كۈي، مەھەللە كۈي، ئاسمان - زېمىنمۇ كۈي، دۇنيا كۈيلە-شىپ كەتكەنىدى، خۇددى ئالەم مۇزىكىدىن يارالغاندەك، تال - تال كىرپىكلىرىڭ ياش يۇقى تۇراتتى. لېكىن، چىرايىڭدىن يىغلايدى-غاندەك تۇرمايتتىڭ. بىلىمەن، سەن ئەمدى يىغلىمايتتىڭ، سېنىڭ يىغاڭ بوۋاق چېغىڭدىلا ئاخىرلاشقانىدى. كۆزۈڭدىكى نەم يىغىنىڭ بەلگىسى ئەمەس! ئۇ روھىي ئالىمىڭدىكى غەزەپ ئۇچقۇنىنىڭ تىنچ ھالەتتە سارقىپ چىقىشى، قەلب نۇرلىرىنىڭ تىنىق كۆزۈڭ ئارقىلىق دۇنياغا تىكىلىشى!

مېنىڭ بالام ئىسكىرىپكا چالالايدۇ. قىزىم «گۈلمەرەم»گە چېلىشنى بىلىدۇ! ھەممىلا يەردە شۇنى دەپ يۈردۈم. «گۈلمەرەم» مۇزىكا سېزىمىمنى جانلاندۇرۇۋەتتى، ساڭا بولغان ئانىلىق مۇ-ھەببىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. شۇنىڭدىلا ساڭا قايتىدىن قاراشقا مەجبۇر بولدۇم. ھەر قارىغىنىمدا سېنى يېڭىدىن كۆ-رۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتىم. بىر نۇقتىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ تۇرىدىغان ئويچان كۆزلىرىڭ سىرلىق تېپىش-ماقنىڭ تۈگۈنىدەك بىلىنىپ كېتەتتى. راست، مەن كۆزۈڭدىكى مەنىلەرنى تولۇق چۈشىنەلمەيتتىم، بەلكى ئەبەدىي شۇنداق ئۆ-تەرمەن. سەن مېنى مۇرەككەپ ھېسسىياتقا مۇپتىلا قىلدىڭ. سې-نى ئۆزۈمنىڭ تۇغقانلىقىمنى بىلمەنۇ، سەندەك بالا تۇغقانلى-قىمغا ئىشەنمەيمەن. سەندىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قى-

لىپ تۇرسامىۇ، سىرلىق قەلبىڭنى زادىلا چۈشەنمەيمەن! سەن چالغان بۇ كۈي ئىككىمىز ئارىسىدا تۇنجى قېتىملىق كۆڭۈل ئەلچىسى بولدى. پەقەت مۇشۇ كۈي ئارقىلىقلا ئانىلىق ھېسسىياتىم بىلەن قەلب روجىكىڭنى يىراقتىن پەرق ئېتەلىدىم. ئانا بولغۇچىنىڭ بالىسىنىڭ ئوي - خىيالى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولالماسلىقى نەقەدەر ئازابلىق ئىش - ھە! مەن بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلىۋالغاندەك قىلغانىدىم، «گۈلمەرەم» قەلب قەسرىڭگە كىرىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك قىلغانىدى. كىچىككىنە تۇرۇپ مۇشۇ مۇرەككەپ مۇزىكىنى چالغانلىقىڭ تېخىمۇ مەستلىكىمنى كەلتۈرەتتى. مەن مۇزىكاڭغا مەھلىيا بولۇپلا كەتتىم. مۇزىكاڭ ئارقىلىق سېنى تونۇدۇم، مۇزىكاڭ مۇھىتىدىلا سېنى چۈشەندىم. بىراق، مۇزىكاڭ «گۈلمەرەم» بىلەنلا تۈگىمىدى. ئۇ «دوست خېتىم» كەبى قەدىمىي كۈيلەر بىلەن داۋاملىشىپ، ئانام كۆرسەتكەن يول بىلەن مېنى «مازارتېرەك»كە باشلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. كۈيلىرىڭ ئىلھامىدا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم مۇزىكىلىشىپ كەتكەندە شۇنى سەزدىمكى، ئۇ يەردە يەنە «تېرىكىم»مۇ بار!

يوللار ئۇزىراپ كەتكەنىدى. «گۈلمەرەم» ئويغاتقان دەسلەپكى تۇيغۇ سەن رەسىدە بولغان مۇشۇ كۈنلەردىمۇ مېنى مۇزىكىلىرىڭغا باغلاپ تۇراتتى. ئۆزۈم مۇزىكىدىن شۇ قەدەر سەسكىنىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق يەنە مۇزىكاڭسىز ئۆتەلمەيتتىم. نېمىشقىكىن، سېنىڭ چالغانلىرىڭ ماڭا مۇزىكىدەك بىلىنمەيتتى، بەلكى ئۇ قەلب قەسرىڭنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك، مېنى روھىڭغا يېتەكلەپ بارىدىغان ھەمراھ، سىرنى يېشىپ بېرىدىغان ئىزاھ، كۆندىلىك پائالىيىتىمنىڭ قېلىپلاشقان مەزمۇنى، ئۆزگەرمەس مىزانى بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇنى ئاڭلىمىغان چېغىم سېنى كۆرمىگىنىمگە، چۈشەنمىگىنىمگە باراۋەر ئىدى. مۇزىكاڭ قەلبىمگە بۆسۈپ كىرگەنسېرى قەلبىڭگە شۇنچە يېقىنلىشاتتىم، قەلب كۆزۈڭنىڭ مېنى، پۈتكۈل دۇنيانى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. پەقەت

شۇنىڭدىلا مەنمۇ سېنى ھەقىقىي كۆرەلەيتتىم.
دەريا شارقىرايتتى. جۇشقۇن ئاھاڭغا چېلىنغان ئىسكىرىپ-
كا ئۆزى ياراتقان ھودۇدسىز ئالەمنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭىپ
كىرەتتى، ئۇنىڭدىكى جىمى بارلىقنى مۇزىكا تىلى ئارقىلىق
ئەينەكتە كۆرۈنگەندەك روشەن كۆرسىتىپ بېرەتتى. كونا مەھەل-
لىدىكى يېڭىلاپ سېلىنغان ئاددىي ئۆيدە «مازارتېرەك رىۋايىتى»
جۇلالىنىپ تۇراتتى. يېڭى مەھەللىدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرى بې-
سىپ كەتكەن ھەشەمەتلىك كونا ئۆيدە كۆزلىرىنى دەھشەتلىك
چەكچەيتكەن، قۇلاق ۋە بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان
ئورۇق بىر ئادەم سىرتماقتا ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇ مەنزىرە بەك
ئېنىق ئىدى. لېكىن زەن سېلىپ قارىغاندا، ئۇنىڭغا سىڭىشىپ
كەتكەن يەنە بىر مەنزىرىمۇ ئايان بولاتتى: «مازارتېرەك رىۋايە-
تى»نىڭ بىرىنچى جۈملىسىدىن باشلاپ سىرتماقتىكى ئادەم ئۆز
پۇتۇنلۇكىدە باش كۆتۈرەتتى؛ سىرتماقتىن تامچىغان قىپقىزىل
قان «مازارتېرەك رىۋايىتى» ئۈستىگە تېمىپ چۇشۇپ، جۇلالىق
قۇرلارنىڭ يېشىللىق تۇسىنى ئاشۇراتتى. ھەممە نەرسە بىردىنلا
يېشىللىشىپ كېتەتتى. يېشىللىق تۇسى ئاشقانسېرى مەن كۆرۈپ
تۇرغان بۇ ئالەمگە شۇنچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇ-
نىڭ قات ـ قېتىدا، ئەڭ مەركىزىي قاتلىمىدا ماڭا تونۇشلۇقلا
بىلىنگەن بىر سىيما يۇيۇۋەتكىلى بولماس دەرىجىدە مەڭگۈلۈك
قېتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۈچلۈك شەھۋانىي نۇرلار
ئويناپ تۇراتتى. سېمىز، ئاپپاق ۋە كەڭ پېشانىسىگە ساناقسىز
قىز ـ جۇۋانلارنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. مۇشۇ يېشىل دۇنياغا
مەنچىلىك سىڭىپ كىرەلىگەن ئادەملا ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى ئى-
سىملارغا قاراپ تالاي ـ تالاي، بەكلا كۆپ سەرگۈزەشتىلەردىن خە-
ۋەردار بولاتتى، ئۆزىنى كۆرەتتى، ئۆزگىنى بىلەتتى. سىنچىلاپ
قاراۋېتىپ بىردىنلا ئۆز ئىسمىمنى كۆرۈپ قالدىم. بىر ئەمەس،
بىرقانچە يەردە! نېمىشقىكىن، ھەممە يەردىكى ئىسمىمنىڭ كەي-
نىگە ئۇندەش بەلگىسى قويۇلغانىدى. ئۇ غەزەپ ـ نەپرەتتىن باش-

قا مەنىنى بىلدۈرمەيتتى! بىلىپ قالدىم، قىزىم، بۇنى سەن يې-
زىپسەن! ئەسلىدە سەن ھەممىنى سېزىپ بولغانىكەنسەن! خىلە-
دىن بېرى ماڭا نەپرەت بىلەن قاراپ كەلگەنىكەنسەن! شۇڭا مەن-
دىن يىراقلاشقانىمىدىڭ، ئۆزۈڭ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمەسلىككە
قەسەم ئىچكەنىمىدىڭ؟

يېشىللىق — روشەنلىك. روشەنلىك قېتىدا سېزىلگەن بار-
لىقمۇ شۇنچە ئېنىق، ئۇنىڭدا ئۆزىنى كۆرۈش شۇ قەدەر ئازابلىق
ئىش ئىكەن.

ماڭا تونۇشلۇقلا بىلىنگەن، يۇيۇۋەتكىلى بولماس دەرىجىدە
ئەبەدىي قېتىپ كەتكەن بۇ سىيما ئەمدى بىراقلا ئۆزىنى ئاشكا-
رىلىدى. ئۇ ئىدارىمىزنىڭ خام سېمىز باشلىقى، مېنى يۇكسەك
مەرتىۋە پەللىسىگە چىقارغان ئىشقىۋاز تاجدار ئىدى!

مېڭەم قوچۇلۇپ، كۆزۈم ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەنلىك-
تىن، ئابايا تازا ئاڭقىرالماي قالغان قېنىق بىر ئىسىم ئاستىدى-
كى سەرگۈزەشتىلەر ئەمدى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ مېنىڭ
سەرگۈزەشتىلىرىم، غەزەپلىك كۈيلىرىڭ باشلانغان كۈندىكى
سەرگۈزەشتىلىرىم ئىدى.

ئىسكىرىپكىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى، قەھرلىك مەنە ئىپادى-
لىگۈچى كۈچلۈك ئۇدارلىرى ئاڭلىغۇچىنى ۋەھىمىگە سالاتتى.
سەن ئەزەلدىن بۇنداق كۈچلۈك ئۇدارلىق كۈيلەرنى چالمايتتىڭ.
بىز بار قەۋەتكە چىقىپلا داڭ قېتىپ قالدىم: ئىدارە باشلىقىمىز
مۇشۇك تاتىلىۋالغاندەك تىتما - تالاڭ بولۇپ كەتكەن سېمىز يۈ-
زىنى ئىككى قولىدا تۇتقىنىچە ئۆيىمىزدىن چىقىۋاتاتتى.

— سىزنىڭ ئەجەب مېھرىڭىز ئىسسىق جۇمۇ، ئاپىقىم.
تالاي گۈزەللەر ئىچىدىن پەقەت سىزنىلا تاللىۋالدىم. مۇشۇ تاتى-
لىق لېۋىڭىزدىن باشلاپ گۈچ - گۈچ چايناپ يەۋەتسەم، — دېگە-
نىدى ئۇ لېۋىمگە ئوتتەك لېۋىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ.

— لېكىن، قىزىم سائادەتنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا
بولاتتى... — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ تىترىگىنىچە ئىشتانبېغىمغا

قول ئۇزارتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ.

— سائادەت؟ ھە، توغرا، سائادەت! سىزنىڭ قىزىڭىز... خاتىرجەم بولۇڭ، سىزگە ۋەدە بەرگەنغۇ؟ ئۇنى ئورۇنلاشتۇرىمەن! ئۇنىڭ ئۆيدە يالغۇز تۇرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بارمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىمچە بىر سۆزلىشەي دېۋىدىم. قىزىقىشى، ئارزۇسى توغرىسىدا...

ئايسىز، قاپقاراڭغۇ بىر كېچىدە مۇشۇ گەپ بولۇنغان، ئۇ چاغدا بۇ يۈز ئاپپاق، پاكىز ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ پۈتۈنلەي نابۇت بولغانىدى. مەن دەرھاللا ئېلىيانى ئەسكە ئالدىم. مۇشۇ چاتاقنى يەنە شۇ تېپىپ يۈرگەن بولسا ـ ھە!

— خاپا بولمىسىلا... — دۇدۇقلىدىم مەن، ئېلىيا تۇرمۇش ئۆگىنىشتىن قايتىپ كەلگەن بولسا، باشلىقنىڭ ئۆيگە كىرگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇرغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ.

ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماستىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ كىشىلەر ئىشتىن چۈشىدىغان چاغ ئەمەس ئىدى.

ئىسكىرىپكا ئۇنى ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى غەزەپ تۇسىنى ئالغانىدى. كامانچە تار ئۈستىدە ئەسەبىيلەرچە سەكرەيتتى. چاچلىرىڭ چۇۋۇلغان، نېپىز كوپتاڭنىڭ كۆكسۈڭ ئۇدۇلىدىكى قىسمى يىرتىلغانىدى. بېشىڭ كامانچە بىلەن تەڭ ھەريان سىلكىنەتتى. پۈتۈن بەدەنلىرىڭ مۇزىكىغا ئەگىشىپ تولغىناتتى، ئۆز ئورنىدىن تىنىمسىز قوزغىلاتتى. بۇ مەن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ھالەت، مەن ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان جىددىي كۈي ئىدى! ئېلىيا كۆرۈنمەيتتى، كارىۋات ئەدىياللىرى قالايمىقان تۇراتتى. كۆزۈڭگە قاراشقا ئەمدىلا جۈرئەت قىلالىدىم. ئاھ، يىغلاپسەنغۇ، قىزىم! مېنىمۇ بىردىنلا يىغا تۇتۇپ كەتتى. تالاي سوئاللارنى سورىغان بولسامۇ ھەممىنى جاۋابسىز قويدۇڭ، زادىلا جاۋاب بەرمىدىڭ، قىزىم. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كۈيۈڭدىكى جىددىيلىك، غەزەپ تۇسى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ نېرىسى سىر پېتىچە قېلىۋەردى.

سەن بەكلا چىرايلىق ئىدىڭ. مەن ساڭا ئانا بولسامۇ، لېكىن هامان سېنى گۈزەللىكتە ئۈلگەم دەپ قارايتتىم. شەھىرىمىزگە يېڭىدىن كەلگەن ئايالچە پاسوندىكى كىيىملەر بىرىنچى بولۇپ سېنىڭ ئۇچاڭدا ئۆز كۆركىنى تاپاتتى. كاناي شىم، تار شىم، پادىچى شىمى، گۈزەللىك شىمى دېگەندەك كىيىملەرنىڭ ھەممىسى سەن ئارقىلىقلا ماڭا ۋە مەندىن باشقىلارغا تارالغانىدى. چاچ ياسىتىشتىمۇ مېنىڭ ئۆرنىكىم ھېسابلىناتتىڭ. قىزىق يېرى، قانداق كىيىم كىيدۈرۈپ قويسام يارىشىۋەرگەندەك، چېچىڭنى قايسى شەكىلدە ياسىتىپ قويسام قاملىشىۋېرەتتى. ياسىنىشقا خۇشتار بارلىق ئاياللارنى قىزىقتۇرۇپ تاڭ قالدۇراتتىڭ. قانداق ياساپ قويسام، چاتىقىڭ يوق ئىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن خۇشمۇ بولۇپ كەتمەيتتىڭ. چىرايلىق، ئەۋرىشىم بەدىنىڭ، سۈتتەك ئاپپاق ئەتلىرىڭ، تولغان يوتىلىرىڭ، سىيدام ھالەتتىمۇ گىرىم-سۈرمىلىك گۈزەللەرنى بېسىپ چۈشىدىغان مۆجىزىلىك چىرايىڭ... راست، سەن بىر مۆجىزە ئىدىڭ. يېڭى كىيىمىڭنى كىيدۈرۈپ كوچىلاردا قولتۇقلاپ ماڭغىنىمدا بىزگە قارىمايدىغان كىشى بولمايتتى. ئاياللارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. ئەرلەر لېۋىنى يالىغانچە قارىمىز يىتكۈچە قاراپ قالاتتى. سەل بېزەڭرەكلىرى خېلى يەرگىچە ئەگىشىپ كېلەتتى. يېنىمىزدىن ئۆتكەن يىگىتلەر دەرھال توختاپ، قايرىلىپ قارايتتى. ئېچىرقاپ كەتكەن كۆزلەرنىڭ چىرايلىق كۆكسۈڭ ئۈستىدە، بەللىرىڭدە، مىقىدە كەلگەن گۈزەللىك شىمى ئاستىدىكى ساغراڭدا، گۈلدەك لەۋلىرىڭدە، شېشىدەك سۈزۈك بويۇنۇڭدا، دېڭىزدەك تىنىق ۋە سىرلىق كۆزلىرىڭدە ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزۈممۇ ئاشۇ يەرلىرىڭگە ئىختىيارسىز تىكىلىپ قارايتتىم.

باشقىلار سېنى ماختايتتى. مەنمۇ سەن بىلەن ماختىناتتىم. سېنىڭ مەن كۈي مۇھىتىدىلا كۆرەلەيدىغان يېشىل ئالمىڭلا ئەمەس، ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدىغان جىسمىڭمۇ شۇ قەدەر گۈزەل ئىدى. بۇنداق گۈزەل بەدىنىڭ، بۇ قەدەر جەلپكار چىرايىڭ خام

سېمىزنى جەلپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن نېمىشقا بۇلارنى ئويلىمىدىم — ھە! دەل مۇشۇ ئۆيدە مېنىڭ ۋە خام سېمىزنىڭ كاساپىتىدىن ئېلىيا ئۆزىگە سىرتماق سېلىپ ئۆلۈۋالدى. يەنە مۇشۇ ئۆيدە ئۇ ساڭا قولىنى ئۇزارتىپ بېقىپتۇ. ئاھ، بالام، مېنىڭ ئۈچۈن ئازاب چېكىپ كەلگەن جېنىم قىزىم! سېنى بىلمىدى دەپ قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆيلىرىڭدىن تۇغۇلغان يېشىللىق ئالىمىدە، خام سېمىزنىڭ كەڭ پېشانىسىدە پۈتۈكلۈك تۇرۇپتۇ. دېمەك، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپسەن، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچىڭگە سىغدۇرۇپ يۈرۈپسەن. مەن ئۈچۈن، «مازارتېرەك» ئۈچۈن، داداڭ ئۈچۈن ۋە ئۆز پاجىئەلىرىڭ ئۈچۈن ئازاب چېكىپ ئۆتۈپسەن. دۇنياغا شۇنىڭ ئۈچۈن تۆرەلگەنمىدىڭ؟ كۈلۈپ تۇغۇلغىنىڭ مۇشۇ قىزىقارلىق پاجىئەلەرنى ئالدىن بىلىپ قالغىنىڭ ئۈچۈنمىدى؟ ئېيتقىنا، مۇشۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىڭنى سېزىپ قېلىپ ئاندىن قاتتىق يىغلىغانمىدىڭ؟ ئەما تۇغۇلغىنىڭ بۇ دۇنيانى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگىنىڭمىدى؟ بۇ دۇنيانىڭ رەزىللىك بىلەن تولغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز ئاناڭنىڭمۇ يىرگىنچلىك ئويۇننىڭ ئاساسلىق رولچىسى بولىدىغانلىقىنى قورسىقىمدىكى چېغىڭدا بىلگەنمىدىڭ؟ قورسىقىمغا گۈرسىلدىتىپ تېپىشلىرىڭ، قىن — قىنىڭغا پاتماي مىدىرلاپ كېتىشلىرىڭ شۇنىڭ بېشارىتىمىدى؟ شۇڭلاشقا بۇ دۇنيانىڭ كۆرگۈچىلىكى يوق ئىكەن، كۆرمەيلا قوياي، دېدىڭمۇ؟

غەزەپلىك كۈي داۋاملىشاتتى. مۇزىكاڭ قەلبىمگە بۆسۈپ كىرگەنسېرى قەلبىڭگە شۇنچە يېقىنلىشاتتىم. پەقەت شۇنىڭدىلا جۇشقۇن، گۈزەل، چەكسىز يېشىل ئالىمىڭنى ھەقىقىي مەنىدە كۆرەلەيتتىم.

نەي ئاۋازى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى. دەريا ھامان بىر خىل شاۋقۇنلاپ ئاقاتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىن تارىلىۋاتقان نەم شامال بۇ يەردە ئۇزاقتىن بېرى ئۇنتۇپ كېتىلگەن ئەتىيازلىق ئوتياش ھىدىنى دىماققا ئۇرۇپ تۇراتتى. قاياقتىندۇر تۆمۈر — تەسەك،

www.uyghurkitap.com

ئەسكى ـ تۈسكىلەرنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى كېلەتتى. يەنە ئاللىقانداق جايلاردىن قىز ـ ئوغۇللارنىڭ گۈدۈڭلىگىنى ئاڭلىناتتى. ئۆزۈمنى يېشىللىق ئالىمىڭدە يۈرگەندەك ھېس قىلاتتىم. دەريا بويىدا يۈرگەندەكمۇ سېزەتتىم. قايسىبىر يىلى مۇشۇ يەردە بوراندا تۇرۇپ كۆي تىڭشىغىنىم، قاچاندۇر بىر چاغلاردا يەنە مۇشۇ يەردە يامغۇردا سەن بىلەن تەڭ تۇرغىنىم، تومۇزدىكى، قىشتىكى ۋاقىتلىرىم ئېسىمگە كېلەتتى. بۇ يەردە زادى قاچاندىن بېرى تۇرۇۋاتقانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ ئايان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتىم. ئەس ـ يادىمنى بىرلا نەرسە قامال قىلىپ تۇراتتى: كۆي — ئىسكىرىپكا، نەي!

ئىسكىرىپكا ئاۋازى نەي ئۈنىگە پۈرسەت بېرىۋاتاتتى. مۇزىكىغا يۇغۇرۇۋېتىلگەن قەلب ئىزھارى — كۆيلەشكەن خەت يەنىلا يىراق بوشلۇقتىن قەلب كۆزۈمگە سۈركىلىپ ئۆتەتتى...

شۇنداق، سىز مېنى، ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن ياشاشتىن ئۈمىد ئۈزگەن دىلى كور، روھىي دۇنياسى جەزىرىلىشىپ كەتكەن قۇرۇق سۆلەت، رومانتىك بىر سەنئەتكارنى سەنئەت دىيارىغا — سەممىي، گۈزەل رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدىڭىز، جىسمىمنى ئەمەس، روھىمنى قۇتۇلدۇردىڭىز، سىزگە رەھمەت ئېيتىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە! ئەمدىغۇ يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلارسىز! سىزنىڭ ئەمالىقىڭىزنى بىلدىم. لېكىن، بۇ مېنىڭ ئەمالىقىم ئالدىدا ئەرزىمەسلا ئىش ئىكەنغۇ! ئىنساننىڭ ئاجىزلىقى ئۇنىڭ روھىيىتىدە. جىسمانىي غالىبلىق، بەدەن كەمتۈكلۈكى دېگەنلەرگە ئەمدى ئىشەنمەس بولۇپ كەتتىم. راستىنى ئېيتسام، مەن ئۆز روھىمدىكى كەمتۈكلۈكنى سىزدىن يوشۇرالماي ئاۋارە. بۇنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشلىرىممۇ بەلكىم كەمتۈكلۈكۈمنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. سىزنى بۇنى چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئاڭلاۋاتامسىز؟ مەن سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىزگە شۇ قەدەر موھتاج، سائادەت!

سىزگە كۆپ قېتىم خەت يازدىم. ھەر قېتىمقى خېتىمدە

سىز توغرۇلۇق، ئۆزۈم ھەققىدە بىرمۇنچە گەپلەرنى دېدىم. بەل-
كىم سىز بۇ خەتلەر قانداق بولۇپ بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى
يانچۇقۇمغا كىرىپ قالدى، دەپ ئويلىغانسىز. كىم بىلىدۇ تېخى،
بۇ خەتلەرنىڭ بىرەر پارچىسىنىمۇ قولىڭىزغا ئېلىپ باقمىغاندى-
سىز. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنى يانچۇقىڭىزغا مەن سېلىپ قويغا-
نىدىم، مۇشۇ يەردىكى ئۆيىڭىزدە يالغۇز كىر يۇغان، يايغان
ۋاقتىڭىزدا، چۈنكى مەن سىزنىڭ قانداق كىيىملىرىڭىز بارلى-
قىنىمۇ بىلىپ بولغانىدىم. ئەمدى بىلدىمكى، ئۇنى سىز قول-
ىڭىزغا ئالغان ھالەتتىمۇ خەتنىڭ قىممىتى ھازىرقى بۇ كۆيلەش-
كەن قەلبتەك بولمايدىكەن. قەلبىڭىزگە بىۋاسىتە، تولۇق سىڭىپ
كىرەلمەيدىكەن. ئۇنى پەقەت باشقا بىر قول، كۆز ۋە مېڭىنىڭ
ياردىمى ئارقىلىقلا... ياق، ياق، ئۇنداقتا تولىمۇ كېچىكىپ كې-
تىدۇ. قەلب ئىزھارىم، سىزگە دەيدىغانلىرىم ئۇ قەدەر كېچىكىپ
كەتسە بولمايدۇ. ئۇنىڭغا مەن تەخىر قىلالمايمەن، سائادەت! مۇ-
شۇلا، ئورتاق تىلىمىز سانىلىدىغان مۇشۇ كۆيلا بىزنىڭ ھەققىي
كۆڭۈل ئەلچىمىز بولالايدۇ! بىز كۆي ئارقىلىق سىردىشىمىز.
مەن سۆزلەيمەن، سىز ئاڭلايسىز. سىز سورايسىز، مەن بايان قى-
لىمەن. دۇنيادا قەلبنى قەلبكە ئېلىپ بارىدىغان ئەلچى كۆپ ئى-
كەن، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىمىزگە مۇۋاپىقلىرىنى بايقىۋالالىساقلا،
بىز ئەڭ مۇۋاپىق ئەلچىنى تاپالىدۇق. ئۇ — كۆي، مۇشۇ سۆيۈم-
لۈك كۆي!

ئىككىمىز سىردىشىپ كېلىشۋاتقىلى ئۇزاق بولدى. مەن بۇ
ياقتا، سىز ئۇ ياقتىلا. لېكىن، ماڭا سىز تۇرغان قاشتىكى ھەر-
قانداق ئادەم مەن تۇرغان قاشنى زادىلا كۆرمەيۋاتقاندەك، دەريانىڭ
قارشى قىرغىقى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغاندەك ياكى قەستەن
كۆرمەسكە سېلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. چۈنكى، مەن بۇ قاشتىكى
مەۋجۇتلۇقۇمنى نېمىم ئارقىلىق شۇ قەدەر كۈچەپ ئىپادىلەپ
باقساممۇ، سىزدىن باشقا بىرەر ئادەممۇ مەن تەرەپكە بېشىنى كۆ-
تۈرۈپ قاراپ باقمىدى. كىشىلەر شۇنچىلىك بىپەرۋا بولۇپ كەت-

www.uyghurkitap.com

كەنمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇيۇپ كەتكەن روھىغا ھەتتا كۈيمۇ تەسىر
قىلالماس بولۇپ قالغانمىدۇ، سائادەت! سىزمۇ سەزسىڭىز كې-
رەك، ئەتراپىڭىزغا ئادەملەر كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ماڭا تونۇش ئادەملەر، سىزگە تۇيدۇرماي كېلىپ، ئۇزاقتىن -
ئۇزاق مۇڭلىنىپ تۇرىدىغان، ئىسكىرىپكىڭىزنى قانماي ئاڭلاي-
دىغان چىرايلىق بىر ئايال ماڭا ھەممىدىن بەك تونۇش، ئۇنىڭ
تېگى - تەكتىنى، كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەجەبلىنەرلى-
كى، ئۇ سىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. بىراق، قاشتا تۇرۇپ
بۇنى قانداق بىلدىڭىز، دەپ قالماڭ. نېمىشقىكىن، دەريا بويىغا
چىقىپ سىز تەرەپكە قارىغان دەقىقىدىن باشلاپ سەزگۈلىرىمنىڭ
بىردىنلا كۈچىيىپ، نورمال چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى
سېزىمەن. قىسقىسى، ھەممە جەھەتتە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە
ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمەن. مېنىڭ دەۋاتقىنىم دەل مۇشۇنداق
ۋاقتىمدا كۆرىدىغان ھېلىقى ئايال. باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ،
دېگىنىمدەك ھېلىقى ئايال راستلا بەك چىرايلىق، ئۇنىڭدىن ئار-
تىسقا خاس لاتاپەت چىقىپ تۇرىدۇ. بىر تۇرۇپ ئارتىسمىكىن
دەيمەن، بەزىدە باشلىق ئوخشايدۇ، دەپمۇ قالىمەن. قىزىق يېرى،
ئۇ ئەتراپىڭىزدا پەيدا بولۇپ، كۈيلىرىڭىزگە قۇلاق سالغاندىن
كېيىن باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالىدۇ، شادلىنىدۇ، مۇڭلىنىدۇ،
يىغلايدۇ. ئاشۇ ھالىتىمۇ يەنە شۇ قەدەر جازىبىدار. ئۇنىڭ ئاپپاق
ئۆڭى، مەجنۇنتالدەك زىلۋا بەدەنلىرى، بەدىئىي سۇرەتتەك گۈزەل
تۇرقى، كىيىنىشلىرى، ھەتتا چېچىنى ياسىتىشلىرىغىچە سىزگە
ئەينەن ئوخشىشىدۇ. بىرلا پەرقى: ئۇنىڭ بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆ-
زى قاپقارا. سىزنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرىڭىز بولسا دېڭىزدەك
كۆك، تىلسىمدەك سىرلىق، شاھانە ئۆرنەكتەك گۈزەل!

مۇزىكىڭىز سىز بار قاشتىن سىزگە مۇناسىۋەتلىك ھەممىلا
نەرسىنى باشلاپ كېلەتتى، يېقىملىق كۈيلىرىڭىز قۇلىقىمغا ئۇرۇ-
لۇش بىلەن تەڭ بۇرنۇمغا ئاجايىپ مەززىلىك ئەتىر، ماي، ئۇپا پۇ-
رىقى كېلەتتى. شۇنىڭدىلا بېشىمنى يەنىمۇ تىك تۇتۇپ، يىراق

قاشتا كامانچە ئوينىتىۋاتقان سىزگە سىنچىلاپ قارايتتىم. سىز تېخىمۇ تەڭداشسىز گۈزەلگە، قولۇم ئەبەدىي يەتمەيدىغان بىر گۈزەل چوققىغا ئايلىنىپ قالاتتىڭىز. يارىشىملىق كىيىملىرىڭىز بىلەن پات ـ پات شەكلى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان قۇندۇزدەك قاپقارا، تال ـ تال چاچلىرىڭىزنىڭ كۆركى قوشۇلسا، سىزنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيتتىم. پۈتۈن بەدەنلىرىم ئوت ئېلىپ كۆيەتتى. نېرۋىلىرىم غىدىقلىنىپ، سەزگۈلىرىم زىيادە قوزغىلىشتىن بىردىنلا تورمۇزلىنىپ قالاتتى. ۋۇجۇدۇمنىڭ بوشىشىپ، ھوشسىزلىق گىردابىغا كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. ئەمما، ھېلىقى ئايالنى ئەتىسىلا سىزنىڭ تۈنۈگۈنكى قىياپىتىڭىزدە كۆرەتتىم. ئېنىقراق ئېيتسام، ئۇ كىيىنىش، ياسىنىشتا سىزدىن ئۆرنەك ئالاتتى. ئىسكىرىپكىڭىز بولسا ۋۇجۇدىڭىزدىن تۈنۈگۈنكىگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر ھىدنى باشلاپ كېلەتتى. سىزنى مۇشۇنداق يېڭىدىن – يېڭى پاسونلاردا كىيىندۈرۈۋاتقان، ھەتتا پەردازلىنىشىڭىز، ياسىنىشىڭىزغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زادى كىم؟ ھەمىشە سىزنى دوراپ ياسىنىدىغان ئۇ ئايالنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ بۇلارغا جاۋاب ئىزدەشكە ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان كۈيلىرىمىز ئىمكان بەرمەيتتى. نېيىم بىلەن بەسلەشكەندەك ئىسكىرىپكىڭىزمۇ كۈنسېرى يېڭى كۈيلەرنى تۆكەتتى. نەي ئۈنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولۇشىغىلا، ئىسكىرىپكا يەنە بىر يېقىملىق كۈينى دەريا ئۈستىدە جاراڭلىتاتتى. ھەر ئىككى چالغۇ قەدىمكى كۈيلەرنى خېلى بۇرۇنلا قىيامىغا يەتكۈزگەنىدى. ئۇلار ئەمدى ئۈنتۈلمايتتى. كامال تاپقان بۇ كۈيلەر شاۋقۇنلۇق دەرياغا، كۆز يەتكۈسىز يىراق قاشلارغا ئەبەدىي ئۆچمەسلىككە سىڭىپ كەتكەنىدى.

ھېلىقى ئايالنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. لېكىن، ئۇ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلەرگىمۇ، قار، بورانلارغىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆز ئورنىدا تۇرغان بولاتتى. ئۇ روھى ئۇزاق ئۆتمۈشكە قايتىپ كەتكەندەك ياكى يىراق كەلگۈسى بىلەن ئۈنسىز زاكونلىشىۋاتقاندەك، كۈيدىن ئۆزگە ھېچنېمىگە پەرۋا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلماي ئاللىقانداق ئويلار قېتىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تۇرۇپ كې-
تەتتى. مەن ئۇنى قايسىبىر ئىشلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋا-
تىدۇ، مەلۇم بىر سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلەپ ئۆزىگە، بېسىپ ئۆت-
كەن يوللىرىغا ئاجايىپ بىر يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ يېڭىچە تەپەك-
كۇر بىلەن قايتا باھا بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىز ھېچقاچان
ۋاقىت ھەققىدە كېلىشىۋالمايتتۇق. لېكىن، ھەمىشە دېيىشىۋال-
غاندەكلا ئىككى قىرغاقتا بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولاتتۇق. ھېلىقى
چىرايلىق ئايال شۇنىڭغىمۇ كۆنۈك ئىدى. كەچقۇرۇن چىقساقمۇ،
تاڭ سەھەردە بولسىمۇ ھامان ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ كۆيلىرىمىزگە
قۇلاق سالاتتى.

سىزنىڭ كۆيلىرىڭىزنىڭ يېقىملىق، مۇڭلۇق تۈسى قويۇق
ئىدى. ئۇ قەدىمكى كۆي ئۇسلۇبىدا يېڭىچە كۆينى ئەكس ئەتكۈ-
زۈپ تۇراتتى. ئىپادىلەش شەكلى يېڭى ۋە ئەركىن، قاتلاملىرى
كەڭ ۋە چوڭقۇر، ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، قەدىمكى كۆي-
لەردەك لىرىكا بىلەن ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىك خاراكتېرى كۈچلۈك
ئىدى. ئاڭلىغۇچىلارنى گۈزەللىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ئۈن-
دەيتتى. نېيىممۇ بۇنىڭغا ماسلىشىپ كەتتى. مەن تېگىنى بىلىپ
بولالمىغان ھېلىقى ئايالغىمۇ دەل مۇشۇنداق كۆيلەر يېقىپ كې-
تىۋاتقاندەك قىلاتتى.

كۆيلىرىڭىز ئەگەشتۇرۇپ كەلسە كېرەك، ئەتراپىڭىزدىكى
تونۇشلىرىم كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى بىرلا كۆرسەم تونۇش
بولۇپ قالاتتىم. بىراق، ئۇلار كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كېتىدى-
غانلاردىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ۋىجىكرەك كەلگەن، قارا، ئورۇق
بىر ئەر مەن تونۇيدىغانلار ئارىسىدىكى ئەڭ كونىسى ھېسابلىناتا-
تى. ھېلىقى چىرايلىق ئايالدىن بۇرۇنلا سىز تەرەپتىكى قاشتا
پەيدا بولۇپ قالغان ئادەم مۇشۇ ئىدى، سائادەت! لېكىن، ئۇ ئادەم
چىرايى سىزگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھېلىقى ئايالدەك خىيال-
چان ئەمەس ئىدى. بۇ يەرگە كېلىش ۋاقتىمۇ ئوخشىمايتتى. ھې-
لىقى ئايال مۇزىكا چېلىنغان ۋاقىتتىلا كېلەتتى، تۈگىسە كې-

تەتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كېلەلمەيمۇ قالاتتى. ئەر مۇزىكىغىلا
قاراپ تۇرمايتتى. ئۇنىڭ سىز مۇزىكا چالمىغان ۋاقىتتا كېلىدىغان
چاغلىرى كۆپرەك بولاتتى. خاتالاشمىسام، ئەتراپتىكى ئەسكى –
تۇسكىلەرنى بىر يەرگە يىغىشنى سىزگە شۇ ئادەم ئۆگەتكەنىدى.
چىرايىنىڭ قارىراقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئادەمنىڭمۇ
بىر يەرلىرى سىزگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ مۇشۇ يەرگە پەيدا
بولغان كۈنلا دەريا قېشىدىكى چىرىندىلەرنى، قەغەز، قۇتا...
پارچىلىرىنى يىغىشقا باشلىغانىدى. بارا ـ بارا يىغقانلىرى كۆ-
پەيدى. دۆۋە ـ دۆۋە ئەخلەت مۇنارلىرى ھاسىل بولدى. ئۇنى پات ـ
پات ماشىنا ـ تىراكتورلار ئېلىپ كېتەتتى. كېسەل چىراي كەل-
گەن بۇ ئەر توختىماي يىغىۋېرەتتى. ئەخلەتلەر توشۇلۇشقا باش-
لىغان شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سىزمۇ ھېلىقى ئادەمگە ئەگەشتى-
ڭىز. ئۇ كەلسۇن، كەلمىسۇن، ئوخشاشلا ئىشلەۋېرەتتىڭىز. پۇ-
تىڭىزغا ئۇرۇنغانلىرىنى يىغاتتىڭىز، قولىڭىز بىلەن سىلاشتۇ-
رۇپ يىغاتتىڭىز، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپمۇ، ئۆرە تۇرۇپمۇ تاپاتتى-
ڭىز. لېكىن، ئىسكىرىپكىمۇ توختاپ قالمايتتى، بەلكى ئۇ تې-
خىمۇ ياڭراق، گۈزەل ئىجادىي كۈيلەر بىلەن نېيىمنى جور بو-
لۇشقا ئۈندەيتتى. يىراق قاشتىكى بۇ مىسكىن نېيىمنى جور بو-
لۇشقا تۇنجى قېتىم ئۈندىگەنىدى. سائادەت! نېيىم شۇنىڭدىن
كېيىنلا قاناتلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ شوخلۇقىغا ۋە روھلۇقلۇقىغا
ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى!
سازلىرىمىز يېڭى ـ يېڭى كۈيلەرگە جور بولۇشاتتى. ئۇنىڭ
ئاۋازى شۇ قەدەر سۇزۇك ئىدىكى، ئۇنى ھەممە چۈشىنەتتى، شۇ
قەدەر ياڭراق ئىدىكى، ھەممە ئاڭلايتتى، شۇ قەدەر گۈزەل ئىدى-
كى، ھەممىنى جەلپ قىلاتتى!
بىردىنلا سوراپ قالدىم: مەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟
كۈيىمىز توختىمايتتى. ئۇنىڭ خىسلەتلىك قولى بىزنى ئۇ-
زۇكسىز يېقىنلاشتۇرۇپ باراتتى. ئارىلىقىمىزنىڭ قىسقىرىپ
بېرىۋاتقانلىقى ھەر ئىككىمىزگە ئايان ئىدى. ئورۇقراق كەلگەن

ھېلىقى ئەرنىڭ قىش ــ ياز دېمەي ئەخلەت يىغىشلىرى ھامان كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇراتتى. دەريانىڭ يىراق قېشىدا تۇرساممۇ ئۇنىڭ توختىماي ھاسىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم. بۇرۇن تۆشۈك-لىرى كېڭىيىپ، ئاغزى گەز باغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئولتۇ-رۇشقان كۆزلىرىنىڭ چاپاق ئاستىدا ھارغىن ھالەتتە مۆلدۈرلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆز ئىشىنى زادىلا توختاتمايتتى. ئەسكى ــ تۈسكىلەرنى يىغىش بىلەن بىللە يەنە قولىغا قەغەز، قەلەم ئېلىپ ئالللىقانداق نەرسىلەرنى يېزىپ كې-تەتتى. بەزىدە قەلەمنى چىشلەپ ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق تۇراتتى. يەنە بەزىدە مۇشتلىرىنى مەھكەم تۈگۈپ ھاۋادا پۇلاڭلىتاتتى. ئۇياق-تىن ــ بۇياققا ماڭاتتى، بىر جايدا توختىماي پىرقىراپ نېمىلەر-نىدۇر دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. مەن مانا شۇلارغىچە دىققەت قىلات-تىم، سائادەت. بىراق، سىز بار قاشقا ئۆتەلمەيتتىم. ھارماس ئىسكىرىپكىڭىزغا، ئىسكىرىپكىنى شۇ قەدەر مۇڭلۇق تىلغا كىرگۈزگەن يېقىملىق قوللىرىڭىزغا سۆيگۈم كەلسىمۇ، ئۇ تە-رەپكە ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. قانداقتۇر بىر ئۇقۇشماس-لىق بىلەن ھازىرقى سىردىشىمىزنىڭ ئۇزۇلۇپ قېلىشىدىن، سىزنى رەنجىتىپ قويۇپ، جور بولۇپ كۈيلەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىشىمدىن ئەنسىرەيتتىم. ھازىرچە ماڭا مۇشۇ كۇپايە ئىدى. جور بولۇشقا تەكلىپ قىلىنىش پۇرسىتىمنىڭ مەڭگۇ قولدىن كېتىپ قالماسلىقىنى تىلەيتتىم.

كۈنلەر ئۆتۈۋاتاتتى. تەڭكەش كۈيلىرىمىزگە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن بۇ ئانا دەريانىڭ بۇژغۇنلۇق سۇلىرىمۇ كۈنساناپ سۇزۇل-مەكتە ئىدى. مەن بار قاشتىكى ئەسكى ــ تۈسكىلەرنى يىغىدىغان قوشۇنىمىزمۇ بارغانسېرى غوللىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار رەسسام، مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى بولۇپ، سىز يىغىشقا كىرىشكەن كۈننىڭ ئەتىسىلا ئۇلارنىمۇ تەشكىللىگەنىدىم. سىزگە دېسەم، سائادەت، ئۇلار خېلىدىن بېرى ياتىقىمدا مەندىن ساۋاق ئېلىۋاتاتتى. بۇ قاش خېلىلا پاكىزلىنىپ قالدى، ھەۋەسكارلار قوشۇنىمۇ كۈنسېرى زو-

رىيىپ، ئەخلەت يىغىش ئىشىنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. بۇرۇنقىغا
تۇپتىن ئوخشىمايدىغان بۇ قاش بىزنىڭ ئەمگەك، ئۆگىنىش، مە-
شىق سورۇنىمىز. بىز بۇ ئىشنى توختاتمايمىز، تاكى ھەربىر ئادەم
قەغەز تاشلايدىغان ئەمەس، قەغەز تېرىيدىغان بولغانغا قەدەر
داۋاملاشتۇرىمىز.
دەريا شوخ شاۋقۇنلايتتى. ئۇنىڭ سۇزۇلۇپ بېرىۋاتقان ھەي-
ۋەتلىك دولقۇنلىرى ئويناقلاپ ئاقاتتى.
سىزمىلىرىم تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئەبەدىي قانمايدىغان
قىزغىنلىق بىلەن توختىماي سىزاتتىم. «بوستانلىق ساھىل»
كاللامغا كىرىۋالاتتى. ئۇنى قايتا سىزىپ چىقىشقا تىرىشاتتىم –
يۇ، نېمىدۇر كەملىك قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇنى چوقۇم سى-
زىمەن، بۇرۇنقى «بوستانلىق ساھىل»دىن ئاشۇرۇۋېتىمەن، دەپ
ۋەدە بېرەتتىم ۋە ھەۋەسكارلار ئالدىدا «بوستانلىق ساھىل»نىڭ
ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۆرنىكى، سىزىلىش تارىخى، ئېرىشكەن شەرد-
پىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ كېتەتتىم. ئۇلار ھاياجانلىناتتى،
«بوستانلىق ساھىل»نى ئورتاق سىزىپ چىقىمىز دېيىشىپ، يى-
غىش ئىشىغا تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ كېتەتتى.
ئۇلارغا قاراپ ھەۋىسىم كېلەتتى. ۋۇجۇدۇم كۈچلىنىپ قالغاندەك،
تومۇرلىرىمدا ئىشەنچ قېنى شۇرۇلداپ ئېقىۋاتقاندەك سېزەتتىم.
بىر چاغدىكى سوئالىمغا جاۋابەن ئېڭىمدا كۈچلۈك بىر خىتاب
جاراڭلايتتى: مەن سەنئەتكار، مەن گۈزەللىك ياراتقۇچى!
سىزگە قارايتتىم. مۇزىكىنى تۇجۇپلەپ چالغانغا ئوخشاش،
چىرىندىلەرنىمۇ شۇ قەدەر ئەستايىدىل يىغاتتىڭىز. ئەتراپىڭىز-
دىكىلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بىر قىسىملىرى سىزنى،
بىر قىسىملىرى ھېلىقى ئورۇق ئادەمنى ئورىۋېلىشقانىدى. ئۇلار
ئاساسەن ياشلار بولۇپ، قىزلارمۇ، ئوغۇللارمۇ تۇراتتى. سان جە-
ھەتتە مەن بار قاشتىكى ھەۋەسكارلاردىن كۆپرەك قىلاتتى.
ئۇلارمۇ ئەسكى - تۈسكىلەرنى توختاۋسىز تېرەتتى، توپلايتتى،
توشۇيتتى. ئورۇق ئەر دەرياني كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇلارغا نېمە-

لىرىندۇر دەيتتى، ئاللىقانداق نەرسىلەرنى چۈشەندۈرەتتى. تۇرغانلارنىڭ بەزىسى يەنە ئەتراپنى، دەريانىڭ بېشى تەرەپنى كۆرسىتىشەتتى. قارىمۇتۇق كەلگەن ھېلىقى ئەر ئۇنىڭغا جاۋابەن قوللىرىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ كەسكىن ئىپادە بىلدۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى دەرھال دەپتەرگە بىرنېمىلەرنى يازاتتى، بەزىسى بېشىنى لىڭشىتاتتى. قارىغاندا، ھېلىقى ئورۇق ئادەم ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىدىغاندەك، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچىلاردەك قىلاتتى.

تەرگۇچىلەر كۆپىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار سېپىگە ئەمدى ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارمۇ قوشۇلغانىدى. ئۇلار دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش يوقتەك، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى ئاغزىغا قارىتىدىغان ئورۇق ئەر بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بەربىر ئىدى. ئۇلار گۆرجەك، كەتمەن، سېۋەت، ھارۋا دېگەندەك سايمانلار بىلەن تېرىشنى ئۆز ئەچىگە ئالغان ھەممىلا ئىشنى قىلاتتى، تىندۇراتتى، تۈزلەيتتى، چانايتتى.

بەزى ۋاقىتلاردا ئورۇق ئادەم بىر گۇرۇپپا ئادەمنى باشلاپ دەريانىڭ باش قىسمىغا قاراپ ماڭاتتى. ئۇ كەلمىگەن چاغلاردا بىر قىز بىلەن يېتىلەشكىنىڭىزچە ئۇلارنى باشلاپ دەريا بېشىغا كېتەتتىڭىز. چۈشەندىم، ئىشنى باشتىن ئوڭشاش كېرەك، دېگەنىڭلارغۇ بۇ! سائادەت، مېنىڭ سۆيۈملۈك سىردىشىم، كۆيىڭىز مېنى يەنە دەريا بېشىغىمۇ چىللاۋاتىدۇ، رەھمەت! مەن بارىمەن، قارشى قىرغاقتا نېمىلەرنى قىلىسىز، بۇياقتا بىزمۇ شۇ ئىشنى سىزدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە قىلىمىز. نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلىۋالدىم. بۇ جەھەتتىمۇ سىز ماڭا ئۈلگە بولدىڭىز. مېنى يېڭى بىر ئىشقا، ھاياتنىڭ گۈزەل، ئەھمىيەتلىك بىر باسقۇچىغا يېتەكلەپ كىردىڭىز. ئەنە شۇ يەردە مەن «بوستانلىق ساھىل»نى قايتا سىزىمەن. بىز تېخىمۇ ياڭراق، يېقىملىق ۋە گۈزەل ئاۋازدا كۈيلەيمىز!

كۇيلەر بەكلا گۇزەل ئىدى. نەي شوخ، ئىسكىرىپكىمۇ شۇ قەدەر جۇشقۇن. ئۇلاردىن «ئۆزھال» كەبى قەدىمكى كۇيلەر، «جۇپ تېرەك»كە ئوخشاش ئىجادىي كۇيلەر، «تېرىكىم»دەك ئۆزلەشتۇرمە كۇيلەر ئۇزۇلمەي ياڭرايتتى. بۇلار مېنى ئېيتىپ تۇگەتكۇسىز شادلىق ئالىمىگە باشلاپ كىرەتتى. تېنىم كېڭىيىپ، جېنىم يايراپ كېتەتتى. ئۆزۇمنى قېرىمايدىغاندەك، ئەبەدىي ئۆلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۆتكەن يىلىلا كۆرگەن «مازارتېرەك رىۋايىتى» ناملىق كىتابتىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالاتتىم. ئەتراپىمدىكى ھەۋەسكارلارنىڭ ئويناق كۆزلىرىدىن، يېڭىڭىزدىكى قىز - يىگىتلەرنىڭ چىرايلىق، چېچەن كۆزلىرى تەكتىدىن ئاجايىپ نۇرلۇق، يېشىل ھەم چەكسىز بىر دۇنيانى كۆرەتتىم. بۇ ئۇلارنىڭ خاس ئالىمى، ئۆز جىسمىدەكلا گۇزەل، يېشىل ئالىمى ئىدى!

نېيىم ئۇداردىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. سەزدىمكى، ئىسكىرىپكىڭىزمۇ ئەسلىدىكى شوخ رىتىمىنى تاشلاپ، مۇڭلۇق بىر تۇستە ئۇنلەۋېتىپتۇ. سىز تامان قارىدىم: يېقىندىن بېرى پات - پات كەلمەيۋاتقان ھېلىقى ئورۇق ئادەم ئەمدى زادىلا كۇرۇنمەيتتى! راست، ئۇ تۇنۇگۇنمۇ يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىنقى كۇنىمۇ ھەم...

كۆزلىرىڭىزدىن مەرۋايىتتەك ياشلار سىرغىپ چىقىۋاتاتتى. كامانچىنى تار يۇزىدە كۇچ بىلەن يورغىلىتاتتىڭىز. چىمەن دوپپىڭىز بېشىڭىز بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى. ئەتلەس كۆڭلىكىڭىز ئاجىز شامالدا يەڭگىل لەپىلدەيتتى، ئىككى ئۆرۇمە ئۇزۇن چاچلىرىڭىز نازۇك بەللىرىڭىز ئۇستىدە تولغىنىپ تۇراتتى.

سىز مۇڭلۇق ئىدىڭىز، مۇڭلىنىپ كېلىۋاتقىنىڭىزغىمۇ ئۇزاق بولغانىدى. بىلىسىڭىز ئىدى، سائادەت، كۇيىڭىزگە ئەگىشىپ كېلىدىغان، چىرايى سىزگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھېلىقى چىرايلىق ئايالمۇ خېلىدىن بېرى مۇشۇنداق مۇڭلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئەمدى تىنىمسىز ھالدا ئەسكى - تۇسكىلەرنى تېرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەريا شاۋقۇنلايتتى. كۆيىمىز جور ھالەتتە مەۋج ئۇراتتى. كۆيگە تەڭكەش بولۇپ كەلگەن سۆيۈملۈك شاۋقۇنلاردا، بىزگە سىردىشىش ماكانى بولغان قەدىناس قاشلاردا، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئۈمىدلىك، ئويناق كۆزلىرىدىكى پايانسىز يېشىللىقلاردا بىز ئۇنتۇمايدىغان ھېلىقى ئورۇق ئادەمنىڭ سىيماسى مەڭگۈلۈك قېتىپ كەتكەندى.

يىغلىماڭ، سائادەت. بىز ئۇنىڭ ئۆلمەس روھى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، كۆيلىرىمىز ئۇنىڭ يۈرەك رىتىمىنى، قانلىرىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئاققان ئاۋازىنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئۇنى چوقۇم ئاڭلايمىز. ئەنە شۇ چاغدا كۆيلىرىمىزگە يېڭى بىر مەنە قوشۇلىدۇ. ئاشۇ سۆيۈملۈك ئورۇق ئادەم ئانا زېمىنىنىڭ يەنە بىر يېرىدە تۇرۇپ كۆيلىرىمىزگە جور بولىدۇ. ئىككى ئالەم كۆيى بىرىكىدۇ. پانىي ۋە باقىيلىق پاسىللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئالەم بىلەن ئالەمنى، زېمىن بىلەن ئادەمنى، قەلب بىلەن قەلبنى، ھەممە بىلەن ئادەمنى تۇتاشتۇرىمىز. پەقەت گۈزەل كۆيلىرىمىزلا شۇنداق قىلالايدۇ!

يىغلىماڭ، سائادەت، نېيىمنىڭ مۇڭلۇق كۆيلىرى سىزگە تەسەللى بولسۇن. تىڭشاڭچۇ، ئۇ سىز ئۈچۈن مۇڭلىنىۋاتىدۇ. ئىسكىرىپكىڭىزغا تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ياندىشىپ، ئاجايىپ سىلىق رىتىمدا جور بولۇۋاتىدۇ. ئەنە، چىرايى سىزگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھېلىقى چىرايلىق ئايالمۇ تەرگۈچىلەر توپىغا قوشۇلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ياش. ئەمما، ئۇ خېلىلا جانلىنىپ قاپتۇ. بۇرۇنقىدەك ئۆز جايىدا مۇڭلىنىپ تۇرىۋەرمەيدۇ. تېرىدۇ، تىڭشايدۇ. بۇ ھالىتى تېخىمۇ جازىبىدار. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاشلا كىيىم: ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەن دوپپا، ئىككى ئۆرۈمە ئۇزۇن چاچ. شۇ تاپتا سىلەر گويا قوشكېزەك، بىر شاختىكى گۈل!

يىغلىماڭ، سائادەت. تولىمۇ يىراقتىن كارۋانلار تىۋىشى كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ قىرغاقتىن ئۆتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىمۇ بىز

يەنە ئوخشاشلا كۆيلىشىمىز، سىردىشىمىز. ئەنە تەبەسسۇم قىلىۋا-
تىسىزغۇ، راستلا مەن تەرەپكە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ تە-
بەسسۇم قىلىۋاتىسىز. كۆڭلىڭىز بۇنىمۇ تۇيۇپ بولدىمۇ؟ ئاھ،
سىز تەرەپكە ئۆتسەم، ھازىرلا ئۆتسەم دەيمەن. سىز بىلەن كۆيۈم
ئارقىلىقلا ئەمەس، كۆزۈم ئارقىلىق، سۆزۈم ئارقىلىق سىردى-
شىشنى ئىستەيمەن. يېنىڭىزدا تۇرۇپ كۆزىڭىزگە نۇر، قەلبىڭىز-
گە مەلھەم، ئىسكىرىپكىڭىزغا تار، كۆيىڭىزگە ئۇدار بولغۇم بار.
مەن ئۆتىمەن، ھامان بىر كۈنى سىز تەرەپكە ئۆتىمەن. ئەنە شۇ
ۋاقىتتا تۇگىمەس، ئەھمىيەتلىك تېرىش ئىشىمىز يېڭىچە بىر مە-
نىدە باشلىنىپ كېتەر. كىم بىلىدۇ، بەلكىم ھېلىلا ھارماس ئىس-
كىرىپكىڭىز شادىيانە نىيىمنى جور بولۇشقا چىللار...

دەريا يېقىملىق شاۋقۇنلايتتى. كاككۇكلار تەرەپ ـ تەرەپتىن
توختىماي سايرايتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بىر ـ بىرىگە پۇرسەت
بېرىۋاتقان، ئاۋازلىرى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكتە پەرقلىنىپ تۇرۇپ
جور بولۇشۇۋاتقان بۇ ئىككى ساز ئەمدى بىراقلا ئوخشاش رىتىمدا
كۆيلىشىۋاتاتتى. ھېلىلا كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن ئىسكىرىپكىنى
بېسىپ چۈشكەن، قىزغىن ھېسسىياتلىق، يېگانە بىر قەلبنى ئۆز
كۆيىدە ئىپادىلەپ تۇرغان نەي ئۇنى ئىسكىرىپكا ئاۋازىنىڭ قات ـ
قېتىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندى. بۇ ئىككى ئاۋاز گويا بىر يەردىن،
بىر سازدىن چىقىۋاتاتتى. ئۇلارنى ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى، زادىلا ئايرىغىلى بولمايتتى!

ئۇزاق يىللىق ئۇيقۇلۇق چۈشتىن ئويغىنىپ كەتكەن ئادەم-
دەك خامۇشلۇق قېتىدا ئېسىمگە كەلدىم. ئەمما، بۇ يەرگە قاچان
كەلگىنىمنى ئەسلىيەلمەيتتىم. خام سېمىزنىڭ يېڭى كەلگەن
ناخشىچى قىزغا چېقىلىپ قويۇپ قولغا ئېلىنغانلىقى، ئۇنىڭ
ئىقرارى ئارقىلىق مېنىڭمۇ رەسۋا بولغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى.
ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ ئۆزۈم نېمە قىلىۋاتىمەن؟ بىلمەيتتىم.
ئېڭىشىپ تۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر تېرىۋاتقان بولسامۇ، بىر يەرگە
دەسسەپ تۇرالمايتتىم، مەن دەسسىگۈدەكمۇ يەر يوق ئىدى. تە-

www.uyghurkitap.com

زىمىننىڭ تۆۋەن تەرىپىنى كۆرەلمەيۋاتاتتىم. راست، قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئۆزۈمنى ئەينەكتىمۇ كۆرەلمىگەن ئەمەسمىدىم. دېمەك، مەن يوق ئادەم ئىكەنمەن. ئۆزۈم كىم، ئانام كىم، بۇ قەيەر؟ خامۇش ھالەتتە لەيلەپ يۈرىمەن. ئۆزۈمنى تونۇغۇدەك ھالىممۇ يوق. ئۆزۈمنى ئۆزۈم تونۇمايۋاتسام، مەن تونۇمايدىغان بۇ يەر مېنى قانداق تونۇسۇن!

ھەمىشە شۇنداق بولۇپ قالىمەن، چۈشۈممىكىن دېسەم، ئۇخلىغىنىم ئېسىمدە يوق، ئويغۇممىكىن دېسەم، بۇ يەرگە قاچان كەلگىنىمنى ئۇقمايمەن. يىراقتىن يېقىملىق بىر كۈي قۇلىقىمغا كىرىدۇ. بىراق، قىزىم، ئەمدىلىكتە سېنى كۆرەلمەيۋاتقاندەك قىلىمەن. راست كۆرەلمىدىممۇ ياكى ئۆزۈم قارىمىدىممۇ، بۇنىمۇ بىلمەيمەن. بەلكىم مەن قارىمىغاندىمەن، ئېڭىمدا قارىچۇقۇمغا ئۇيۇپ كەتكەن ئاشۇ قىز: ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەن دوپپا، يارىشىملىق ئۇزۇن چاچ. ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بەدىنى شۇ قەدەر گۈزەل، كىشىنى ھېيىقتۇرىدۇ، ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدىكى تولغان كۆكسى شۇنچىلىك چىرايلىق – يۇ، كىشىنى يەنە ھاياغا چاقىرىدۇ. تېگى – تېگىگە سىرلىق مەنىلەر يوشۇرۇنۇپ ياتقان بىر جۈپ كۆزى ئاجايىپ سېھىرلىك – يۇ، كىشى تىكىلىپ قاراشقا ئەيمىنىدۇ! دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا يەنە سېنى ئەسلەپ كېتىمەن. ئىشچانلىقىڭ، چاققانلىقىڭ، قولۇڭنىڭ ئەپلىكلىكى ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ. سەن ئۆي ئىشىنى ماڭا قالدۇرماي قىلاتتىڭ، ھەتتا يىڭنىنى تىلىڭ ئۇستىگە ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ تۆشۈكىگە يىپ ئۆتكۈزەتتىڭ. تۈگمە قادايتتىڭ، ياماق يامايتتىڭ!

كۈيلەر توختىمايتتى. چىرايلىق ياز شامىلى يېقىملىق ئۇشقىرتاتتى. ئالەم يېشىللىشىپ كەتكەنىدى. ھەممە يەر يېشىل نۇر ئىچىدە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. كۆك يېشىل، زېمىن يېشىل، ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ سۈپسۈزۈك سۇلىرى يېشىل، كۈي تۆكۈۋاتقان سازمۇ، سازدىن تارىلىۋاتقان كۈيمۇ يېشىل، بۇلاقنىڭ بۇلدۇقلاشلىرى، دەريانىڭ شاۋقۇنلاشلىرى، قارلىغاچنىڭ ۋى-

چىرلاشلىرى، كاككۇكنىڭ سايراشلىرى... ھەممىسى يېشىل!

دەريا ھامان بىر خىلدا يېقىملىق شاۋقۇنلايتتى. ئۇنىڭ مەرۋايىتتەك سۈزۈك تەكتىدە پارقىراق تاشلار ۋىلىقلاپ كۆلەتتى؛ كۆكۈچ قۇملار ھەريان كېرىلەتتى؛ چوڭ ـ كىچىك بېلىقلار شادىمان ئۈزۈشەتتى. دەل ئاشۇ چوڭقۇرلۇقتا، ھەممە تېپىشقان شۇ سۈزۈك يېشىللىقتا مۇستەھكەم ئىككى يىلتىز بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەندى.

كۆلەر توختىمايتتى. ئۇلار ئوخشاش رىتىمدا ئەبەدىيلىك بىرىكىپ كەتكەندى. قارشى قىرغاققا قارىدىم. ئۇ تەرەپكە تۇنجى قېتىم قارىشىم ئىدى. توۋا، شۇنچە گۈزەل يېشىل قىرغاقنى نېمىشقا كۆرمىدىم ـ ھە! قارشى قىرغاق ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئۇنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ چەت ـ چېتىدىكى يېشىل بوستانلىقلارغا كۆز يەتمەيتتى. ئۇ تەرەپتىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ كۆي ياڭرايتتى. ئۇ يەردە ئادەملەر قىمىلدايتتى، كارۋانلار مېڭىپ تۇراتتى، ھەر خىل چىرايلىق ماشىنىلار ئۈزۈلمەيتتى. يىراق ـ يىراق جايلاردىن مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى كېلەتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، دەريانىڭ قېشىدا غەلىتە بىر تۈپ تېرەك تۇراتتى. ئۇنىڭ شاخلىرى باراقسان بولۇپ، يېشىل گەۋدىسى نەي چېلىۋاتقان بىر ئەر كىشىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. كۆي دەل شۇ يەردىن تارىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇ قىرغاقتىن بۇنى ئېنىق پەرق ئېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۆتىكىدىلا چىرايلىق بىر بۇلاق كۆيگە تەڭكەش بولۇپ بۇلدۇقلاپ ئاقاتتى. بۇلاق كۆزىگە تارتىلىپ كەتكەن مۇستەھكەم بىر ئوق يىلتىز دەريا ئاستىنى بويلاپ، مەن بار قاشقا تۇتىشىپ كەلگەندى. ھەيرانلىقتا كېرىلگەن كۆزلىرىم يىلتىز بويلاپ كېلىۋەردى، كېلىۋەردى. بىردىنلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم: مەن تۇرغان قاشنىڭ باراقسان دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئېگىز بىر يېرىدە ئادەمگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھەيۋەتلىك، ياپيېشىل بىر تېرەك ئاسمان تۈۋرۈكىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆتىكىدە بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۇپسۇزۇك بۇلاق بار ئىدى. تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىدىم. تېرەك راستلا بىر ئۈزۈن چاچ ئايال ئىدى! ئۇنىڭ ئېڭىكىدە ئىسكىرىپكا ئەپچىللىگىنە قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. ئۇڭ قولىدىكى كامانچە تار ئۈستىگە كۈچ بىلەن بېسىلغانىدى. بېشىنى سول تەرەپكە قىيسايتىپ، سول يۈزىنى ئىسكىرىپكىغا يېقىپ تۇرۇشىدىن ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل بىر كۈينىڭ قات ـ قېتىغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى.

كۆزۈمنى ھەر تەرەپكە تىكتىم. لېكىن، ئەمدى سېنى زادىلا كۆرەلمىدىم، جېنىم بالام. سەن ئەزەلدىن تۇرۇپ كەلگەن دۆڭدە، ياق، دۆڭدىلا ئەمەس، ھېچقانداق يەردە كۆرۈنمەيتتىڭ. مەن ئاڭلاۋاتقان كۈي بولسا بىر خىلدا داۋاملىشاتتى. ئۇ كۆكتىن تاراۋاتقاندەك، ئۇپۇقتىن يېتىپ كەلگەندەك، زېمىندىن بالقىپ چىقىۋاتقاندەك، بوستانلىقتىن ئاپىرىدە بولغاندەك سېزىلەتتى. پۈتكۈل ئالەم كۈيلەۋاتاتتى، پۈتكۈل مەۋجۇدات كۈي شەكلىدە بىرىكىپ، ئاجايىپ زور بىر ئوركېستىر دۇنياسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ زامان، ماكاندىن ھالقىپ، پەرقسىز ھالەتتە بىرىككەن گەۋدىسى يېشىل كۆرۈنەتتى. يېشىل گەۋدىدىن تاراۋاتقان قەدىمكى كۈيلەرمۇ يېشىل ئىدى!

تېرەك بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چىرايلىق بىر كېپىنەك تىنىمسىز ئۇچۇپ يۈرەتتى. «جەننەتكە كىرگەن قىزلار بۇ ئالەمگە كېپىنەك بولۇپ كېلىدۇ.» بۇ گەپنى بىر چاغدا ئاڭلىدىممۇ ياكى ھازىر توقۇپ چىقاردىممۇ بىلمەيمەن. ئۇنى ئۆلدى دەپ كىم دەيدۇ، ئۇ ھەممىلا يەردە بار! شۇنداق دەپ تۇۋلىغاندەك قىلاتتىم. بىر ئويلىسام، بۇ گەپنى يەنە ھازىرلا ئاڭلىغاندەكمۇ قىلاتتىم. دەسسەپ تۇرۇۋاتقانلىقىمغا كۆزۈم يەتمەيتتى. كىملىكىمنى ئەسلىيەلمەيتتىم. مەن ئۆزۈمنى يىتتۇرۇپ قويۇپتىمەن! قۇيقۇرۇق كاللامدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتسىمۇ، لېكىن كۈلۈشنى ئۇنتۇپ قالماپتىمەن. بۇ نەگە قىسىلىپ قالغان قانداق كۈلكىكىنتاڭ!

ئۆزۈم ھەققىدە بۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيتتىم. ئۇ قاش بىلەن بۇ قاش ھەممە جەھەتتە ئوپئوخشاش ئىدى: ئۆتۈپ تۇرغان كىشىلەر، مېڭىپ تۇرغان كارۋانلار، بىر - بىرىدىن كۆركەم ماشىنىلار، پات - پات ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان مۇڭلۇق ئەزان...

كۆيلەر توختىمايتتى. ئەبەدىي توختىمايدىغان بۇ كۆي ئاجايىپ مۇڭلۇق ئىدى. مەن قايغۇ ۋە خۇشاللىقلار ئارىسىدا ئازغۇن بۇلۇتلاردەك تەمتىرەپ يۈرگەن ئاشۇ ئۇنتۇلماس كۈنلەردىمۇ دەل مۇشۇ كۆي ئاڭلانغاندەك زاھىر بولغانىدى. ئەمدى ئۇنى بۇ يەردە ئاڭلاۋاتاتتىم. جېنىم بالام، ئوماق قىزىم سائادەت، ئۇنى شۇ تاپتا بوستانلىق ساھىلىدىن، بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن يېشىل مەۋجۇداتلار دۇنياسىدىن ئاڭلاۋاتاتتىم.

كۆي توختىمايتتى.

ياش ئانا چېچەن بالىسىغا ئۇزاقتىن بېرى سۆزلەپ بېرىۋاتقان رىۋايىتىنى داۋام قىلاتتى: ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بۇ يەر «مازارتېرەك» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ ناھايىتى ھەيۋەتلىك، باراقسان بىر مازار بولغانىكەن. كىشىلەر خارلىغانلىقتىن، ئۇ بارا - بارا چۆللىشىپ، ئادەم كېلەلمەيدىغان بىر جايغا ئايلىنىپ قاپتۇ. سۇيى سۇزۇك بۇ ئانا دەريانىڭ سۈيىمۇ بۇلغىنىپ قارىداپ كېتىپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئاخىر بەخت بىلەن سائادەت ئىسىملىك ئىككى ئاشىق - مەشۇق باش بولۇپ، بۇ يەرنى گۈللەندۈرۈپتۇ. دەريا سۈيىنى سۈزۈلدۈرۈپتۇ. ھەممە جانلارنى يايرىتىپتۇ. مۇشۇ يەرنىڭ يېشىللىقىنى مەڭگۈ ساقلاش ئۈچۈن ئۇلار يەنە ئىككى قاشتا «ئادەمتېرەك»كە ئايلىنىپتۇ. بىرسىنىڭ ئىسمى «بەختتېرەك»، يەنە بىرسىنىڭ «سائادەتتېرەك» ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا بۇ يەر ئاۋاتلىشىپ، بازار بولۇپ كېتىپتۇ. شەھىرىمىزنىڭ ھازىرقى «بازارتېرەك» دېگەن نامىمۇ شۇنىڭدىن قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئېچىلىش

## 1

سەئىد قارىي تالىپلىق قەدىمىنى بۇ شەھەردە باشلاپ قېلىشنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئاتىسىغا ياردەملىشىپ دېھقانچىلىق قىلدى. دېھقانچىلىق ئېغىر ئىش بولغاچقا، سەئىد قارىي ئېتىزغا پىشىپ كېتەلمىدى، كەتمەن چېپىپ ھېرىپ قالغاندا ياپپېشىل كەڭ دالاغا قاراپ بىرھازا خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كېتەتتى، ئېتىزدىن كېلىپ غىزاسىنى يەپلا بىر بۇلۇڭغا كىرىپ كىتاب كۆرەتتى. بېغىدىكى قېرى ئۆرۈك دەرىخىدەك مەزمۇت ئاتا دېھقانچىلىقنى ئەمدى ئۆزى بىلەن تەڭ ئاخىرلىشىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلدى، ئوغلىنى قاسساپقا شاگىرتلىققا بەردى، سەئىد قارىي قاسساپنىڭ قوي بوغۇزلىغىنىغا قاراپ، قاندىن قورقۇپ يۈردى، كېيىن يۈرىكى ئاز - تولا قاتتى، قوينى تۇنجى قېتىم بوغۇزلىغاندا كۆزىنى يۇمۇپ تىترەپ تۇرۇپ پىچاق سۈردى، كېيىن كۆزى مىت قىلمايدىغان بولدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ بۇ ئىشتىنمۇ زېرىكىپ قالدى، ئۆمۈر بويى قان پۇراپ، قان - قېرىن ئارىسىدا ئۆتۈۋېرىشنى خالىمىدى، ئاتىسىغا دىن ياكى پەندە بولسۇن، داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسىنى ئېيتتى. ئاتا، بوپتۇ، ئوقۇغىن، دېدى. شۇڭا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قايتا كىرىپ ئالىي مەكتەپكە تەييارلىق قىلدى، ئەمما ئۆتەلمىدى. ئۇ چىرايلىق قىز ساۋاقداشلىرىنى ئالىي مەكتەپكە ئۆزىتىپ قويۇپ يەنە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. سومكى-

ـسىدا دوستلىرىدىن ئارىيەت ئېلىپ تۇرغان بىرنەچچە پارچە رو-
مان بار ئىدى، بىر ـ ئىككى كۈن ئىشقىمۇ قوپماي كىتاب ئوقۇ-
دى، خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى يازدى. چىڭقىچۈش ۋاقتى ئىدى،
ئېتىزدىن كەلگەن ئاتا ئۇخلاپ قالغان ئوغلىنىڭ خاتىرىسىگە
كۆز يۈگۈرتتى:

«ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك، — دەپ يازغانىدى ئوغلى، —
ئىستىقبالىم قانداق بولار؟ هارۋىنىمۇ ئوڭلاپ تۈزۈك هەيدىيەل-
مەيمەن، ئېشەكنى زىخلاپ كۆتىنى قانىتىۋېتىمەن. ئېشەككىمۇ
هارۋا سۆرەيدۇ، مەنمۇ بىرنەرسىنى سۆرەيمەن، بۇ نەرسە كۆزۈمگە
كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن هېس قىلىمەن. مەن تۈزۈك ياشىسام بولات-
تى. مەن تۇغۇلغان ئائىلە مۇشۇ، ئەمما پۇشايمان قىلمايمەن، بۇ
تەقدىر، پەندە ئوقۇيالىسام دىندا ئوقۇسامۇ بولاتتى، ئوقۇيمەنلا
دېسەم خۇدايىم نېسىپ قىلىدۇ، ئاتامۇ قوشۇلىدۇ. دېهقان بول-
غاندىن موللام بولغان ياخشى، هېچ بولمىسا مەهەللىدىكىلەر ئال-
دىدا يۈزۈم بولىدۇ، بەزىلەر مېنى موللام بولىدىغان زامان كەتتى،
سىڭگەن نېنىڭنى يەپ مۇشۇنداق ياشا، دەيدۇ.»

ئاتا ئوغلىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك ئۇزاق قاراپ كەتتى،
بالىسىنىڭ سارغۇچ چاچلىرى خۇددى ئۇنىڭ كاللىسىدىكى پە-
كىرلەردەكلا چىگىچلىشىپ كەتكەن، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، ئاغ-
زىنى يېرىم ئوچۇق قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. بوپتۇ، موللام بولسۇن،
ئىناۋەتلىك ياشىسۇن، خوتۇن ئالغاندا بولسىمۇ ئىناۋەت ئەسقاتى-
دۇ... ئاتا خاتىرە دەپتەرنى پەم بىلەن جايىغا قويۇپ قويۇپ، پۇتى-
نىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سەئىد قارى چۈش كۆردى، چۈشىدە قىش پەسلى مەهەللە
مەزىنىنىڭ ئۆيىدە هەپتىيەك يادلاۋاتاتتى، بۇ ئۇنىڭ كىچىك، ئو-
ماق چاغلىرى ئىدى، ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى چىرايىنى، قىلىق-
لىرىنى، قوشنا مەهەللىدىن كېلىدىغان بىر قىزنى شۇنداق ئې-
نىق كۆردى. ئۇ قىزنىڭ زېهنى ئۆتكۈر بولۇپ، سۈرىلەرنى ئەڭ
باشتا يادلاپ مەزىنگە ئوقۇپ بېرەتتى ۋە هەر قېتىمدا بىر ياڭاق

مۇكاپات ئالاتتى. قىزنىڭ قارا كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقنايتتى، ئويماق ئېغىزلىرىدىن سۇرىلەر تۆكۈلەتتى، ياڭاقنى ئىشككە قىسىپ چاقاتتى، مېغىزىنى سەئىدكىمۇ بېرەتتى. ساۋاقتىن بەكار بولغاندا مەزىنىنىڭ قوي ـ ئۆچكىلىرىگە سامان سالاتتى.

سەئىد قارىي خاتىرە دەپتىرىگە موللام بولىمەن دەپ يېزىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىرادىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان ھەمدە نەچچە يىللار ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتكەن شۇ مەزىنىنى، ئۇنىڭ پاكىز چىرايىنى، مۇڭلۇق ئاۋازىنى، قەددىنى تىك تۇتۇپ خۇشخۇي يۈرىدىغان سالاپىتىنى، جامائەت ئارىسىدىكى ھۆرمىتىنى ئېسىگە ئالغانىدى.

خۇدا شۇنداق نېسىپ قىلغان بىر پۇرسەتتە (ئۇ ھازىرمۇ شۇنداق ئويلايدۇ)، ئۇ بىر ژۇرنالدىن مەركەزدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قالدى، بۇ ئۇقتۇرۇش ئۇنىڭغا ئىستىقبال يولىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتاتتى، يەنە كېلىپ ئۇ ھەممە شەرتلەرگە چۈشەتتى. ئەمدى ئۇ ماڭغان ـ تۇرغان يېرىدە شۇ ئىشنىڭ كويىغا كىردى، ئۇقتۇرۇشنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆردى، قاتلاممۇ قاتلام رەسمىيەت ئۆتكەللىرىدىن ئۆتتى، ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ھامان پۇختا تەييارلىق قىلدى ۋە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، چاقىرىقنى تاپشۇرۇۋالدى. مانا بۇ چاقىرىق كۈتكەن تەقدىرنىڭ، نۇرلۇق كەلگۈسىنىڭ چاقىرىقى ئىدى، سەئىد قارىي ھاياجاندىن يىغلىدى، ئاتىسى ياش تۆكتى، ئانىسى ئۇلارغا ئەگىشىپ كۆز يېشى قىلدى. مەھەللىدىكىلەر، سەئىد قارىينىڭ شەھەردىكى كادىر تۇغقانلىرى بۇنىڭغا ھەيران قېلىشتى، سامان تېگىدە ئۆمىلەپ يۈرگەن بىر چۈجە تۇيۇقسىز لاچىنغا ئايلىنىپ كەتكەندەك ئەجەبلىنىپ، بۇ بالا ئۇ يەردە ئوقۇيالارمۇ؟ دېيىشتى.

# 2

مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن سەئىد قارىي ھەقىقەتەن ئۆزى
ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا خۇي - پەيلىدىن تارتىپ ئىنتايىن ماس
كېلىدىغان مۆمىن بىر بەندىگە ئايلاندى. ساۋاقداشلىرى بىلەن
ئىناق ئۆتەتتى، ھېچكىمدىن بىرنېمە تالاشمايتتى، ھېچكىمنىڭ
كۆڭلىگە ئازار بەرمەيتتى، دەرسكە بۇرۇن چىقىپ، نامازغا
ۋاقتىدا تۇرۇپ، چىشىنى ئىككى ۋاق چوتكىلاپ، ۋاقتىدا ئۇخلاپ
تەرتىپلىك ياشايتتى. جۇمە كۈنى مۇنچىغا چۈشۈپ، ساقال - بۇ-
رۇتىنى پاكىز قىرىپ، كۆپىنچە تالىپلار ئالاھىدە ۋاقىتلاردا كى-
يىدىغان تۆمۈر رەڭ پەلتوسىنى كىيىپ، سەپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا
ئولتۇرۇپ ۋەز تىڭشايتتى، نامازنىمۇ قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە دىق-
قىتىنى يىغىپ ئوقۇيتتى. ئۇ بۇ مۇھىتقا ھەممىدىن بۇرۇن ۋە
ھەممىدىن تېز كۆنۈپ كەتتى، كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا بۆلەكچە پا-
كىزلىق، سالاپەت قوندى. ئەتىگىنى ئۇ قاراڭغۇدا قوپۇپ تاھارەت
ئېلىپ قۇرئان ئوقۇيتتى، سۈرە يادلايتتى. باشقا بالىلار شەنبە،
يەكشەنبەدە بېيجىڭدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ يۇرت-
لۇقلىرىنى ئىزدىسە، سەئىد قارىي ھېچنەگە چىقماي دەرس
تەكرارلايتتى. ياتاققا ئاز كىرەتتى، ئاز ئۇخلايتتى. مەكتەپ ئۇدۇ-
لىدا بىر سەھىيە مەكتىپى بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى
پۈتكۈزگەن قىز - ئوغۇللار ئوقۇيتتى، ئوغۇللارغا باققاندا
سېسترالىقتا ئوقۇيدىغان قىزلار كۆپ ئىدى. سەئىد قارىي كو-
چىغا كەمدىن - كەم چىقاتتى، لېكىن ئوقۇتۇش بىناسىدا تۇرۇپ
سىرتقا قارىسا ئۇ مەكتەپكە كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن قىزلارنى،
چېچىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ قىزلار ئالدىدا نايناقلاپ يۈرگەن
ئوغۇللارنى كۆرەتتى. بۇ بالىلارنىڭ كىيىملىرى بىر خىل بو-
لۇپ، قايسىسىنىڭ قىز - ئوغۇللۇقىنى بەزىدە پەرق ئەتكىلى
بولماي قالاتتى، مۇھەببەتلىشىپ قالغانلار گاھىدا كۆپكۆندۈزدە

يول بويىدىلا قوچاقلىشىپ تۇراتتى، ھەتتا سۆيۈشۈپ ئۇياق - بۇ-
ياققا قاراپ قويۇشاتتى. سەئىد قارىي بىرنەچچە قېتىم مۇشۇنداق
مەنزىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، قولىدىكى كىتاب چۈشۈپ كەتكىلى
تاس قالدى.

سەئىد قارىي باشقا بالىلاردەك نەمۇنەگە بېرىپ كوچا چۆر-
گۈلەپ كېلەلمىسىمۇ، ئۆپچۆرىسىدىكى كوچىلارنى ئايلىنىپ قو-
ياتتى. ئېسىل، پارقىراق پىكاپلار، كۆز چاقنىتىدىغان دۇكانلار،
رەڭگارەڭ چىراغلار، ھەممىلا يەردە مەۋجۇت شاۋقۇن - سۈرەنلىك
مەئىشەت ۋە ئەيش - ئىشرەتلەر، قولىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان،
ھاراق پۇراپ تۇرغان سېمىز ئەرلەر، بەدىنىنىڭ بىر يەرلىرىنى
ئوچۇق قويۇپ يۈرگەن خوتۇنلار، ساتىراشخانىنىڭ ئىشىكى تۈۋى-
دە يوتىسىنى ئېچىپ قويۇپ ئولتۇرغان سېرىق چاچ سەتەڭلەر...
ئىشقىلىپ، ھەممىلا نېمە غەلىتە كۆرۈنەتتى، شەيتىنى غالىب
كەلسە بىر يەرلەردە قەدىمى توختاپ قالىدىغاندەك ئەنسىرەپ،
ئىتتىك مېڭىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، ئىككى يېنىغا قارىماي مېڭىپ،
مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە «ئۇھ» دەپ دېمىنى ئې-
لىۋالاتتى. ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسا، تاھارەت ئېلىپ
مەكتەپ خانىقاسىغا كىرىپ ناماز ئوقۇيتتى، شۇغىنىسى ناماز
ئوقۇپ بولۇپلا كاللىسى يەنە كوچىغا كېتىپ قالاتتى، ئۆزىگە ھاي
بېرەتتى، خىيالىنى يىغىپ دەرسخانىغا كىرىپ كىتابقا قارايتتى،
كاللىسىغا بىرنېمە چۈشمىسە خاتىرە دەپتىرىگە بىرنېمىلەرنى
جىجىلايتتى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ
بەھرلىرى بويىچە قاملاشمىسىمۇ بىر - ئىككى مىسرا شېئىر
يېزىپ قوياتتى.

شەھەردە ھۇۋلايدۇ جىن - شەيتانلار، نە قىلاي، نە
چارە باردۇر ماڭا،
ئەي سەئىد، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، نەپسىڭنى يەڭ،
بەختمۇ باردۇر ساڭا...

ئۇ مۇشۇنداق شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىچە يايراپ، ناخشىمۇ ئەمەس، قىرائەتمۇ ئەمەس بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ قويىاتتى.

## 3

ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى يوق، ھەممە ئىش ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغان بۇ شەھەردە زۆھرەلا ئالدىرىماي ياشايتتى، ۋاقىت ئۆتكۈزەلمەي ئىچى پۇشاتتى. ئۇ مەركەزدىكى بىر رەھبەر-نىڭ تۇغقىنىنىڭ تۇغقىنى، ئەيتاۋۇر تونۇشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، بىر مۇسۇلمان قىزنى ئائىلە خىزمەتچىلىكىگە ئالماقچى بولغان ئەرەب ئەلچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشلىگەندىن بۇيان بۇ مۇھىتقىمۇ كۆنۈپ قالدى، ئۇنىڭغا قىلىدىغان جىق ئىش يوق ئىدى، تاماقنى بېنگاللىق ئەر ئاشپەز ئېتەتتى، كىر - قاتنى فى-لىپپىنلىق بىر ئايال يۇياتتى، ئۇ پەقەت بىكار ۋاقىتىدا ئانچە - مۇنچە ئۆي تازىلاپ قويۇپ، باشقا ۋاقىتتا نامىزىنى ئوقۇپ، چۈشتە ئۇخلاپ، گاھىدا مۇنچىغا چۈشۈپ، چاچ تاراپ، كۆز بوياپ ئولتۇراتتى. ئۇ جاپا - مۇشەققەت، توپا - تەرەتكە تولغان مەھەل-لىسىدىن قۇتۇلۇپ، بۇ يەردە راھەتكە چىقىپ قالغىنىغا خۇشال ئىدى، ھۆرۈن مۇشۇكتەك سۇنايلىنىپ ئۇخلاپ قوپقاندا، ئاپتاپ نۇرلىرى چۈشۈپ تۇرغان كەڭ دېرىزىدىن سىرتلارغا قاراپ ئەس-نەپ - كېرىلىپ، بۇ كۈنلەر ئۇزاق داۋاملاشسا - ھە، دەپ ئويلايتتى.

ئۈچ ئايدا بىر قېتىم ئەلچىنىڭ ئېسىلزادە خانىمى دۆلىتى-دىن كېلىپ بىرەر ھەپتە تۇرۇپ قالغاندا، زۆھرەنىڭ بېشى ئوچاق بولۇپ قازان قاينايتتى. ئەلچىنىڭ خوتۇنى مىجەزى چۇس، ئىت-تەك سۆزلەيدىغان ئايال ئىدى، زۆھرە ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقالماي ھاڭۋېقىپ قالسا تېخىمۇ چىچىلىپ سۆزلەپ كېتەتتى. بولمىسا زۆھرەنىڭ قۇرئان ساۋاتى ئۇ ئايالدىن كەم ئەمەس ئىدى، ئىلگى-

رى ئازراق ئەرەبچىمۇ ئۆگەنگەنىدى، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن كونا بىلىمىگە، تىل سەزگۈرلۈكىگە تايىنىپ ئادەتتىكى گەپلەرنى خېلى چۈشىنەلەيدىغان ۋە قىلالايدىغان بولغانىدى. ئۇ ئايال زۆھرەگە كۆنلەمچىدەك قاراپ، بىرنەرسىلەرنى دەپ ئىشقا بۇيرۇپ، بىچارىنى تەمتىرىتىپ، ھارغۇزۇۋېتەتتى.

ئېسىلزادە خانىم ھەر كۈنى داغلىق سودا سارايلىرىغا بېرىپ قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئالاتتى، زىبۇ - زىننەتلىرى، گىرىم بۇيۇملىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرسىمۇ يەنە تويمايتتى. زۆھرە كارىۋاتتا تورۇسقا قاراپ يېتىپ، ئۆزىنى شۇ ئايالنىڭ ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتى.

نامازدا ئۇنىڭ دىققىتى دائىم چېچىلىپ كېتەتتى، رەكەتتىن ئېزىپ توختاپ قالاتتى، سالام بېرىپ نامازدىن چىقىپ قايتا باشلايتتى، ئاران تەستە ئوقۇپ تۈگىتىپ جاينامازغا بېشىنى قويۇپ يەنە خىيالغا چۆكەتتى: نېمىدېگەن بەختلىك خوتۇن ئۇ! يەغىپ كەلسە نەچچە مىليونغا يارايدىغان زىبۇ - زىننەتلىرى، ئادەتتىكى ئاياللار ئۆمۈر بويى ئارزۇلىسىمۇ ئۇچىسىغا ئارتالمايدىغان قىممەت باھالىق كىيىملىرى، كىيەلمەيدىغان ئاياغلىرى، قېرىغاندىمۇ يۈزىنى ياشارتىپ تۇرىدىغان گىرىم بۇيۇملىرى، كۆكۈچكە مايىل سۇرمىلىرى، بىرنەرسە يەپ - ئىچسىمۇ چىقىپ كەتمەيدىغان پارقىراق لەۋ سۇرۇخلىرى... ھەرقانداق ئايالنىڭ ئىچىنى قىزىتىدۇ، كۆكسى - قارنى كەڭ ئايالمۇ چىدىماس بولۇپ كېتىدۇ!

ئەرەب ئەلچى ۋە ئۇنىڭ مېھمانلىرى زۆھرەگە گويا ئىككىنچى قەۋەتتىن بىرىنچى قەۋەتتىكى ئادەمگە نەزەر سالغاندەك قارايتتى، ۋاقىت ئۇزارغانچە زۆھرە بۇ ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىكى دەرىجە، تەبىقە ئېڭىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ ئىلگىرى يۇرتىدىكى بەزى ياش تۇل ئاياللارنىڭ ھەجگە بېرىپلا بىر ئەرەبنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ھەرەملىك خېنىم بولۇپ شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

شۇ جۇۋانلار نەچچىنچى خوتۇندۇ؟ دەرىجىسى قانداقتۇ؟ ئۇ يەردە نېمە كۈنلەرنى كۆرىدىغاندۇ؟...

زۆھرە مەھەللىسىدىكى يىگىتلەرنى ئېسىگە ئېلىپ خورسىنىپ قوياتتى، بۇ خورسىنىش كۆپ ھاللاردا ئېچىنىش، كەمسىتىش بىلەن تولغان بولاتتى: ئۇ مەھەللىسىدىكى توي – تۆكۈن، تويدىن كېيىنكى كۆڭۈلسىزلىك ۋە جاپا – مۇشەققەتنى ئويلىسا، ئېرىدىن تاياق يەپ ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ ئاتا – ئانىسىنىڭ ئالدىدىمۇ سەت كۆرۈنۈپ مالايدەك ئىشلەۋاتقان چوكانلارنى ئېسىگە ئالسا، ھەرگىزمۇ يۇرتىغا قايتىپ توي قىلىشنى خالىمايتتى. بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ يەرنى تېخىمۇ بەك قەدىرلىشىگە تۈرتكە بولاتتى.

ئەلچى ھەر كۈنى كەچتە ئەلچىخانىدىكى ياردەمچىلىرى بىلەن بىللە تاماق يەيتتى، پاراڭنى جىق قىلاتتى، تاماق يەپ بولۇپ مېۋە تەملىك چىلىم چېكەتتى، قارامتۇل چىرايىدا بايلىق بىلەن شەرەپ تەڭلا جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا ساقاللىق، كېلىشكەن ئەرلەر ئىدى، خىزمەتچىلەر تاماق ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇلارغا خىزمەت قىلاتتى. زۆھرە ئۇلارنىڭ يېنىدا چىلىم يەڭگۈشلىگەندە، چاي قۇيغاندا شەھۋەت ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان كۆزلەر ئارىسىدا گاھىدا ئۆزىنى تاپالماي قالاتتى، خۇددى چىلىم چەككەن بەڭگىدەك لەيلەپ يۈرەتتى، پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالاتتى. زۆھرەنىڭ ياغلىقىغا، ئۇچىسىدىكى يېڭى ئۇزۇن كىيىملەرگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قارايدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ چوڭ شەھەرنىڭ سەتەڭلىرىگە ئۆگىنىپ قالغان بولۇپ، ئەرەب ئاياللىرىنى ئەسلىتىدىغان مۆمىن ئاياللارنى كۆرسە ئىچى سىقىلاتتى.

زۆھرە شۇ تەرىقىدە بۇ يەردە ئىككى يىل پاكىز ياشىدى، ئەمما ئىمانى بۇرۇنقىدىن سۇسلىشىپ كەتتى، نامازنى تاشلىۋېتىشكە تاس قالدى. چۈشىدە بەزىدە ئۆلۈم، قاباھەتلىك ئىشلارنى كۆرۈپ قالسا تەقۋالىقى يادىغا يېتەتتى.

ئەلچىنىڭ جۇڭگودا تۇرىدىغان ۋاقتى توشۇپ، باشقا دۆلەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالمىشىدىغان بولدى، داچىسىنى قايتۇرۇۋېتىشكە توغرا كەلدى، ئۆي جاھازلىرىنى قالىدىغان ئەرەبلەر بۆلۈشۈۋالدى. زۆھرەمۇ ئالىدىغان ئىش ھەققىنى ئېلىپ يۇرتىغا كەتتى.

ئىززەت ـ ئابرۇي، بايلىق ۋە راھەتنىڭ تەمىنى ھەقىقىي ھېس قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنى ئەلچىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆرۈپ كاللىسىغا سىڭدۈرۈۋالغان زۆھرە ئاتا ـ ئانىسىغا بىر يولىلا ئون بەش مىڭ يۈەن ئەكېلىپ بېرىپ، ئۆينىڭ ئەتىۋارلىق قىزىغا ئايلىنىپ، بىر مەزگىل خۇشال، ئازادە يۈردى. ئاتا ـ ئانىسى بۇ پۇلغا تويۇڭنى قىلىپ قويىلى دېسە، مەن توي قىلغىلى پۇل يىغمىغان دەپ ئۇنىمىدى، ئاتا ـ ئانىسىمۇ پۇل ئەكېلىپ بەرگەن قىزىنىڭ رايىغا باقتى. پۇلنىڭ ئادەمنى ۋە مۇئامىلىنى ئەپچىل ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا ھەۋەسلىنىپ كەتكەن زۆھرە ئۆي ۋە ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئۇرماي، ئۇيقۇسىنى كەم قىلماي، يەنە بېيجىڭغا قايتىشنىڭ خىيال ـ تەسەۋۋۇرلىرىغا چۆكۈپ، ئوي ـ پىلانلىرىنى نەچچە تۈزۈپ، نەچچە ئۆزگەرتىپ، ئېنىق بىر قارارغىمۇ ئاساسەن كېلىپ بولدى. ئاتا ـ ئانىسىغا ھازىرقى جەمئىيەتتە پۇل تېپىپ ياخشى ياشاپ، راھەت كۆرۈشىنىڭ مۇھىم بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇچۇن قورساقتا ئۇماچ بولمىسا، پۇل تاپالايدىغان ئەقىل بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قىز بالا بولسىمۇ چوڭ شەھەردە، كاتتا ئادەمنىڭ ئۆيىدە ياشاپ، نەزەر دائىرىسىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى، جانغا ئەسقاتىدىغان بەلىم ۋە قابىلىيەتكە خېلى ئېرىشىپ قالغانلىقىنى، ياخشى پۇرسەتلەر چىققىلى قوپقاندا بۇياققا يېنىپ كېلىپ قالغانلىقىنى، ئىشىنىڭ چالا قالغانلىقىنى، ھېلىھەم بولسىمۇ بېيجىڭغا يەنە بېرىپ تىل ئۆگىنىپ، بىرەر يەردە راۋرۇس ئىشلىيەلەيدىغان بولۇش خىيالىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئانىنىڭ يۈرىكى ئاغدى، ئاتىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ئېغىر تىندى، يانچۇقىدىن موخوركىسىنى سىلاشتۇردى. زۆھرە بىرىنچى قېتىم ئۆيدىن چىققاندىمۇ بۇ ئىككىيلەن خېلىلا ئەنسىرىگەن، ئەمما زۆھرەنىڭ يا-

مانلاقلىق ئاچىسى: «بوپتۇ بارسۇن، شەھەر كۆرۈپ كېلەر. كۆر-مىگەننى كۆرگىلى قويىلى. ئەرگە بېرىلى دەپ ئالدىرىمايلى، ئەر دېگەنمۇ تايىنلىق...» دەپ سۆزلەپ يۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ماقۇل كەلتۈرگەنىدى. ئەمما، بۇ قېتىم زۆھرە تۇرىدىغان يېرىنىڭ تايە-نى يوقلا ماڭاتتى.

زۆھرە دائىم: مەن مۇشۇ ياشقىچە ئەمدى ئاتا ـ ئانامنىڭ قوينىدىن چىقالماي، توي قىلسام ئېرىمنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقال-ماي ئۆتىۋېرىمەنمۇ؟ ئۆزىنى چۈشەپ تىرىكتاپ بولۇش دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ ئۆزى بەختسىزلىك ئەمەسمۇ؟... دەپ ئويلايتتى. بۇ ئوي ـ خىياللىرىمۇ داۋالغۇش ئىچىدە داۋاملىشات-تى، گاھىدا ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىپ، يىغلىتىپ قويۇشتىن، سەپەردە يالغۇز مېڭىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇ خىيالدىن يېنىپ، مۇشۇ ئۆيدە تىنچ ياشاپ، بىر يەردىن ئەلچى كەلسە تاللاپ بېقىپ ماقۇل دەپ، بولغۇسى يىگىت بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ، شۇ ئەرگىلا باغلىنىپ ياشاشنى ئويلاپ قالاتتى. ئەمما، بۇ خىيالى ئۇزاق داۋاملاشمايتتى، ئاللىقاندا ئېھتىماللىقلىرى، شېرىن تەسەۋۋۇرلىرى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك قارىيىپ كېتەتتى ـ دە، بۇ يۇرت، بۇ مەھەللە ۋە بۇ يەردىكى يىگىتلەردىن ئۈمىدسىزلىنەت-تى. ئادەم شالاڭ، ئەرلەر گالۋاڭ كۆرۈنىدىغان بۇ يېزا، بۇ مەھەل-لىدە ئۆزىنىڭ گۈلدەك جىسمىنىڭ خازان بولۇپ كېتىشىگە چىدى-دىمايتتى، كىچىكىدىمۇ ئۇ كالا باققاندا كالا ئېرىق بويىدىكى ئەمدى ئېچىلىۋاتقان ياۋا گۈللەرنى يەپ ئارقىدىن تېزەكلەپ قويى-سا ئىچى ئاچچىق بولۇپ كالىنى چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ كېتەتتى. دېمەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بۇ توپىلاڭ يەردە خازان بولماسلىقى، پا-كىز، ئاۋات بىر يەردە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك قىممىتىنى تېپىشى كېرەك ئىدى.

— تويۇڭنى قىلىۋەتسەك بولاتتى، — دېدى ئانا يەنە تە-كىتلەپ.

— مەن بەربىر كېلىمەنغۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەنسىرەپ قالمىدىكەنمىز، قىزىم، — دېدى ئاتا موخوركىسىنى قاتتىق شوراپ.

— ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش يوق، يەنە دېسەم يەنە شۇ... كېيىنكى ئىشلاردىن سىلەر بىكاردىنلا ئەنسىرەپ يۈرمەڭلار، مېنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار...

گەپ تۈگىدى، كەلگۈسىدىكى نائېنىق ئىشلاردا ئىزتىراپقا چۆككەندە ئاللاغا تايىنىش ئەڭ ياخشى تاللاش. ئاتا - ئانىسى شۇنداق قىلدى، بوپتۇ، بالام، سېنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇق، دېيىشتى. زۆھرەگە ئۆزىنىڭ پۇلىنى ياندۇرۇپ بەردى، بىرنەچچە ئاي بۇرۇن زۆھرە چوڭ بىر ئىش قىلىۋەتكەندەك كاتتا غۇرۇر، ئېھتىرام بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويغان پۇلنى كۆرۈپ شۇ چاغدا تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەن ئاتا - ئانا ئەمدىلىكتە پۇلغا ئەمەس، قىزىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، بۇ پۇل ئاز بولۇپ قالدىمۇ يا، دېگەندەك دېلىغۇللۇق، خىجىللىق بىلەن قىزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. زۆھرە بۇ پۇلغا ئەمدى ئۆزىنىڭ ئوقۇيدىغانلىقىنى، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇنىڭدىنمۇ جىق پۇل تاپالايدىغانلىقىنى يەنە بىر - ھازا چۈشەندۈرۈپ، سەپەر تەييارلىقىنى باشلىدى.

زۆھرەنىڭ ئاچىسى ئۆزىنى قوپاللىق بىلەن قانائەتلەندۈرگەن، قوپاللىق بىلەن ئۇرغان ئېرىنى ئويلاپ، كېيىنكى كۈنلەردە سىڭلىسىغا ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن بولغان ئەرلەرنى ئېرىگە ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلىپ قورقتى. ئاتا - ئانىسىدىن خالىي قالغان يەردە زۆھرەنى تارتىپ سورىدى:

— سەن ئۇ يەرگە بېرىپ شەلىكتىن ئەر تاپماقچىمۇ؟

زۆھرە چۆچۈپ كەتتى، بۇنىڭغا قاراپ ئاچىسى سىڭلىسىنىڭ راست شۇنداق نىيىتى بارلىقىنى سېزىپ، سەپرايى ئۆرلىدى:

— مېنىڭچە، سەن شۇنداق قىلماقچى، يا ئاللىبۇرۇن تېپىپ قويدۇڭ. بولمىسا ئۆيگە كېلىپ ئۇنچە ھۇرۇنلىشىپ كەتمەيتتىڭ، بېشىڭغا بىر ئىش كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ بولدۇم. ئىشتان بېغىڭغا چىڭ بول، ئەر كىشى دېگەن ھايۋان، ئېشەك. ئۇقتۇڭ-

مۇ، مانا مەن ئاچاڭ بۇنى بىلىپ بولغان. گېپىمنى ئاڭلا، ئۆيگە ساق يېنىپ كەل. ساق كەلمەيدىغان بولساڭ مەڭگۇ يېنىپ كەلمە!

ئابايىقى گەپتىن تېخى ئېسىگە كېلىپ بولالمىغان زۆھرە بۇ گەپلەردىن تېخىمۇ تىترەپ كەتتى، شەھلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاچىسىغا كوچىدىكى ساراڭ خوتۇنغا قارىغاندەك قارىدى.

## 4

سەئىد قارىي ئىماندىن بىخەۋەر ياشايدىغان بىغەم ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالىتىنى دۇنياغا باغلاپلا چۈشىنەتتى. دۇنيا گويا ئۇلارنىڭ تارتىشىدىغان بىردىنبىر جەننىتى ئىدى. دېمىسىمۇ، بۇ دۇنيا كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان مەنزىرە، ئىش – ھەرىكەت، ھۇزۇر ۋە شەھۋەتكە لىق تولغانىدى. جاننىڭ تەقەززاسى شۇ جان ئىگىسىنى راھەتكە — شېرىن ئۇيقۇغا، مەززىلىك تائامغا، يات جىنس ۋىسالىغا، شادلىققا، ئابرۇيغا... تىنماي ئۈندەيتتى. سەئىد قارىي ئۇيقۇنى كەم ئۇخلىغان بىلەن قورساققا ئامراق ئىدى، ئوغۇللارلا ئوقۇيدىغان بۇ مەكتەپتە گاھىدا زېرىكەتتى، باشقا ساۋاقداشلىرىدەك مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، يۇرتلۇقلىرىنى ئىزدەپ، شۇ باھانىدە باشقا قىزلارنىمۇ كۆرۈۋېلىپ كېلىشنى ئويلاپ قالاتتى، لېكىن ساۋاقداشلىرى بىلەن بارغۇسى كەلمەيتتى، يالغۇز بېرىشنى ئەسلا خالىمايتتى، يۇرتلۇق قىزلارنى تونۇمايتتى، ئىزدەپ سوراپ يۈرۈشكە تېخى جۈرئەت قىلالمايتتى. بىر قېتىم نورۇزلۇق پائالىيەتتە ئۇ تالىپ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە شۇ مەكتەپتىكى قىز – ئوغۇللارنىڭ نورۇز بايرىمىغا ئاتاپ تەييارلىغان ساما، كوللېكتىپ مەيدان ئۇسسۇلى ۋە زال ئىچىدىكى نومۇرلىرىنى كۆرگىلى باردى، زوق – شوق ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلارنى كۆرۈپ، ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن پات – پات قىمىرلاپ قويدى، پېشىن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكىنىمۇ تۇيمىدى. زال ئىچىدىكى نومۇرلارنى قانماي كۆردى. مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈنىۋېرسىتېتقا بىلىم ئاشۇرغىلى كەلگەن بىر ياش ناخشىچى «سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ» دېگەن ناخشىنى ئوقۇغاندا تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. بۇ ناخشا گويا ئۇنىڭغا «سەن قىزلارنى سېغىنمىدىڭمۇ» دېگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. سەھنىدە گويا باھار گۈلشىنىدە توپ ـ توپ ئۇچۇشۇۋاتقان كېپىنەكلەردەك لەرزان، چىرايلىق ئۇچۇۋاتقان، لەپىلدەۋاتقان قىزلارنى قانغۇدەك كۆردى، نەچچىسىگە يوشۇرۇن كۆيۈپمۇ ئۆلگۈردى. ئويۇن تۈگىگەندە ئېغىر قەدەم بىلەن زالدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ سىرتقا ماڭغان سەنئەتخۇمار ئوقۇغۇچى قىزلارغا يوشۇرۇن كۆز سالدى، قىزلاردىن بىرسى ئۇنىڭغا مۇنداقلا بىر نەزەر تاشلاپ قويۇۋىدى، يۈرىكى چوغلاندى، يۈزى سەل قىزاردى. ئوماق قىزلارنىڭ نازۇك تېنى، چىمەن دوپپىلىرى، ئەتلەس كۆڭلەكلىرى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى. نورۇز بەزمىسى ئاشۇ گۈل قىزلارنىڭ جىلۋىسى بىلەن رەڭلەندى، سەئىدنىڭ يۈرىكى ئەيلەندى...

شۇ كۈنى كەچتە مەكتەپكە قايتىپ كەلگەن سەئىد تولىمۇ روھسىز ئىدى، مەكتەپ تۈنجى قېتىم ئۇنىڭغا زېرىكىشلىك كۆرۈندى، شۇ ئوماق قىزلارنى خىيال قىلغاچ تاھارەت ئېلىپ قازا نامازلىرىنى ئوقۇدى، خىيالى نەچچە چېچىلىپ، نەچچە يىغىلدى، ھەتتا سەجدە قىلىۋاتقاندا ئۆزىگە بىر نەزەر تاشلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكەن قىز يادىغا كېلىۋېلىپ، بۇ بولمىدى، نامازنى قايتا ئوقۇي دەپ ئويلىدى، كۆڭلى ئىزتىراپقا چۆكۈپ: «يا رەببىم، جىمى ئىنسانىنى، جۈملىدىن شۇ گۈزەل قىزلارنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىمسەن، بەندەڭنى كەچۈر، شەيتانلىرىمنى يېڭىشكە مەدەت بەرگەيسەن...» دەپ بېلىنى چىڭىتىپ، قۇرئاندىكى: «قىزىققۇچىلار جەننەتكە قىزىقسۇن» دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتنى يادىغا كەلتۈرۈپ، جەننەتتىكى ھۆر قىزلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، يەنە نامازغا تۇردى. شام، خۇپتەن نامازلىرىدا جامائەتكە قېتىلىپ ئوقۇغاچقا ئازمىدى، خىيالىنى خېلى جەم قىلدى؛ جامائەت بولۇپ ئوقۇغان

نامازنىڭ سۆپەت، پەزىلەت جەھەتتە يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن ھە-قىقەتەن ئارتۇق بولىدىغانلىقىغا ئىخىمۇ ئىشەندى، نەپسى شەي-تاننىڭ يالغۇز ئىنساننى ئورىۋالىدىغانلىقىغا، ھۇجۇم قىلىپ ئا-سان بويسۇندۇرۇۋالىدىغانلىقىغا، شۇڭا يالغۇز ئىنساننىڭ ئۆز ئېتىقادىنى ناھايىتى تەستە تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىغا، بۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت روھىنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقىغا ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قانائەت ھاسىل قىلدى.

سەئىد قارىي تەتىلدە ئۆز مەھەللىسىدىكى قىزلارغا ئانچە - مۇنچە قاراپ يۈردى، شېرىن ۋەسۋەسىلىرى قوزغىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى يېڭىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. ئۇنى - بۇنى دەپ تەتىلمۇ تۈگىدى، ماڭىدىغانغا ئىككى كۈن قالغاندا قوشنا مەھەللىدىن بىر ئايال ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئايال بېيجىڭدىكى قىزىغا بىر خالتا تەييارلاپ كەلگەنىدى، يەنە سەئىد قارىيغىمۇ ئازراق يوللۇق تۇتتى.

سەئىد قارىي كۆڭلىدە خۇش بولدى، ئانىسىنىڭ ئىسسىق چىرايىغا قاراپ، قىزنىڭ سىيماسىنى تەسەۋۋۇر قىلدى، خالتى-نى چوقۇم ئۇنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ناھا-يىتى تەبىئىي تۇستە ئۇ ئايالدىن قىزنى سوراشقا باشلىدى:

— قىزلىرى نەدە ئوقۇيدۇ؟

— چەت ئەل تىلى داشۆسى دەمدۇ، ئىشقىلىپ، تىل ئۆگى-نىدىغان بىر مەكتەپ ئىمىش.

— تېلېفون نومۇرى نەچچە، يېزىۋالاي.

ئانا قىزىنىڭ ياتاق نومۇرىنى دەپ بەردى. سەئىد قارىي ئۇنى ئادەتتە شېئىر يېزىپ قويىدىغان قارا خاتىرە دەپتىرىگە كۆڭۈل قويۇپ يېزىۋالدى. شۇ سانلار قېتىدىن قىزنى ئىزدەۋاتقاندەك ھەم ئاختۇرۇپ تېپىۋالىدىغاندەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

سەئىد قارىي مەكتىپىگە بېرىپلا قىزغا تېلېفون قىلدى، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ مەكتىپىگە باردى. قىزنىڭ خېلى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ماڭغان قەدەملىرىگە رازى بول-

غاندەك، بىردەمدە ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەك بولدى.

ئىككى مەكتەپنىڭ ئارىلىقى يىراق ئىدى. سەئىد قارى يولدا تولا توسۇلۇپ، ناماز ۋاقتىنىڭمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن جىلە بولۇپ، ئولتۇرىدىغان بىر ئورۇنمۇ تاپالماي، قىستىلىپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ تەر، ئەتىر پۇراقلىرىدىن بېشى ئايلىنىپ، چۈشىدىغان بېكەتتىن بۇرۇن چۈشۈۋېلىپ، يولدا قىزغا تېلېفون قىلىپ، بۇ مەكتەپنى تەستە تېپىپ كەلدى. ئۇ بۇ شەھەردە يول جاپاسىنى تۇنجى رەت كۆردى، يول - يوللاردا چۈمۈلىدەك كېتىۋاتقان ماشىنا، ئادەملەرنىڭ قىستاڭچىلىقىدىن ئىچى سىقىلدى، ئاپتوبۇسلاردا ساغرىسىنى سۇۋاپ، قىستىلىپ تۇرۇشقان قىزلاردىن يىراق قاچقانچە، بېكەت - بېكەتتە بىر - بىرىنى تۇرتۇپ چىقىشىۋاتقان قىزلار يەنە قىستاپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. بۇنداق غول يوللاردا، ئاۋات كوچىلاردا ئىشتىن چۈشكەندە ھەممە ئادەم ئاپتوبۇستا بىر قەپەس جەڭ قىلىشاتتى، پۇت دەسسەيدىغان بىر كىشىلىك يەر تالىشاتتى. سەئىد قارى قىستاڭ ئاپتوبۇستىن چۈشمەي بىر سائەت مېڭىپ بولغۇچە پىيادە ماڭغاندىنمۇ بەك ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. زۆھرە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنلا ئاندىن روھلاندى، يۇرتداش قىزنىڭ كۆزلىرىدىن يۇرتىنىڭ گۈزەللىكىنى ئىزدىدى، ئاياللىق مېھرىگە باي كۆكسىدىن ئانا ماكانىنىڭ ئىللىق باغرىنى كۆرگەندەك بولدى، چېمەنلىرىدە ئېغىناپ كۆلدى، قىزىل گۈلدەك لەۋلىرىگە خىيالەن سۆيدى. ئايلاپ - ئايلاپ ئۇيغۇر قىزىنىڭ دىدارىنى كۆرمەي ئوقۇۋاتقان بۇ تالىپنىڭ قەلبى ھەقىقەتەن قاغجىراپ كەتكەن ئېتىزلىققا ئوخشاپ قالغانىدى. قولىدىكى خالتىدا قىزنىڭ ئانىسى ئەۋەتكەن يەل - يېمىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئازغىنە ئۇمىدى، تەشنالىقى قاچىلاقلىق ئىدى. ئۇ خالتىنى قىزغا ئۇزارتقاندا، قىزنىڭ كۆزى ئاۋۋال خالتىغا، ئاندىن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— رەھمەت، ئاۋارە بوپسىز، — دېدى قىز كۈلۈمسىرەپ.

— ياقەي، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى...

— يولدا جاپا تارتقانسىز.

— ئانچە ئەمەس، ئېغىرىنى ماشىنا كۆتۈرىدۇ - دە...

قىز ئۇنى كەچلىك غىزاغا تەكلىپ قىلدى. مەكتەپ ئىچىدە بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى بار ئىدى، ئىككىسى لەڭمەن يېگەچ پاراڭلاشتى، بىر - بىرىنى تېخىمۇ بىلىشتى، قىز ھەر قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر قارىغىنىدا، ھەربىر ئېغىز گەپ قىلغىنىدا، سەئىد قارىي بۇ قىزنىڭ ئالدىدا قانداق ھالەتتە تۇرسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئەڭ ياخشى ھالىتىنى ساقلاپ ئولتۇردى. ئۇ بۇ قىزنىڭ ئىلگىرى بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئەمما بۇ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن بېرى ۋاقتىنىڭ ئالدىراشلىقىدا نامازنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى (بۇنى خىجىل بولۇپراق دېدى) بىلىپ، ئۇنىڭ نېمىلا دېگەن بىلەن دىندا ئاساسى بارلىقىدىن، ئەرەبچىنى ئاز - تولا بىلىدىغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى.

— لېكىن، شۇ دەرسنىڭ ئالدىراشلىقىدىن ناماز ئوقۇشقا يېتىشىپ بولالمايدىكەنمەن... — دېدى زۆھرە تۆۋەنچىلىك بىلەن. ئۇنىڭ بۇ خىجىلچان ھالىتى ئۇزاققا بارمايدىغاندەك قىلاتتى، سەئىد قارىي بولسا بۇ ھالەتنىڭ ئۇزاقىراق داۋاملىشىشىنى تىلەيتتى. چۈنكى، خىجىللىق ھايا، ۋىجداننىڭ ئالامىتى، ھايا بولسا ئىماننىڭ بىر شېخى ئىدى.

— ناماز ئادەمنى ياشارتىدۇ، ياغلىق چىگىپ يۈرىدىكەنسىز، خۇدايىم كۆز تەگمىگەي، ئەمما بۇنىڭ ئەجرى - ساۋابى كاتتا بولىدۇ... ئاللاتائالا ھەرقانداق بەندىسىنىڭ ئەمەلىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ، مۇكاپاتىنى چوقۇم بېرىدۇ... — سەئىد قارىي سۆزلىگەنچە ھاياجانلىنىپ، قورسىقىدىن بارلىق دىنىي بىلىمىنى چىقىرىۋاتاتتى.

— ماڭا بىر قۇرئان لازىم ئىدى، — دېدى خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەن زۆھرە، ئۇ ئاخىرەتنى ئويلاۋاتامدۇ ياكى بۇ دۇنيالىق ئىشلارنى خىيال قىلىۋاتامدۇ، ئۇققىلى بولمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەندە بىرسى بار، سىزگە بىر كۈنى ئەكېلىپ بې-
رەي.
— رەھمەت، يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.
— ياقەي، سىز ئۈچۈن بۇ بەك مۇھىم ئىش...
— مەھەللىمىز يېقىن تۇرۇپ كۆرۈشمەي، ئەمدى بۇ يەردە كۆرۈشكىنىمىز قىزىق!
— شۇنى دەڭە، يولدا كۆرسەكمۇ تونۇماي ئۆتۈپ كېتەت-تۇققۇ دەيمەن...
سۆزلىگەنچە سەئىد قارىي ئېچىلىپ، كىچىك تىللىرى چىقىپ، كەيپى جانلىنىپ كەتتى.

* * *

رامىزان كىرىش ئالدىدا تۇردى، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى، بۇ يەرنىڭ توختىماي چىقىدىغان سوغۇق شامىلىغىمۇ كۆنۈپ كەتتۇق. يۈزۈم قۇرغاقلىشىپ، كۆزۈم ياشاڭغىرايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇخشىلىپ كېتەرمەن. يالغۇزلۇقتا كۆنۈپ قالدىم، بىر كىم بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ كېتىشنىمۇ بىلمەيمەن.

* * *

زۆھرەگە تېلېفون قىلدىم، خېلى قىزغىن تۇردى، ئا-پىرىپ بەرگەن قۇرئاننى ئوقۇغان بولسا كېرەك. بۇ قىزنى شۇ كۆرگەندىن باشلاپ ئۇنتۇيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، «موللام كۆلمەيدۇ، كۆلسە تېلىقىپ قالىدۇ» دېگەندەك، نەچ-چە يىلدىن مۇھەببەت دېگەن نەرسىدىن بىخەۋەر يۈرۈپ، ئەم-دى ئۆزۈمنى تۇتالماي قېلىۋاتىمەن. دەرستە بوشاپ قالدىم. نامازدا بۇرۇنقى تەقۋالىق، چىنلىق يوق. كاللام بۆلۈنۈپ كې-تىۋاتىدۇ.

قېنى ئۇ قەلبىمدىكى جانان بىلەن تويلاشقىنىم،
شەيتان بىلەن دوست بولغىنىم ئەقىل بىلەن خوشلاشقىنىم.
ئىچەي ـ ئىچمەي دەپ شارابنى ئىنتىلىپ، ئىككىلىنىپ،
يۈرمەن لەيلەپ بۇ يەردە، قېنى ئۇ ئوڭشالغىنىم!

* * *

مۇبارەك شەھىرى رامىزان كىرىپ كەلدى. مۇشەققەتلىك، ئەمما خۇش ھۇزۇر بىلەن داۋاملىشىدىغان كۈنلەر باشلاندى. تاراۋى نامىزىنى غەيرەت قىلىپ ئوقۇش كېرەك. قورساق ئاچقاندا ئاچ ـ يېتىملەرنى ئويلاپ سەۋر قىلىشىم كېرەك. ئاللا بىزگە ئەڭ ياخشى ھامىي، سەۋر مىجەزىمىزنى تەڭشەيدىغان ئەڭ ياخشى دورا.

* * *

بۇگۈن بىزنى بىر ئۇيغۇر ئاشپەز ئىپتارلىققا چاقىردى. ئۆز تاماقلىرىمىز بەكمۇ تېتىپ كەتتى. بىزنىڭ تاماقلىرىمىزغا يېتەدىغان ھېچقانداق تاماق يوقمىكىن دەيمەن. ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئالدىراش دەرس ئوقۇيمىز، چۈشكىچە قورساق ئېچىپ كېتەدۇ، چىدايمىز، چۈشتىن كېيىن ئۇخلايمىز. ئەسىرنى قىينىلىپراق ئوقۇيمىز، شامنى چىداپ ئوقۇيمىز ـ دە، تەسبىھ ئوقۇپ بولغۇچە كەشمىزنى كىيىپ ئاشخانىغا يۈگۈرۈيمىز. ئاھ، تاماق، سۇ! ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، روزىدارنىڭ ئىككى خۇشاللىقى بار ئىكەن: بىرسى، ئىپتار قىلغاندىكى خۇشاللىق، يەنە بىرسى، ئاللاغا مۇلاقات بولغاندىكى خۇشاللىق. ئاللاتائالا ئارمانلىرىمىزغا يەتكۈزگەي! خۇپتەن، تاراۋى نامازلىرىنى تاماق سىڭدۈرگەچ، راھەت بىلەن، ھەيۋەت بىلەن ئۇنلۇك قەسىدە توۋلاپ ئوقۇيمىز. مۇبارەك بۇ ئايمۇ بەك تېز ئۆتمەكتە...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 5

ئەرەب ئەللىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان، كوچىلىرىدا كۆزئەينەكلىك ئادەملەر، قارا ئەينەكلىك پىكاپلار ھارماي قاتنايدىغان، كەچلىك مولازىمەت كۇلۇبلىرى، قاۋاقخانىلىرى، دىسكوخانىلىرى ئىشرەت بىلەن قاينايدىغان، ھەممە چىراغلىرى گويا سانسىز نازىنىنلاردەك كۆز قىسىدىغان بۇ شەھەرنى خالىد جەننەتكە تەڭلەشتۈرەلمىسىمۇ، لېكىن پانىي دۇنيانىڭ ئارامگاھى، نەپسى يايرايدىغان ئەيش - ئىشرەت ماكانى دەپ بىلىپ، بۇ شەھەردىن ئايرىلالماسلا بولۇپ قالدى. دۆلىتىگە قايتسا بۇنداق ئەركىن، راھەت ياشىيالمايتتى؛ غەرب ئەللىرىدىكى ئەلچىخانىلارغا يۆتكىلىپ ئىشلەشنىمۇ ئانچە خالىمايتتى، چۈنكى ئۇ يەرلەرگىمۇ ئۇ نەچچە قېتىم بارغان، كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىيالمىغانىدى. پەرەڭلەردە ئويۇن - تاماشىنىڭ، سەتەڭلەرنىڭ نەرخى قىممەت، يەنە كېلىپ ئۇلار ئەرەبلەرنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى. خالىد بۇ شەھەردە تەرتىپ چىڭ، ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرى قانۇن بويىچە قاتتىق باشقۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بەزى مولازىمەت ئورنىدا سەتەڭلەر جىلۋىسى بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. نېفىت بايلىقىدىن كېلىۋاتقان مائاشلىرىنىڭ يۇقىرىلىقى ئۇنىڭ نەپسىنى ئۇلغايتىپ تۇراتتى، ساقچى ئالدىراپ توسمايدىغان جىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئويۇن ئەڭ قىزىيدىغان يەرنى پۇراپ تاپاتتى، ئىچەتتى، چېكەتتى، نەپسى ئالدىراتقان كۈنى ھامان بىر سەتەڭنى باشلاپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتەتتى.

خالىد خىزمەتتە ئاكتىپ ئىدى، باش ئەلچىنىڭ كۆندىلىك خىزمىتىگە چاپارمەنلىك قىلاتتى، ئەلچى ناماز ئوقۇسا ناماز ئوقۇيتتى، جۈمەگە بارسا بىللە باراتتى، ئۆيىگە غىزاغا چاقىرسا خۇشاللىق بىلەن بېرىپ ھەمسۆھبەت بولاتتى، چىلىم چېكىشىپ بېرەتتى، گەپكە يامان بولغاچقا، بېيجىڭدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ھەزىلگە قېتىپ سۆزلەپ، باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى خۇش

قىلاتتى. باش ئەلچىنىڭ ۋاقتى توشۇپ كېتىمدىغان چاغدا خالىدنى بىللە ئېلىپ كەتكۈسى كەلدى، ئەمما خالىد ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر يىل ۋاقتى بار ئىدى، بۇ ۋاقتىمۇ توشۇپ دۆلىتى ئۇنى باشقا دۆلەتتىكى ئەلچىخانىغا ئەۋەتىشكە، ئىككىنچى دەرىجىلىك كاتىپ قىلىپ ئۆستۈرۈشكە ئاز قالغاندا، ئۇ جۇڭگودا يەنە بىر قارار ئىشلەش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، قايتا ـ قايتا ئىلتىماس يېزىپ، ئاخىر يەنە بۇ شەھەردە ئىشلەش، ئوقۇش پۇرسىتىنى ئۇزارتتى. يىگىرمە نەچچە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئەمما قارىماققا خېلى چوڭ كۆرۈنىدىغان بۇ ئەرەب تېخى توي قىلمىغانىدى. ئۆيىدىكىلەرنىڭ قىستىشى بىلەن بىر رامىزان ئېيىدا دۆلىتىگە قايتىپ بىر ئاينى ئىبادەت، رەسمىيەت بىلەن تولىمۇ تەسلىكتە توشتۇرۇپ، ئون ئالتە ياشلىق خوتۇننى ئون كۈن خوتۇن قىلىپ، ئون بەش كۈن بېيجىڭدا تۇرغۇزۇپ، ئارقى-دىن يەنە دۆلىتىگە يولغا سالدى. ئۇ ئۈچ ئايدا بىر دۆلىتىگە قاي-تاتتى، ئىككى ھەپتە تۇرۇپلا يېنىپ كېلەتتى، گاھىدا خوتۇنى ئۆزىنىڭ بىرەر تۇغقىنىنى ئېلىپ بېيجىڭغا كېلىپ كۆپ بولسا بىر ئاي، بولمىسا ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتەتتى.

بىر يىل ئىنگلىزچە ئوقۇپ ئون بەش مىڭ يۈەن پۇلنى قۇرۇتۇپ بولغان زۆھرە يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىش ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش پۇل تۆلەپ ئوقۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئارزۇلۇق قىزلى-رىنى چەتكە چىقىرىشقا كۈچەۋاتقان باي خەقلەر بولغاچقا، قىز-لىرىغا ھەر ئايدا بەش يۈز يۈەندىن مىڭ يۈەنگىچە پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتى. پۇلى ئۆكسۈپ قالغان زۆھرەگە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنچىلىك پۇل ئەۋەتەلمەيتتى، ئاز بولسىمۇ داۋاملىق پۇل ئەۋەتىشكە قۇربى يەتمەيتتى. پۇل تۈگىدى دېسە، ئەمىسە يېنىپ كېلىپ ئەرگە تې-گىمىڭ، دەيتتى. ھېلىمۇ بىر يىلدىن بېرى ئۆلارنىڭ غەم ـ ئەندى-شىسى تۈگىمىدى، زۆھرە ھەپتىدە بىر تېلېفون بېرىپ تۇرسى-مۇ، ئۇلار يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. سەئىد قارىي ئوتتۇرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەيدا بولغاندىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگەردى، زۆھرەمۇ ئۆيىدىكىلەرگە سەئىد قارىينىڭ ئۆزىنى پات - پات يوقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر يۇرتلۇق قارىي بالىنىڭ خۇدايىم بەرگەندەكلا قىزغا ئۇچراپ قالغانلىقى ئۇلارنى ئاللىقانداق بىر ئەندىشىدىن خالاس قىلغانىدى. زۆھرە بىر قېتىم ئۆيىگە ھەتتا سەئىد قارىي بىلەن بىللە تېلېفون قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن زۆھرە بىرەر ئايغىچە تېلېفون قىلمىسىمۇ ئاتا - ئانىسى ئەنسىرىمەيدىغان بولدى. سەئىد قارىي ھەر قېتىم كەلگىنىدە زۆھرە قۇرئاننى تاشلاپ قويۇپ ئوقۇمىغانلىقىنى، رامىزان روزىسى تۇتمىغانلىقىنى، نامازنى خالىسا ئوقۇپ، خۇشياقمىسا تاشلاپ قويغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلىدە خىجىل بولاتتى، ئەمما دەرھال غۇرۇرى ئۇستۇن كېلەتتى؛ بۇ بالا مېنىڭ نېمەم ئىدى؟ ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە ئىش قىپتىمەن؟ باشقا قىزلارغا باققاندا ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇپ ياشاۋاتىمەنغۇ؟ قىزلار مەنچىلىك ياشىيالىسا چوڭ گەپ... دەپ ئويلاپ ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. ئۆزىنى ھەر دائىم باشقا قىزلارغا سېلىشتۇرۇپ، بۇ شەھەردە ياخشى ياشاش، ئۇزاقراق ياشاش ئىستىكىدە پۇچۇلىناتتى، ئويلايدىغان ئىشلىرى تولا ئىدى.

ئۇ بىر چاغدا باش ئەلچىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىۋالغان نام - ئەمەل كارتىسىنىڭ ئەمدى كارغا يارايدىغانلىقىنى، شۇ يەردىكى تونۇش ئەرەبلەرنىڭ سايىسىدا بىر كىشىلىك خىزمەتكە ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ ئەلچىخانىغا باردى. ئەلچىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكەن ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇدى، شۇلار ئارىسىدىن خالىد ھەممىدىن قىزغىن چىقىپ كەتتى، زۆھرەنى ئايرىم بىر ئۆيگە چاقىرىپ پاراڭلاشتى. ئىنگلىزچىنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغان خالىد زۆھرەنىڭ ئىنگلىزچە گەپلىرىنىڭ تاۋۇشلىرىغا دىققەت قىلدى، مەقسىتىنى تارتىنىپراق ئېيتىۋاتقان بۇ مۇسۇلمان قىزغا كۈلۈمسىرەپ، گەپ تۈگىگەندە مەغرۇر كۈلۈپ قويدى.

— ئەلچىخانىغا ئادەم ئالمايمىز، تەرجىمان تولۇق، — دېدى ئۇ تاماكا كۈلىنى قېقىپ.
— ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىشلەپ تۇرسام بولامدۇ؟
— بىزدە ۋاقىتلىق ئىشلەيدىغان ئىش يوق، كەچۈرسىز.
— پەقەت بولماسمۇ، باش ئەلچى ئۇنىماسمۇ؟
— بۇرۇنقى ئەلچى يوق، يېڭى كەلگەن ئەلچىنىڭ ئادەم ئېلىش پىلانى يوق.
— ئۆزۈم كىرىپ سۆزلىشىپ ئىمتىھان بېرىپ باقسام بولامدۇ؟
— تاھا ئەپەندى دۆلىتىمىزگە بىر ئايلىق دەم ئېلىشقا كەتكەن.
— بوپتۇ ئەمىسە، مەن قايتاي. باشقا يەردىن ئىش ئىزدەپ باقارمەن.
— يا بولمىسا مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىشلەڭ. ئايلىقىڭىزغا مىڭ يۈەن بېرىمەن. بۇرۇنقى ئەلچىمۇ شۇنچىلىك بېرەتتىغۇ دەيمەن.
زۆھرە ئوقۇمىغان، ھېچنېمە بىلمەيدىغان چاغدىمۇ شۇ يەردە تۇزۇك ئىش قىلماي مىڭ يۈەن ئالاتتى. بىر يىل جاپا چېكىپ ئوقۇپمۇ يەنە ئۆي خىزمەتكارلىقىدىن قۇتۇلالمىغىنىغا ئىچى پۇشتى، بۇ تەكلىپكە رايى تارتمىدى.
— رەھمەت، مەن باشقا يەردىن ئىش ئىزدەپ باقاي.
— باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، ئۆيۈمدە ھېلىقى فىلىپپىنلىق ئايال ئىشلەۋاتىدۇ. سىز پەقەت ئايالىمغا ھەمراھ بولۇپ بازارغا چىقىشىپ بېرىسىز، ئۆيگە نەرسە - كېرەك سېتىۋالىسىز. ئۆيۈمدە ئازراق تۇرۇپ بەرسىڭىز، ئاندىن مەن باشقا ئەرەب ئەلچىخانىلىرى بىلەن ئۇقۇشۇپ سىزگە ئىش تېپىپ بېرەي.
— رەھمەت، — دېدى زۆھرە، — ئۇنداقتا مەن باشتا ئۆيىڭىزنى كۆرۈپ باقسام دەيمەن.
— قاچان كۆرىمەن دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دېدى خالىد، — ئەمىسە، ھازىرلا بېرىپ كۆرسىتىپ قوياي، ئەتىدىن باشلاپ ئىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەپ كېتىنىڭ.

خالىد زۆھرەنى جىپ ماشىنىسىغا سېلىپ ئۆيىگە ئاپاردى، ئۇنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى كۆپ مەركەزلەشكەن يېرىگە يېقىن بىر بىنادىن ئىجارىگە ئېلىنغان بىر يۈز ئەللىك كىۋادرات مېتىرلىق ئۆي ئىدى، بۇ يەردە ئاساسەن دېگۈدەك چەت ئەللىكلەر ۋە جۇڭگولۇق بايلار تۇراتتى. خالىدنىڭ خوتۇنى چىرايلىق بىر ئەرەب قىزى بولۇپ، كونا ئەلچىنىڭ خوتۇنىغا باققاندا مۇلايىم، كىچىك پېئىل، تەقۋا، كەمتەر كۆرۈنەتتى، فىلىپپىنلىق ئايالمۇ زۆھرەگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدى.

## 6

ئىسلام ئىنىستىتۇتىغا بىرسىنى ئىزدەپ بىرەر قىز كېلىپ قالسا، تالىپلار زىمىستاندا گۈل كۆرگەندەك زوقلىنىپ، ئىنتىلىپ قاراپ قالاتتى، شۇ كۈنى ھېچ بولمىسا ئەينەككە قاراپ باقاتتى، ئۆسۈپ قالغان ساقال ــ بۇرۇتلىرىنى ئالاتتى، يىغىلىپ قالغان كىرلىرىنى يۇياتتى، ئۆيلىرىگە تېلېفون قىلاتتى. كوچىغا چىقىپ ئايلىنىپ، نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ يەنە مەكتەپكە يېنىپ كېلەتتى. بەش ۋاق نامازنىڭ ۋاقتى ئۇلارنى جىددىي ھەم تەرتىپلىك بىر ۋاقىتنىڭ قوينىغا ئالغان بولۇپ، سىرتلارغا چىققاندا بۇ ۋاقىتلارغا ئاساسەن رىئايە قىلاتتى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسىلا جىددىيلىشىپ قالاتتى. ئۆزلىرىنى ھەرقانچە خاتىرجەم تۇتسىمۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى ۋە مەكتەپتىكى يوقلىمىنىڭ بېسىمى ئۇلارنى شۇنداق تۇيغۇغا كۆندۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن مەكتەپلەردە يۇرتداشلىرى ئۇلارنى كۆرسىلا ئىمان ــ ئىسلامنى يادىغا ئالاتتى. ئۇلار مۆھتەشەمتى، ئىككى خىل مۆھىتتىكى ئەھۋال ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا تۈگىمەس تېما بولاتتى. كىچىكىدىن ئانچە دىنىي تەربىيە كۆرمىگەن بالىلار تالىپلاردىن «ھاراق نې-

مىشقا ھارام؟»، «قىزلار بىلەن مۇھەببەتلەشسە ھاراممۇ؟» دېگەن-
دەك سوئاللارنى سورايتتى، تالىپلار كۈچىنىڭ يېتىشىچە جاۋاب
بېرەتتى، مۇشۇ جەرياندا سەۋىيەسىنى سىناپ كۆرەتتى. بەزى
ئۆتكۈر سوئاللار تالىپلارنى تەمتىرىتىپ قوياتتى. تەۋھىد ئىلمى-
غا تېخى چوڭقۇرلىشالمىغان بۇ باللار ئۆزىنىڭ چۈشەنگىنىچە
بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەتتى، ئەمما ئۇلارنى تازا قايىل قىلال-
مايتتى. مۇشۇنداق قىيىن چاغدا تالىپلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي
دەرسلەرنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس
قىلاتتى، بىز تېخى تازا موللام بولمىدۇق، كىتاب كۆرۈپ ئاندىن
جاۋاب بېرەيلى... دەيتتى، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى يېرىم ھالدا
مەكتىپىگە يېنىپ كېلىپ كىتاب ۋاراقلايتتى، ئىلىمدە تېخى
خاملىقىغا ئىچى پۇشۇپ، تېخىمۇ كۆپرەك بىرنەرسە ئۆگىنىشكە
ئىنتىلەتتى. سەئىد قارىي بۇلارنىڭ ئارىسىدا يوق ئىدى، ئۇ سۇرە
بىلەن ھەدىس يادلاشنى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى.

شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا سەئىد قارىي زۆھرە بىلەن كۆ-
ڭۈللۈك پاراڭلاشتى، يېگەن غىزالىرىمۇ ئوبدان تېتىدى. زۆھرە-
نىڭ تەكلىپى بىلەن ئىككىسى زۆھرەنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىل-
دى. سەئىد قارىي «زۆھرەدىن ئەنسىرىمىسىلە» دېگەن گەپنى
ئىككى قېتىم دەۋەتتى. مەكتەپ ئالدىدىكى كوچا چىراغلىرىنىڭ
يورۇقىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن زۆھرە سەئىد قارىينىڭ
كۆز نۇرىدىن ئايرىلمىدى، زۆھرە بېكەتكىچە ئۇزىتىپ كەلدى،
سەئىد قارىيغا كۈلۈمسىرەپ باقتى، «كېلىپ تۇرۇڭ» دېدى، سە-
ئىد قارىيمۇ «ئالدىراش بولمىسامالا كېلىپ تۇرىمەن، سىزمۇ بې-
رىڭ» دېدى. قىز ماقۇللۇق بىلدۈردى. شۇ ئاخشىمى سەئىد قارىي
مەكتىپىگە قايتقۇچە زۆھرەنى ئويلاپ كەلدى، كېلىپ قازا ناماز-
لىرىنى ئوقۇدى، ئاندىن سىنىپقا كىرىپ كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ
باقتى، كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمىدى، ئەتىنىڭ يەكشەنبە، دەرس
يوق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېنىك تىندى. ئالدىدىكى دوسكىدا يې-
ڭىدىن ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتقان بىر ساۋاقدىشى قىزىقچىلىق

قىلىپ «I love you»، «oh my baby» دېگەن خەتنى قىڭغىر - قىيسىق يېزىپ قويغانىدى، سەئىد قارىيمۇ ئېقىمغا ئەگىشىپ، ئازراق ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ باققانىدى، دوسكىدىكى خەتلەر ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى، ئۇ خەتكە بىردەم قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۇنى كۆڭلىدە نەچچە قېتىم ئۆز تىلىغا ئۆرۈپ - چۆرۈپ: «ئاھ ئومىقىم، ئاھ گۈزىلىم، ئاھ تاتلىقىم، ئاھ چىرايلىقىم، ئاھ سۆيگىنىم...»، «سېنى ياخشى كۆرىمەن، سېنى سۆيىمەن، ساڭا ئاشىقمەن...»

ئۇ شۇ ئولتۇرۇشىدا «يار»غا ئاتاپ بىر قەسىدە توقۇدى، ئەمما بۇنىڭغا قانائەت ھاسىل قىلمىدى، كۆڭلىدە دەيدىغانلىرى يەنىلا تۈگىمىدى، ئەمەلىيەتتە شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىش، ھېسسىياتنى نەق ئىپادىلەش تەقەززاسى جۇش ئۇراتتى. ئارقا رەتتە ئولتۇرغان بىر ساۋاقدىشى ئۆيىگە خەت يېزىۋاتاتتى. سەئىد قارىي ئۇنىڭدىن ئۇچ ۋاراق قەغەز سوراپ ئالدى، قەلەمنى چىڭ سىقىملاپ، يۈرەكلىرىنىڭ سوقۇشىنى تىڭشاپ بىردەم ئولتۇردى. بۇ خەتنى قانداق يېزىش كېرەك؟ قىزنى قانداق تەسىرلەندۈرۈش كېرەك؟ قارىيلىق سۈپىتىنى قانداق ساقلاش كېرەك؟ بۇ راستلا تۇنجى سۆيگۈ مەكتۇپىمۇ؟ سەئىد قارىي بىردىنلا ناھايىتى چوڭ بىر بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇنداق ئولتۇرسا بىرنېمە يازالمايتتى، قەغەزنى جىجىلاپ بويىۋېتەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھېسلىرى قايناپ تۇراتتى، ئىچىدىكى ئوتنى پەسەيتىش ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ خەتنى مەشىق ھېسابىدا يېزىپ، ئارقىدىن يەنە بىر قېتىم تۈزىتىپ ئاققا كۆچۈرۈپ، مۇۋاپىق بىر پەيتنى تېپىپ ئاندىن قىزغا بەرسە بولاتتى. شۇ نىيەتكە كەلگەن ھامان ئۇنىڭ قەلىمى بەيگىگە قويۇۋېتىلگەن ئاتتەك چېپىشقا باشلىدى.

# 7

خالىدىنىڭ خوتۇنى كەتكەندىن كېيىن زۆھرەنىڭ كۈندە بازار ئايلىنىپ، باغچىغا بارىدىغان ئىشلىرى تۈگەپ، ئۆيدە ئۆز ئىشىنى قىلىشقا باشلىدى. ئەرەب جۇۋان ئىلگىرىكى باش ئەلچىنىڭ خوتۇنىدەك سۇدەك پۇل خەجلىمىسىمۇ، يەنىلا خىراجى كۆپ ئىدى، چوڭ سودا سارايلىرىدىكى گىرىم - پەرداز، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، سومكا، ئاياغلارغا زوق - شوق بىلەن سىنچىلاپ قارايتتى، ئۇششاق دۇكانلاردىكى جۇڭگوچە قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى قولىغا ئېلىپ ئەجەبلىنىپ كۈلۈپ قوياتتى، يىپەك كۆڭلەك ۋە شارپىلارنى تۇتۇپ سىلاپ كېتەتتى، «جەمىل» دەپ ماختاپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى بويىنىغا ئارتىپ ئەينەككە قارايتتى. سېتىقچىلار چەت ئەللىكلەرگە ئىنگلىزچىنى يامداپ سۆزلەپ بىر ياقتىن قىزغىن مۇئامىلە قىلسا، بىر ياقتىن باھانى نەچچە ھەسسە يۇقىرى قويۇپ تۇرۇۋالاتتى، چەت ئەللىكلەر، بولۇپمۇ ئەرەبلەر ئۇلارنىڭ دېگەن باھاسىدىن تۆۋەن سورايتتى. زۆھرە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەرەب جۇۋانغا بولۇشۇپ باھا تالىشىپ يۈرۈپ سودىلىشىشقا ئۇستا بولۇپ كەتتى، ماللارنىڭ ئەسلى باھاسىنى، ساتىدىغان يېرىنى ئوبدانلا بىلىپ قالدى. ئەرەب جۇۋان ئۆز دۆلىتىدە خوتۇنلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەلەيدىغان، سوۋغاتلىققا يارايدىغان ماللىرىنى ئۈچ چامادانغا قاچىلاپ ئېلىپ كەتتى، مېڭىش ئالدىدا زۆھرەگە «تاپان ھەققى» ھېسابىدا يۈز يۈەن پۇل، بىر سومكا بەردى. ئەلچىخانىنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ، ھەيۋەت سودا سارايلىرىنى ئايلىنىپ، ئادەتتە تۇتۇپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ماللارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، ئەڭ ئېسىللىرىنى خىللاشقا پىشىپ قالغان زۆھرە بۇ شەھەردە پۇللا بولسا شاھانە ياشىغىلى، راھەتتە ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك چوڭقۇر چۈشەندى. ئاياللارنىڭ ئەبەدىي قانماس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىيىم، گىرىم، زىننەت ھەۋەسىنى قوزغىتىپ ھاياجانلاندۇرۇپ تۇرىدىغان، قۇربى يەتمەيدىغانلارنى ھەر ۋاقىت ئارماندا قويىدىغان، مەئىشەتنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك لىققىدە تولدۇرۇپ تۇرغان سودا سارايلىرى، مەخسۇس مال سېتىش دۇكانلىرى... ھەتتا شۇنىڭ ئىچىدىكى چىرايلىق، ئېسىل ماللار، ئۇلارنىڭ رەڭگى، شەكلى، پۇرىقى، دۇكاندىكى باھاسى، چۈشۈرۈپ ئالالايدىغان باھاسى... زۆھرەنىڭ ئېسىدە چىڭ ساقلىنىپ قالدى. ئەرەب جۇۋان كەتكەندىن كېيىن پۇرسەت بولسىلا شۇ دۇكانلارغا بېرىپ، ئالالمىسىمۇ قاراپ بېقىپ كېلىدىغان بولدى. لېكىن، ھەر قېتىم بارسا ئىچى ئارماندا، كۆزى كەينىدە قالاتتى.

خالىد خوتۇنى كەتكەندىن كېيىن كەيپ - ساپانى يەنە باشلىۋالدى. ئۆز دۆلىتىدە ئىسسىق دەستىدىن كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى ھەرىكەتلىنىدىغان ئەرەبلەر، پەرەڭلەر ۋە بېيجىڭلىق بايلار بىلەن بىر قاتاردا بېيجىڭنىڭ كەچلىك سودىسىنى، ئىشرەتخانىلىرىنى قىزىتىپ تۇراتتى. ئەلچىخانا نومۇرى ئېسىلغان ئېسىل پىكاپلار ئوينايدىغان، قاينايدىغان يەرلەرنىڭ ئالدىدا تىزىلىپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئادەتتە خىزمەت ۋاقتىدا بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغانلار شۇنداق يەرلەردە دوقۇرۇشۇپ قالاتتى، ھىجىيىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كونا خۇمارىدىن كېچەلمىگەن خالىد ھەپتە ئارىلىقلىرىدا سىرتتا كۆڭۈل ئېچىپ، ھەپتە ئاخىرى يېرىم كېچىدە بىر سەتەڭنى باشلاپ كېلەتتى.

زۆھرە كۈندۈزى ئىنگلىزچە كىتاب كۆرۈپ، ئارقىدىن ئەسنەپ ئۇخلاپ قالاتتى، كۈندۈزى ئۇخلىۋالغاچقا كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەي ئۇياق - بۇياققا ئېغىناپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى، بىر چاغلاردا ئۇخلاپ قالايمىقان چۈش كۆرەتتى، چۈشلىرى پارچە - پارچە ئەينەككە ئوخشايتتى، ئۇنىڭدا ئاجايىپ - غارايىپ، ۋەھشىي كۆرۈنۈشلەر ۋىل - ۋىل چاقنايتتى، ئاجايىپكى، ئويغانغاندا دەل مۇشۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئېسىدە قالاتتى. ئۇنىڭ ئەنسىز خىياللىرى گاھىدا چۈشىدە ئەكس ئېتىپ، بەدىنى ئېغىر تاشتەك

مىدىرلىيالماي ھېرىپ ھالىدىن كېتەتتى، گاھىدا چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى...

زۆھرە بۇ ئۆيدە ئەنسىز كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بىر شەنبە كېچىسى ئۇ نېرىقى ھۇجرىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازلاردىن سەگەكلىشىپ، نېرۋىسى ئۆرلەپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي چىقتى.

ئەتىسى كۈن خېلى ۋاق بولغاندا چۇۋۇق چاچلىرى يۈزىنى يېپىۋالغان بىر سەتەڭ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ خېلى ئۇزاقتا چىقتى، ئىسكەتىنى ئوڭشاپ، كىيىمىنى تۈزەپ كىيىپ، سومە-كىسىنى ئېسىپ چىقىپ كەتتى. زۆھرە تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ سەسكىنىپ كەتتى، ئۇ رەسۋا ھاجەتخانىنىڭ سۇيىنى ماڭدۇرۇۋې-تىشنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى قەستەن شۇنداق قىلغانىدى. زۆھرە ھاجەت قاچىسى گىرۋىكىدىكى يوپۇقنى سۆكۈپ تاشلىۋەتتى، بۇ يوپۇقنى فىلىپپىنلىق ئايال يۇياتتى، بۇ ئايالنىڭ ئەتكەن تامىقى-نى خالىد يەيتتى، زۆھرەمۇ يەيتتى، بۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ كۆڭ-لى ئېلىشىپ، تېنى تىكەنلىشىپ كەتتى. ئەمما، بۇ ئۆينىڭ باشقا يېرى راھەت ئىدى، كۈن چۈشۈپ تۇراتتى، ئايرىم ھۇجرىدا زۆھ-رە خالىغان ئىشنى قىلالايتتى، تورغا كىرىپ تونۇشلىرى بىلەن پاراڭلىشاتتى، تېلېۋىزور، DVD كۆرەتتى، ئۆيگە نەرسە - كې-رەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن پەسكە چۈشسىلا ئاۋات كوچا، قايناق بازارنىڭ نەق ئۆزىگە بارالايتتى.

خالىد كۈندە دېگۈدەك چۈشكىچە ئۇخلايتتى، ئاندىن يۇيۇ-نۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى غىردىۋېتىپ، چاچلىرىنى مايلاپ پارقىرىتىپ، ئالماشتۇرغان كىيىمگە كۈچلۈك ئەتىر چېچىپ، فىلىپپىنلىق ئايال تەييارلىغان غىزاسىنى يەپ، زۆھرەگە بىر ئىشلارنى تاپىلاپ، ئاندىن پەسكە چۈشۈپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ نەگىدۇر كېتەتتى.

بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان زۆھرە سەمرىپ قالدى، بىر ئاي بولا - بولمايلا ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك سەمرىپ كەتكىنىگە ھەيران قالدى، بۇ ئارتۇق ماي ئەمدى بەدەنگە يۈك بولدى، بۇ تەن ئەمدى

جانغا يۈك بولدى، ھەتتا بۇ جانمۇ بىر يۈك بولدى، ئۇنى باقماق نېمانچە تەس ــ ھە! زۆھرە ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، بۇ كۈنلەر-نىڭ ئۆزىگە ھۇررۇنلۇق، سېمىزلىكتىن باشقا زادى نېمە بەخش ئېتىدىغانلىقىنى ھېچ بىلەلمەي، خالىد باشلاپ كېلىۋاتقان سە-تەڭلەرنىڭ ئايىغىنىڭ قاچان ئۈزۈلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدە، بۇ ھۆجرىدا قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسە نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەي، غەم-ئەندىشە تاشلىرى ئىچىدە قۇرتتەك تولغۇلۇپ ياتتى، خېلى ئۇزاق ياتتى، ئېزىلىپ ياتتى، بەدىنى شۇ پېتى يالىڭاچ، چاچلىرى ھې-لىقى سەتەڭنىڭ چاچلىرىدەك چۇۋۇق ئىدى. مۇشۇنداق ھالەتتە يېتىشتىن زۆھرە ئۆزىنىڭ نومۇس قىلمىغىنىغا، قوپۇپ كىيە-مىنى كىيگۈدەكمۇ مادارى قالمىغىنىغا ھەيران قالدى. ئەمما، ھەيران قېلىپ قانداق قىلاتتى، ھەيرانلىقتىن، دېلىغۇللۇقتىن، پۇشايماندىن نېمە پۈتەتتى.

فىلىپپىنلىق ئايالنىڭ قورسىقىدا قالغانلىقى مەلۇم بولدى، زۆھرە دوختۇرخانىغا بىللە بېرىشىپ بەردى، زۆھرە خالىدنىڭ ئاشخانىدا ياكى ئۆينىڭ ئىچىدىلا بۇ ئايالنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ ياكى چىمداپ قويىدىغانلىقىنى نەچچە قېتىم كۆرگەنىدى. بۇ ئا-يالمۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك كۈلۈپ قويۇپ ئىشنى قىلىۋېرەتتى.

## 8

سەئىد قارى زۆھرەنىڭ ياتىقىغا تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى، زۆھرەنىڭ دەپمۇ قويماي ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى، نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشى سەئىد قا-رىيغا قاراڭغۇ ئىدى، بىر يەرگە مۇقىملىنىپ قالغان كۆڭۈلنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان بۇ ئۆزگىرىش ئۇنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ ھېلىقى ئاخشىمى يازغان خېتىنى نەچچە قېتىم ئۆز-گەرتىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئاققا كۆچۈرۈپ تەييار قىلىپ

قويغانندى، بۇ خەتنى ئوقۇسا زۆھرەنىڭ چوقۇم تەسىرلىنىدىغان-
لىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركەكلىك كۆچىگە بەك
ئىشەنچ قىلالمىسىمۇ، بىرنەرسە يازالايدىغان قابىلىيىتىگە، ئۆزد-
گە ئالاھىدە تۇيۇلىدىغان قەلەم قۇۋۋىتىگە خېلى ئىشىنەتتى. ئۇ
ئۆزىنىڭ قەلبىگە بارغانچە پاتماي قېلىۋاتقان ھېسسىياتنى ياش-
لىقىنىڭ ھاسىلاتى دەپلا ئەمەس، كۆپىنچە شائىرلىق مىجەزىنىڭ
مەھسۇلى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇ نەچچە قېتىم زۆھرەنىڭ مەكتە-
پىگە خەتنى كۆتۈرۈپ بېرىپ بېقىشنى ئويلاپ يەنە يالتايدى، ئې-
نىق بىر نىشان يوقالغانندى، بارسىمۇ ئېزىپ، تەمتىرەپ، سو-
غۇقتا توڭلاپ يېنىپ كېلەتتى.

ئۇنىڭ ئۈمىدى زۆھرەنىڭ تېلېفونىدىلا قالدى، ياتاقداشلى-
رىدىن ئارىلاپ «ماڭا بىرسىدىن تېلېفون كەلدىمۇ؟» دەپ سورايت-
تى، بىرسى «ياق» دەيتتى، بىرسى « ھە راست، بىر قىزدىن تې-
لېفون كەلگەن، ئىسمىنى دېگىلى ئۇنىمىدى، كىم ئۇ؟» دەپ
گەپكە سالاتتى. سەئىد قارىي باشقىلارنىڭ پىكىر دۇنياسىغا كى-
رىپ قېلىشقا، باشقىلار قاراپ تۇرغان سەھنىدە ئارتىستەك پەيدا
بولۇشقا ئەزەلدىن قىزىقمايتتى.

زۆھرەدىن تېلېفون كەلمىگەنچە ئۇ بىر ئىشلاردىن ئاسان
تېرىكىدىغان بولۇپ قالدى، گاھىدا ئۆزىگە ئەجەبلىنەتتى، دىن
ئوقۇيمەن دەپ نەچچە شەھەرنى ئاتلاپ بۇ يەرگە كېلىپ شەيتاننىڭ
دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك، مەكتەپنىڭ مومىسىنى يەپ،
دىنىدىن يىراقلىشىپ، ئەڭ ياخشى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋاتقاندەك
ئوسال تۇيغۇغا كېلەتتى، گاراڭلىقتا ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى، غۇرۇر
بىلەن قوغدىلىپ تۇرغان تەنھا قەلبىنىڭ دېرىزىسىدىن زۆھرەگە
قارايتتى، بۇ دېرىزە خىرەلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىرەر يېڭى-
لىق، تۇيۇقسىز بىر شادلىق ئىزدەپ تويماي قارايتتى.

بىر كۈنى چۈشتە ئۇ سۇخانىدا كىر يۇيۇۋاتاتتى، ياتاقدىشى-
دىن بىرسى ناھايىتى جىددىي چاقىردى:

— سەئىد، تېلېفون!

ئۇ ماغزاپ يۇقى قولىنى سۈرتە ـ سۈرتمەيلا ياتىقىغا يۈگۈر-دى، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى، ياتاقداشلىرى ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، ئۇ ئالدىرىماي بېرىپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى، گۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكى بوم ئاۋازىنى تىترىتىپ تۇراتتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كىمۇ؟

تونۇش، زىل بىر ئاۋاز تېلېفون سىمى بىلەن تەڭلا يۈرەكنى جىغىلدىتىپ يېتىپ كەلدى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەن، زۆھرە، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

زۆھرە ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ گەپ قىلىۋاتاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ تىنىقلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى، سەئىد قارىي ئۆزىنى تەبىئىي تۇتۇشقا تىرىشتى، ئەمما ئاۋازى يەنىلا بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى:

— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزىڭىزچۇ؟

— مەنمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ئۆگىنىشلىرىڭىز ئالدىراشمۇ؟

— ئانچە ئەمەس، سىزگە تېلېفون قىلىپ ئالالمىدىم...

— ھە شۇ، بىر يەردىن ئىش تاپقانىدىم، سىزگە دەپ قويay دەپ...

— تېلېفون نومۇرىڭىزنى دەپ بېرەمسىز؟

— ھازىرچە مۇقىم تېلېفون يوق. ئىش بولسا مەن سىزگە تېلېفون قىلاي.

— ھە مەيلى...

— ئەمىسە خوش، كېيىن كۆرۈشەيلى.

— ھە ماقۇل، خوش، ئاللاغا ئامانەت.

ئۇ «ئاللاغا ئامانەت» دەپ بولغۇچە زۆھرە تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

مەيلى نېمىلا بولسۇن، زۆھرەنىڭ تېلېفون قىلىشى ۋە ئىش بولسا ئۆزۈم تېلېفون قىلىمەن دېيىشى سەئىد قارىينى خېلىلا خۇش قىلدى. ياتاقداشلىرىنىڭ بەزىلىرى قۇلىقىغا تىڭشىغۇچ

تىقمۇبلىپ قىرائەت تىڭشىسا، بەزىلىرى هازىر تازا تونۇلۇۋاتقان ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلايتتى. بىر بۇلۇڭ، تۆت كـۇ-لۇڭدىكى بۇ ئۇپچە هايات ئىچى پۇشۇش، بىر - بىرىنى كۆزد-تىش، بىر - بىرىدىن ئىلهام ئېلىش، بىر - بىرىگە هەيدەكچى بولۇش، ئۇنىڭ - بۇنىڭغا باها بېرىش، يېڭىلىق بولسا بىر - بى-رىگە مەلۇم قىلىش، ئارىلاپ - ئارىلاپ چاقچاقلىشىش... ئىلكىدە داۋاملىشاتتى.

— كىم قىز ئۇ؟ — دېدى قولىقىدىكى تىڭشىغۇچنى ئاللى-بۇرۇن ئېلىۋەتكەن بىرسى.

— بىر يۇرتلۇق قىز.

سەئىد قارىنىڭ كەيپى ياخشى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ هەم-مىسى دېگۈدەك بېشىنى كۆتۈردى:

— نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئوقۇيتتى، هازىر ئىشلەۋېتىپتۇ.

— نەدە ئىشلەيدۇ؟

— ئۇقمايمەن.

ئۇپچە پاراڭ باشلىنىپ كەتتى:

— سەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغان؟

— جىم يۇرگەن بىلەن ئىچىدە جىق گەپ بار بۇنىڭ...

— شۇڭا، توختىماي شېئىر يېزىپ يۇرىدىكەنسەن - دە...

— تەلەپ خېتى يازدىڭمۇ؟

— يازدىغۇ دەيمەن، قارىسام، بىر خەتلەرنى يېزىپلا يۇرەتتى.

— خېتىڭنى بىزگە كۆرسەتمەمسەن؟

— هەي، ئۇنى دەيمىز، بۇنى دەيمىز، بىزنىڭ باللا بوش ئە-مەس جۇمۇ!

— ئۇنداق ئىش يوق، — دېدى سەئىد قارىي قايسىبىرىگە جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ، — ئۆيىدىن خالتا ئەۋەتكەن، شۇنى ئاپىرىپ بەرگىلى بېرىپ تونۇشۇپ قالغان. باش-قا ئىش يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالغانسەن ھەرقاچان؟
— قىز بالا دېگەن رەسمىي شەيتان ـ دە!
— ئالدىراپ شەيتان دېمەيلى، قانداقراق قىز ئۇ؟
— بەش ۋاق ئوقۇمدۇ؟
— ئوقۇيدۇ، — دېدى سەئىد قارىي كەيپىنى بۇزماي ئىتتىك جاۋاب بېرىپ، — ئۇ قىز مەندىن قۇرئان سورىغانىدى، ئاپىرىپ بەرگىلى بارغان.
— ئۇنداق بولسا بولىدىكەن. مۇشۇنداق قىزنى تاللاش كېرەك، مۇشۇنداق قىزنى خوتۇنلۇققا ئالسا بولىدۇ.
— مۇشۇنداق قىزنى ئالماي، ئەمىسە سېرىق چاچنى ئالامتىڭ؟
— سېرىق چاچ بولسىمۇ ئىمانى بولسا مەيلى...
— ياغلىق چەگمىسىمۇ مەيلىمۇ؟
— مەيلى، ئۆزىمىز چىگدۈرۈۋالىمىز.
— پو ئاتما، بۇرۇندىن چەگمىسە بىكار...
— كېيىن چەگكەنلەرمۇ بارغۇ، سەئىد، ئۇ قىز ياغلىق چەگەمدۇ؟
— چىگىدۇ، — دېدى سەئىد قارىي، ئەمما كۆڭلى نېمىگىدۇر يېرىم ئىدى.
— مەيلى قاچان بولسۇن چىگىپتۇ، شۇ قىزنى چىڭ تۇت...
— مۇشۇنداق قىز بىلەن مۇھەببەتلەشسە گۇناھ بولمايدۇغۇ دەيمەن.
— مۇھەببەتلەشتۇق دەپ ناشايان ئىشلارنى قىلساق بولمايدۇ. كۆرۈشۈپ، پاراڭلىشىپ، پۈتۈشۈپ قويساق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە ھارام!
— بۇنىغۇ ئوبدان بىلىسىلە، روزاخۇن، بىلىپ تۇرۇپ مەكتەپمۇ مەكتەپ يۈرتلۈق قىزلارنى ئىزدەپ يۈرسىلە...
— ئادەمگە تۆھمەت قىلماڭلا جۇمۇ، گۇناھ بولىدۇ، يۇرتلۇقنى ئىزدىگەن گۇناھمۇ؟

— مانا ماۋۇ سەئىد قارىيمۇ يۇرتلۇقىنى ئىزدەپ مۇھەببەت تېپىۋاپتۇغۇ؟ سىلە ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىسىلە.

— ئاداش، تولا يوق گەپنى قىلماڭلا، ھالال ـ ھارامنى ئايرىپ ياشايدىغان ئادەم بىز، بولمىسا بۇ يەردە ئوقۇپ نېمە قىلىمىز؟

— چاقچاق، ھەي، ھەممىسى چاقچاق، تېرىكمەڭلا. تازنى تاز دېسە ئاچچىقى كېلىدۇ، دەپ...

— مۇشۇمۇ چاقچاق بولدىمۇ؟! ئادەمنىڭ ئىمان سۇپىتىگە چاقچاق قىلمايلى، ئاغىنىلەر...

روزىھاجى تېرىكىپ قالدى، قالغانلار بۇنىڭ ھەممىسى چاقچاق، ئارىمىزدا ھېچكىم مۇھەببەتلەشمىدى دەپ يەڭگىل پاراڭلارنى قىلىشىپ، ئۇنى ـ بۇنى دەپ ئاخىر جىم بولدى. ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ سەئىد قارىينىڭ «كىر يۇيۇۋاتاتتىم» دەپ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى.

سەئىد قارىي كىرلىرىنى يۇغاچ ئابايا بولۇنغان گەپلەرنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى، زۆھرە سەئىدنى ياخشى كۆرگەن، ئۇنى كەلگۈسىدىكى ئېرىم دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بولسا، بۇ مەكتەپكە ئىزدەپ كەلگەن بولسا ـ ھە، زۆھرە ئۇلارنىڭ كۆز نۇرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ سەئىد قارىينىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئەكېلىڭ، مەن يۇياي» دەپ مۇشۇ كىرلىرىنى يۇيۇپ بەرگەن بولسا...

## 9

خالىد بۇ شەھەردىكى قېرىلارنىڭ كۈن ـ كۈنلەپ سېسىق كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدى، بۇ سەۋرچان قېرىلار بەزى كۈنلىرى بىرەر تال بېلىقمۇ تۇتالمايتتى، ئەمما شۇ ئولتۇرغىنىغا رازى ئىدى، قارمىقىنى ئۇزۇن تاشلاپ، بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىشىنى كۈتۈپ چىداپ ئولتۇراتتى. خالىد كۈتتى، ناھايىتى ئېچىرقاش بىلەن كۈتتى، ئىلگىرى ھەر

قېتىم زۆھرەگە سەپسالغىنىدا، ئىرانلىق قىزلارغا ئوخشاپ قا-
لىدىغان (كۆڭلىدە ئۇنى ئەرەب ئاياللىرىغا ئوخشىتىشنى خالى-
مايتتى) بۇ مۇسۇلمان قىزنى چېكىپ باقمايلا ھەرىكەت قوللى-
نىشنىڭ قانداق ئاقىۋەت بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەي دې-
لىغۇل بولاتتى، بىر ئاخشىمى ئۇ نىيىتىنى بۇزدى.

ھۇجرا ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىدىن زۆھرە قورقۇنچلۇق بىر
چۈشتىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ كەتتى، ئۇيقۇسى ئىتتىك ئېچى-
لىپ، كۆزلىرى ئەنسىز پارقىرىدى. ئۆيگە بىر قاتىل، ئىپپەت قا-
تىلى كىرگەنىدى، قورقۇنچتىن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى لاغىلداپ
تىترەپ كەتتى. ئۇ كېچىلىك كىيىمى بىلەن ياتقان بولسىمۇ،
ئۈستىگە يەنە كىيىم كىيىۋالغانىدى. خالىد كىرىپلا ئۇنى پوكانغا
بېسىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى، بىچارىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ
قالدى، ۋارقىراشقىمۇ ماجالى يەتمەي جېنىنىڭ بارىچە تىركەش-
تى. ۋارقىرىغان بىلەن قىلىپپىنلىق ئايال بەربىر ياردەمگە
كەلمەيتتى، بەلكى زۆھرەنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىدىن ئايرىلىپ،
پېتىدىن چۈشۈپ ياۋاشلاپ قېلىشىنى تىلەيتتى. زۆھرە ۋارقىرى-
يالمىدى، كىيىملىرى سېلىپ تاشلاندى، خالىدتىن كۈچلۈك ئە-
تىر ۋە هاراق پۇرىقى كېلەتتى. زۆھرەنىڭ پەقەت ئىچ كىيىملا
قالغان بىلەن خالىد تېخى ئۆزىنىڭ كىيىمىنى تولۇق سېلىپ
بولالمىغانىدى. زۆھرە بوغۇزلىنىش ئالدىدىكى قويدەك تېپىرلاپ،
ئەس ـ ھوشىنى تاپالماي قالدى. تەلۋە كۈچى قىنىغا پاتمايدىغان،
ھەربىر ناشايان ئىشتىن يېڭىلىق ئىزدەيدىغان خالىد شۇ تاپتا
جاھاندا ئۆزىنى ئەڭ غالىب ئەر ھېسابلىدى. ماھۇق كارىۋاتتا
تىترەپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان، نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان بىر مىللەت
قىزلىرىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى، جازىبىنى، پۇراقنى، لەز-
زەتنى مۇجەسسەملەپ تۇرغان بۇ نازىنىنىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىگە بو-
لۇش ئىستىكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھاياجاندىن ئاغرىتىپ تۇراتتى.

زۆھرەنىڭ خىيالىدا ئاچچىسى پەيدا بولدى:

ــ قىزلىقىڭنى چىڭ تۇت دېمىگەنىمىدىم ساڭا! ئىشتانبې-

غىنىڭ نېمانچە بوش!

— ئەرگە تېگىپ بولدۇڭمۇ قىزىم ئەمدى، — دېدى ئانىسى يۇم - يۇم يىغلاپ.

ئاتىسى ھەسرەتلىك كۆلۈپ قويۇپ، يانچۇقىدىن موخوركا ئېلىپ ئاچچىق شورىدى.

— زىنا دېگەن ئەڭ چوڭ ھارام، دوزاختا كۆيىسىز، قېلىن تېرىڭىز ئالماشتۇرۇلىدۇ، يەنە كۆيىسىز، تېرىڭىز يەنە ئالماش-تۇرۇلىدۇ، يەنە كۆيىسىز... — دېدى سەئىد قارىي.

زۆھرە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلاشقا باشلىدى، جان - جەھلى بىلەن تىركىشىپ خالىدقا بوي بەرمىدى. شۇ ئەسنادا ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويغان قۇرئان قولىغا چىقىپ قالدى، نەچچە كېچە ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندىن كېيىن، قارا باسمىسۇن دەپ قۇرئاننى بېشىغا قويۇۋالغانىدى. ئۇ بىر قولىدا ئىچ كىيىمىنى چىڭ سىقىملاپ، بىر قولىغا قۇرئاننى ئېلىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، قارا ماۋۇ قۇرئانغا... بۇ ئىشىڭ ھارام! ھارام! ھارام!

ئۇ «ھارام» دېگەن گەپنى نەچچە قېتىم دەۋەتكەنلىكىنى ئۇ-قالمىدى، ۋارقىراپ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى، قۇرئاننى شىلتى-غاندا ئۇنىڭ قاتتىق مۇقاۋىسى خالىدنىڭ بېشىغا تېگىپ كەتتى. شەھۋەتتىن كاللىسى قېيىپ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالغان خالىد ئۇيغۇرچە قۇرئانغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى. زۆھرەنىڭ چىرايى تاتىرىپ، تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان بومبىغا ئوخشاپ قالغانىدى. خالىد بۇ ھالدىكى قىزنى زورلاپ نېمە لەززەتكە ئې-رىشىدىغانلىقىنى ئۇقالماي قالدى، قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتاتتى. خالىد مۇشۇ چاغدىلا بۇ مۇسۇلمان قىزنىڭ ئە-رەبلەر ئادەتتە قاتتىق تەلەپ قىلىدىغان، ئەركەك چىۋىن قونمى-غان ئىپپەت - ھايالىق پەزىلەت ئۆلچىمىدىكى قىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. كىچىكىدىن ئاڭلاپ كەلگەن، گاھ ئۇنتۇپ، گاھ ئېسى-

گە كېلىپ يۈرگەن قەبرە ئازابى ۋە قىيامەت قورقۇنچى تۈيۈقسىز يادىغا يېتىپ ياۋاشلاپ قالدى، كالامۇللانى قالقان قىلىپ ئۆزىنى قوغداپ تۇرغان قىز گويا پەرىشتىدەك كۆرۈندى.

— قۇرئاننى قوي، — دېدى ئۇ پەسكويغا چۈشۈپ. بۇ گەپ زۆھرەگە «تاپانچاڭنى تاشلا» دېگەندەك بىلىنىپ كەتتى، قۇرئاننى قويۇپ قويماقتا يوق، بەلكى ئۇنى كۆكرىكىگە چىڭ باستى.

— ... سېنىڭ مۇشۇ كۆزۈڭ، نەق شەيتان... شەيتان... — خالىد بىردەم ئەرەبچە، بىردەم ئىنگلىزچە ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئالجوقا سۆزلەپ، ئاندىن زۆھرەنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سېلىپ، ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى.

زۆھرەنىڭ تىترىشى خېلىغىچە بېسىقمىدى، لەنتى ئىشىكنى ئېتىپ، يوتقانغا پۈركىنىپ ئۈنسىز ياش تۆكتى، قىزلىقىدىن ئايرىلغان بولسا تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىققان بولاتتى. ھېلىھەم بولسا بۇ ئەرەب نەپسىنى يېڭەلىدى، ھايۋانىي نەپسىنى غىزا يېگەننىڭ ئورنىدا قاندۇرۇپ يۈرىدىغان بۇ مەخلۇق بۇگۈن تۈيۈقسىز ئادەمگە ئايلىنىپ، مەردلىك قىلدى. زۆھرە كېچىچە ئۇخلىيالمىدى، كۆزىنى يۇمسىلا خالىدنىڭ شەھۋەتتىن يانغان ئۆتكۈر كۆزى خىيالىغا كىرىۋالاتتى.

ئەتىسى ئويغانغاندا زۆھرە پاك بەدىنىنى بىر قېتىم سىلاپ چىقتى، يېنىك نەپەس ئالدى، بۇ يېنىك نەپەسنىڭ، خۇشاللىقنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. قىزلىقىنى يوقاتسا ھارام نەپسىنى قاندۇرۇۋالغان ئەرلەر ئۇنىڭغا قاراپ ھارام توخۇنىڭ قېنىنى كۆرگەندەك سەسكىنىدۇ، قىزلىقىدىن ئايرىلغان قىزمۇ بوغۇزلاپ تاشلانغان ھارام مالدەك قانسىراپ ياتىدۇ، ئانا مىراس پاكلىقىنى يوقىتىپ بىر ئۆمۈر ئازابلىنىدۇ، خارلىنىدۇ، چۈشكۈنلىشىدۇ، ھايا، ئار - نومۇسىدىنمۇ ئايرىلىدۇ، قىز دېگەن قىزلىقى بىلەن قىز!

زۆھرە يېتىپ تىنماي خىيال سۈرەتتى: ئەگەر ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغان بولسام، بۇ باشقا گەپ ئىدى، ئۇ چاغدا بۇ ماموق كا-

رىۋاتقىلا ئەمەس، پۈتۈن ئۆيگە، ماشىنىغا، خەجلىسە تۈگىمەيدىغان پۇلغا، ئېسىل كىيىمگە، قىسقىسى، ھەممە نېمىگە ئېرىشەتتىم... لېكىن بۇ ئەرەبلەردە ۋاپا يوق، خوتۇننى ئۆيگە سولاپ قويۇپ نەپ-سىنى قاندۇرۇشنىلا بىلىدۇ. مەن راستىلا بۇ يەردىن ئەر تاپامدى-مەن؟ ئاتا - ئانام، ئاچام نېمە دەيدۇ، مەھەللە - كوي نېمە دەيدۇ، بۇلارنى ئويلىساملا ئۇششاق گەپ بېشىمنى قوچۇيدۇ. قايتىپ بار-سام، شۇ لاي پاچاقنىڭ بىرسىگە تېگىمەن، ئېتىزغا چىقىڭ، دەي-دۇ، ئىشتىن ھېرىپ كەلسە تاماق ئېتىڭ، دەيدۇ... تاماق ئەتمى-سەم، قورسىقى ئېچىپ مېنى ئۇرىدۇ... ھازىر كادىر باللار تويى-لۇقى قىممەت بولسىمۇ كادىر قىزنى ئالىدىغان بولۇپ كەتتى. كا-دىرغىمۇ تېگىپ قالارمەن، لېكىن ئۇنىڭ مائاشى نېمىگە يېتىدۇ؟ ماڭا ئاشامدۇ؟ شۇ ھالىغا تېخى چوڭچىلىق قىلىدۇ، سودىگەرگە تەگسەم، پۇل تاپقاندىلا ئاشنا تۇتۇپ، مەندىن تانىدۇ. بىرنېمە دېسە كۆنلىدىڭ دەپ ئۇرۇپ يۈزۈمنى كۆكەرتىدۇ... ھۈنەرۋەنگە تەگسە، ھازىر ھەممە نېمە زاۋۇتلىشىپ كەتكەندە ھۈنەرۋەنگە ئىش يوق، قولى قىسقا، بىرنەرسە ئېلىپ بېرىڭ دېسە مادارى يەتمەيدۇ، بەلكى پۇل تاپالمىغان دەردىنى خوتۇندىن ئالىدۇ، ئۇرىدۇ، دەسسەيدۇ... ۋاي... بۇ ئەر دېگەنگىمۇ تېگەمدىغان؟ ئەرگە تەگمەي ئۆيدە ئول-تۇرسا تېخى، سولىشىپ قالغان ئالمىدەك چەتتە قېلىۋاتقان... يۇرتتىن، شۇلاردىن ئايرىلىپ چىققىشىمدىكى مەقسەت نېمە، ياخ-شى ياشاش. پاكىز تۇرمۇش كەچۈرۈش. ئۇلارنىڭ ئۇششاق گېپى-دىن قورقۇپلا ئۆزۈم خالىغان تۇرمۇشتىن ۋاز كەچكۈم يوق، دې-مەك، يۇرتقا قايتىپ توي قىلىشقا قەتئىي رايىم يوق...

ئەمما، زۆھرە بۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرىشتىن قورقتى، ھەممىدىن مۇھىم نەرسىنىڭ خاتىرجەملىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

## 10

«پاك مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى»نى ئاچقان بىر يىگىت جاينا-

مازدا ئولتۇرۇپ، ئاللادىن ھەر كۈنى بەرىكەت تىلەيتتى. چۈنكى، بۇ ئاشخانىدا ھاراق سېتىلمىغاچقا، سودىسى تازا ئاقمايۋاتاتتى. خەنزۇلار غىزادا ھاراق ئىچىدىغان بولغاچقا، بۇ ئاشخانىغا ئانچە كەلمەيتتى. ئەرەبلەرگە يەنىلا ئۆزىنىڭ غىزالىرى ئەرزىيتتى، قىممەت بولسىمۇ، ئەرەبچە تائاملارنى چىقىرىدىغان «مىڭ بىر كېچە» رېستورانىغا باراتتى. باشقا مۇسۇلمانلار بۇ ئاشخانىنى بىلىپ كەتمەيتتى، يەنە كېلىپ ئاشخانىنىڭ ئورنى ئاۋات يەردە ئەمەس ئىدى. يىگىت مۇڭلىنىپ گىتار چالاتتى، مۇسۇلمان بولغان مانجۇ مۇھەببىتى ئاشخانىغا پات - پات كېلىپ، ئادەم كۈتۈپ مۇڭلىنىپ كەتكەن پاكىز ئۈستەللەرگە قاراپ خورسىنىپ قوياتتى. ئىشتىن بىكار بولۇپ قالغان زۆھرە بۇ يەردە ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇراتتى. يەر ئاستى ياتاقلاردا بىللە يېتىپ ئوقۇغان، تېخى چەت ئەلگە چىقىپ بولالمىغان بىر - ئىككى دوستىغا پات - پات: «ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، بۇ يەرگە كېلىپ تاماق يەپ كېتىڭلار» دەپ تېلېفون قىلاتتى. بىر چاغدا ئادىلە دېگەن دوستى كەلدى، زۆھرە كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى ئەسلىتىپ، كۈلۈمسىرەپ يېتىپ كەلگەن دوستىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى. ئىككىسى خېرىدار كەلمىگەن ئاشخانىدا ئازادە ئولتۇرۇپ، غىزا چىققۇچە مۇڭدىشىپ كەتتى:

— يوقاپلا كەتتىڭ، ئاداش، نەلەردە يۈردۈڭ؟

— سەنمۇ شۇغۇ، ئەرەبنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىپ بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭ.

— ھەي، شۇ ۋاقىتلاردا ئەجەب كۆرۈشمەپتۇق.

— ئىزدىمىسەڭ سەن...

— ھېلىمۇ ئىزدەپ تېلېفون قىلغاندىمەن، بولمىسا سېنىڭغۇ كارىڭ يوق ئىدى مەن بىلەن...

— بولدى ئاداش، تاپا قىلىشمايلى. ھە، قانداقىراق تۇرۇۋاتىسەن؟

— كۆرۈۋاتىسەنغۇ، مەشەدە ئىشلەۋاتىمەن.

— ئادەم كەلمەيدىغان ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ بىكار قاپسەن

دېگىنە؟!

— قانداق قىلىمەن، ئىش تاپالمىسام...

— ئۇ ئەرەبنىڭ ئۆيىدە نېمىشقا تۇرالمىدىڭ؟

— ھەي ئاداش، سۆزلىسەم گەپ تولا، ئەرەب دېگەننىڭ قانداق-لىقىنى بىلمەيسەن...

— سېنى بىرنېمە قىلمىغاندۇ؟

— توۋا دېگىن، — دېدى زۆھرە ئىككى يېنىغا قاراپ.

— ئاداش، گەپنى ئۇچۇق قىلىپ ياشايلى، بۇ شەھەر ساختى-لىقنى كۆتۈرمەيدۇ.

— توۋا دېگىنە، بۇنداق گەپلەرنىمۇ قىلامسەن؟

— ھېچنېمە بولمايدۇ، كاللاڭ سېنىڭ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، بۇ يەر سېنىڭ يېزاڭ ئەمەس، قورقۇپ ياشىساڭ ياشىيالمايسەن، يۈ-زۈڭنى قېلىن قىلىشىڭ كېرەك.

— ئۇنى دېمىسىمۇ مەن بۇ شەھەرگە قېلىنلىق قىلىپ چىق-قان...

— شۇ ئەمەسمۇ، ئۆيدىن ئاتلىدىڭ دېگەن گەپ، جاننى ئېلىپ قويۇپ تەۋەككۈل قىلدىڭ دېگەن گەپ. بىز مۇشۇ ئەركىن دۇنيانى دەپ ئۆيدىن ئايرىلىپ جاپا چېكىۋاتىمىز.

— بەزىدە مۇشۇمۇ كۈنمۇ، بۇنداق ياشىغاندىن كەتسەك بولما-مدۇ، دەپ قالىمەن، لېكىن يەنە بۇ شەھەردىن كېچەلمەيمەن... كاللام سارالاڭ مېنىڭ...

— ياق، سەن تېخى بۇ شەھەردە قانداق ياشاشنى بىلەلمەي يۈ-رۈپسەن. جاپانى ئۆزۈڭ پۇلغا سېتىۋاپسەن.

— قانداق قىلاي، يۈگۈرۈپ بارغانغا بىر يەردىن ئاسان ئىش تاپقىلى بولمايدىكەن.

— بۇ نېمە ئۇچۇن، بىلەمسەن؟ ھازىر جىمى ھوقۇق، پۇل ئەر-لەرنىڭ قولىدا، ئاياللار بۇ دۇنيادا ياشىمەن دەيدىكەن، ئۇنى قانداق قىلىپ قولغا كىرگۈزۈشنى بىلىشى كېرەك.

— مەسىلەن، قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئەقىللىك، نازاكەتلىك بولۇشۇڭ كېرەك. ۋاقتى كەلگەن-دە بەزى نەرسەڭنى قۇربان قىلىپ بەختكە ئېرىششىڭ كېرەك...
زۆھرە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.
— دېگىنە، ئۇ ئەرەب قانداق قىلدى؟
— نېمىنى قانداق قىلدى دەيسەن؟
— ھەي، سەن گەپنى ئەپقاچما، ئۇ ئەرەب ساڭا چېقىلدىمۇ دەۋاتىمەن؟
— چېقىلماقچى بولغان... لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىدى.
— قانداق قىلىپ؟ سەن پىچاق تەڭلەپ قارشىلىق كۆرسەتتىڭمۇ؟
— ياق، قۇرئاننى كۆتۈرۈپ...
— پاھ، بۇ چارىمۇ بولىدىكەن - ھە، كېيىن قانداق بولدى؟
— ئىشلىمەي يېنىپ چىقتىم شۇ...
— ئىشلەۋەرسەڭ بولماتتى؟! ئۇنداق قىلىۋەرمەستى...
— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، ئادەمگە خاتىرجەملىك بەك مۇھىم ئىكەن...
— قىزىق ئىكەنسەن، خاتىرجەم ياشايمەن دېگەن ئادەم ئۆيۈڭگىلا كەتسەڭ بولمامدۇ، كېتىپ ئەرگە تەگسەڭ خاتىرجەم بولاتتىڭغۇ؟! بىز بۇ يەرگە پەقەت خاتىرجەملىكنى دەپ كەلدۇقمۇ؟
— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، سەن مەندەك ئۇنداق قورقۇپ، ئەنسىز ياشاپ باقمىدىڭ...
— مەن ئۇنداق ياشاشتىن بىزار، قورقۇپمۇ ئىشمۇ؟ قورقۇش بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟ تەۋەككۈل قىلىپ چىققانىكەنسەن، ئاخىر-غىچە تەۋەككۈل قىل، بولمىسا مەشەدە ھاڭۋىقىپ، ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇرىۋېرىسەن... سەندە چىراي دېسە بار، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىسەن، سەن بۇ يەرگە ھەقىقەتەن زايە كېتىپسەن...
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ زۆھرەنىڭ ئىچى پۇشتى، ئادىلەنىڭ چىرايىغا، كىيىملىرىگە سەپسالدى. ئادىلەنىڭ ئۇچىسىدىكى نەرسىلەرنى يىغىپ يۆگەپ ساتسا ئون مىڭ يۈەندىن كەم چىق-

مايتتى. زۆھرە ئاقسۆڭەك خېنىم ئالدىدا چىنىپ ئولتۇرغان دېدەك قىزغىلا ئوخشاپ قالغانىدى، بۇ ھال ئۇنى بىئارام قىلا-دى، ئادىلەنىڭ نېمىسىگە تايىنىپ بۇنچە ئېسىللىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى.

— سەن ئامېرىكىغا چىقىمەن دەۋاتاتتىڭغۇ، قانداق بول-دى؟

— ۋىزا ئالماق بەك تەس ئىكەن، ئىككى قېتىم قايتۇرۇ-ۋەتتى.

— نېمىشقا؟

— ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىش خاھىشىم بار ئىـ-مىش. ئۇ يەردە ئېرىم ياكى ئاشنام بولسا، ھېچ بولمىسا بىرەر تۇغقىنىم بولسا بولارىمىش...

— مەنغۇ ئۇنداق يەرگە چىقىشنى خىيالمۇ قىلالمايمەن...

— خىيال قىلغان بىلەنلا ئىش پۈتەمدۇ، ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

— ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟

— ئۇقمايمەن، ياشاپ باققاچ پىلان تۈزىدىغان گەپ.

— مەن نېمە ئىش قىلسام بولار؟ بىر يەردىن خىزمەت تاپسام بولاتتى.

— ساڭا بۇ يەردە مۇقىم خىزمەت نەدە تۇرۇپتۇ. سەن شۇ ئەرەبنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتمايسەن، مەن بولىدىغان بولسام، ئۆيىدىن چىقماي، ئۇنىڭ پۇلىنى تازا خەجلەيتتىم... ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سېنى ئىزدىمىدىمۇ؟

— ئىزدىمىسۇن، مېنىڭمۇ ئۇنداق يەرگە ئىككىنچى بارغۇم يوق.

— ئەمىسە مۇشۇنداق يۈرەمسەن، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئاشخا-نىدىن چىقىپ كەت، مەكتەپتىمۇ ياتماي، مەن بىلەن تۇرغىن. مەن قاۋاقخانا كوچىسىغا يېقىن يەردىن كىچىكرەك بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم، قاچان سەن ئىش تېپىپ بولغۇچە شۇ ئۆيدە

يېتىشۋەرگىن، پۇل تاپقاندا تەڭ تۆلەرمىز... قانداق؟
— ماڭا ئىش تېپىشىپ بېرەلەرسەنمۇ؟
— ئىزدىسەك چىقىدۇ، خاتىرجەم بول.

ئادىلە ئالدىغا كەلگەن لەخمەننى نازاكەت بىلەن ئالدىرىماي يېيىشكە باشلىدى، بىر ياقتىن زۆھرەگە گەپ قىلاتتى، بىر ياقتىن ئاربلاپ - ئاربلاپ سايراپ تۇرىدىغان تېلېفوننى ئېلىپ بەزىدە جايىدىلا پاراڭلىشاتتى، بەزىدە نومۇرىغا قاراپ تالاغا چىقىپ كېتەتتى.

ئاشۇ كۈنى ئادىلە زۆھرەگە يېقىن ئەتراپتىكى بىر دۇكاندىن قول تېلېفونى ئېلىشىپ بەردى، يېرىم پۇلىنى ئۆزى چىقىرىپ دوستلۇقىنى يەتكۈزدى. زۆھرە تېلېفوننى سىناپ بېقىش ئۈچۈن سەئىد قارىينىڭ ياتىقىغا تېلېفون قىلىپ ئۇنى تويۇقسىز خۇشال قىلىۋەتتى، بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا نومۇرىنى دەپ بەردى.

زۆھرە ئىش ھەققىنى يېرىم ئېلىپ، «پاك مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى»نى تاشلاپ كەتتى. بۇ ئاشخانا يېڭىدىن ئېچىلغاندا سەئىد قارىي ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر قېتىم كەلگەن ۋە چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋالغان بۇ تەقۋا يىگىتكە تولىمۇ قايىل بولغان، ئاشخانىسىغا بەرىكەت تىلىگەنىدى. گىتارچى يىگىت بارا - بارا زىيان تارتىۋاتقان ئاشخانىسىنى ئاخىر باشقىلارغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ گىتارنى ياخشى چالاتتى، «يارىگۈللا»، «ۋاپادارىم» دېگەن ناخشىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتاتتى. بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇ بىر مۇزىكا ئەترىتىگە قېتىلىپ رېستورانلاردا ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۇ كەيپ - ساپاغا قېتىلمايتتى، ئۇسسۇلچى قىزلارغا چاچرىمايتتى، نامازنى تاشلىماي ئوقۇيتتى، بۇ ئىشى باشقا مۇزىكانت بالىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

# 11

ئادىلە «يېڭىلىق»قا، «يېڭىلىنىش»قا ھەر دائىم ئىنتىلىپ تۇراتتى، يېڭى ئەرلەر، يېڭى كىيىملەر، يېڭى رېستوران ۋە مەيخانىلار، يېڭى دىسكوخانىلار ئۇنىڭ بۇ شەھەردىكى ھەر كۈنلۈك قىزىقىش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش نىشانى ئىدى. ئۇ ۋاقىت تاپسىلا كەچلىك كۇلۇبلارغا بېرىپ ناخشا ئاڭلاپ، ئەركىنلىك گىتار چېلىپ ئىسپانچە رىتىمغا توۋلايدىغان ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان بېيجىڭلىقلار ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن تاڭ شادلىنىپ، شۇ يەردە بىرەر چەت ئەللىك بىلەن تونۇشۇپ، تېلېفونلىرىنى يېزىشىۋېلىپ يېنىپ كېلەتتى.

ئۇ ئىنگلىزچىنى پىششىقلاش ئۈچۈن كۆرىمەن، دەپ تېلېۋىزوردىن چەت ئەلنىڭ ئىنگلىزچە كىنولىرىنى كۆرەتتى، ئىنگلىزچىنى بەكرەك مەشىق قىلىۋالىمەن، دەپ چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشاتتى. ئۇ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقاندا توماس دەيدىغان بىر نېگىر بالا ئۇنى قوغلىشىپ يۈرۈپ كەلتۈرۈۋالغانىدى، ئادىلە دەسلەپتە ئۇنى ئافرىقىلىق دەپ ئويلاپ ياراتمىغانىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئامېرىكا پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئارىلىشىپ باقتى، بىللە غىزا يەپ پاراڭلىشىپ ئىنگلىزچىنى ئوبدانلا مەشىق قىلىۋالدى. توماس ئۇستىخانلىق، چەبدەس قارىۋاي ئىدى، ئاپپاق چىشلىرىنى چىقىرىپ، بوم ئاۋازىدا ئۇنلۇك، ئالدىرىماي گەپ قىلاتتى. ئۇلار دىسكوخانىلارغا بىللە باردى، ئۇ دىسكوغا ئالامەت ئۇستا ئىدى، دائىم شوخلۇق چىقىراتتى، ئادىلەنىڭ ئۇ يەر ــ بۇ يېرىنى تۇتۇپ، بەزىدە لىككىدە كۆتۈرۈۋېلىپ ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىنى غىدىقلايتتى. ئادىلە ئۇ نېگىرغا بارا ــ بارا كۆنۈپ قالدى، ئۇنىڭ ئىرقى، رەڭگىمۇ بارا ــ بارا بىلىنمەيدىغان بولدى، شۇنداقتىمۇ كۈندۈزى ئۇنىڭ بىلەن ئانچە ئۇچراشمايتتى، ئاخشىمى بىللە

بولسا ئازادلىككە چىقىپ قالاتتى، قاراڭغۇلۇق ئۇلارنى ئۆز ئىخ-تىيارىچە قوينىغا ئالاتتى. كېيىن توماس ئوقۇشنى تۈگىتىپ دۆلىتىگە قايتىش ئالدىدا ئادىلەگە ئۆزىنىڭ ئامېرىكىلىق ئە-مەس، جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئادىلە ئۇنى ئالدامچى دەپ تىللاپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ بىرھازا يىغلىدى. تو-ماس: «مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىم، ھەممە ئادەم نېمىشقا ئامېرىكىلىق زومىگەرلەرنى ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟ مەن ساڭا راستىنى دېسەم نېمىشقا يىغلايسەن، خا-لىساڭ مەن بىلەن كەتكىن، بىز بىللە ياشايلى» دەپ سەممىيلى-كىنى بىلدۈردى، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئامېرىكىدىنمۇ چىرايلىق، باي ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بەردى. ھەتتا موزاينىڭ كۆزىدەك قارا كۆزىگە ياش ئالدى. ئادىلە ئۇنىڭدىن تامامەن ۋاز كەچتى، ئۇنى كۆڭۈل ھويلىسىدىن بىر قارا خالتىنى سۈپۈرۈۋەتكەندەك سۈپۈ-رۈپ تاشلىدى، بۇ خالتا مەينەت نەرسىلەر بىلەن لىق توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قارىۋاينىڭ قالدۇرۇپ كەتكىنى ھېسسىياتتىكى جاراھەت بولۇپلا قالماي، بەلكى جانغا تاقىشىدىغان ئەيدىز ۋەھ-مىسى ئىدى. ئادىلە پۇشايمان ۋە ۋەھىمىدىن بىرنەچچە ئاي سى-قىلىپ يۈردى، تەكشۈرتۈپ بارسا قېنىنىڭ راستلا بۇزۇق چى-قىپ، بۇ ئاقىۋەتنىڭ ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ دوختۇرخانىغىمۇ بارمىدى. ئۇ بىر مەزگىل ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ يەنە ئوڭشىلىۋالدى، ئۆزىنى ئىلگىرىكىدىن تامامەن ئوخشىمايدى-غان قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقتى. ئاشۇ نېگىردەك شەھۋەتپەرەس ئەرلەر، بۇ شەھەردىكى پۇلدار نوچىلار ئۇنى لەگلەكتەك ئۇچۇر-تۇشقا باشلىدى.

كېيىن ئادىلە بىر ئاخشىمى قەھۋەخانىدا جامېس دەيدىغان بىر ئامېرىكىلىق بىلەن تونۇشۇپ قالدى، روزدېستۋا بايرىمى ھارپىسىدا ئىككىيلەن جامېسنىڭ مەخسۇس چەت ئەللىك دىپلو-ماتلار تۇرىدىغان ئولتۇراق رايونىدىكى ئۆيىدە بىر كېچىنى ئۆت-كۈزدى، ئادىلە ئامېرىكىنىڭ كىنولىرىدا تولا چىقىدىغان بىر

ئىشنى ئەمەلىيەتتە كۆردى: جامېس ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئادىلەنى ئىچىگە تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ پەلتوسىنى سال- دۇرۇپ ئاسقۇغا ئاستى، ئۇنى كەڭ، چىرايلىق سافاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. جامېس ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ بىردەمدە بىر تەخسە توخۇ گۆشى، بىر تەخسە سالات (خام سەي) تەييارلاپ چىق- تى، ساقلاپ قويغان ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىككى قەدەھكە قۇيدى. ئىككىيلەن شىرەدە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ياخشى تىلەكلەر بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشتى. جامېس مۇزارتنىڭ سىمفونىيەسىنى پەس ئاۋازدا قويۇپ قويدى، ئۆيىنىڭ ھاۋاسى بىردەمدە رومانتىكىلىق تۈس ئالدى. جامېس تولىمۇ خۇشخۇي ئىدى، كۆپ گەپ قىلاتتى، ئادىلە پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان «دۇنيا تىلى»نى تولۇق چۈشىنىشكە تىرى- شاتتى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، بىر يەرلىرى ئادىلەگە دەرس بەرگەن ئەنگلىيەلىك مۇئەللىمگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئادىلە ئۇنىڭ ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىگە باشتىن - ئاخىر گۇمان بىلەن قاراپ كەلدى، ئەنگلىيەلىك بولسا قىزىققۇچىلىكى يوق، ئەنگلىيە كونا جاھانگىر دۆلەت، باي بولغان بىلەن ياشىماق تەس، ھاۋا كى- لىماتى ناچار دەپ ئويلايتتى. ئىككىيلەن بىر بوتۇلكا تۈگىگۈچە ئىچىپ پاراڭلاشتى، ئەمەلىيەتتە پاراڭنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك جامېس قىلدى، ئۇ بىردەم سۆزلىمىسە تەپەككۇرىدىن ئېزىپ كې- تىدىغاندەك، بىرنەرسىنى ئۇنتۇپ قالىدىغاندەك، ئاخىر بېرىپ گاچىلىشىپ قالىدىغاندەك توختىماي گەپ قىلاتتى، ئادىلە ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئەسنىمەي، ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ ئاڭلاشقا مەجبۇر ئىدى. ھاراق يېرىم بولغاندا جامېس ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قولى- دىن تۇتتى، ئادىلە ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ بىردەم بولسىمۇ بېسىققىنى- دىن خۇش بولۇپ قورۇنغان ھالدا ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇندى.

جامېس بىلەن بىللە بولغان كېچىسى ئادىلە يېرىم كېچىدە تەرتىپ قىستاپ ئويغىنىپ، تارلىق ئۆيىنى تەستە تېپىپ كىر- دى، ئەنە شۇ يەردە ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆزىنى ھاجەتخانىغا ئوخشىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاچچىق كۈلدى، ناتونۇش ئەرلەر ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قىستاپ كەتكەن ئىھتىياجىنى قاندۇراتتى. ئۇ خىيالىدا ئۆزى بىلەن بىردەم قېرىشتى، بىردەم ئەركىن پاراڭلاشتى، ئاخىر ھەر ۋاقىتتىكىدەك ئۆزىنى ئۆزى ئاقلاپ، قولىنى يۇيۇپ، تازىلىق ئۆيىدىن چىقتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ جامېسىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى، دۆلەت تەۋەلىكىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى، چاپىنىنى ئاختۇرسىلا ئۇنىڭ پاسپورتى ياكى باشقا بىرنېمىسى چىقاتتى. ئادىلە بىردەم ئىككىلىنىپ، جامېسىنىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇنىڭ چاپىنىنى ئاختۇردى، دېگەندەك قولىغا بىر كىنىشكا چىقتى، جامېس ھەقىقەتەن ئامېرىكىلىق ئىدى، ئېھتىمال ئاتا - ئانىسى ئەنگلىيەلىك بولسا، قىسمەن تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، دېمەك، ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنى چوڭ بىلمەيدىغان بىر ئامېرىكىلىق ئىدى.

ئادىلە ئىجارە تۆلەپ ئولتۇرۇۋاتقان بىر ئېغىزلىق، بىر سالونلۇق بۇ ئۆي كىچىك بولسىمۇ، ئادىلە بىلەن زۆھرەنى بۇ شەھەرگە سىغدۇرۇپ، تۇرمۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇپ تۇراتتى. قوش كىشىلىك كارىۋاتتا ئادىلە، سالوندىكى كارىۋاتلىق سافادا زۆھرە يېتىپ قوپاتتى. ئادىلەنىڭ ھۇجرىسىدىكى كىيىم ئىشكاپى، پەرداز ئۈستىلىدىن ئىككىسىلەن تەڭ پايدىلىناتتى. زۆھرە ھەر كۈنى بىر رېستورانغا ئىشلىگىلى كېتەتتى، بەزىدە ئىشىك تۈۋىدە چىمەن دوپپا ۋە زەر نەقىشلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ تۇرۇپ بەرسە، بەزىدە مېھمانلارغا تاماق توشۇپ پۇت - قولىغا تەگمەي ئىشلەيتتى. كەچتە سائەت ئون ئىككى بولاي دېگەندە ھېرىپ - چارچاپ ئاران كېلەتتى - دە، يۈز - كۆزىنى سوپۇنلاپ يۇيۇپ، چىشىنى چوتكىلاپ بولۇپلا قەدىرلىك سافاسىغا بىر چىقىپ ئۇخلىغىنىچە ئەتىسى چۈشكىچە قوپماي ياتاتتى. ئادىلە ئۇنىڭغا قاراپ، جېنىغا ئىچى ئاغرىمايدىغان بۇ بىچارە مۇشۇنداقلا ياشاپ قېرىپ كېتەرمۇ دەپ خورسىنىپ قوياتتى، ئەمما ئۇنىڭ ساغلاملىقىغا، پاكلىقىغا ھەۋەسلەنمەي تۇرالمايتتى.

زۆھرە ئىشقا كەتكەن بىر كۈنى ئۇ سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بىردەم تېلېۋىزور كۆردى، بىردەم يۆلىنىپ ئولتۇرغۇسى كې-لىپ، زۆھرەنىڭ كۈدە ـ كۆرپىسى ئارىسىدىن ياستۇقنى ئېلى-شىغا بىر كونۋېرت كۆزىگە چېلىقتى، كونۋېرتنىڭ ئاغزى ئو-چۇقتەك قىلاتتى، ئادىلە بۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىگە قىزىقىپ قاراپ باقتى، پۇل ئەمەس، قاتلاقلىق سالام خەتتەك قىلاتتى. سالام خەت بولسا، كونۋېرت ئۈستىدە ئادرېس يېزىقلىق بولاتتى، بۇ ئۇنداق خەت ئەمەس ئىدى. ئادىلە تېخىمۇ قىزىقىپ خەتنى ئې-چىپ ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئاۋۋال بىزنى يوقتىن بار قىلغان ئۇلۇغ ئاللاتائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن، ئاندىن پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ ئەسھابىلىرىغا دۇئايى سالام يوللايمەن.

قەدىرلىك زۆھرە، بۇ خەتنى كۆرۈپ بەلكىم ھەيران قېلىشۋات-قانسىز. بۇ بالا ئۆزىنىڭ تالىپلىق سۈپىتىنى ساقلىماي نېمىشقا بۇنداق خەتنى يېزىپ يۈرىدىغاندۇ دەپ ئويلاۋاتقانسىز. شۇنداقتى-مۇ، بۇ خەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلى-مەن.

مەن سىزنى بۇرۇندىن تونۇيمەن، كىچىكىمدە سىزنى كۆر-گەن. ئېسىڭىزدە بولسا، بىز تۇنىياز مەزىننىڭ ھويلىسىدا بىللە ساۋاق ئالغان، ئۇ چاغدا باللار جىق ئىدى، لېكىن شۇ جىق با-لىلار ئىچىدە سىز ماڭا ئالاھىدە كۆرۈنەتتىڭىز. سىز قوشنا مە-ھەللىدىن كېلەتتىڭىز. شۇ چاغدا تولىمۇ ئوماق، ئەقىللىك قىز ئىدىڭىز. مەزىننىڭ ساۋاقلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن يادلاپ بولۇپ ياخشى مۇكاپات ئالاتتىڭىز، شۇ ۋاقىتتا مەن سىزگە زوقلىنىپ ھەم تەلمۈرۈپ قاراپ قالاتتىم. شۇ ۋاقىتتا سىزمۇ ماڭا قارىغان ۋە مېغىز بەرگەنىدىڭىز. مەن ئەسلىدە مېغىز بېرەمدىكىن دەپ

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى سىزگىلا تەلمۈرۈپ قارىغان. سىز مېنى ياڭاق بې-
رەمدىكىن دەپ قاراۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.
ئەمما، مەن شۇ ۋاقىتتىلا سىزگە ئامراق بولۇپ قالغانىدىم. كې-
يىن بىز كۆرۈشەلمىدۇق. تۇنىياز مەزىنمۇ بالا ئوقۇتمايدىغان
بولدى، كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ تەق-
دىر ـ قىسمەت بىزنى بۇ شەھەردە قايتا ئۇچراشتۇردى. شۇ
ۋاقىتتا سىز ماڭا ناھايىتى ئىسسىق، تونۇش چىراي كۆرۈندى-
ڭىز. كېيىن ئۇزاق ئويلاپ ئەسلەپ باقتىم. ئىسمىڭىز، مەھەللى-
ڭىزنى توغرىلاشتۇردۇم، كىچىك ۋاقتىڭىزدىكى چىرايىڭىز ھا-
زىر كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزىڭىزدىكى نۇر، پاك-
لىق، گۈزەللىك يەنىلا شۇ ۋاقتىڭىزنى ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ. ئاللا
سىزنى ئۆمۈر بويى ئاشۇنداق ئىمانلىق، ئەقىللىك، پاك، ساغلام
ياشاشقا نېسىپ قىلغاي.

ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بىز قايتا كۆرۈشتۇق. مەن شۇنداق
ئويلايمەن، بۇ تەقدىر، بۇ ئۇچرىشىش ئادەمنىڭ ئۆمرىدە كەم
ئۇچرايدۇ. بەندە بۇنى قەدىرلىشى كېرەك. گەرچە مەن بۇرۇن
ئۇنداق ھېسسىياتلاردا بولمىغان بولسامۇ، بۇ شەھەردە قايتا
ئۇچراشقاندا بۇرۇنقى كۈنلەرنى دەرھال ئەسلىيەلمىگەن بولسام-
مۇ، شۇ كۈنلەرنى ئەسلىتەلەيدىغان گۈزەل ئىشلار ماڭا نېسىپ
بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇدايىتائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بە-
لەن بىز بۇ جاھاننىڭ بىر چېتىدە ساق ـ سالامەت كۆرۈشۈپ،
تونۇشۇپ، ئوبدان ئەسرا بولدۇق. ئۆيىڭىزگە بىللە تېلېفون قى-
لىپ قايتىپ كەلگۈچە سىزنى ئويلىدىم، ئويلىغانچە بۇ كۆڭلۈم
ھېچ ئىختىيارىغا بويسۇنمىدى. باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم،
نامازىنىمۇ ناھايىتى تەستە ئوقۇدۇم، خىيالىمدا سىز پەيدا بولۇۋې-
لىپ، سەجدىنىمۇ جايىدا قىلالمىدىم. ئاللاتائالا كۆڭلۈمگە
شۇنداق بىر ئىشقنى سالغان بولسا، بۇنىڭغا مەندە چارە يوق دەپ
ئويلىدىم. سىز بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىپ باقمىدىڭىز، بۇ يەردە
قىز بالىنىڭ دىدارىنى ئاسانلىقچە كۆرەلمەيمىز، ساۋاقداشلىرىم

ئاتايىن باشقا مەكتەپلەرگە بېرىپ يۇرتلۇق قىزلارنى ئىزدەپ، كۆرۈشۈپ، بىللە تاماق يەپ پاراڭلىشىپ يېنىپ كېلىدۇ، ئۇلار يۇرىمىز دەپمۇ يۈرەلمەيدۇ، پەقەت كۆرۈشۈۋالسىلا بولىدۇ. بىزنىڭ بالىلارنىڭ ئىمانى، كۆڭلى شۇنچىلىك ساغلامكى، ئۇلارغا پەقەت شۇ قىزلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈۋېلىشلا يېتىپ ئاشىدۇ. مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، مەنمۇ پەقەت سىزنىلا ئىزدەپ بارالايمەن. سىزنى كۆرسەم يۇرتقا بىر بېرىپ، باغباراڭلىرىدىكى گۈللەردىن زوقلىنىپ قايتىپ كەلگەندەك ھېسسىياتقا چۆمىمەن. سىزنىڭ كىچىك ۋاقتىڭىزنى، شۇ ئوماق قىياپىتىڭىزنى ئۇنتۇيالمىغان بولسام، ھازىرقى ھالىتىڭىز مېنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ.

قەلبىڭىزدە ئىمان نۇرىنىڭ ئاسان ئۆچۈپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ھەم ئۇلۇغ ئاللادىن شۇنى تىلەيمەن. بويىغا يەتكەن قىزلار ئەگەر ئىماندىن ئاجراپ كەتسە، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغىنى پەقەت شەيتاندۇر، بولۇپمۇ بۇنداق چوڭ شەھەردە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى تېخىمۇ يامان، تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. مەن ھەر قېتىم كوچىغا چىقساملا نەپسىمنىڭ بۇ دۇنيادىكى چىرايلىق نەرسىلەرگە تويماي كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن. ئادەمنىڭ نەپسى ھەقىقەتەن دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى چىرايلىق كۆرسىتىدىكەن، كىشىنى شۇ ياققا ئوتتەك ئىنتىلدۈرىدىكەن. مۇشۇ پەيتتە مەن بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقەتەن كىشىنى سىنايدىغان غايەت چوڭ ئىمتىھان مەيدانى ئىكەنلىكىنى، ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىمنىڭ بۇنى مۇشۇنداق ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلايمەن. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ ئىمتىھان دۇنياسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتەلمەيدۇ، خۇدايىم بىزنى بۇنداق بەندىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىغاي!

قەدىرلىك زۆھرە، مەن ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ دەرۋازىسىدىن قانداق كىرىشنى بىلەلمەيۋاتقان، ئۆز كۆڭلىنى قانداق ئىپادىلەشنىمۇ تازا ئۇقالمايۋاتقان، ئېتىقاد بىلەن بۇ ئىشلارنى قانداق بىرلەشتۈرۈشنىڭ يولىنى تاپالماي يۈرۈۋاتقان، ئەمما ئىزدىنىش-

www.uyghurkitap.com

نى قولدىن بەرمەيدىغان، ھەقلىق ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى چۆشەپ قويمايدىغان، ھەممە ئىشتا ئوتتۇرا يول تۇتۇشنى، مۇھەببەتتە نورمال بولۇشنى نىشان قىلغان بىر تالىپ، سىز ماڭا قانداق قارايسىز، بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما سىزدە ھەرھالدا ياخشى تەسىرات قالدۇرغىنىمغا ئىشىنىمەن. سىزنىڭ قانداق ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىڭىزدىن خەۋەرسىزمەن، ئەمما ئۆز ئەسلىڭىزنى ئۇنتۇماي، ئىمانىڭىزدىن تەۋرەنمەي، ئەخلاقىڭىزدىن چەتنىمەي ياشاۋاتقىنىڭىزغا ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلالايدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن. ئەمما، قىز بالا نېمىلا دېگەنبىلەن ھېسسىياتتا ئاجىز، كەيپىياتتا تۇراقسىز كېلىدۇ، نۇرغۇن ئىشلارغا ئامالسىز قالىدۇ، تەڭتۇشلىرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدۇ. شۇڭا، سىزدىن گاھىدا ئەنسىرەپ قالىمەن، بۇ ئەنسىرەشلىرىمنى يوشۇرۇپ يۈرۈشنى خالىمايمەن. چۈنكى، يالغۇز ئايالغا شەيتان دائىم ھەمراھ بولىدۇ. يالغۇز ئايالغىلا ئەمەس، يالغۇز ئەرگىمۇ شۇنداق، بولۇپمۇ مۇشۇنداق چوڭ شەھەردە تېخىمۇ شۇنداق. سىزگە ھازىرچە مەن تەربىيە بەرگۈدەك، قانات ئاستىمغا ئالغۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس، ئەمما شۇنداق بولۇشنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن. ئىشقىڭىزنى ئاللا دىلىمغا سالغانىكەن، سىزگە مەسئۇل بولۇش تەقەززاسىدىن قۇتۇلالمايمەن، شۇنداقلا بۇنى ھەر ئىككىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن مۇھىم دەپ بىلىمەن.

مەن يەنە يېرىم يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتكۈزىمەن، كۆڭلۈمدىكىنى ھازىردىن باشلاپ ئىپادىلىگەچ تۇرمىسام، كېيىن سىزگە قويماقچى بولغان تەلەپلىرىم ئېغىر كېلىشى مۇمكىن، ئۆزۈممۇ جۈرئەتسىزلىك قىلغانلىقىمنىڭ پۇشايمىنىنى يەپ قالىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى نەچچە ۋاقىتتىن سىزگە دېمەكچى بولغانلىرىم، سىزگە بىلدۈرگەن كۆڭلۈم. بۇ كۆڭلۈمنى رەت قىلىش ـ قىلماسلىق ئەلۋەتتە سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىزنى

ئۇلۇغ ئاللادىن تىلەيمەن، بەختلىك بولۇشىڭىز ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تىرىشىمەن، ئاللا ئەگەر رىزقىمنى سىزگە چاچقان بولسا، بۇ بەختىمنى قولغا كەلتۈرۈش مېنىڭ غايەم. ئاللا ئۆز بەندىلىرىگە نېمەتلىرىنى تونۇتۇپ تۇرىدۇ، بىز ئۇنى ھەر دائىم ھېس قىلىشىمىز، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز بەختىمىز، نېمەتلىرىمىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللا ئاتا قىلغان جان ۋە پۇرسەتنى ئايىماي سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.

جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ: سەئىد قارىي

خەتنىڭ بىر يېرىمۇ چاپاق ئەمەس، پاكىز يېزىلغانىدى. ئادىلە بۇ بالىنىڭ ساددا چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىلدى، ئۇنتۇلۇپ خېلى بىر يەردە قالغان پاكلىق، گۈزەللىك، چىنلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى غۇۋا ئېسىگە ئالدى، ھېچكىم ئادىلەگە بۇنداق خەت يېزىپ باقمىغانىدى، ھازىر قىز - ئوغۇللارغا قۇچاق ئاچىدىغان خىلۋەت جايلار، خالىي سورۇنلار، توخۇ يۈرەكلەرنىمۇ يايرىتىپ گەپ قىلدۇرىدىغان ھاراقلار، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان خىلمۇخىل نەرسىلەر تۇرغان يەردە، قول تېلېفونمۇ ئاشۇ زوھرەگىچىلىك ئومۇملىشىپ كەتكەن يەردە بۇ بالىنىڭ خەت ئارقىلىق كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشى ئادىلەگە قىزىق تۇيۇلدى، ھەسرەت ھەم مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى، خەتنى ئۆز پېتى جايىغا قويۇپ قويدى. تېلېۋىزورنى ئۈچۈرۈپ ياتىقىغا كىرىپ ئابدۇللانىڭ ناخشىلىرىنى قويدى، ئادەتتە ئانچە ئاڭلاپ كەتمەيدىغان بۇ ناخشىلار ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتىغا ماس كېلەتتى. ئابدۇللانىڭ ئاتا - ئانا، ئانا يۇرت، پاك مۇھەببەت، تۇنجى مۇھەببەت، تەنھا سۆيگۈ، ئەخلاق، ساداقەت، مەردلىك...لەرگە بېغىشلانغان ساغلام، لەرزان، مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئادىلەنى بىردەم ئەزدى، بۇ ناخشىلار ۋەزنى ئېغىر گەپلەر بىلەن لىق توشۇپ كەتكەنىدى. ئادىلە ئاخىر چىدىيالماي VCD نى ئېتىۋەتتى، ئابدۇللانىڭ قامىتى، ئاۋازى لاپپىدە ئۆچتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 12

زۆھرە كۈندە پالاقلاپ، ھېرىپ ـ چارچاپ، ئادىلەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇخلاپ، ئەتىسى يەنە رېستورانغا ئالدىراپ ماڭاتتى. يا- شىماق تەس بۇ شەھەرنىڭ رەھىمسىز قامچىسى ئۇنى ئالدىغا سې- لىپ ھەيدەپ مېڭىۋاتاتتى، سەئىد قارىي ۋە ئۇنىڭ خېتىدىكى گەپلىرى ئالدىراش ياشاۋاتقان زۆھرەگە يەنە بىر بېسىم ئېلىپ كەلدى. تالىپ بالىغا ئەمدى بۇ نېمە سەۋدا، مېنى بۇ شەھەردە يا- شىغىلى قويمايدىغان سەۋەبلەر نېمىدېگەن نۇرغۇن!... دەپ ئويلايتتى. ئۇ بىر كۈنى يەنىلا ۋاقچە ئۇخلاپ، ئۇيقۇدىن كۆرە قا- باھەتلىك چۈش، ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي ياتقاندا، ئادىلە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئىككىسى ئاخشىمى كۆ- رۈشەلمەي، ئاساسەن ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن كۆرۈشۈپ ئەھۋال- لىشىپ قوياتتى.

— قوپسىلا خان، كۈن چۈش بولدى، — دېدى ئادىلە ئۇنىڭ- غا باشقىچە نەزەر تاشلاپ.

— سائەت قانچە بولدى، — دېدى زۆھرە كۆزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن يەنىلا ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق چىقىپ تۇراتتى، قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرىدە بۇرۇنقىدەك نۇر قالمى- غانىدى، — تولا چۈش كۆرۈپ ھېرىپ كېتىپتىمەن، ئۇخلىسام- مۇ ئارامچىلىق يوق ماڭا...

— ئۇيقۇ كۆپ بولسا چۈشمۇ كۆپ بولىدۇ، ئۇيقۇ دېگەنگە تۆت ـ بەش سائەت ئۇخلىسا قانىدۇ، ئازراق ئۇخلىساڭ بولىدۇ...

— ئەگەر سەن مەندەك ئىشلىگەن بولساڭ، بىر كۈن قوپماي ياتاتتىڭ.

— شۇڭا مەن سەندەك ئىشلىمەيمەن، مۇشۇ چىرايىڭ بىلەن قاچا يۇيۇپ، يۇندى تۆكۈپ يۈرۈشۈڭ پەقەت كاللامدىن ئۆتمەيدۇ.

— قانداق قىلىمەن ئەمىسە، ئىشلىمىسەم بولمىسا...

— مۇشۇنداق ئىشلەپلا يۈرۈۋېرەمسەن؟! چىرايىڭنى نېمىگە بەرگەن خۇدايىم؟! بۇنداق ياشىغاندىن تايىنلىق ئۆيۈڭگە كېتىپ، بىرەرسىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، بالا تۇغۇپ، بالاڭنى بېقىپ ياشا. بولمىسا بۇنداق جېنىڭنى قىينىما...

— ئىككىمىزنىڭ تۇتقان يولى ئوخشمايدۇ، — دېدى زۆھرە كۆڭلىدىكىنى ئاخىر ئاشكارىلاپ، — مېنى بۇنداق ئىشلەپ كېتىۋېرىدۇ دەپ ئويلاپ قالما، كونىلار «ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن» دېيىشكەن، باشقا يەردىن ئىش تاپقۇچە قارا ئىش بولسىمۇ قىلىۋاتىمەن. رېستوران دېگەنگە ئادەملەر كېلىپ تۇرىدۇ، چەت ئەللىكلەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتى بولىدۇ...

— تونۇشۇپ قانداق قىلماقچى، مەسىلەن دەپ باقە، ئۇنىڭغا تېگەمسەن؟ ئۇلار سېنى ئالامدۇ؟

— مېنىڭ مەقسىتىم ئەرگە تېگىش ئەمەس ! — دېدى زۆھرە سەل خاپا بولۇپ، — خىزمەت تېپىش. ئۇلار يا ئەلچىخانىنىڭ، يا بىرەر شىركەتنىڭ ئادەملىرى. تونۇشۇپ قويسام، كېيىن خىزمەت تېپىشىمغا ياردەم قىلىدۇ.

— ئوخلاپ چۈشۈڭ، مەن ساڭا دېگەن، ئۇلار سېنىڭ قابىلىيىتىڭگە قىزىقمايدۇ، دىپلوم دېگەندەك قالپاقلا ئەمەس، كۆكسۈڭنىڭ يوغانلىقىغا بەكرەك قارايدۇ، تېخىچە ئۇقماي يۈرەمسەن؟

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، تېنىمگە تايىنىپ خىزمەت تاپقان بولسام بۇ چاغقا تېپىپ بولاتتىم.

— نېمىشقا تاپمايسەن؟ نېمىنى ئايايسەن؟ نېمەڭگە ساقلايسەن؟

زۆھرە ئادىلەگە چەكچىيىپ قاراپ قالدى، ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى:

— مەن نومۇسۇمنى سېتىپ راھەت كۆرۈشنى خالىمايمەن...

— سېنىڭچە، مەن نومۇسۇمنى سېتىپ راھەتتە ياشاۋېتىپتىمەن - دە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەن ئۇنداق دېمىدىم، ھەركىمنىڭ تۇتقان يولى، ئويلىغانلىرى ئوخشىمايدۇ.

— مەن سېنى مەندەك بولسۇن دېمىدىم، لېكىن سەن خام خىيالنى جىق قىلىدىكەنسەن، ساڭا دەپ قوياي، سەن ئات تېپىپ بولغۇچە بۇ شەھەردىكى نەپسى يامانلار سېنى ئېشەك قىلىپ مىنىۋېرىدۇ؛ بۇ شەھەرگە ماسلىشالىغانلار ياشىيالايدۇ، ماسلىشالمىغانلار تۈگىشىدۇ. شۇڭا، بۇ شەھەردىن ۋاقتىدا كېتىۋال، يا بولمىسا باشقا يولنى تاللا.

— مەن سېنىڭ كۆزۈڭگە سىغمىغان بولسام ئۆيۈڭدىن كۆچۈپ كەتسەممۇ مەيلى، ماڭا ئۇنداق گەپ قىلما، — دېدى زۆھرە يوتقىنىنى يىغىشتۇرۇپ، — مېنىڭمۇ ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىم بار.

— ئويلىغانلىرىڭ بەك ئاددىي، بەك ساددا! — دېدى ئادىلە ئاچچىق كۈلۈپ، — مۇشۇ ئەپتىڭدە سەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قىزلىرىغىلا ئوخشايسەن، ياق، ئۇلارنىڭ كاللىسىمۇ ھازىر جىق ئېچىلىپ كەتتى... ئېچىلمىغان پەقەت سەنلا قالدىڭ...

— ئېچىلمىغان بولسام مۇشۇ پېتى قالاي، مېنى زورلىما... مەن بۇ يەردىن مۇقىمراق، پاكىزراق خىزمەت تېپىۋالسام‌لا ئۆيۈڭدىن كۆچۈپ كېتىمەن، ئاڭغىچە چىداپ تۇر...

— سېنى كۆچۈپ كەت دېمىدىم، خاتا چۈشەنمە، سېنى چېكىپ بېقىۋاتىمەن. مەسىلەن، خىزمەت تاپتىڭمۇ دەيلى، تاپقاندىكىن نېمە ئىش قىلماقچى، مۇھەببىتىڭ بارمۇ؟ ئۆمۈرلۈك ئىشىڭنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟

— ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولىدۇ، ھازىر ئۇنى ئويلىغۇدەك ھالىم يوق.

— ھېلىقى بالىغا نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟

— قايسى بالىغا؟ — زۆھرە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— سەئىد قارىي دېگەن بالىغىچۇ؟

— سەن ئۇنى نېمە بىلىسەن؟ خېتىنى ئوقۇپسەن - دە!

— ئۇنداق قالايمىقان تاشلاپ قويساڭ ئوقۇماي قالامدىم، خەتكە ئۇستا بالا ئىكەن، مېنىمۇ خېلى تەسىرلەندۈرۈپ بىر يەر-گە ئاپىرىپ قويدى.
— ئۇ بالا ئىسلام ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ، بىز بىر يۇرت-لۇق...
— ئىش كۆرمىگەن ساددا بالىدەك قىلىدۇ.
— ساددىلىقى ساددا، كۆڭلىدە كىشىگە يامانلىقى يوق.
— مۇشۇنداق بالا بىلەن مۇھەببەتلەشسەڭ بولمامدۇ؟ بەخت-لىك بولاتتىڭ.
— لېكىن، مېنىڭ هازىر بۇ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق.
— ماقۇل دەپ جاۋاب بەرگەنسەن ھەرقاچان، ئۆزۈڭمۇ پاك، ۋىجدانلىق قىز بولغاندىكىن...
— مەندە ئۇ بالىغا مۇھەببەت دەيدىغان ھېسسىيات يوق.
— نېمىشقا؟ نېمىسى نېمەڭگە يەتمەيدۇ ئەمدى؟!
— ئۇقمايمەن، مەندە ئۇ بالىغا ئۇنداق ھېسسىيات يوق.
— سېنى راستلا چۈشەنگىلى بولمايدىكەن، ئۇنداق ياشا دې-سە تېخى ئۇنىمىساڭ، بۇنداق ياشا دېسە تېخى ئۇنى ياراتمىساڭ، سەن زادى قانداق ياشىماقچى؟
— ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ياشايمەن.
— سەن راستلا ھېچنېمىنى ئۇقماي ياشايدىكەنسەن. ئۇ با-لىنىڭ نەرى بولمايدۇ؟ شۇنچىلىك خەتنى يازالىغان بالا نېمىشقا ساڭا يارىمايدۇ؟ ئۇمۇ يېزىدىن چىققان، ئىش كۆرمىگەن بالا ئى-كەن، سەنمۇ شۇ يۇرتتىن كەلگەن پاك، ساددا قىز. ئىككىڭلار شۇنداق ماس كېلىدىكەنسىلەرغۇ؟
— مېنىڭ مۇھەببەت دېگەنلەرنى ئويلاشقا چولام يوق، ئۇ بالا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېتىدۇ، مېنىڭ كەتكۈم يوق.
— مانا ئەمەسمۇ، راستلا مەتۇ ئىكەنسەن، ئۇ بالىغا كۆڭلۈڭ بارمۇ، يوقمۇ، دەپ سوراشتىن ئاۋۋال، سەندە كۆڭۈل دېگەن نەر-سە بارمۇ، يوقمۇ، دەپ سوراش كېرەك ئىكەن...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— دىمىسەڭمۇ مەن مەتۇ، مۇھەببەت دېگەن نېمىنى چۈشەنمەيمەن، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايمەن.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇ بالىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىڭما؟

— ھەي، نېمىسىنى دەيمەن، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم، بىر چاغدا ئۇ بالا ئۆزىنىڭ داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدى، مەكتىپى ئۇلارنى تاللاپ مىسىرغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدىكەن. مەنمۇ بولسا شۇنداق قىلىڭ، دېگەنىدىم. بۇ قېتىم خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم، ئوقۇشىڭىزنى پۈتكۈزۈپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇڭ، مېنىمۇ بىللە ئاچىقىپ كېتىڭ، يۇرتقا كەتسىڭىز مەن سىز بىلەن بىللە كېتەلمەيمەن، دېسەم، يېشىم چوڭ كېلىپ قالدى، ئىمتىھان بېرەلمىدىم، قارىغاندا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ يۇرتقا كېتىپ ئىمام بولىدىغان ئوخشايمەن، دەيدۇ. ئەمىسە بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشمىغۇدەك، دېدىم. باشقا نېمە دەيمەن!

— بەك ياۋاش بالىمۇ نېمە ئۇ، لېكىن ساڭا راست گېپىنى دەپتۇ. مۇشۇنداق بالا سېنى ئۆمۈر بويى سادىقلىق بىلەن باقاتتى، لېكىن سەن ئۇقماپسەن ئەمەسمۇ، ئوقۇرۇڭ بەك ئېگىز ئىكەن. ئۆزۈڭ تۇزۇك مەكتەپتە ئوقۇماي تۇرۇپ، تېخى داشۆسىڭ بالىنى ياراتماي، چەت ئەلدە ئوقۇسىڭىز تېگىمەن دېگىنىڭ قىزىق! شۇنىڭدىن قارىغاندا، سەن يەنىلا چىرايىڭغا تەمەننا قويىدىغان ئوخشايسەن.

— مەن سەندەك چىرايلىق ئەمەس، سەندەك ياسىنىپ يۈرەلمەيمەن.

— ياسانمىساڭ بولامدۇ؟ بىزنىڭ باشقىلارغا كۆرسىتەلەيدىغان نەرسىمىز نېمە؟ چىراي - قىياپەت! قانداق ئويلىساڭ ئويلا، مەن كوچىغا چىقىپ خېرىدار كۈتىدىغانلاردىن ئەمەس، مېنىڭ ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىم مۇقىم، تېگى پەس چۈپرەندىلەرنى ئۆزۈمگە يېقىنمۇ يولاتمايمەن. مۇلازىمەت دېگەن ھېلىقىدەك پەس قىزلارغا ئوخشاش ئىشتاننى ئېچىپ يېتىپ بېرىشلا بولمايدۇ،

كىشىنىڭ ئېھتىياجىغا بېقىپ ھەر خىل، ھەر ياڭزا بولىدۇ.
زۆھرە ئادىلەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى، كاللىسىدا نۇرغۇن توقۇنۇشلار يۈز بېرىۋاتاتتى.
— سەن تېخى ھېچ ئىش كۆرۈپ باقماپسەن، — دېدى ئادىلە زۆھرەنى مەنسىتمەيۋاتقاندەك، — بۇ ھالىتىڭ بۇنداق چوڭ شەھەرگە پەقەت ماس كەلمەيدۇ. رېستوراندا تاپىنىڭ تېشىلىپ كەتكۈچە ئىشلىسەڭمۇ، خەقنىڭ سەندىن كۈتىدىغىنى ناز - خۇلىق. بۇنىڭ بىلەنلا خەق سېنى بىر ئىش قىلىپ كەتمەيدۇ... ئەگەر چىرايىڭ سوغۇق، گەپ - سۆزۈڭ كالانپاي بولسا، خەق سېنى كۆزىگە ئىلىپ قويمايدۇ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئۆزگەرتمىسەڭ، مىڭ پالاقشىپ جاپا چەككىنىڭ بىكار.
— سېنىڭ بۇ ياشاش ئۇسۇلۇڭ مەن ئىشلىگەن يەردە ئاقمايدۇ، مەن ساڭا ئوخشاش غوجايىن ۋە خېرىدارلارغا ناينىقلىسام ئۇزاق تۇرالمىغان بولاتتىم، غوجايىن ۋە خىزمەتداشلىرىم پاك ياشىغىنىم ئۈچۈن ماڭا بىر خىل ھۆرمەتتە قارىشىدۇ.
بۇنداق پاراڭلار دائىم بولۇنۇپ تۇراتتى، ئىككىسى بىر - بىرىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ، ئاقىۋەت روھىي جەھەتتە پەرق ئارىلىقىمۇ قىسقىراۋاتاتتى.

## 13

ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان سەئىد قارىينىڭ تەرتىپ، تەقۋالىق، پاكىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن بەش يىلى ئۆزىنى ھەرھالدا خۇرسەن قىلاتتى: دەرسلەرنىڭ ھەممىسىدە لاياقەتلىك بولدى، نامازغا تولۇق چىقتى، قۇرئاندىن ئون پارە يادلاپ بولدى، ئەرەبچىدە دىنىي كىتابلاردىن پايدىلىنالىغۇدەك سەۋىيەگە يەتتى، خەنزۇچىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلىگۇدەك، مەقسىتىنى يامان ئەمەس ئۇقتۇرالىغۇدەك بولدى، ئىنگلىزچىنى ئازراق ئۆگىنىۋالدى. قىرائەتنى يامان ئەمەس قىلىدۇ. ئەزان توۋلاش، خۇتبە ئوقۇشنىڭ

هاجىتىدىن چىقالايدۇ. ئىماملىقتا ئانچە تەمتىرىمەيدۇ. سىياسەت، خەلقئارا ۋەزىيەتتىن قەدىر ئەھۋال خەۋەر تاپتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسىنىمۇ خېلى ئوبدان يېزىپ تاپشۇرۇپ بەردى.

ئەمما، كۆڭلىدە بىر ئەپسۇس، نادامەت قالدى. ساۋاقداشلىرىدىن بىرنەچچىسى ئەڭ ئاخىرىدا كۆڭۈللىرىدىكىنى ئاشكارىلىدى، گەپلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار مۇھەببەتتە نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى. مەكتەپ بۇلارنى ھەرگىز ئوقۇش نەتىجىسى دەپ ھېسابلىمايتتى، ئەمما بۇ نەتىجە ئۇلارنىڭ بەش يىللىق ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىدى. ساۋاقداشلىرى خۇشال ئىدى، جەمئىيەت ئۇلارنى تەقەززا قىلاتتى، مەكتەپتە مۇھەببەتلەشمىگەن بىرنەچچىسى پىراكتىكا ۋاقتىدا يۇرتتىن تويلىشىدىغان قىزلارنى بېكىتىپ قويۇپ كېلىشكەنىدى. سەئىد قارىي بىر چەتتە غەمكىن خىيال سۈرەتتى، كەلگۈسىدىكى خىزمەت تەقسىماتى نەدىن نەگىچە بولىدۇ، قانداقراق قىزنى خوتۇن قىلىدۇ، قايسى مەسچىتكە، قانداقراق جامائەتكە ئىمام بولىدۇ، دىنىي خىزمەتنى جەمئىيەتكە قانداق ماسلاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ، تۇرمۇشىنى قانداق قامدايدۇ، بەش يىل ئوقۇتقان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاشۇ جاپالىرىغا قانداق جاۋاب قايتۇرىدۇ... بۇ ئىشلار سەئىد قارىيغىلا ئەمەس، ھەممەيلەنگە ئورتاق غەم ئىدى، لېكىن ھەر يۇرتنىڭ، ھەر ئائىلىنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايتتى، شۇنىڭغا بېقىپ غەممۇ چوڭراق ياكى كىچىكرەك بولاتتى.

مېڭىشقا ئاز قالغان كۈنلەردىن بىر كۈنى كەچتە زۆھرە سەئىد قارىينى ئادىلە ئىجارىگە ئالغان ئۆيگە غىزاغا چاقىردى. زۆھرە ئەسلىدە تېلېفوندىلا خوش دەپ قويۇشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ئادىلە ئۇنى چوقۇم مۇشۇ ئۆيگە چاقىرىش تەكلىپىنى بەردى. سەئىد قارىي كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ناۋات پۇركۈپ قاتۇرۇۋەتكەن دوپپىسىنى بېشىغا ئەپچىل قوندۇرۇپ، ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ شەھەرنىڭ قايناق كوچىلىرىغا

تەپسىلىي قارىغاچ، زۆھرەنى بىر باشتىن كۆڭۈلسىز ئەسلىگەچ ماڭدى. زۆھرە ئادىلە بىلەن بىللە تۇرۇشقا باشلىغاندا، سەئىد قارىي خېتىنى قويىنىغا سېلىپ، مېۋە ـ چېۋە ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ بارغاندى، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ خەتنى ئۇنىڭغا چىقىرىپ بەرگىنىدە، ھەرقانچە ئۆزىنى بېسىۋالسىمۇ تىترەپ: «بىر نەرسە يازغانىدىم، كۆرۈپ باقسىڭىز، مەن كېتىپ بولغاندا كۆرۈڭ» دەپ قىزىرىپ كەتكەنىدى ۋە بۇ ھالدىن ئېسەنگىرەپ تۇرۇپ قالغان قىزنىڭ قولىغا خەتنى تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. سەئىد قارىي ئاشۇ جىددىي پەيتنى باشتىن كەچۈرگەن ئۆيدە زۆھرە بىلەن ئەمدى سوغۇق كۆرۈشىدۇ، غىزانى يەپ بولۇپ كۆڭۈلسىز خوشلىشىدۇ. ئۇ يەرگە ئەسلىدە ئىككىنچى بارمايدىغان ئىش ئىدى، ئەمما زۆھرەنى بۇ شەھەردە ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالغۇسى كەلدى.

زۆھرە بىلەن ئادىلە ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە قارشى ئالدى. ئادىلە ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قاراپ كەتتى، بۇنىڭدىن سەئىد قارىينىڭ خىيالى بىردىنلا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى قانداقتۇر ئەتىر ياكى يۇز مېيى پۇرايتتى، تامدىكى يېرىم يالىڭاچ رەسىملەر، تېلېۋىزور يېنىغا تىزىپ قويۇلغان دەستە ـ دەستە پىلاستىنكىلار، ياغلىقىنى ئېلىۋېتىپ چېچىنى بوغۇۋالغان زۆھرە ۋە سېرىق چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىۋالغان ئادىلە... بىر ـ بىرىگە ئاجايىپ ماسلىشىپ كەتكەنىدى. سەئىد قارىي بۇ كۆرۈ-نۈشلەرگە قاراپ كۆڭلىدىكى زۆھرەگە قىيالماسلىق تۇيغۇسى يو-قالغاندەك بولدى.

— قورۇنماي ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئادىلە سەئىد قارىينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈپ.

سەئىد قارىي ئىككى يانغا قىمىرلاپ قويدى.

— چاي ئىچىڭ، — دېدى زۆھرە چاي قۇيۇۋېتىپ. سەئىد قارىي ئۇنىڭ كۆكسىگە قاراپ سېلىپ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى.

— تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇياق دوستۇم ئادىلە بولىدۇ، — دېدى زۆھرە ئادىلەنى كۆرسىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ بالىنى ماڭا تونۇشتۇرمىدىڭغۇ؟— دېدى ئادىلە سەئىد قارىيغا يەنە سىنچىلاپ قاراپ.

— ئادەمنى كولدۇرلاتمىغىنا، بىلىسەنغۇ، مەن گېپىنى قىلىپ بەردىمغۇ؟

— سەن بۇ بالىنىڭ گېپىنى قىلىپ بولغۇچە مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغان...

— خېتىڭىزنى كۆرۈۋاپتىكەن بۇ... — دەپ كۈلۈپ قويدى زۆھرە.

سەئىد قارىيغا بۇ كۈلكە تولىمۇ مەنىسىز، تولىمۇ بىچارە تۇيۇلۇپ كەتتى.

— خەت يېزىشقا يامان ئۇستا بالا ئىكەنسىز، ئوقۇپ تەسىرلىنىپ كەتتىم. قارىي باللار گەپ قىلىشقا شۇنداق ئۇستا بولامدۇ يا؟!

— ياقەي، مۇنداقلا يېزىپ قويغان...

— ئۇنداق دېمەڭ، زۆھرەنىڭ كۆڭلىگە كىلىدۇ. تەلىپىمنى رەت قىلدى دەپ ئۆز كۆڭلىڭىزنى بۇنداق ئىنكار قىلماڭ...

— ياق، مەنمۇ راست گەپ قىلىۋاتىمەن، ئۇ خەتنى ئالدىراپلا يېزىپ قويغان...

— ياق، سىز ئۇنداق بالىدەك قىلمايسىز، سىزدەك بالىدىن يالغان گەپ چىقمايدۇ.

— قانداق چۈشەنسەڭلار مەيلى، ئۇ دېگەن شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىيات...

زۆھرە ئىپادىسىز ھالدا قاراپ تۇراتتى، ئادىلە توختىماي شۇ خەتنىڭلا گېپىنى قىلاتتى:

— سىز ئۇ خەتتە يالغۇز ئاياللارغا شەيتان ھەمراھ بولىدۇ دەپتىكەنسىز، بۇنى قانداق چۈشەندۇرىسىز؟

— يالغۇز ئاياللارغىلا ئەمەس، يالغۇز ئەرلەرگىمۇ شەيتان ھەمراھ.

— نېمىشقا شۇنداق دەيسىز؟

— چۈنكى، يالغۇز ئادەم دائىم خىيالىغا كەلگەن ئىشنى قىلىپ باقىدۇ، ئىشلىرىغا دائىم ۋەسۋەسە ئارىلىشىۋالىدۇ. شۇڭا، بويتاق ئۆتكەندىن توي قىلىپ ياشىغان ياخشى. يالغۇز يۈرگەندىن مۇھەببەتلىشىپ ئۆتكەن ياخشى. ئادەم جامائەت ئىچىدە ئۆزىنى تۈزەيدۇ، جامائەت پىكرىدىن قورقىدۇ. نامازنىمۇ جامائەت بىلەن ئوقۇسا ياخشىراق ئوقۇغىلى بولىدۇ...

— مۇھەببەتلىشىپ ئۆتكەن ياخشى دېدىڭىز، قارىي باللار قاتتىق مۇھەببەتلىشىدىكەن - دە!

— قارىي باللارمۇ ياش يىگىتلەر، ئۇلارنى ئۇنداق ھېسسىياتتىن توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، لېكىن مۇھەببەتلەشتۇق دەپ ناشايان ئىش قىلىشقا بولمايدۇ، نەپسىمىزنى چەكلىمىسەك بولمايدۇ.

— ناشايان ئىش دېگىنىڭىز قانداق، مەسىلەن؟ — ئادىلە تەپتارتماي پۈتىنى كېرىپ ئولتۇرۇپ سەئىد قارىيغا كىرىشىپلىشىۋالغانىدى. زۆھرە بىر ياقتىن بۇ گەپنىڭ ئاخىرى نەدىن چىقاركىن دەپ قاراپ ئولتۇراتتى، گاھىدا سەئىد قارىيغا ئۇنى باشقىدىن چۈشىنىۋاتقاندەك ئەلپازدا ھاڭۋېقىپ قارايتتى.

— ناشايان ئىش دېگەننى بىلمەمسىز؟

— بىلمەيمەن.

سەئىد قارىي گەرچە ئۇلارنىڭ جىنىغا تەگسىمۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى، بۇ يەرگە مېھمان بولغىلى ئەمەس، سوراققا تارتىلغىلى كەلگەندەك ھېس قىلىپ ئىچى سىقىلىپ كەتتى. ئەمما، قويۇپلا چىقىپ كېتەلمىدى، مۇشۇ پۇرسەتتە بۇ ئىككىسىگە ئازراق ساۋاق بېرىپ قويۇش خىيالىغا كەلدى. ئادىلەنىڭ گەپ كوچىلىغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئىدىيە توقۇنۇشى خېلىلا ئېغىر ئىدى. زۆھرە ئۇنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ نادان كۆرۈنەتتى. سەئىد قارىي ئەمدى بۇ قىزدا ھېچقانداق لاتاپەت، گۈزەللىك قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىچى ئېچىشتى.

— ناشايان ئىش دېگەن... — دەپ بىردەم تۇرۇۋالدى سەئىد

قارىي، ئاندىن كەسكىنلىك بىلەن سۆزلەپ چۈشتى، — ئوبدان ئاڭلىۋېلىڭلار، سەت گەپ قىلىش، قىز - ئوغۇل نىكاھ قىلماي تۇرۇپ قوچاقلىشىش، سۆيۈشۈش، زىنا قىلىش... مۇشۇنىڭ ھەممىسى ناشايان ئىشقا كىرىدۇ.

— سىلەر مۇھەببەتلەشسەڭلار ناشايان ئىش قىلمامسىلەر؟

— قىلمايمىز، پەقەت نورمال پاراڭلىشىمىز، غەيرىي نىيەتتە بولماسلىققا تىرىشىمىز. قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتمايمىز.

— قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتمايسىلەر؟ بۇ قانداق مۇھەببەت بولىدۇ؟

— بولىدۇ، مۇھەببەت دېگەن ئاۋۋال قەلبتە بولىدۇ. قالغان ئىشنى نىكاھ ئوقۇغاندىن كېيىن قىلسىمۇ كېچىكمەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا قانداق قىلسا يارىشىدۇ. تويدىن كېيىن ئەر - ئايال ساغلام، پاكىز ياشىشى كېرەك، سىرتتىن ئاشنا تۇتۇشقا، ھارام يول بىلەن نەپسىنى قاندۇرۇشقا بولمايدۇ.

— سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلار بەك غايىۋى بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟ نەدە ئۇنداق ئىش بار ئىكەن؟ سىلەر ھەۋەسى يوق ئادەممۇ؟ پەرىشتىمۇ؟ سىلەر ھەرگىز پەرىشتە ئەمەس، بەلكى بىنورمال باللار... — ئادىلە چىچىلىپ سۆزلەپ زۆھرەنى ئەنسىرىتىۋەتتى. ئادىلە قورسىقىدىكى گەپنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن سەئىد قارىينى چاقىرتىپ كەلگەندەك قىلاتتى.

— سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە بىز ئەلۋەتتە بىنورمال باللار، بىز مۇھەببەتلىشىشنى ئۇقمايمىز، شۇڭا رەت قىلىندۇق. لېكىن، ياراتقۇچى ئىگەمدىن سەۋر - تاقەت تىلەيمىز، خۇدايىم كۆڭۈللەرگە ئىنساب بەرسۇن...

— ئۆزىڭىزنى ئۇنچىلىك پاك چاغلاپ كەتمەڭ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ياسالمىلىق قىلماڭ. ئابايا زۆھرە چاي قويغاندا سىزگە دىققەت قىلدىم، زۆھرەنىڭ مەيدىسىگە قاراپ بوغدىيەكلىرىڭىز غىلدىرلاپ قالدى. ئۆزىڭىزنى چۈشەپ قويماي ئەركىن ئولتۇرۇڭ. ھەۋەسىڭىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بالا ئىكەنسىز،

شۇڭا ئىتتىك ھاياجانلىنىدىكەنسىز. ئابايىقى گېپىم ئېغىر كەت-كەن بولسا كەچۈرۈڭ، بۇ يەرگە سىزنى خۇشال ئولتۇرۇپ بەر-سۇن، ئوخشىتىپ ئەتكەن تامىقىمىزنى يەپ بەرسۇن دەپ چاقىرت-تۇق، شۇڭا چىرايلىق ئولتۇرۇپ بېرىڭ...

زۆھرە تاتىرىپ كەتتى، ئادىلەگە ئالايدى، ئادىلە گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرماقچى بولۇۋىدى:

— بولدى بەس، — دېدى سەئىد قارىي چاچراپ ئورنىدىن قو-پۇپ، ئاندىن زۆھرەگە قاراپ تىترەپ كەتتى، — ھەرقايسىڭلار مۇشۇ گەپنى دەۋالغىلى چاقىرغانمۇ مېنى؟ مېھمانغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلامسىلەر؟ ئاناڭلار مۇشۇنداق ھاياسىز گەپلەرنى ئۆ-گەتكەنمۇ؟ بولدى، مېنىڭ ئەمدى گېپىم يوق، خۇدادىن كۆڭ-لۈڭلارغا ئىنساب تىلەيمەن...

سەئىد قارىي ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا، زۆھرە ئىگىرىغاندەك بوش تۈۋلىدى:

— تاماق پىشىپ قالغان، يەپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ...

— بولدى رەھمەت، ئىزاغا لىق تويدۇم...

سەئىد قارىي تالاغا چىقىپ يەڭگىل نەپەس ئالدى، شەھەر ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار كۆز قىسمايتتى.

سەئىد قارىي سىنىپىدىكىلەرنى ئۆزىتىش ئولتۇرۇشىدا لايىد-قى ياكى نىشانى بارلارغا سەپسېلىپ ئولتۇردى، ئۇلار تولىمۇ خۇ-شال كۆرۈنەتتى، سورۇندا مەكتەپ رەھبەرلىرى قىسقىچە ئايرىلىش سۆزى قىلدى. سىرتتىن تەكلىپ بىلەن قاتناشقان سازەندە، ناخ-شىچىلار تالىپلارنى مۇڭغا كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇتتۇقتا ماھىر بىر زىيا-لىي كىشى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، پاساھەتلىك ئىبارىلىرى بىلەن تا-لىپلاردىن ھال سورىدى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى رولىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئاخىرىدا سۆزىنى شۇنداق تۈگەتتى: دىندا راست - يالغان ئىشنى پەرقلەندۈرۈڭلار، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن ئەتراپلىق خە-ۋەردار بولۇڭلار، قايتىپ بارغاندىن كېيىن جەمئىيەتكە كەڭ ئارد-لىشىڭلار، ۋەتەننىڭ ئىسلاھات چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ۋەتەننى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىننى سۆيۈپ يارامىلىق دىنىي زاتلاردىن بولۇڭلار...

سەئىد قارىي دىپلومىنى ئېلىپ يۇرتىغا، مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى. بەش يىلدا ئۇ ئاقىرىپ، پاكىز بولۇپ، چىرايىدىن ئىلىم نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، مەھەللىسىدىكى قىزلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك يىگىت بولۇپ قالغانىدى. زۆھرەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ ـ نى كەپتۇ دەپ يوقلاپ كەلدى، قىزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

ــ ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، ــ دېدى سەئىد قارىي، ــ بىر يەردە ئىشلەۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ــ نەدە ئىشلەيدىكەن، قانچە پۇل مائاش ئالىدىكەن؟

ــ ئۇنى ئۇقمىدىم...

ــ يېنىپ كېلىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلامدۇ؟

ــ ئۇنىمۇ بىلمىدىم...

ــ ھەي، بۇ بالىنى، ئۆيگە ئاي ـ ئايلاپ تېلېفون قىلماس بولۇپ كەتتى.

ــ ئەنسىرىمەڭلار، ھەممىنى ئاللاغا تاپشۇرۇڭلار...

ــ ئۆزىمۇ مېڭىش ئالدىدا شۇنداق دېگەنىدى... لېكىن ئادەم ئەنسىرەپ قالىدىكەن... خۇدايىم ئۆزى ساقلا...

قىزىدىن ئىشەنچلىك خەۋەر ئالالمىغان ئاتا ـ ئانا مۈكچەيـ ـگەن قەددىنى سۆرەپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

بىر ئايدىن كېيىن ناھىيەلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىن بىر كادىر چىقىپ سەئىد قارىيغا خەۋەر يەتكۈزدى:

ــ ئەتىدىن باشلاپ بىر ھەپتىلىك كۇرسقا قاتنىشىسىز.

سەئىد قارىي موتوسىكلىتىنى گۈركىرىتىپ يىراقلاپ كېـ ـتىۋاتقان كادىرغا قاراپ قالدى.

## 14

كۈنلەر ئۆتۈپ، سەئىد قارىيغا كىچىكرەك بىر مەسچىتنىڭ مۇئاۋىن ئىماملىقى تەگدى. جۈمە نامىزىغا ئىمام ۋە خاتىپ بو ـ

لۇش تېخى يىراقتىكى ئىش ئىدى. مەسچىتنىڭ مۈلكىنى يەنىلا قېرى ئىمام باشقۇراتتى. يېڭىدىن بېكىتىلگەن بۇ ياش ئىمامنى جامائەت ئاخىر ئېتىراپ قىلدى. ياش ئىمامنىڭ ئارتۇق گېپى يوق، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى مۈلايىم، قىرائەتلىرى جايىدا ئىدى. مەسچىتكە ئادەتتىكى ناماز ۋاقىتلىرىدا قېرىلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار يىغىلاتتى، جۈمە كۈنلىرىدىلا جامائەت ئاۋۇپ قالاتتى. جامائەت ئارىسىدا ئىلگىرىكىدەك ئىختىلاپ، زىددىيەتلەر بېسىقىپ قالدى، پېشقەدەملەر بۇنىڭدىن خۇرسەن بولدى، بىرلىك، ئىناقلىق ھەممىدىن مۇھىم ئىدى.

سەئىد قارىي بارا - بارا قېرى ئىمامنىڭ ۋە جامائەتنىڭ مايىللىقىنى تارتتى، سەئىد قارىي ھەممە ئادەمگە ياخشى كۆرۈنۈپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش قاراشلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ ئۆتتۈەردى. بۇنداق رايىشلىق ۋە تەمكىنلىك ھۆكۈمەتنىمۇ، ئاممىنىمۇ رازى قىلدى، بەلكى ھەممە تەرەپنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى. باش ئىمام ئۇنىڭغا بەزى جۈمە كۈنلىرى جۈمە ئوقۇتۇشقا رۇخسەت بەردى.

شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، قېرى ئىمام ئاغرىپ قېلىپ، ئىمامەتچىلىك ئۇنىڭغا قالدى. ئۇ ھەر ۋاقىت نامازدا مەسچىتكە بۇرۇن ھازىر بولۇپ، يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن خانىقاغا كىرىپ، پاكىز قوللىرى بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ، ۋەزمىن ئولتۇرۇشلىرىدا سۈكۈتكە چۆمۈپ، سائەت توشقاندا قانچە جامائەت يىغىلسا شۇلارغا ئىمام بولۇپ، نامازدىن پارىغ بولغاندا قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ ئەزىز بولۇشىغا، ئەل - جامائەتنىڭ ئىمان - ئېتىقادلىق، ئىنسابلىق بولۇشىغا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا، ئۆز ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا دۇئا قىلاتتى؛ بەزىدە يىراقتا قالغان زۆھرەنى يادىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ پاكلىقىنى تىلەيتتى...

ھەرقانداق جايدا بىر ئىمام كۆپ ھاللاردا شۇ يەرلىك بايلار-

www.uyghurkitap.com

نىڭ يېقىنى بولۇپ قالاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىمامىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يۈز - ئابرۇيىنى تىكلەيتتى. سەئىد قارىيمۇ ئاز - تولا پۇل تاپقان مەھەللىنىڭ بايلارىنىڭ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ چايلىرىغا داخىل بولۇپ، جامائەت سۆھبەتلىرىگە قېتىلىشقا باشلىدى. يۇرت دېگەندە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى بولۇپ تۇراتتى، نىكاھ ئوقۇش، خەتمە قىرائەت قىلىش، بالىغا ئىسىم قويۇش... ئىشلىرى ئايلىنىپ كېلىپ يەنە سەئىد قارىينىڭ بېشىغا چۈشتى. سەئىد قارىي ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمايدىغان، بەرسە ئالىدىغان، بەرمىسە خاپا بولمايدىغان ئىمام ئىدى، بۇ تەرىپىمۇ ئەلگە ياقتى.

سەئىد قارىي بايلارنىڭ، مۆتىۋەرلەرنىڭ ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى، ئەل - جامائەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئائىت مۇلازىمەت ئۈچۈن يانفونىدىن بىرنى سەپلىدى. مەرىكە - مۇراسىملارغا ئۇلگۇرۇش ئۈچۈن ماشىنا بولمىغاندا، ۋېلىسىپىت مىنىپ جاپا تارتىپ قالماي دەپ موتوسىكلىتتىن بىرنى ئالدى. كىشىلەرگە تەنتەك، پىشمىغان موللام سىياقىدا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ياش تۇرۇپلا ساقال قويدى، ھەر خىل سورۇنلارغا ماس كېلىدىغان دوپپا - تۇماق، يارىشىملىق پەلتولارنى چامادانلىرىغا يىغدى.

ئىماملىق بىلەن بېيىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما خېلى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولاتتى، مەرىكە - مۇراسىملارغا بارسا غىزا تەييار ئىدى، كۆندە بولمىسىمۇ، ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم قائىدىسىنى قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن چۆنتەككە پۇل كىرىپ تۇراتتى. جامائەت سورۇنلىرىدا تۆرنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، زىكرى - سۆھبەتلەردە بولسا جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچان پىكىرلەرنى قىلىپ، بېيجىڭدا بەش يىل ئوقۇپ ئېرىشكەن ئىلمىنى نامايان قىلاتتى. دېھقانلار ئېتىزدا قانچە تەر تۆكۈپ ئىشلىسە مەھسۇلاتى ئاشىدۇ، شۇنىڭدەك ئەھلى ئىلىملەرمۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىنى ھۆرمەت قازىنىشقا سەرپ قىلسا ئەل-

ۋەتتە كۈتكىنىگە ئىرىشەلەيدۇ. ئۇ ئۆزى بىلەن گەپ تالاشقانلار-نىڭ گېپىنى بۆلمەي، مەنتىقىلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاخىر چىرايلىق رەددىيە بېرەتتى، شۇ ئارقىلىق يەنە باشقىلاردىن ئۈس-تۈن دىنىي بىلىمىنى نامايىش قىلاتتى. ئۇ جامائەت ئارىسىدا، سورۇنلاردا يۇرۇپ نۇتۇق قابىلىيىتىنى يېتىلدۇردى، كىملەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەندى، كادىرغا مەسلەكداش، دىندارغا دىلكەش، بايغا مۇڭداش، كەمبەغەلگە دەرداش، ئاجىزغا يۆلەكداش، ھەتتا بويتاققا قولداش... بولدى.

سەئىد قارىي ئاساسىي قاتلامدىن كېلىپ چىققان ۋە مەركەز-دە تەلىم ئالغان دىنىي خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر خىل قىيىن مەسىلىلەرنى، دۇچ كەلگەن زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىپ كەلدى، ئېتىقادتىكى ھەممە ئىشلار نورمال كېتىۋاتاتتى، باشقىچە ئىدىيەسى بارلار، يەنى ئىختىلاپچىلار بىر مەزگىللىك شامالدىن كېيىن پەسكويغا چۈشۈپ قالغاندەك قىلات-تى؛ بىر ئىمام بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئەنئەنىنى قوغداپ، پىشقەدەملەرنى ياقلاپ، مۇقىملىق ۋە ياخشى ۋەزىيەتنى قوغداپ ماڭمىسا بولمايتتى. ئۇ جامائەتنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسەن بىلەتتى، نامازغا چىڭ تۇرىدىغانلارنى ياخشى تونۇيتتى. جۈمە كۈنلىرىدىلا مەسچىتكە ناتونۇش ئادەملەر، بىر ھەپتە ئىچىپ - چېكىپ ئوي-ناپ، توساتتىن جۈمە نامىزى ئېسىگە كېلىپ مەسچىتكە كىرىپ قالغانلار كېلىپ قالاتتى.

بىر يىلدىن كېيىن سەئىد قارىي باش ئىمام بولۇپ، مەس-چىتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى رەسمىي قولىغا ئالدى، ئىشلىرى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئارىلاپ يېزىدىن چاقىرتىدىغان يىغىنلارغا قاتنىشىپ، سىياسەتكە ئائىت كونا - يېڭى گەپلەرنى ئاڭلاپ كېلەتتى. تەشكىل ئۇنى ئۈرۈمچىگە بىر ئايلىق ئىماملار كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئوقۇش داۋامىدا سەئىد قارىي جايلار-دىن كەلگەن ئىماملار بىلەن تونۇشتى، پىكىر ئالماشتۇردى؛ مۇ-دەررىسلەرنىڭ دەرسلىرىنى، رەھبەرلەر ۋە دىن تەتقىقاتچىلىرى-

www.uyghurkitap.com

نىڭ لېكسىيەلىرىنى ئاڭلىدى، دىن بىلەن زامانىۋى تەرەققىيات-
نىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مۇھىم
چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى. بىكار ۋاقىتلىرىدا ئۈرۈمچىنى ئاي-
لىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ كېتىۋات-
قانلىقىنى، مەسچىتلەرنىڭ يەنىلا ئاۋات ئىكەنلىكىنى، زامانىۋى
قىزلارنىڭ رەڭگارەڭ قىياپەتلىرىنى كۆردى، ھازىرقى زامان ئە-
ھاملىرى قانداق ياشىشى، دەۋرگە قانداق ماسلىشىشى كېرەك؟...
دېگەنلەرنى ئويلىدى. بېيجىڭدىكى دىنىي ئوقۇش بەخش ئەتكەن
ئىلمىي تەربىيە، يىراقنى كۆرەرلىك، تەمكىنلىك ۋە غۇرۇرنى
ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەپ ياشاشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ يېنىپ كەلگەندە باشقىچە روھقا ئىگە زامانىۋى ئىمام سۈ-
پىتىدە نامايان بولدى، ھۆكۈمەت تېخىمۇ ئىشەندى، جامائەت
خۇرسەن بولدى. ئۇ مەسچىت ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا مۇسۇل-
مانلارنىڭ چوقۇم بېيىشى، دەۋرگە ماسلىشىپ تەرەققىي قىلى-
شى، ئىلغارلىقنى قەدىرلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختىماي
ۋەز سۆزلەيدىغان بولدى. ئاللا بىزگە ئەقىل، ھېكمەت بەرگەنى-
كەن، ئۇنى نېمىشقا جارى قىلدۇرمايمىز، نېمىشقا زامانىۋى تە-
رەققىياتقا تەتبىقلىمايمىز؟ كىم بىزگە مۇسۇلمانلارنى كەمبە-
غەل، قالاق بولۇڭ دەپتۇ؟ نېمىشقا تىرىشمايمىز؟... دەيتتى، ئە-
ماندىن چەتنىمىگەن ئاساستا ئىدىيەنى ئىسلاھ قىلىپ، مەسىلى-
لەرگە ئىلمىي قاراپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈپ،
بىرلىكتە ھالىلىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ھەققىدە تەشۋىق -
تەرغىبات ئېلىپ باراتتى؛ ئۈرۈمچىدە كۆرگەنلىرى بىلەن بېي-
جىڭدا كۆرگەنلىرىنى تەسۋىرلەپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ گۈزەل
ئىستىقبالىنى چۈشەندۈرەتتى، ئۇ دۇنيانى ئويلاش بىلەن بىللە
بۇ دۇنيالىق ئۈچۈنمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، بايلىق ۋە تەرەققىياتقا
ئېرىشىپ، ئاندىن موھتاجلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىپ، كۆپلەپ
ساۋاب ئېلىشنىڭ زۆرۈر ۋە تەخىرسىزلىكىنى بايان قىلاتتى. باي
بولغاندىلا سەدىقە قىلالايسىز، باي بولغاندىلا ھەجگە بارالايسىز،

باي بولغاندىلا گېپىگىز پۈتۈن بولىدۇ، ئىشىڭىز ئاقىدۇ، زامان سىزگە باقىدۇ... دەيتتى. ئۇنىڭ باي بولۇش، زامانغا ماسلىشىش ھەققىدىكى چاقىرىقلىرى جامائەتكە خېلى ئوبدان تەسىر قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، كەنتتە بانكىدىن قەرز ئېلىپ قوشۇمچە ئىگىلىك ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، پارنىك يېپىپ كۆكتات تېرىيدىغانلار، بورداقچىلىق بىلەن قاسساپلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقەت قىلىدىغانلار، ھېچ ئىش قىلالمىسىمۇ غايىبتىن خەزىنە تېلەپ تاش كولاشقا ئاتلىنىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى... خەق بېيىسا ئىمامنىڭ ئابرۇيى، كىرىملىرىمۇ ئەلۋەتتە كۆپىيەتتى. پۇل تاپقانلار پۇل خەجلەشتە بەسلىشەتتى، داغۋازلىق قىلىشاتتى. سەئىد قارىي يەنە توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا ئارتۇق ھەشەمەتچىلىك قىلماسلىق، بىدئەت ئىشلارنى پەيدا قىلماسلىق ھەققىدە ۋەز - نەسىھەتلەرنى قىلاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئانچە ئۈنۈمى بولمىدى، خەقلەر قىلىدىغىنىنى قىلىۋەردى. دېمەك، سەئىد قارىينىڭ بۇ گەپلىرى بېيىش، تەرەققىي قىلىش ھەققىدىكى چاقىرىقلىرىدەك كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلالمىدى، «ھازىر دېگەن كوپىراتسىيە زامانى ئەمەس، ياخشى، ئېسىل ياشايدىغان دەۋر. پۇل تاپقاندا خەجلىگۈمىز كېلىدۇ، خەقنىڭ ئالدىدا چېنىپ قېلىشنى خالىمايمىز، بۇنداق رىقابەت زامانىدا بەسلەشمەيدىغان كىم بار؟ بۇمۇ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، بىزمۇ ئېقىمغا، دەۋرگە ئەگىشىپ ماڭدۇق...» دېگەنلەرنى ئويلىشاتتى كىشىلەر.

سەئىد قارىي مال - دۇنيانىڭ ئادەمنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاللا قۇرئاندا ئىنسانلارنىڭ مال - دۇنياغا ئاجايىپ ھېرىسمەنلىكىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ دۇنيانىڭ شېرىن ۋە گۈزەللىكىنى ئېيتقانىدى. دېمەك، دۇنياغا ھېرىسمەنلىك ئىنساننىڭ تەبىئىتى، لېكىن بۇ دۇنيا چوڭ سىناق مەيدانى ئىدى. سەئىد قارىي بۇنى ياخشى بىلەتتى، زۆھرەگە يازغان خېتىدىمۇ بۇ سىناق مەيدانىدىن ئۆتۈشنىڭ مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقىنى، پەقەت ئىمان - ئېتىقادىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇستەھكەم تۇرالايدىغان بەندىنىڭلا بۇ سىناقتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئادىلە بىلەن زۆھرەنىڭ ياتىقىدا بولغان ئىش ھازىر سەئىد قارىيغا باشقىچە تۇيۇلىدۇ، ئۇ ھازىر موھتاجلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، پۇلنىڭ قانداق سېھرىي كۈچى بارلىقىنى ھېس قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ پۇلنى دەپ ئېپپەت – نومۇسىنى قايرىپ قويغانلىقىنى ھەرقانچە قىلسىمۇ كەچۈرەلمەيتتى. ئادىلەمۇ، زۆھرەمۇ يۇرتىغا قايتىپ بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان بولسا، ئۇ يەردە خارلىنىپ يۈرمەيتتى. سەئىد قارىينىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئۆزىگە زۇلۇم سالغۇچى، ئۆزى خالاپ خارلانغۇچى، يەنى خارلىنىش ساراڭلىرى ئىدى. ئۇلار خارلانغىنىنى بىلمەيتتى، بەلكى ئەركىن ياشاۋاتىمىز، بىر ئەرنىڭ قولىدا خارلانماي ئۆتۈۋاتىمىز... دەپ ئويلايتتى. ئۇلار يامان يولدىن ئۆزلىرى ئاڭلىق قايتمىسا، شەيتانغا ئەگەشكەنچە ئەگىشىپ، قىنىغا پاتماي قالغان بۇنداق قىزلارنى كىم توغرا يولغا قايتۇرالايدۇ؟ سەئىد قارىي زۆھرەنىڭ ئاتا – ئانىسىنى كۆرگەندە زۆھرەنىڭ خالتىسىنى، ئۇنى مەكتىپىدە تۇنجى كۆرگەن ۋاقىتلىرىنى، كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان شۇ گۈزەل چىرايىنى ئەسلەيتتى.

## 15

سەئىد قارىينى شۇ ئاخشىمى كۆڭۈلسىز ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن زۆھرە ناھايىتى پەرىشان بولدى. ئەتكەن غىزاسىنى يېگۈسى كەلمىدى. ئادىلە ئەكسىچە پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ، مۇھەببەت، جىنسىيەت، سۇيىقەست، ئىنتىقام مەزمۇنى چىقىدىغان بىر فىلىمنى كۆرۈپ ئولتۇردى. زۆھرەگە ئۇ فىلىمنى كۆرۈشمۇ خۇشياقمىدى، بىر جۈپ تەلۋە ئاشىق سۆيۈشكەن، كارىۋاتقا چىققان كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ئىچى سىقىلدى، ئاشخانىغا قاچا يۇغىلى ماڭدى. سەئىد قارىي يېمىگەن غىزا ئېشىپ قالغا-

نىدى، زۆھرەنىڭ غىزانى ئوخشىتىمەن دەپ قىلىپ كەتكەنلىرى
بىكارغا كەتكەنىدى. ئېشىپ قالغىنى غىزالا ئەمەس، بەلكى زۆھ-
رەنىڭ ئىچ پۇشۇقى، ئادىلەگە بولغان ئاچچىقى، ھېچ ئىشنىڭ تا-
يىنى يوقلۇقى، تۈگىمەس ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، يېقىنلاپ كې-
لىۋاتقان ئازابلىق تاللاش، يا بۇلغىنىش، يا ۋىجدان راھىتى بىلەن
ياشاش ئىدى. قاچا يۇيۇۋاتقان مۇشۇ چىرايلىق قوللىرى بىر كۈ-
نى قېرىپ قورايدەك بولىدۇ، يۈزىگە قورۇق چۈشىدۇ. گۈزەل
چىرايغا ئەسلىدە گۈزەل ھايات نېسىپ بولسا بولاتتى، ئەمما گۈ-
زەللەر كۆپ ھاللاردا بەختسىزلىككە دۇچار بولىدۇ ياكى ئۇلار
ئۆزلىرى تەلەپنى يۇقىرى قويۇۋېلىپ، بەختنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ
بەختنى ھېس قىلالمايدۇ ۋە ئۆزىنى يەنىلا بەختسىز ھېس قىلى-
دۇ. زۆھرە ئەگەر بۇ دۇنيالىقنى دېسە چىرايى، بەدىنىنىڭ قىم-
مىتىنى يارىتىش، نەپسىگە بېرىلىش كېرەكلىكىنى، ئۇ دۇنيا-
لىقنى دېسە روھىنى، پاكىزلىقىنى ساقلاپ ياشاش كېرەكلىكىنى
ھېس قىلاتتى. ئەمما، ياشلىقى، گۈزەللىكى، ئىززەتكە، بەختكە
بولغان تەشنالىقى رېئاللىققا باغلىنىپ كەتكەچكە، بۇ دۇنيالىق
ئارزۇسى دائىم غالىب كېلەتتى. بۇ دۇنيانىڭ خامىنىدا نەپسانى-
يەت گويا كالىغا ئايلىنىپ موھتاجلىق تېشىنى سۆرەيتتى، بۇ
تاش رېئاللىقتىن چەتنىگەن ھەرقانداق خىيالنى يانجىپ تاشلايت-
تى. ئەمما، زۆھرە پايمال قىلىنغان ئاشۇ خىيالىغا، ئېتىقادىغا،
ۋىجدانىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ماڭىمۇ نېمە ئامال، دەپ ئويلايتتى.
لېكىن، نەپسىگە بەك بېرىلىپ ئۆزىنى يوقاتقان ئۇسسۇلچى
قىزلارنى، زەھەر چەككۈچى پاھىشە قىزلارنى، بايلارنىڭ ئاشنى-
سىغا ئايلانغان تەكەببۇر قىزلارنى، ماھىيەتتە جىنسىي قۇللۇققا
چۈشكەن، پىستىدەك ئەرمەككە ئايلانغان ئويۇنچى قىزلارنى ئوي-
لىسا، ئېتىقاد، ئەخلاق، شەرم - ھايانىڭ مۇھىملىقىنى، ئەخلاق-
نىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، پاكلىقنىڭ گۈزەل-
لىكىنى، ۋىجداننىڭ راھىتىنى ھېس قىلالايتتى، سىلىشتۇرۇپ
بىلەلەيتتى. ئادىلەمۇ دائىم شۇنداق دەيتتى، ئەمەلىيەتتە ئادىلەمۇ

بىر پادىشاھ، ئۆزىنى ھەرقانچە ئاقىلسىمۇ ئاقلاپ بولالمايدىغان
بوزۇق قىز. ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى مۇلازىمەت، ھېسسىياتنى سات-
ماي ئەقىل بىلەن ھۇزۇرلىنىش دەۋالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ-
زىگە بېرىلگەن تەسەللى. ئۇ بىلىم سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇشنى
ئويلاشمايدۇ، چۈنكى ئۇ بىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن كۆرە، كۆكسى-
نىڭ چوڭقۇرلۇقىنىڭ بەكرەك مۇھىم ئىكەنلىكىگە، چىراي ۋە بەدەن
گۈزەللىكىنىڭ ئىشقا بەكرەك يارايدىغانلىقىغا، كۆپ ئەرلەرنىڭ
شۇنىڭغا بەكرەك قارايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئاياللارنىڭ بەربىر
ئەرلەر ئۈچۈن ئىشلەپ، ئەرلەر ئالدىدا نايناقلاپلا ئۆتىدىغانلىقى-
نى، مۇلازىمەتنىڭ ئەسلىي مەنىسىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى، بىر -
بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ ئۆزگەرمەس ھەقىقەتلىكى-
نى ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغانىدى.

زۆھرەنىڭ ئۆزگەرمەي تۇرۇپ بېرىشىمۇ ئادىلە ئۈچۈن پايدى-
لىق ئىدى؛ زۆھرە غىزا تەييارلايتتى، قاچا يۇياتتى، ئۆي تازىلايت-
تى، ھەتتا ئادىلەنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى. ئىلگىرى
قالايمىقان تۇرىدىغان ئۆي زۆھرە كەلگەندىن كېيىن رەتلىنىپ،
چىرايلىق، پاكىز بولۇپ قالدى. ئەمما، زۆھرەنىڭ يېڭى توي
قىلغان قىزدەك ئىشچانلىقى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى ئادى-
لەنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى، ھەسرىتى ئىچىگە پاتمايتتى، بەزىدە
زۆھرەنىڭ كىچىك قىزلاردەك ئوماق قىلىقلىرىنى كۆرسە ئىچى-
نى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بىئارام بولاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا،
زۆھرە بۇنداق تۇرىۋەرمەسلىكى، چوڭ بولۇشى، ئىش كۆرۈشى،
ئۆزگىرىشى، ئۆزىدەك «پىشىپ يېتىلگەن» بولۇشى كېرەك ئىدى.

زۆھرە چېچىنى قويۇۋەتتى، بۇ ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىش-
نىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. بۇ كۇپايە قىلمايتتى، ئادىلە
ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى ئاۋۋال سودا سارايلىرىدىن،
قاۋاقخانا، دىسكوخانىلاردىن، ئامېرىكىنىڭ ۋەھشىي فىلىملىرى-
دىن، ئۈچىنچى دەرىجىلىك سېرىق كىنولاردىن باشلىدى. زۆھرە
غايەت جازىبىلىك سارايلاردا ئالتۇن بۇيۇملارغا، ئالماس كۆزلۈك

ئۆزۈكلەرگە قارايتتى، داڭلىق ماركىلارنى تۇتۇپ باقاتتى؛ دىسكوخانىلارغا كىرسە بەدەنلىرىنى تولغاپ باققۇسى كېلەتتى، ئاددىلە قولىدىن تارتىپ ئوتتۇرىغا چۈشكەندە بولسا خىجىل بولۇپراق ئوينايتتى، ئەمما قاراڭغۇلۇقتىكى ئەسەبىي رىتىم، ۋال - ۋۇل چىراغلار ئۇنىڭغا ئەركىنلىك، خۇشاللىق بېغىشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىردەمدىلا ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان شوخ قىزغا ئايلىناتتى. ئامېرىكىنىڭ ئاشىق، جىنايەت، غەيرىي مۇناسىۋەت فىلىملىرى ئۇنى باشقا بىر دۇنيانىڭ غىدىقلىرىغا غەرق قىلىۋېتەتتى، كۆرۈپ بولۇپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قوياتتى، زىددىيەتلىك خىياللارغا چۆكەتتى، كېچىلىرى تىترەپ ياتاتتى. سەئىد قارىي غىزاغا كەلگەندە كۆرگەن زۆھرە ئاشۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغان زۆھرە ئىدى، زۆھرەمۇ سەئىد قارىيغا قاراپ، ئۆزىنىڭ خېلىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، بەش يىلدا ئۆزگەرمەي تۇرغان سەئىد قارىي ئۇنىڭغا ئېتىقاد، ئەخلاقنىڭ ئۆزىدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى، خىجىل بولدى. سەئىد قارىي ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياستىپ چىرايلىق بولۇپ كەلگەنىدى، ئۆزىمۇ پاكىز بالا ئىدى، بەلكىم ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچقانداق قىز بالىنى سۆيۈپ باقمىغانىدى، ئىشقىلىپ، بىر سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان بالا ئىدى، خوشلىشىش ئالدىدا تېخىمۇ يېقىملىق، قەدىر - قىممەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما، سەئىد قارىي زۆھرەگە ياخشى كۆزدە باقمىدى، بەلكىم زۆھرەنىڭ ھازىرقى ھالىتى كۆڭلىگە ياقمىدى، باشتىن - ئاخىر ئىچىگە تىنىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىلە گەپكە سېلىپ چىشىغا تەگدى، ئىش بۇزۇلدى، سەئىد قارىي قىزىرىپ بوغۇلۇپ كەتتى، غىزانىمۇ يېمەي تالاغا ئۆزىنى ئاتتى...

زۆھرە قاچا يۇغاچ ئادىلەنىڭ قاتتىق گەپلىرىنى ئويلايتتى، سەئىد قارىينىڭ كۆڭلىدە ئەمدى مۇھەببەت دېگەن نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىنى پەملەيتتى. ئېشىپ قالغان غىزا، ھەر ئىككى تەرەپكە يۈكلەنگەن ئىمزا - ئاھانەت، كۆڭۈلدە قالغان جاراھەت...

هەممىسى تۈگەيدۇ، غىزانى يېمىسە تۈكۈۋەتسە بولىدۇ، ئىزا ـ ئاھانەتنى ئويلىمىسىلا بولىدۇ، جاراھەتنى ساقايتقىلى بولىدۇ... لېكىن، ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. قاراپ تۇرۇپ كۆڭلى يۇمشاق بىر تالىپ بالىنىڭ كۆڭلى ئازار يېدى، بۇ شەھەردىن كۆڭلى يېرىم كەتتى. ئادىلەنى بۇزۇقلا، زوھرەنىمۇ ئەگەشكۈچىگە چىقىرىپ بولدى... ئادىلە ياخشى قىلمىدى، ئەمما سەئىد قارىيمۇ خوتۇن كىشىدەك قېيىداپ، ئۇنداق ئالدىراپ كېتىپ قالمىسا بولاتتى...

— ئەجەب ئۇزۇن يۇيۇپ كەتتىڭ، بۇياققا چىقە، كىنونىڭ قىزىق يېرىگە كەلدى! ... — دېدى ئادىلە گازىر چېقىپ ئولتۇرۇپ.

— مانا ھازىر...

— ئېشىپ قالغان ئاشنى تۆكۈۋەت، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىمۇ ئۇنتۇپ كەت!

— تۆكۈۋېتىمەن، لېكىن سەن ياخشى قىلمىدىڭ...

— نېمىنى ياخشى قىلمىدۇق؟ گەپ دېگەن يۈزدە ياخشى، يۈزى قېلىن تارتىنچاق بالا ئىكەن ئۇ، شۇنچىلىك گەپنى كۆتۈرەلمىسە نەرى ئوغۇل بالا ئۇنىڭ؟!

— لېكىن، ئۇ مېھمان ـ دە! مېھماننى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنى ئەدەپلەيدىغان ئىش نەدە بار؟ يەنە كېلىپ بىز دېگەن قىز بالا...

— قىز بالا بولساق نېمە بوپتۇ، دەيدىغاننى دېيىش كېرەك. چىدىمىسا ئۇزۇنغا چىقسۇن.

— ساڭا مەن دېگەن، ئۇ بالا بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشى بەرىبىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش، كۆڭلىگە ئازار بېرىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق ئىدى، چىرايلىق ئۇزىتىپ قويساق بولاتتى...

— ئۆزى چىدىماي كەتتى، يىگىتتەك ئولتۇرۇپ مەن بىلەن زاكۇنلىشىپ مېنى قايىل قىلالىسا بولاتتى، ئېشىپ كەتكەن يېرى بولسا يۈزۈمگە بىرەر شاپىلاق سالالىسا بولاتتى، ئۇنداق قىلالمى-

دى، مەن ئۇنىڭدىن شۇنى كۈتەتتىم...
زۆھرە ھەيران قالدى، قاچىنى يۇيۇپ بولۇپ ئادىلەنىڭ يې-
نىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى، ئادىلە كىنودىن ئامې-
رىكىنىڭ قارام، لۈكچەك ئەرلىرىنى كۆرۈپ ئۇلتۇراتتى.
— شۇنداقتىمۇ، چىرايلىق گەپ قىلغان بولساڭ، چىرايلىق
ئۇلتۇرغان بولساق بولاتتى...
— كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇپ قاپتۇ – دە! مېنىڭچە، ئۇ بالا ئۇ-
نىڭغا ئەرزىمەيدۇ. مەن تازا تەگكۈدەك گەپ قىلدىم، ئوبدان گەپ
قىلدىم. ئەگەر بىلسەڭ، مېنىڭ گەپلىرىم ئۇنىڭغا پايدىلىق.
— مەن بۇنداق بولار دەپ پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن...
— ئاشۇنداق ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىش كېرەك. قارا
ماۋۇ ئامېرىكىلىقلارغا، ئادەم ئويلاپ باقمايدىغان ئىشلارنى كىنو
قىلىپ ئىشلەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ قىزىقى بولىدۇ. تۇرمۇش دېگەنمۇ
شۇ، بىر خىل ئۆتمۈرسەڭ زېرىكىسەن، ئۇنى – بۇنى قىلىپ بې-
قىش، قىلمىغاننى سىناپ بېقىش كېرەك. مەن ئۇ بالىنى كۆرۈپ
باقاي دېدىم، كۆرگەندە گەپ قىلغۇم كەلدى، قارىسام، كاللىسى
بەك قاتمال ئىكەن، ئېچىپ قوياي دېدىم. بىر خىللا ياشاپ كۆنۈپ
قالغان بىچارە بالا گەپلىرىمدىن چۆچۈپ كەتتى. جاھاندا مۇنداق-
مۇ قىزلار بار ئىكەن دەپ ئويلىدى. ئويلىسۇن، كۆرسۇن، كاللى-
سى سىلكىنسۇن، بولمىسا بىر ئۆمۈر شۇنداق ئۆتىدۇ. سەن
شۇنداق لامزەللە بالا بىلەن بىر ئۆمۈر ئۆتەلەمسەن؟ ياق، مەن
بولسام بىر كۈنمۇ پايلىمايمەن. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئېچىنىپ كەتمە،
ئېچىلىپ ئولتۇر، بۇنچىلىك ئىشلاردىن خاپا بولۇپ تۈگىشىپ
كەتسەڭ، ئەتە – ئۆگۈن نى – نى ئىشلار ئالدىڭغا كەلگەندە ئۆلۈپ
بەرگۈدەكسەن. ماۋۇ شەھەرنى خېلى كۆردۈڭ، ئۇنداق بىچارىلىك-
نى كۆتۈرمەيدۇ. شۇڭا، جېنىڭنى قىينىماي ئەركىنرەك ياشىشىڭ
كېرەك. پەقەت چىدىماي قالغان بولساڭ، ئۇ بالىنىڭ كەينىدىن
قوغلاپ يېتىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۇرتۇڭغا كېتىپ تويۇڭنى
قىل. شۇ چاغدا مۇرادىڭغا يېتىسەن، كۆڭلۈڭ ئارام تاپىدۇ...

— چىدىماي قېلىۋاتقىنىم يوق، لېكىن قىلغىنىمىز توغرا بولمىدى دەپ كۆڭلۈم يېرىم شۇ...

— ھەي، سېنىڭ شۇ باغرى يۇمشاقلىقىڭغا كۈلگۈم كېلىدۇ، ئويلىما ئۇنداق ئاجىز بالىنى، ئەر كىشىنىڭ بەلگىسى دېگەن كۈچ - قۇۋۋەت، ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلماسلىق كېرەك، ئۇلارغا بىز ھېسداشلىق قىلىپ كەتسەك، بىزگە كىم ھېسداشلىق قىلىدۇ؟! بىز ئاجىز ئەمەسمۇ، بىز بىر كۈچلۈك ئەرنىڭ ھىمايە-سىگە موھتاج ئەمەسمۇ؟ ئۇ بالا بۇنى ھەرگىز ئۇقمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنى پاك ھېسابلاپ، بىزدىن ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلايدۇ. كۆر-مىدىڭمۇ، ئۇنىڭ ساڭا قانداق قاراپ كەتكىنىنى... ئۇ بالا ئىككە-لىمىزنى بۇزۇقا چىقىرىپ بولدى، شۇنىڭغا قاراپ ئاچچىقىم كەلدى. سەن تېخى غېمىڭدە يوق ئولتۇرسەن... بىزگە شۇنداق غەيرىي كۆزدە قاراۋاتسا، گەپ قىلمىساق بولامتى؟

— بىز شۇنداق تۇرغاندىكىن، شۇنداق چۈشەنسىمۇ چۈشەن-گەندۇ... — دېدى زۆھرە مەيۈسلىنىپ.

— بىز نېمە بوپتۇق، كۆزىگە سىغمىغان بولسا ئىشىنى قىلسۇن. ئۇنىڭ قانداق قارىشى سەن ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممۇ؟ ياخشى كۆرمىگەن ئادىمىڭ سېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالسا ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلىسەن ئەمەسمۇ؟ قىز بالا دېگەنگۇ شۇ، بىرسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىششنى تەمە قىلىپلا ئۆ-تىدۇ. لېكىن، ئەسقاتمىغان مۇھەببەتنىڭ نېمە پايدىسى؟

ئادىلەنىڭ مەيدانى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇ ئۆزى توغرا دەپ قارىغان بىر ئىشنى ئادەتتىمۇ چوڭقۇر ئويلايدىغاندەك، نەق، ئېنىق، زەردىلىك گەپ قىلاتتى. زۆھرە ئىككىلىنەتتى، قىينىلاتتى، تىترەيتتى، ئەمما ئاچچىقى كەلسە ئۆزىنىڭمۇ نېمە-لەرنى قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، مۇشۇ ئۆيدە، ئا-دىلەنىڭ قېشىدا تۇرۇشنى خالىغانىكەن، ئۇنىڭ گېپىگە ھۆرمەت قىلىپ، رايىشلىق بىلەن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. زۆھرە بەزىدە ئۆزىنى ئادىلەنىڭ مالىيىغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى،

لېكىن ئادىلە بىرىنچىلەرنى قىلىپ زۆھرەنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئىشىغا سېلىپ يۈرۈۋېرەتتى. ئۆيىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئادىلە تۆلىگەچكە، زۆھرەمۇ ئارتۇق گەپ قىلالمايتتى.

ئادىلە بېيجىڭنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان، چەت ئەللىكلەر كۆپ بارىدىغان بىر كەچلىك كۇلۇبتا چەت ئەللىكلەرگە تەرجىمانلىق قىلىدىغان ئىش تاپتى؛ كۈندۈزى ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپ كىنو كۆرسە، كەچكە يېقىن كۇلۇبقا بېرىپ ھور مۇنچىسىغا چۈشىدىغان، بەدەن ئۇۋۇلىتىدىغان چەت ئەللىكلەرگە ئىنگلىزچە تەرجىمانلىق قىلاتتى. چەت ئەللىكلەرنىڭ تولىسى ئىنگلىزچە بىلەتتى، ئەرەبلەر بىلەن ھىندىستانلىقلار ئىنگلىزچىنى بۇزۇپ سۆزلىگەچكە، ئادىلە دەسلەپتە ئۇقالماي، كېيىن پىشىپ كەتتى. ئۇ جۇڭگولۇق قىزلارنىڭ بېلىقتەك بەدىنىگە خۇمار چەت ئەللىك بايلارنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدىغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار بۇ يەرگە ئاساسەن كۆڭۈل خۇشلۇقىنى، شەھۋەت نەپسىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەچكە جىق پاراڭ قىلمايتتى، گەپ قىلىشمۇ خۇشياقمايتتى، شۇڭا تەرجىمانلىققىمۇ جىق كۈچ كەتمەيتتى. ئادىلە بۇرۇن كۆنگەن خۇسۇسىيىتى بويىچە كۆڭلىگە ياققان، مەرد، ئىلمىي كۆرۈنىدىغان چەت ئەللىكلەرنىڭ چەكتىن ئاشقان تەلىپىنى رەت قىلمايتتى. ئۇ نېگىر سۆيگىنى بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىن قۇتۇلالمىغان ئەيدىز ۋەھىمىسىنى ھەر قېتىملىق مۇناسىۋەتتە بىللە ئېلىپ يۈرەتتى، بۇ ۋەھىمە ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەتنى چوڭ بىلمەيدىغان، بەلكى بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ راھەتكە ئېرىشىشنى ئويلايدىغان قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ بايلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر، سودىگەرلەر، خەلقئارا شىركەت خادىملىرى، ھەتتا باي ئوقۇغۇچىلارنىمۇ كۆردى، بەزىلىرى بىلەن ئالاقە باغلىۋالدى، ھەممىسى ۋاقىتلىق پايدا - مەنپەئەت، بىر - بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشلا ئىدى. بۇنداق مۇناسىۋەتتە ئاشىق - بىقارارلىق، ھەققى-

www.uyghurkitap.com

قىي ھېسسىياتتا بىرلىشىش، شېرىن - سۆخەن پاراڭلىشىش،
رومانتىكىلىق كەيپىيات، خوشلاشقاندا بىر - بىرىدىن قىيالماس-
لىق كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى، پەقەت شەھۋەت تەلەپلىرى ۋە
ھايۋانلىق تەبىئەتلا بار ئىدى. ئادىلە گەرچە ئۆزى سەسكەنمەيدىغان
ئەرلەرنى تاللىسىمۇ، ئۇنداق ئادەم دائىم ئۇچرىمايتتى ياكى
شۇنداقتەك كۆرۈنگەن ئەرلەر ئەمەلىيەتتە ئەڭ يىرگىنچلىك مەخ-
لۇققا ئايلىناتتى، بەزىلىرىنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئىدى، ئا-
دىلەنى جىسمانەن خورلىغاندەك بېزەپ قىلىقلارنى قىلاتتى. بەزى
بايلار شۇنچىلىك تويماس ئىدىكى، بىر جېنىغا ئىككىنى ھەمراھ
قىلىۋالاتتى، بۇنداق چاغدا ئادىلە تېخىمۇ ئازابلىنىپ، قەدىرسىز-
لىكىدىن ئاھ ئۇراتتى... ئادىلە ھەممىگە چىدىدى، چىدىغانغا چى-
قارغان جاھان بۇ، دەپ ئويلىدى. ماڭغاندىكىن ئاخىرىغىچە مېڭىپ
مەلۇم چەككە يەتكەندە توختايمەن دەيتتى، لېكىن شۇ چەككە قا-
چان يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى.
ئۇ كۈندۈزى ئۆيدە بىكار بولسىلا ئامېرىكىنىڭ، ياۋروپانىڭ
ئەڭ يېڭى چىققان فىلىملىرىنىڭ دىسكىسىنى سېتىۋېلىپ كۆ-
رەتتى، سېرىق فىلىملارنىمۇ ئارىلاپ كۆرۈپ قوياتتى، مۇشۇنداق
كىنولارنى كۆرىۋېرىش ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى ئېڭىدا تەبىئىي
ئىشلارغا ئايلاندۇرماقچى بولاتتى. مەن بۇلغاندىم، مەن ئەيدىز، مەن
ئۆزگەردىم، كاللامنى، بەدىنىمنى، ئىشقىلىپ، ھەممە يېرىمنى
دەسمايە قىلىپ جاننى گۇلدەك بېقىشىم لازىم، ئەمدى ماڭا باشقا
يولنىڭ لازىمى يوق، بولۇشۇم شۇ... دەپلا ئويلايتتى. بۇلغانماس-
تىن بۇرۇنقى گۈزەل، پاك چاغلىرىنى خاتىرىسىدىن تامامەن ئۆ-
چۈرۈپ، ئەخلاق، ۋىجدان دېگەن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ، كۆڭلى نې-
مىگە تارتسا شۇنىڭدىن راھەتلىنىشنى، شەيتانغا كۆلۈمسىرەپ
بېقىشنى ۋە ئۇنىڭ كۆلكىسىگە ئورتاقلىشىشنىڭ ۋاز كېچەلمەس
شادلىقىنى ھېس قىلماقچى بولاتتى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا بىللە
بىر ياتاقتا ياتقان بەزى قىزلارنىڭ «ھازىر ئەخلاق قالمىدى،
ۋىجدان قالدى، لېكىن ۋىجدان دېگەن نەرسىنى يېگىلى بولاتتى-

مۇ؟... جانغا ئەسقاتمايدىغان ھەرقانداق نەرسىنى — مۇھەببەتنى، پۇلى يوق ئەرنى كاللىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك» دېگەن گېپىنى توغرا تېپىپ، ئۇنى ياشاش پەلسەپىسى قىلىۋالغانىدى. ئاۋۋال جاننى بېقىش، ئاندىن كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ئاندىن بۇ كۆڭۈلنى داۋاملىق خۇش قىلىپ تۇرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولۇش، ئۆلگۈچە مۇشۇنداق ياشاش ئۇنىڭ پىلانىغا، ھەربىكەت نىشانىغا ئايلاندى...

ھايات رەڭگارەڭ ئىدى، رېئاللىقنىڭ بىمەنە چاقچاقلىرى ئالدىدا كىنودىكىسى ساختىلىق بىلەن توشۇپ كەتكەن يالغان ۋەقەلىكلەر دۆۋىسى، ئارتىسلارنىڭ پۇل ئۈچۈن ئوينىغان ئويۇنلىرى ئىدى. ئەمما، ئادىلە كۆرەتتى، بىرىلىپ كۆرەتتى، ئۆزىنى شۇنىڭ ئىچىدە قويۇپ تۇرۇپ كۆرەتتى. كەچتە كۇلۇبتا كىنودىنمۇ مۇرەككەپ، ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرەتتى. چەت ئەللىكلەرنىڭ قانۇن ئېڭى كۈچلۈك بولسا كېرەك، بىر ئىش بولسىلا خەلقئارا قانۇنىنىڭ گېپىنى قىلىپ غوجايىنلارنى قورقۇتاتتى، ئادىلە بىر چەتتە قانۇنغا ئائىت تېرمىنلارنى دۇدۇقلاپ ئۇلتۇرۇپ تەرجىمە قىلاتتى. چەت ئەللىكلەرنىڭ پۇلى جىق بولغان بىلەن ئىشىمۇ تولا خەق ئىدى، كۇلۇب غوجايىنلىرى پۇلغا تۇرۇپ كەتكەچكە، يەنىلا ئۇلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن مۇلازىمەت قىلاتتى. بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش چىقىمىسكەن دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى، دېمەك، چەت ئەللىكلەرنىڭ يانچۇقىدىن پۇل ئۈندۈرۇشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئادىلە پۇل ئۈچۈن غۇرۇرىنى قايرىپ قويغان قىزلارنى، نى – نى ئەرلەرنى كۆردى، بۇلار ناھايىتى تەبىئىي ياشايتتى، دېمەك، ئادەملەرمۇ شۇنداق تەبىئىي ياشىشى كېرەك ئىدى. ئەركىن ياشاش ئەمەلىيەتتە تەبىئىي ياشاشنىڭ نەق ئۆزى ئىدى، ئادىلە «تەبىئىي ياشاۋاتىمەن» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىگە تېخىمۇ زور تەسەللى، ئازادىلىك، خۇشاللىق بېرەلەيتتى. دەرۋەقە، ئۇ شۇنداق قىلدى.

ئۇ كەلگۈسى ھەققىدە شېرىن خىيال سۈرۈشنى گۆدەكلىك دەپ مەسخىرە قىلاتتى، يېتەلمىگەن ئارزۇلىرى ئۈچۈن ئازابلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىتتى؛ ئاتا - ئانىسىنى ئويلاشتىن قاچاتتى، بالىلىق بولۇشنى ھازىرچە تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى؛ پاكلىق يوق، ناپاكلىق كېسەلدەك چاپلاشتى؛ ئېرى يوق، لېكىن ھەر ياقتا ناكەس ئەرلەر بار؛ دوستى يوق، دۈشمەنلىرى بار (دوستلىرىنىڭ ھەممىسى مەنپەئەتپەرەس، ساختىپەز، شۇڭا ئۇلارمۇ دۈشمەن)؛ ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەم دۈشمەنىدەك مىدىرلاپ يۈرۈشىدۇ. دۇنيانى شېرىن چۈش دەپ ئويلىۋالغان، چۈشلىرى، غايە - ئارزۇلىرى بەربات بولغاندا، بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمىغان چولپانلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالالىغان بىلەن، ئادىلەدە ئۇنداق جۈرئەت يوق. ئۇنىڭ ئىچى ھەرقانچە كۆچلۈك بولغان بىلەن ئۆزىنى ۋەيران قىلىشقا كۈچى يەتمەيتتى. خارلانغان يەردىن بەلكىم بەخت گۈللىرى ئېچىلىپ قالىدىغاندەك ئويلايتتى. ئەمما، ئادىلە كۆڭلىنى ھەرقانچە ئاۋۇندۇرسىمۇ ئىچ - ئىچىدىن شادلىنالمايتتى، ۋارقىراپ يىغلىغۇسى كېلەتتى.

ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن قورقۇنچ، غەزەپ - نەپرەت يوقالمىدى. ئادىلە زۆھرەنىڭ پاكلىقىغا ھەرقانچە چىدىمىسىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتتى. زۆھرە ئادىلەنىڭ جىق ئىشىدىن بىخەۋەر ئىدى، كېچىدە كېلەتتى، ئۇخلايتتى، ئەتىسى ۋاقچە ئورنىدىن قوپۇپ، كۆزىنى ئېچىپمۇ خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى؛ ئورنىدىن قوپۇپ بىرەر قۇر پەرداز قىلىپلا رېستورانغا چاپاتتى. كەچتە كەلگەندە ئادىلە يوق بولاتتى، ئادىلە كەلگەندە بولسا ئۇ لايدەك قېتىپ ئۇخلاپ كەتكەن بولاتتى.

زۆھرە رېستوراندا جىق جاپا تارتتى، ھارغىنلىق يەتتى؛ غوجايىن ئۇنى ماشىنا ئادەمدەك ئۇياق - بۇياققا ماڭدۇرۇپ باشقۇرۇپ تۇراتتى. غوجايىننىڭ خوتۇنى بىر مەزگىل يۇرتقا كەتكەندە، زۆھرە غوجايىننىڭ كۆڭلىنى رەت قىلمىغان بولسا بەلكىم بۇنچىلىك جاپاغىمۇ قالماس ئىدى. غوجايىن ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغان بىلەن ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنىمۇ خالىمايتتى، چۈنكى ئۇنداق ئانچە - مۇنچە ئوقۇغان، تىرىشچان قىز-

نىڭ رېستوراندا تۇرۇپ بېرىشى سودىنىڭ ياخشى بولۇشىغا پايدىلىق ئىدى.

زۆھرە ئادىلەنىڭ گېپىگە كىرىپ، رېستوراندىن چىقىپ كېتىشىنىمۇ ئويلىدى، شىركەت ۋە شەھۋانىي مۇلازىمەت قىلمايدىغان ئورۇنلارنى ئۇقۇشتى، ئەمما بېيجىڭدا نوپۇسى يوق، تىل سەۋىيەسى تۆۋەن، كەسپىي قابىلىيىتى يوق دېيەرلىك بولغاچقا نەچچە يەردىن رەت قىلىندى. قارىماققا كەمتەر، ئالىيجاناب كۆرۈنىدىغان چەت ئەللىكلەر كەسپچانلىقتا، ساپاغا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئىنگلىز تىلىدا راۋان دېيەلمەي قالسىلا «كەچۈرۈڭ، سىزگە ئامەت تىلەيمەن» دەپ گەپنى تۈگىتەتتى؛ ئويۇنچى كۆرۈنىدىغان ياش پەرەڭلەرمۇ خىزمەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىشقا ئايرىم مۇئامىلە قىلاتتى. زۆھرەنىڭ زور جۈرئەت بىلەن يۈزىنى قېلىن قىلىپ ئىش ئىزدەشلىرى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاياغلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشەنچىنى يوقاتتى، يەنە ئوقۇي دېسە پۇلى يوق، ئادىلەدەك بۇزۇلۇپلا كەتكەن بولسا پۇل دېگەن كېلىۋېرەتتى، بۇزۇلىمەن دەپ نىيەتنى بۇزسىلا بۇزۇلاتتى، بۇ خۇددى تۇنجى قېتىم تاماكا چەككەندەك، هاراق ئىچكەندەك ئوڭايلا ئىش ئىدى؛ ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز بىر ساراڭلىق ۋە ئۆزىنى قويۇۋېتىشلا كۇپايە ئىدى؛ بۇزۇلسا بۇرۇنلا بۇزۇلۇپ، داپشاقلارچە ياشاۋەرگەن بولاتتى. ئەمما، ئۇ ئىپپىتىنى قوغداش ئۈچۈن تۆلەپ كېلىۋاتقان بەدەللىرىنىڭ بىردەمدىلا كۆپۈككە ئايلىنىشىنى خالىمىدى؛ ئەمەلىيەتتە بۇزۇلمايمۇ ياشىغىلى بولاتتى، ئادىلەدەك ئېسىل كىيىنىپ، قېلىنلىق، رەسۋالىقنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ياشىمىسىمۇ، ئۆزىنى ئاسراپ، قىزلىق نومۇسىنى قوغداپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ، ئانىسى بەرگەن ئاق سۈتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ كۆڭلى ئازادىلىك بىلەن ياشىسا بولىۋېرەتتى. زۆھرە ئادىلەنىڭ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپمۇ بېيىپ تىقىلىپ كەتمىگەنلىكىنى، تاپقان پۇلىنىڭ ئۆزىنى ياساش ۋە

كېيىم ـ كېچەكتىن ئاشمىغانلىقىنى، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۆچۈن پۇل يىغىۋاتىمەن دېگەن گەپلىرىنىڭ پەقەت ئۆزىنى ئالداش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئادىلە زۆھرەگە خېلى جىق ئىشلارنى ئۆگەتكەن بولسىمۇ، شۇ ئىشنى ئۆگىتەلمىدى؛ زۆھرەنى ئۇنىڭغا ئاشكارا زورلاۋېرىش نومۇسسىزلىق ئىدى، ئادىلە ھەرھالدا بۇنى بىلەتتى، ئەمما كۆڭلى قويمايتتى، پاكلىق بىلەن ناپاكلىقنىڭ جېدىلى ئىچىنى سىقاتتى. ئوخشاش ئۆيدە تۇرۇپ ئوخشىمىغان تەرزدە ياشاش ئۇنىڭغا قەتئىيلا ياقمايتتى. ئەگەر ئىككىيلەن ئوخشاش بىر يولغا كىرگەن بولسا ھازىرقىدىنمۇ ئىناق، باياشات تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. زۆھرە بۇ ئۆيدە مالايدەك ئىشلەپ تۇرمىغان بولسا، ئادىلە بەلكىم ئۇنى ئاللىقاچان كوچىغا چىقىرىۋەتكەنمۇ بولاتتى. زۆھرە نېمىلا دېگەنبىلەن ياخشى ھەمراھ ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ سەدەپ ئىچىدىكى قۇلۇلىدەك بەخىرامان ياشاشلىرى، گۈدەك قىزلاردەك ئۇششاق پاراڭلارنى قىلىشى، كەيپىياتى ياخشى چاغدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشلىرى، جاپادىن مۇكچىيىپ كەتسىمۇ روھلۇق تۇرۇشلىرى كۆزىگە يەنىلا سىغمايتتى، تۇرۇپلا ئازابلىنىپ كېتەتتى، ئادەت كۆرگەن چاغلىرىدا سەپرايى تۇتسا ئۇنىڭغا ۋارقىراپمۇ سالاتتى.

زۆھرە ئىشلەۋاتقان رېستوران ئەلچىخانا رايونىغا يېقىن بولغاچقا چەت ئەللىكلەرمۇ كېلىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن كېلىدىغانلار كۆپرەك ئىدى. بەزى چەت ئەللىكلەر دائىم كېلەتتى؛ رېستوران كۆندە ئاۋات، زۆھرەنىڭ باشقا قىزلارغا باققاندا ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئەخلاقلىق، خىزمەتتە چېۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرگەن غوجايىن ئۇنى ياردەمچى دىرېكتور قىلىۋالدى. ئۇ ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ ئۆسكىنىگە خۇش بولدى، ئاز ـ تولا ئۆگەنگەن خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە تىل بىلىملىرىنى ئىشلىتىۋاتقىنىغا رازى بولدى. ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ قارا ئىشتىن قۇتۇلۇپ، كاللا يۇگۇرتىدىغان پاكىز ئىشلارنى قىلىش ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ رېستوران غوجايىنىنىڭ خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشكە قاتنىشىپ، ھېرىپ - چارچاپ كەچ كەلدى. ئادىلە كۈلۈپقا كەتكەنىدى. ئۇ سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى، بۇرۇنقىدەك راھەتلىنەلمىدى، تۇرۇپلا كاللىسىغا بىر ئوي كېلىپ، ئادىلەنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىپ باقتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا ئىچ كىيىملىرى بىلەن تۇرۇپ باقتى. جاننى قەدىر ئەھۋال بېقىپ كېتىۋاتىدۇ - يۇ، ئەسلىدە ئويلىغانلىرىغا، تەسەۋۋۇرىدىكى گۈزەل ھاياتقا يېتەلمەيۋاتىدۇ. ئۇ بۇنداق ياشاۋەرسە بولمايتتى، بويىغا يەتكەن بىر قىز ئېرىشىشكە تېگىشلىك بەختتىن بەھرىمەن بولسا بولاتتى؛ ئادەملەر قۇرتتەك مىغىلدىشىپ يۈرىدىغان بۇ شەھەردە، قورساق بالاسى كىشىلەر كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان رېستوراندا مۇھەببەت، رومانتىكىلىق دېگەن نەرسىلەرنى ئۇچرىتالمىدى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى پەقەت رېستوراندا قويۇلىدىغان ناخشىلاردىنلا ئاڭلىدى. كىشىلەرنىڭ پۈتۈن يۈرۈش - تۇرۇشىغا قارىغاندا، مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى جىنسىيەت، رومانتىكىلىقنىڭ ئورنىنى ئەمەلىيەت، بەختلىك نىكاھنىڭ ئورنىنى خىيانەت ئالغاندەك قىلاتتى. بۇلارنى ئويلىسا زۆھرە تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنەتتى، ئادىلەنىڭ تۇتقان يولىنى، ئاچچىق - سەپرالىرىنى توغرا چۈشەنگەندەك بولاتتى؛ ئۆز پاكلىقىنى ساقلاشنىڭ ھەقىقەتەن ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقى ھەققىدە زىددىيەتلىك خىياللارنى قىلاتتى. سەئىد قارىينى غىل - پال ئويلاپ قالاتتى، ئۇنىڭغا تەگكەن بولسا بۇ چاغقا بىرەر بالىسى بولۇپ، ھويلىسىدا بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان بولاتتى، لېكىن بۇ تەسەۋۋۇرمۇ ئۇنچە شېرىن ئەمەس ئىدى، ئۇنداق ياشاشقا چىداپ بولالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا بۇ يولنى تاللىۋالغانلىقىنى توغرا تاپاتتى؛ ئەمما بۇنداق ياشاشنى توغرا تاپقان بىلەن ئۆزى ئويلىغاندەك ھايات كەچۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى ئويلىسا جىلە بولاتتى، ئارزۇسىغا ئالدىرايتتى، ئەمما بەخت قېچىپ تۇتۇق بەرمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

سەئىد قارىينىڭ خىيالى زۆھرەگە كۆڭۈلسىزلىكتىن باشقا ھېچنېمە ئەكېلەلمەيتتى. ئۇ كەتكەن بىلەن ئۇنىڭ گۇمانى زۆھرە بىلەن بىللە قالدى. ئۇ يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئاچچىقىغا چىدىماي گەپ قىلىپ سالسا، زۆھرەنىڭ نامى چىقىپ قالىدۇ. تېلېفون قىلسىلا، ئانىسى توختىماي يېنىپ كەل دەۋاتىدۇ، بارسا چوقۇم گەپ بار، خەقنىڭ ئۆسەك گەپلىرى يامان، ئەر ئالمايدىغان قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ھازىرقى زۆھرە گويا ئۆزى ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم، ھەممىدىن ئامراق قورچىقىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان كىچىك قىزغا ئوخشايتتى، ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەيتتى، لېكىن قەيەردىندۇر بىر يامان ئوغرى چىقىپ، ئۇ قورچاقنى ئالداپ ئېلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ قورچاق شۇ ئوغرىلارنىڭ جېنىنى سېلىپ بېرىپ بولسىمۇ ئېرىشىشنى ئويلايدىغان نەرسىسى، بەلكىم بىباھا ئويۇنچۇقى ئىدى.

گاھىدا كېچىدە يامان چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ خۇدانى ياد ئېتىپ توۋا قىلغانلىرىدا سەھەردە قوپۇپ بىر ۋاق بولسىمۇ ناماز ئوقۇي دەيتتى، تاڭ ئاتقاندا قوپقۇسى كەلمەيتتى، ئادىلەدىنمۇ ئۇزاق ئۇخلايتتى.

ئىككىسى بەسلىشىپ ئۇخلايتتى، ئەركىنلىكتىن ھېرىپ كەتكەندەك ياكى ئەركىنلىك ئىزدەش ئۈچۈن دەم ئېلىۋاتقاندەك، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈچ توپلاۋاتقاندەك ئۇخلىشاتتى. خىيال، شېرىن چۈش، جىنسىي ئاڭ، ئاڭسىزلىق قېتىغا شۇڭغۇيتتى؛ شەھەرنىڭ شاۋقۇنلىرى ھاياتلىققا چىللاپ تۇرسىمۇ، شېرىن ئۇيقۇنىڭ ئارامبەخشلىرىدىن ئېزىلىپ ياتاتتى...

ئادىلە بۇرۇن قوپتى، تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ، ئۆلۈكتەك ياتقان زۆھرەگە ئالىيىپ قويدى. زۆھرە شۇ ياتقانچە ئۆلۈپ كەتسە ئەرلەرنىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، جىنسىيەتنىڭ قانداق سېھرىي كۈچى بارلىقىنى، بۇزۇلۇشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا ئۆلۈپ كېتەتتى، توي قىلماي

تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن مەسۇم قىزلارغا ئادىلەدەك پىشىپ قاق بو-
لۇپ كەتكەن، شەھۋەتتىن ئىپسىل تائامدەك ھۇزۇرلىنىدىغان قاق-
باش سەتەڭلەر باشقىچىلا ئىچىناتتى. «پاكلىق دېگەن ئاچ كۆز
ئەرلەر پەيدا قىلغان بىسىم، — دەپ ئويلايتتى ئادىلە، — پاكلىق
دېگەننى تىتىۋەتتۇق، ئەركىنلىكىمىزنى بوغىدىغان ھەممە نەر-
سىنى پاچاقلاپ تاشلىۋەتتۇق. مۇستەقىل ياشايمىز دەپ غېرىب
بولدۇق، دەپسەندە قىلىندۇق، ئەمما بۇنىڭ ھەممىسى ئەركىنىد-
لىككە تۆلەنگەن بەدەل.»
ئۇ ھاجەت قاچىسىدا ئولتۇرۇپ، ئەركىن ياشاشنىڭ بولمىغاي-
دىغان تەرەپلىرىنىمۇ ئويلىدى، ئايال كىشىگە بىرەر ھامىي بول-
مىسا ئۆزىنى قوغدىيالمايتتى، بىرەر بۇزۇق ھايۋانغا ئۇچراپ
قالسا ھېچنېمە قىلالمايتتى، ئۆلۈم تەھدىتىگە دۇچ كەلسە غىڭ
قىلماي يېتىپ بېرەتتى. جېنىنى ئاياپ كەلگەن، نومۇسىنى قاي-
رىپ قويۇپ ماددىي ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەنلەردە غەزەپ ۋە
غۇرۇر يوق ئىدى، خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىسا قورقۇپ ھالى قال-
مايتتى، ھېچقانداق قارشىلىق قىلمايلا تەسلىم بولاتتى. چۈنكى،
ھايات شېرىن ئىدى، جاننىڭ راھىتى بىر خۇمار ئىدى.
ئۇ تازىلىق ئۆيىدىن ناھايىتى روھسىز چىقىپ ھۇجرىسىغا
كىرىپ، كېچىدىن جىن چاپلىشىپ قالغاندەك بىر نۇقتىغا چەك-
چىيىپ قاراپ ئولتۇردى، ئۆزىنى چۇجىدەك باسماقدىغان شەھ-
ۋەتپەرەس ئەرلەرنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، بەزد-
لىرى لۈكچەككە، ئادىمىي ھايۋانغا ئايلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتە-
دىغاندەك قىينايتتى، بەزىلىرى مايمۇندەك قىلىقلارنى قىلىپ
ئۇنى ئەخمەق قىلاتتى، بەزىلىرى كالىدەك پۇشۇلداپ ئۇنىڭ ۋۇ-
جۇدىنى پېتىقدايتتى. بەزىلىرى بىلەن نەچچە ئايلاردىن كېيىن
ئۇچراشتى، ھېچ ئىش يوق، ھايۋانلىق داۋاملىشىۋەردى. ئادىلە
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىنى ئەيدىز دەپ ئالداپ كەلگەنلىكد-
نى، ئۆزىنى كەمسىتىپ بۇزۇلغانچە بۇزۇلۇپ كېتىۋەرگەنلىكد-
نى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزگە بىر باھانە تېپىپ قانغۇدەك بو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زۇلغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ۋە نەپسانىيە-
تى قۇتراتقۇلۇق قىلغان، ئۇزاقتا سوزۇلغان ۋە بارغانچە كېڭىيىپ
كەتكەن شۇ بۇزۇقچىلىق ھەرىكتى مەغلۇبىيەت ئىچىدە غەلىبە
قىلىپ، خارابلىق ئىچىدىن يول تېپىپ بۇگۇنگىچە داۋاملىشىپ
كەلدى؛ ئۇنىڭ مايقۇرتقا ئوخشاش دەسسەپ مىجىلغان بەدىنى
بىردەمدىن كېيىن تىرىلىپ قوپاتتى، تىرىكچىلىك ۋە بەخت ئۇ-
چۇن جان ــ جەھلى بىلەن تىركىشىپ ماڭاتتى...

ئادىلە ئەيدىز كېسىلى بولمىغان بىلەن باشقا مەينەتچىلىك
ۋە ئۇششاق ــ چۇششەك كېسەلدىن خالىي بولالمىدى، توي قىلماي
تۇرۇپلا ئاياللار كېسىلى بولۇپ، خېلى جىق پۇلى دوختۇرخانىغا،
ئۆزىنى ئاسراشقا كەتتى؛ بەزىدە چىقىمى كىرىمىدىن ئېشىپ
كەتتى. «بۇزۇقلار ئاسان قېرىپ كېتىدۇ» دېگىنى راستىمكىن،
تېرىلىرى يىرىكلىشىپ، كۆزىنىڭ ئەتراپىغا قورۇق چۇشۇشكە،
كۆز جىيەكلىرى ۋە كۆكسى خالتىلىشىشقا باشلىدى. ئەينەككە
قارىسىمۇ، زۆھرەگە قارىسىمۇ ئىچى ئاچچىق بولاتتى، دەرد ــ ئە-
لىمى ئىچىگە پاتمايتتى. چۇنكى، گۇزەللىك ئاياللارنىڭ جېنى،
بۇ مەيلى ئەرلەر ياكى ئاياللار ئۇچۇن بولمىسۇن، ئۆزگەرمەس ھە-
قىقەت ئىدى. يېشى چوڭايغانچە پېتىدىن چۇشكەن قېرى قىزلار-
نىڭ، توي قىلىپمۇ بەختىنى تاپالماي ئوتتۇز ياشتىن ھەسرەت
بىلەن ھالقىغان چوكانلارنىڭ قىزلىق دەۋر ۋە گۇزەللىككە قى-
يالماي چەككەن ئاھۇنادامەتلىرى ئېچىنىشلىق ئىدى؛ گۇزەللى-
كىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان، گۇزەللىكنىڭ بەختىنى تاپالمىغان
ئاياللارنىڭ يېشى چوڭايغانچە تېرىككەك، ھازازۇل، ئۆكتەم، گۇ-
مانخور، ھەسەتخور بولۇپ كېتىشىمۇ ئەنە شۇ گۇزەللىك غايىسى،
گۇزەللىك ھەسرىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىشەملەرنىڭ
دەرد ــ ئەلىمى ئىچىگە سىغمىغاندا بۇ ھاياتتىن، كەلمىگەن تە-
لەيدىن قاقشايتتى.

ئادىلە ھۇجرىسىدىن چىقىپ زۆھرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇ-
نىڭ چىرايىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى. بۇ چىراي شۇنچە تەبى-

نئىي، ساغلام ئىدى، ھەرقانداق ئەركەكنى جەلپ قىلالايتتى. شۇ تاپتا ئادىلە ئەر كىشى بولغان بولسا زۆھرەگە باسقۇنچىلىق قىلىپ، تۇغۇلغىنىغا تويدۇرۇۋەتكەن بولاتتى. ئۇ ئەر كىشى بولغان بولسا چوقۇم پاھىشىۋاز لۈكچەك بولۇشى كېرەكمىدى؟ ئۇنداقتا شۇنداق ئەرلەرنى توغرا چۈشەنسە بولارمىدى؟ شۇنداق پاھىشىۋازلار بولمىسا ئادىلە ياشىيالماسمىدى؟... ئادىلە بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، تېلېۋىزورنى ئاچتى، ئاۋازىنى يۇقىرى قىلدى. زۆھرە بىئارامىلىقتا ئويغاندى. ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن قوپۇپ تازىلىق ئۆيىگە ماڭدى.

— ئاران تۇرۇپتىكەنسەنمۇ دەيمەن...

زۆھرەنىڭ ئىچى سىقىلىپ تۇرسىمۇ گەپ قىلماي ماڭدى.

زۆھرە تازىلىق ئۆيىدىن چىقىپ، ناشتىلىق تەييارلىدى.

— ناشتىلىقنى كۈندە چۈشتە يەۋاتىمىز، مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ؟ — دېدى ئادىلە ئانىسىغا قېيىداۋاتقان بالىدەك.

— قانداق قىلىسەن، كۈندە كەچ كېلىۋاتساق.

— مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان گەپمۇ، مەن بىزار بولدۇم بۇنداق ياشاشتىن... يەتمىش ياشلىق قېرى چەت ئەللىككە تەگسەممۇ مەيلىدى، يوقالسام بولاتتى بۇ يەردىن!

— چەت ئەلگە چىقىش شۇنچە تەسما؟

— سەن ئۇ ئىشنى شۇنچە ئوڭاي چاغلامسەن؟

— مەن قىزىقمايمەن.

— سەن نېمىگە قىزىقىسەن؟! كاللاڭدا نېمە بار سېنىڭ، ھەممە نېمىگە دۆتتەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسەن.

— ئەتىگەندە نېمە بولدى ساڭا؟ نېمانداق تۇگىمەيدىغان گەپ بۇ؟! — دېدى زۆھرە ئاچچىقتىن قىزىرىپ.

— سېنىڭ ھەربىر ئىشىڭدىن، ھەربىر ئېغىز گەپ - سۆزۈڭدىن سېنىڭ ھاڭۋاقتىلىقىڭ، دۆتلۈكۈڭ چىقىپ تۇرىدۇ...

— سەن بەك ئەقىللىك، مېنى تولا ئۇنداق ھاقارەتلىمە!

— مۇشۇنداق دېمىسە ئادەم بولمايسەن، تىرىشمايسەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئادەم بولماي نېمە بوپتىمەن، تىرىشماي نېمە ئىش قىپتىمەن؟ سەندەك ياشىسام بولامتى؟

— مەندەك ياشىمىساڭمۇ باشقىچە يول ئىزدەپ باقساڭ بولمامدۇ؟!

— يول ئىزدەپ ھېرىپ قالدىم، يەنىلا شۇ قورساق تويدىغان رېستوران ياخشى ئىكەن.

— داتاڭ جىگلى قىلىپ قويسا كېرىلىپ كەتتىڭما؟ ئىككى ـ ئۈچ يۈز كوي ئارتۇق بەرگەنگە نېمە بوپتۇ، مۇشۇ ياشلىقىڭ، مۇشۇ چىرايىڭ بىلەن مۇشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرمەكچىما؟ تېخىچە بىر كارتۇتىڭ يوق، يا يوتقىنىڭنىڭ تايىنى يوق. كىيىمىڭ ئاندىن ناچار، يۈز كويلۇقتىن ئارتۇق ئاياغ كىيەلمەيسەن. مەندەك ياشا دېمەيمەن، قانداق ياشىساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، لېكىن ئادەمنىڭ كۆزىگە سىغقۇدەك ياشا!

— كۆزۈڭگە سىغماي قالغان بولسام كەتسەملا بولىدۇغۇ؟

— كەتسەڭ كوچىغا چىقىپ كېتەرسەنمىكىن؟

— سەن شۇنى تىلەپ تۇرسەنغۇ...

— ۋايىيەي، ماڭا بەرىبىر، مەن سېنىڭ ئاناڭمىدىم، نېمە قىلساڭ قىلمامسەن؟

— شۇ، سەن مېنىڭ ئانام بولمىغاندىكىن كارىڭ بولمىسۇن.

— تىلىڭ خېلى ئۆزىراپ قاپتۇغۇ سېنىڭ؟ داتاڭ جىگلى بولغاننىڭ پايدىسى ـ دە، بۇ!

— ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئادەم ئىدۇق، مالاي دەپ قالغانمۇ مېنى؟

— ئۆزۈڭنى نېمە چاغلاپ قالغاندىڭ؟ ئۆزۈڭنى مالاي دەپ ئويلىساڭ، ئاشۇنداق مالايدەك ياشايسەن.

— سەن قانچىلىك ياشاپ كەتتىڭ؟ ئۆزۈڭدىن پەخىرلىنىدىكەنسەن ـ دە!

— ئىشقىلىپ، سەندىن ياخشى ياشاۋاتىمىز، ئۆزىمىزنى

چۈشەپ بوغۇپ قويمىدۇق. يالغاندىن پاك بولۇۋېلىپ ئۆزىمىزنى ئالداپ يۈرمىدۇق، تەبىئىي ياشاۋاتىمىز.

— ھە، بەك تەبىئىي ياشاپ كەتتىڭ، ئۆزۈڭنى ماختىما، ئا-دىلە، ئۇ ماختىنىدىغان ئىش ئەمەس.

— بوپتۇ، مەن ماختانماي، سەنچۇ، سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمە-سىدىن ماختىنىسەن؟ پاكلىقىڭدىنما؟ سېنىڭ پاك ياكى پاك ئە-مەسلىكىڭنى كىم بىلىدۇ؟ ھېلىقى قارىي بىلەمدۇ يا؟! بوپتۇ، سېنى بۇلغانمىغان قىز دەپ تۇرايلى، ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ نېمىگە يارايدۇ؟ چەت ئەللىككە تەگسەڭ سېنى كېسەللى بار ئې-كەن، نورمال ئەمەس ئىكەن دەپ چوقۇم ئالمايدۇ. مەن قىز دەپ بىر پاھىشىۋازنىڭ ئالدىغا بارساڭ ئادەتتىكىدىن كۆپرەك ھەق ئالىسەن، تېخى ئىشەنسە دېگىنە، ئىشەنمىسە قىزلىق پەردە سال-دۇرغانىنىڭ پۇلىنىلا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ھازىر ھەممە نېمە ساخ-تىلىشىپ كەتتى، قىزلىق، پاكلىق دېگەنگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. يېزىغا بېرىپ ئەرگە تەگسەڭ بولىدۇ، لېكىن ئۇنداقمۇ قىلال-مايۋاتساڭ، بۇنداق ياشا دېسە ئۇنىڭغا ئۇنمايۋاتساڭ، سېنى ساراڭ دېمەي كىمنى دەيمىز؟!

زۆھرە غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، كېچىدىن چۈشىدە بىر ئىت قوغلاپ چىشلىۋالغاندەك قىلغان، ئەسلىدە ئادىلە ئىكەن. زۆھرە ئادىلەدە يۈز دېگەن نەرسە يوقتەك تىكىلىپ قارىدى، ئۇنىڭدا راستلا يۈز يوقتەك ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

— سەن ساراڭ بوپسەن، — دېدى زۆھرە ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلىپ، — چىدىماسلىق قىلىۋاتىسەن، بۇنداق زەھىرىڭنى سانجىغۇچە «ئۆيدىن چىقىپ كەت» دېسەڭلا بولمىدىمۇ؟!

— نېمەڭگە چىدىماي قاپتىمەن، دۆتلۈكۈڭگە ھېلىمۇ چىداپ كېلىۋاتىمەن.

— كىمنىڭ دۆتلۈكىنى كېيىن كۆرىمىز.

— يا گەپ چۈشەنمەيسەن، ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسا بۇ يەردىن كەتكۈزىۋېتەلمەي قالدىڭ، دەيسەن، كەتكۈڭ بولسا كېتە-

ۋەر، ئۆزى كەلگەن يارەي، ئۆزى كەتكەن يارەي...

— نەچچە ۋاقتىن بوپتۇ دەپ چىداپ كەلدىم، ئۆزۈڭنى بىلـمىدىڭ. سېنىڭ ئىزايىڭنى ئىشتكىلى، مالايلىقىڭنى قىلغىلى كەلدىممۇ بۇ يەرگە؟!

— كونا ھېسابنى قىلاي دەۋاتامسەن؟ ئەڭ ياخشىسى بۇنى دېيىشمەيلى، قانداق كەلگەن بولساڭ شۇنداق كېتىۋال.

— بۇ يەردىن كەتسە ياشىيالمايدۇ دەمسەن؟ ساڭا ھەرگىز ئېسىلىۋالمايمەن.

— مۇشۇ يەردىن كەتسەڭلا ياخشى ياشىيالايسەن، مەنمۇ شۇ...

— ئۆيۈڭنى مەينەتچىلىك بېسىپ كەتسە چاقىرارسەن.

— سەن بولمىساڭمۇ ئۆي پاكىز تۇرىۋېرىدۇ!

شۇنداق قىلىپ، ئادىلە قىنىغا سىغماس تەبىئىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ، ئىچىدىكى زەردابىنى سىقىپ چىقاردى، «كۆزىگە چىققان سۆگەل»نى كۆزدىن يوقاتتى. زۆھرە شۇ ئاچچىقىدا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئەرزان كىيىملىرىنى چامادانغا پۇرلەپ تىقىپ، تولا يېتىپ ماكچىيىپ كەتكەن قەدىناس سافاغا بىر قاراپ قويۇپ، ئادىلەگە خوش دېيىشكىمۇ رايى بارماي بۇ مەينەت ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

# قۇرۇپ كەتكەن دەريا

(پوۋېستلار)

پىلانلىغۇچى: ئادىلجان ئابدۇسالام
تۈزگۈچى: شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىلجان ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل ھاشىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ يىبەيغېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12
نەشرى: 2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 15443 - 2
باھاسى: 30.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان

ISBN 978-7-228-15443-2

9 787228 154432 >

定价 :30.00元